

تۇرسۇن مەخمۇت

# قوڭۇر ئاتلىق مەرىيە

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

تۇرسۇن مەخمۇت
قوڭۇر ئاتلىق مەرىيە
مىللەتلەر نەشرىياتى



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ISBN 978-7-105-12132-8
定价：29.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن مەخمۇت

# قوڭۇراقلىق ھارۋا

(پوۋېستلار)



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كۈنلەر شۇنداق ئۆتىدۇ ........................................ 1
قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسى .................................. 72
مالغۇنساينىڭ بۆرىسى ........................................ 131
ۋاقىتسىز تۇغۇلغان ئادەم ...................................... 199
تەنھا روھ ..................................................... 268
قوڭغۇر ئاتلىق مەپە ........................................... 328

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كۆنلەر شۇنداق ئۆتىدۇ

ئەتىگەندىلا يامغۇرنىڭ شەپىسى كېلىپ نەمخۇش سوغۇق شامال ئۇرۇشقا باشلىدى. تومۇزنىڭ چاڭ-توزانلىق دىمىق ھاۋا-سىدىن بىزار بولۇپ كەتكەن مۇشۇ كۈنلەردە، بۇنداق جانغا ئارام بېرىدىغان شامال كىشىگە ئازادىلىك ھەم خۇش سېزىم بېرەتتى. مەن كۆڭلۈمنى قاپلاپ تۇرغان ئەندىشىلەردىن بىردەم بولسىمۇ خالىي بولۇش ئۈچۈن ساپ ھاۋادىن قېنىپ - قېنىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدىم. يۈرىكىمگە ئورنىشىۋالغان بەكمۇ كونا، رودۇپاي تۇيغۇلارنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك سىرتقا كۈچلۈك پۈۋلەپ قويدۇم.

ھاردۇق يەتكەن تۇيغۇلىرىم بەكمۇ ئېزىلەڭگۈ ئىدى.

ئۆزىنى قاپسىۋالغان سارغۇچ مانانلاردىن زېرىككەن بىر يۇرەك شوخ، تېتىك، جۇشقۇنلۇقتا تەشنا بولۇپ ئىزتىراپ چېكەتتى.

كۆلكە ئۇنىڭغا يۇمشاق قوللىرىنى سۇنۇپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئاشۇ قولنى تۇتۇۋالسام، دەپ تەمە قىلاتتى. كۆلكىگە تەشنا بولۇش بىلەن كۆلكىنىڭ ئاشۇ ئىسسىق قولىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشقا رىغبىتى بولماسلىق ئارىسىدىكى بۇ- رۇقتۇملۇق ئۇنى قىينايتتى. ئۇ بەزىدە ئۆزىنى ئەخمەق ئادەم دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى.

مەن كۆلىدىغان ئىشقا كۆلەلمەيدىغان، ئاچچىقلايدىغان ئىشقا ئاچچىقلىيالمايدىغان، ئىككىسىنى دائىم ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ئادەم.

مەن ئۆزۈمگە بەزىدە شۇنداق باھا بېرەتتىم.

ھاياتقا ئەركىلەپ ياشايدىغان ئادەملەرگە شۇنداق مەستلىكىم كېلىدۇ.

زوۋۇلىسى چوڭ ئۆزۈلگەن، دېگەن گەپتە، تەقدىرنىڭ كارا- مەتلىرىگە تەلمۈرۈش ھەم بويۇن قىسىپ تەمە قىلىشتەك بىر پۇراق گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ.

خۇشال-خۇرام ياشىسام بولاتتى.

مەن پات-پات شۇنداق ئويلايتتىم.

راست، كىمنىڭ خۇشال-خۇرام ياشىغۇسى يوق. ئەمما ھە دېگەندە بىز ئىزدىگەن نەرسىلىرىمىزنى تاپالىشىمىز ناتايىن. ئەتىگەندە بالىلارغا ۋارقىرىمىسام بوپتىكەن. ئۆزۈمنى تۇتۇۋې- لىشنى ئۆگىنىۋالسام بولاتتى.

ئوغلۇمنىڭ مۇز تەلەت ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەئەددىيلىرى بى- لەن پاراكەندىلىكنىڭ توزانلىرى كۆڭلۈمگە بوراندەك بۆسۈپ كىردى. شۇنچە تىرىشىپمۇ بۇ غەشلىكتىن قۇتۇلالمىدىم. ئوغ- لۇمنىڭ ماڭا تېپىپ بەرگەن ئاۋارىچىلىقلىرىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتىم.

مەن نۇرغۇن بىچارە ئادەملەرگە ئوخشاش «ئىشەككە كۈچۈڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» قىلىدىغان يەنە بىر بىچارە ئادەم ئىدىم.
مەن ياۋاش ئادەملەردىن بولۇشۇم مۇمكىن.
قورقۇنچاق ئادەم بولۇشۇممۇ مۇمكىن.
قورقۇنچاق... راست، ھېلىقى يىللاردا قورقۇنچاق بولمىغان بولسام ھاياتىمنىڭ يەنە بىر يولىغا كىرىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. شۇنداق، تۇرمۇشۇم چوقۇم باشقىچە رەڭ ئالاتتى. باشقىچە مەزمۇن تاپاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ جەزبىدار لاتاپىتىنى يادىمغا ئالسام بۈگۈنكى ھاياتىم بەكلا تەمسىز بىلىنىدۇ.
يالغۇز قالغانلىرىمدا ئۆمرۈمنىڭ تۇمانلىق ھاۋادەك سۇس ئەسلىمىلەرگە كۆمۈلگەن ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ چىقىمەن. مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە نېمە ئىش قىلدىم؟ دېگەن سوئالدىن قورقىمەن. ئۆزۈم توغرىلىق ئويلىغانسېرىم مەيۈسلىنىپ كېتىمەن.
مەن ئېتىقادى سۇس ئادەم.
مەن نىشانسىز ئادەم.
مەن تەمتىرەپ يۈرگەن ئادەم.
مەن...
مەن...
ئۆزۈم ھەققىدە قانچە ئويلىسام‌مۇ يەنىلا مۇۋاپىق باھا بېرەلمىدىم.
ئۆزۈمگە بەرگەن باھالىرىم ئۆزۈمگە ياقمىدى. كۆپىنچىسىنى قوبۇل قىلالمىدىم.
ئوغلۇمنىڭ نەزەرىدە مەن قالتىس ئادەم.
ئوغلۇمنىڭ مۇئەللىمى مېنى مەسئۇلىيەتسىز ئادەم، دەپ قارايدۇ.
پات-پات ئوغلۇمنىڭ ئون بەش ياشقا، يىگىرمە ياشقا كىرگەن ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقىمەن. ئەمما تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئويلاپ بولالمايمەن. ئىشقىلىپ ئوبدان ئادەم بولسا بولاتتى، دەيمەن ئىچىمدە. ھەممە ئادەم باللىرىنىڭ ئوبدان ئادەم بولۇشىنى ئىستەيدۇ. زادى قانداق بالا ئوبدان ئادەم بولغان بالا بو-

لىدۇ؟ ئەدەپلىك، مۇلايىم بولسا، بىر كىملەر بىلەن ئۇرۇشۇپ ئا-تا-ئانىسىغا خاپىلىق تېپىپ بەرمىسە... جېدەل تېرىمىسا، بو-لۇپمۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتمىسا... بىرقاندا. بىرقانداق... يەنە بىرقانداق... خىيالىم دائىم مۇشۇ يەرگە كەل-گەندە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، ئاخىرىنى ئويلاپ بولالمايمەن.

— مېنىڭ سىزنىڭ ئوغلىڭىزنىڭ داۋاسىنى سوراشتىن باشقا ئىشىم يوقمۇ زادى؟

مۇئەللىمنىڭ مۇشۇ گېپىنى ئاڭلىغاننىڭ ئەتىسى ئوغلۇم تۇنجى قېتىم مەندىن شاپىلاق يېدى.

— ئۇرۇۋەر. ھەممىڭلار مېنى مۇشۇنداق ئۇرۇۋېرىڭلار.

ئاپىسى مېشىلدىغىنىچە ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ، ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈردى:

— سېنى يەنە كىم ئۇردى بالام؟

— مۇئەللىم ئۇردى. مەن مەكتەپكە بارمايمەن.

— نېمىشقا ئۇردى؟

— تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولالماپسەن، دەپ.

— نېمىشقا ئىشلىمىگەنىدىڭ؟

— بىلمەيتتىم.

— نېمىشقا مۇئەللىمىڭدىن سورىمىدىڭ؟

— مۇئەللىم ئاتا-ئاناڭلار يېتەكچىلىك قىلسۇن، دېگەن.

كاللامغا يەنە ئىسما ئالاشتى. ئۇ پات-پات ئاتا-ئاناڭلار يې-تەكچىلىك قىلسۇن دېدى، دەپ بىرنېمىلەرنى ئالدىمغا كۆتۈرۈپ كېلەتتى. بىراق مەن ئۇنىڭ سۇپىرىدەك يوغان تاپشۇرۇق دەپتە-رىدىكى مەسىلە، مەشىق دېگەندەك چىگىش نەرسىلەرنى پەقەت ئاڭقىرالمايتتىم.

— بۇنى مەن بىلمەيمەن. ئۆزۈڭ ئىشلە.

— مەنمۇ بىلمەيمەن، مۇئەللىم داداڭلار يېتەكچىلىك قىل-سۇن، دېگەن.

— نېمانداق قاملاشمىغان گەپ بۇ؟ ساڭا مەن يېتەكچىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلسام مۇئەللىمنىڭ نىمە ئىش قىلىدۇ؟ ماڭ، ماڭ، بىرىپ ئۆز-
زىدىن سورا.

مەن شۇنداق دېگەننىڭ ئەتىسى ئوغلۇم تاياق يەپتۇ، بىر يا-
كى ئىككى تەستەك بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭغۇ تاياق يېدى، دېگىلى
بولماس، بىر يېرى ئىششىپ يا يېرىلىپ كەتمىگەندىكىن.
بىراق، يۈرىكىم ئېچىشتى. ئوغلۇمنىڭ ئېغىر سومكىنى كۆتۈرۈپ
بويىنىنى سۆرىگەندەك بىرھالدا مەكتەپكە ماڭغىنىنى كۆرسەم
بىرقىسمىلا بولۇپ قالىمەن. خەقلەرنىڭ بالىلىرى مەكتەپكە مې-
ڭىشقا ئالدىرايدۇ، مېنىڭ ئوغلۇم نىمە بولغان بالا بولغىيدى-
كىن؟!

ئۆيىمىزدە پات-پات بولۇپ تۇرىدىغان بالامنىڭ جېدەلى ئە-
تىگەندە يەنە بىر قېتىم قوزغالدى. مەن ئەسلىي ئۇنىڭغا ۋارقى-
رىمىسام، قول تەگكۈزمىسەم بولاتتى، نېمىشقا مېھرىبان ئاتا،
كۆيۈمچان دادا بولالمايدىغاندىمەن، ئۇنىڭغا بەك ئامراق، جېنىم-
دىن ئەتىۋار كۆرىمەن. بىراق يەنە مۇشۇنداق...

سائىتىمگە قارىدىم، يەنە بەش مىنۇت كېچىكىپ قاپتىمەن.
يوقلىمىچى ئايال ماڭا مەنىلىك قاراپ قويۇپ قولىدىكى دەپتىرد-
گە بىرنېمىلەرنى چىجىلىدى.

بىردىنبىر ھاياتلىق مەنبەيىمدىن يەنە ئازراق بىرنېمە پۇتىد-
لىپ كېتىدىغان بولدى.

مەن چارىسىزلىق بىلەن ھېلىقى ئايالغا قاراپ ئوڭايسىز
بىرھالدا جىلمايدىم.

— مائاش ئۆسكۈدەك قارالڭ، — دېدى سېمىز خىزمەتدىشىم
سالامىمنى ئىلىك ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ خۇشاللىق بىلەن، — خې-
لى مۇھىم يەردە ئىشلەيدىغان بىرسىدىن ئاڭلىدىم.

— بەلەن گەپكەن، دېگىنىڭىز كەلگەي.

ئۇ يوقلىمىچى ئايالنىڭ مىختەك قادىلىشلىرىغا پەرۋا قىل-
ماي جايىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— ھېچ بولمىسا ما خەق يالماپ كەتكەننىڭ ئورنى بولسىمۇ

تولۇپ قالار...

تاماكامنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۈستىلىمگە دۈۋىلەپ قويۇلغان بىر پاتمان جەدۋەللەرنى ئېلىپ ئىمىر - چىمىر سان - سىپىرلارنى بىرمۇبىر سىېلىشتۇرۇشقا باشلىدىم. بىر-بىرىدىن مۇرەككەپ، بىر-بىرىدىن تايىنى يوق جەدۋەللەردىكى ئۇششاق كاتەكچىلەر مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك سوغۇق كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى. يەنە بېشىم قېيىشقا باشلىدى. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن مۇشۇ خىلدىكى ئىشلارنى قىلىۋېرىپ زېرىكىپ كەتكەندە شۇنداق ئويلىغانىدىم: قىلمىغان ئىشلارنى قىلغان قاتاردا دوكلات قىلماقنىڭ تەسلىكى زادى نەدىدۇ، يالغان گەپ قىلماق تەس، زامان يالغانغا مەجبۇرلىغاندا ئۇنى قاملاشتۇرۇپ قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا مەسخىرىلىك، ئاچچىق تۇيغۇلار كىشىنىڭ يۈرىكىنى يەيدۇ، جان سىقىلىدۇ، ۋىجدان كۆيىدۇ، تەس يېرى مانا مۇشۇ يەردە. كۈن-كۈن مۇشۇنداق يالغان دوكلات، يالغان مەلۇماتلارنى يوللاش بىلەن كۈنۈم ئۆتەرمۇ، تامغا بىرەر تال مىخ قاقساڭمۇ شۇ ئىشنىڭ سەۋەبى، مەقسىتى، نەتىجىسى دېگەندەكلەرنى بىرمۇبىر تەپسىلىي خاتىرىلىمىسەڭ، تامدىكى مىخنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ مىخ قاققىنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. قانداق ئىشكىن بۇ.

ئىشخانىنىڭ ئىچى قويۇق تاماكا ئىسىغا تولغانىدى. يانداش ئۈستەل قۇرۇق تۇراتتى. مەن بىئىختىيار ياندىكى ئۈستەلگە كۆنده نەچچە رەت قاراپ سالاتتىم، ئۇ نەلەردە يۈرىدىغاندۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئىشخانىنىڭ ئىچى شامال ئۇچۇپ تۇرغاندەكلا بولۇپ قالدى. بەكلا قۇرغاق، بەكلا جىمجىت. ئەجەبمۇ ئوچۇق، يورۇق قىز ئىدى، شوخ كۈلكىسى، ئەركىلىگەندەك سۆزلەشلىرى كۆڭلۈمنىڭ توپا بېسىپ كەتكەن خاتىرىلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ قالغان بىرسىگە ئوخشايدىغاندەك قىلاتتى. مەن بەكمۇ قورقۇنچاقلىق قىلغان ئاشۇ يىللاردا تىل چايناپ يۈرۈپ، يۈرەكىمدە تاتلىق تۇيغۇلارنى ئويغاتقان تاتلىق ئارمانلىرىمنىڭ، چوغدەك تەلپۈنۈشلىرىمنىڭ ئىگىسىنى قولدىن چىقىرىپ قويغا-

www.uyghurkitap.com

نىدىم. بۇ كۆلگۈنچەك قىز ئۇنىڭغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، يا ئەسلىمۇ شۇنداق مېھرى ئىسسىقمۇ، ھازىرغا قەدەر ئۇنى ئۇنىتالمىسىز سېغىنىپ قالىدىغان چاغلىرىم تولا ئىدى. ئۇ بەلكىم راست ئوخشايدىغاندۇ، يا بولمىسا مەن خىيالىمدا ئوخشىتىۋالغاندىمەن، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، بىراق مەن بۇ قىزنى ئاشۇ ئاشىقىمغا ئوخشايدۇ، دېگەنگە ئۆزۈمنى ئىشەندۈرگەنىدىم.

مېنىڭ ھاياتىمدا نۇرغۇن قىز-ئاياللارغا ئۇن-تىنسىز كۆڭۈل بېرىپ، يۈرىكىمنى زېدە قىلىدىغان ئىشلار تالاي بولغان. ئەمما، بۇلار پەقەت مېنىڭ يۈرىكىمدىلا ساقلىنىپ قالغان، بىرەرسىگە ئېغىز ئېچىپ يامان نىيىتىمنى ئاشكارىلاپ باقمىغانىدىم.

ئۇمۇ ئاشۇ تالاي قىزلارنىڭ بىرى بولۇپ كۆڭلۈمدىكى توپا باسقان ئەستىلىكلەر ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. خوتۇنۇمنىڭ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قېلىشى ئەجەب ئىش. ئۇ ئىلگىرى كۆنلەمچىلىك دېگەننى پەقەت بىلمەيتتى، مەندىن ئەزەلدىن گۇمانلىنىپ باقمىغانىدى.

نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىكى ئىش، بىر كۈنى كەچلىك تاماق يەپ بولۇپ ئەمدى تېلېۋىزور كۆرەي دەپ تۇرۇشۇمغا ئايالىم قارشى تەرىپىمگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئادەتتە مۇنداق چاغدا پوپايكا توقۇيتتى يا بولمىسا ئوغلۇمنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە نازارەتچىلىك قىلاتتى. ئوغلۇم دەپتەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي بىرنېمىلەرنى يازاتتى، ئايىسى بىچارە پات-پات ئۇنىڭ يازغانلىرىغا ئۆڭگىيىپ قاراپ قويۇپ يەنە پوپايكىسىنى توقۇيتتى، دېسەم-دېمىسەم ئايىسى شۇ ھالدا ئوغلىنىڭ زادى نېمىلەرنى يازغانلىقىنى ئەسلا چۈشەنمەيتتى. ئوغلۇممۇ ئايىسىنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆزىگە كىرىشىپ قاراپ ئولتۇرۇۋالغىنىدىن نارازى ئىدى. ھەر ئىككىسى بىچارە ئىدى، بىراق مۇشۇنداق قىلماي بولمايتتى. ئۇلارنىڭ شۇ ھالىتىنى كۆرسەم كۆڭلۈم پاراكەندە بولاتتى. ئايالىمنىڭمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇشقا رايى بارمايتتى، بىراق ئامال يوق-دە، بالىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ھەيدەكچى-

لىك قىلىپ تولۇق ئىشلەتمىگەندە، ئۇنىڭ كۆزەينەكلىك مۇئەل-لىمىنىڭ مۇزدەك تاپا-تەنىسىگە قالىدىغان گەپ. ئوغلۇممۇ ھەر كۈنى كەچتە ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن باش كۆتۈرمەي تاپ-شۇرۇقنى ئىشلەشكە مەجبۇر. شۇ ھالدا ھەر ئىككىسىنىڭ قى-لىۋاتقىنى كۆڭۈل خاھىشىغا زىت ئىشلار ئىدى. جاھاندا ئۆزۈڭ خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتىن ئۆتە جاننى ئۇپ-رىتىدىغان ئىش بولمايدۇ. مەجبۇرىي قىلغان ئىشنىڭ قانچىلىك ئۈنۈمى بولار. مۇشۇنداق باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىشكە سالغانغا چۈشلۇق بالىمىز راستلا بىر تەسەۋۋۇر قىلىدىغان گۈزەل كېلە-چەكنىڭ دەرۋازىسىغا بارغانسېرى يېقىنلاۋاتقانمىدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمايتتىم، مۇشۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى بارلىقىدىن گۇمانلىناتتىم. كۆڭلۈمدە شۇنداق ئويلىساممۇ بىراق ئېغىزىمدىن چىقارسام بولمايتتى. مەجبۇرىي بولسىمۇ، زورلاپ بولسىمۇ بەزى ئىشلارنى قىلماي بولمايتتى. مەن ھەم ئايالىم بالىمىزنىڭ كەل-گۈسى ئىستىقبالىنى مۇشۇ دەپتەرلىرى ئارىسىدىن، كىتابلىرىنىڭ ۋاراقلىرىدىن، توختىماي يازىدىغان ئىمىر - چىمىر خەتلەر ئارد-سىدىن تاپىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئايالىمنىڭ ماڭا قاراشلىرى دائىمقىغا ئوخشىماي تۇراتتى.

ئۇ ئوغلۇمنىڭ ئۆگىنىشىگە نازارەتچىلىك قىلىدىغان مۇ-ھىم ئىشلىرىنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ ماڭا تىكىلىپ ئول-تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن سەل ئەيمىنىپ قېلىۋاتاتتىم.

— سىزدىن بىر گەپنى سورىماقچى ئىدىم.

— قېنى، قۇلىقىم سەندە.

— مۇشۇ كۈنلەردە قانداقراق كېتىپ بارىسىز.

مەن ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم، ئەمما بەرداش-لىق بېرەلمەي نەزەرىمنى باشقا ياققا ئېلىپ قاچتىم.

— كۆرۈۋاتىسەن، ناھايىتى ياخشى.

— سىزدىنغۇ بىرەر مەسىلە كۆرۈلۈپ قالماس.

مەن سەل ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئالدىرىماي جاۋاب بەردىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇنىڭ سۆز ئاھاڭىدىكى سوغۇقلۇق، تەئەددى مېنى ھەم مەڭدەتىپ قويۇۋاتاتتى ھەم سەل ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈۋاتاتتى.
— ياق، نېمە مەسىلە كۆرۈلمەكچىدى، ئادەمنى سوراق قىلغاندەك ئەلپازدا سۆزلىمەي نېمە گېپىڭ بولسا ئوچۇق دەۋەر.
— ئاڭلىسام يېقىندا ئىدارىڭىزغا بىر قىزنى يۆتكىلىپ كەلدى دەيدۇ.
— شۇنداق.
— سىز ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئوخشاش بىر خىزمەتنى قىلىدىكەنسىلەر.
— شۇنداق.
— چىرايلىقمىكەن؟
جاھاندىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن باشقا چىرايلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋپسىرىسە كېرەك. مۇنۇ خوتۇن بىر دەمدە ئۇنىڭ سەت يا چىرايلىقلىقىغا قىزىقىپ قاپتۇ.
— شۇنداقمىكى، تازا زەڭ سالماپتىمەن.
— ئەر كىشى دېگەن يالغان گەپ قىلسا بولمايدۇ جۇمۇ.
— سەن زادى نېمە دېمەكچى؟
يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ئۇ بىرەر ئىشنى بىلىپ قالدىمۇ- نېمە، ئۇ قىز بىلەن بىرەر غەيرىي مۇناسىۋىتىم بولمىسىمۇ، بىراق كۆڭلۈمدە نېمىلەرنىڭ پالاز قىقىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆزۈم بىلىمەن.
— ئۇنىڭ بىلەن كەچلىكى بىللە تاماق يېگىلى بېرىپسىلەر.
— شۇنداق، يۇقىرىغا يوللايدىغان ماتېرىيالنىڭ ئىشى تۈگىمەي سىمىنا قوشۇپ ئىشلىگەندە بىللە تاماق يېگەن، نېمە بولدى.
مەن تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى قەتئىيەت ۋە سوغۇقلۇق مېنىڭ مەغرۇرلۇقىمغا بەرھەم بېرىپ تۇراتتى.
— كاۋاپ بىلەن لەغمەن يەپسىلەر.
— شۇنداق بولدى، ئۇنى يېسەك بولمامتى؟!

— ئۇ قىزنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكى بەك يارىشىدىكەن، ئىشلەتكەن ئەترىمۇ ئېسىلكەن.

مەن دىمىقىپ تۇرۇپلا قالدىم. خوتۇنۇمنىڭ چىرايىدا يا كۈلكىگە، يا غەزەپكە ئوخشىمايدىغان بىر ئىپادە بار ئىدى.

— مەن باشقا گەپ قىلماي، بالىمىز چوڭ بولۇپ قالدى، سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان يېرىم يوق، ھەرھالدا دىققەت قىلىڭ. بىر تاختا قوغۇن بىر پۇل بولۇپ كەتمىسۇن.

ئۇنىڭ تەئەددى بىلەن قىلغان سۆزلىرىدىن ھاڭۋېقىپلا قالدىم.

ئۆيىمىزدە ئايالىم ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان مۇشۇنداق سوغۇق، تىكەنلىرى سانجىلىپ تۇرىدىغان سۆھبەت بولغاندىن كېيىن مەن نېمىشقىدۇر ئۆز-ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم.

نۇرغۇن جىمجىت ئاخشاملاردا مېنى باش-ئاخىرى يوق خىياللار چىرمىۋالاتتى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن خۇدىمىزنى يوقاتقاندىن كېيىنكى يولدىن چىققان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم.

تەسەۋۋۇر دېگەن تەسەۋۋۇر، ئەگەر مۇشۇنداق تەسەۋۋۇرۇم روياپقا چىقىپ قالىدىغان ئىش بولسا، مەن پەزىلەتسىز ئەر بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتىم.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىشخانا بەكلا سوغۇق، مېھرىسىز بولۇپ كەتتى.

مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامان نىيەتتە بولۇپ باقمىدىم.

مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ خىيالىمغا ئىشەندۈرۈشكە ئەخمەقلەرچە تىرىشاتتىم.

ئۇ تاسادىپىي كەلمىگەن كۈنلىرى تەمە بىلەن ئىشىككە قاراپ قالغانلىرىم تالاي. كۆڭلۈمدە نۇرغۇن ئۆرتۈپلىك بولاتتى. بۇلارنى بىركىم كۆرەلمىگەندىكىن ھەم بۇ سىرنى ھېچكىم بىلمىگەندىكىن مەندىن گۇمانلىنىدىغان ئادەم يوق ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى



— كۆڭلۈپراق يۈرۈڭە بىر، بۇنداق جىددىي يۈرسىڭىز مېنىڭ ئىچىم سىقىلىپ قالىدىكەن.

— بىكاردىن ـ بىكار كۆڭۈلۈپ يۈرسەم قاملاشماس.

— بىكاردىن ـ بىكار ئەمەس، سىز كۆڭۈلۈپ يۈرسىڭىز بولىدىغان ئادەم. بىر ئۆيدان خىزمىتىڭىز بار، بالىڭىز بار، ئۆيىڭىز بار، مۇشۇلارمۇ سىزگە كەملىك قىلامدۇ. مانا بىزدەك مۇقىم خىزمىتى يوق، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىرەر يەردىن ئىش چىقىپ قالار، دەپ بىكارغا ئىشلەپ يۈرىدىغانلارمۇ خۇشال يۈرىمىزغۇ.

ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرىدەك قىلاتتى. بىراق كۆلمەن دەپلا كۆلگىلى بولمايدۇ ـ دە.

يالغۇز كېتىۋاتقان چاغلاردا، ئىشخانىدا يالغۇز قالغانلىرىمدا ئۇنىڭ مۇشۇ تەقلىدتىكى پاراڭلىرىنى يادىمغا ئالاتتىم.

ئۆيدە تېلېۋىزورنىڭ تايىنى بولماي، ئوڭدىسىغا يېتىپ تاماكا چەككەن چاغلاردىمۇ يەنە ئۇنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى.

ئاخىرىغىچە ئوقۇسام بىر يەرلىرىدىن ئوبدانراق گەپ چىقىپ قالارمىكى دەپ، قىزىقىپ ئوقۇغان كىتابلاردىن زېرىككەن چاغلىرىمدا يەنە ئۇنى ياد ئېتەتتىم.

قايناق بازاردا كېتىۋاتقان چېغىمدا قۇلاق ـ مېڭىنى يەيدىغان ياڭراتقۇلاردىن ئۇ تولا ئاڭلايدىغان «قوي پىيالىگە چاينى» دېگەن ناخشا ئاڭلىنىپ قالسا ئۇ يەنە كۆڭلۈمگە كىرىۋالاتتى.

ئۇچمە كۆڭۈل بولۇپ قېلىشىمۇ تايىنى يوق بىر ئىشكەن.

مەن ئۆزۈمنى پەزىلەتسىز ئادەمكەنمەن دەپ ئويلىدىم.

بىر ئادەم ئىش يۈزىدە ناھايىتى ئەدەپ ـ قائىدىلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ناپاك يوللاردا روياپقا چىقىدىغان ھەۋەس ـ ئىشتىياق غەلىيانلىرى كۆتۈرۈلگەنىكەن، ئۇنى پەزىلەتسىز دېسە بولىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ جىق بىرنېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم...

*   *   *

شەنبە كۈنى ياتاق ئۆيۈمگە سولىنىۋېلىپ چۈش پېشىنگىچە ئۇخلىدىم.

ئوغلۇم بىلەن ئايالىم سەھەردىلا چوڭ ئۆيگە كەتكەنىدى.

مەن ئۆيۈمدە تەنھا يېتىپ نۇرغۇن خىياللارنى قىلدىم.

ناۋادا بۇ ئۆيدە ئوغلۇم يەنە ئايالىم بولمىسا قانداق بولۇپ كېتەر. ئايالىمنىڭ ئورنىدا باشقا بىر خوتۇن بولۇپ قالسا قانداق بولار.

مەن كۆكنارنىڭ خىيالىنى تولا قىلىمەن.

بېشى يوق، ئايىغى يوق، يەنە كېلىپ باش-ئاخىرىنىڭ تايىنى يوق خىياللار بىلەن يېتىپ مېنى يەنە ئۇيقۇ باستى.

ئۇيقۇم ھېچ قانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، داۋاملىق ئۇخلىغۇم بولسىمۇ ئۇخلاۋەرسەم بولمايتتى.

دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تاماكا تۇتاشتۇردۇم.

سىرتنىڭ ھاۋاسى ياخشى ئىدى.

مەن كەينى - كەينىدىن ئىككى تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتىم.

شەنبىدىكى، يەكشەنبىدىكى ئازادىلىك ۋە جىمجىتلىق كىشىنى خىيال قوينىغا سۆرەشكە ئاران تۇرىدۇ.

بۇرنۇمغا سېسىق بىرنېمىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. قارىسام تاماكىنىڭ چوغى پولغا سېلىپ قويۇلغان قىزىل رەڭلىك سۇنئىي پالازنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. بىر پىيالە سۇ ئەكىلىپ ئوتنى ئۆچۈردۈم.

خوتۇن يەنە كوتۇلدايدىغان بولدى. تاماكىنىڭ خۇمارى يامان نەرسە. خۇمار دېگەننىڭ يەنە بىر مەنىسى — كۆنۈپ قېلىش بولۇشى مۇمكىن. بىز تۇرمۇشتا كۆنۈپ قالغان پاسكىنا ئىشلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇ تاماكا خۇمارىمۇ بار.

ئادەمسىز ئۆيدە تەنھا قالغاندا كىشىنى غېرىبلىق باسىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



بىر ەر يەرگە بېرىپ زېرىككەننى تۈزۈپ كېلىدىغان ئىشمىكى. بىراق نەگىمۇ باراي...

مۇشۇ نەچچە يىلدىن بۇيان نىمىشقىدۇر ئادەم كۆپ يەرگە بارغۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندىم، بەزىدە بۇ مەندىكى بىنورماللىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن. هازىرقى كۈندىغۇ بەك كۆپ ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ بولغىلى بولمايدۇ، ئادەمنىڭ ئادەم بىلەن خۇشى قالمىغىلى تۇردى. بۇرۇنقىدەك ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا يۇمشاق كۆك قومدا ئېغىناپ گۇڭگۇر-مۇڭگۇر پاراڭ بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈدىغان، يۈرەككە ئورنىشىۋالغان ئېغىر بىرنەرسىلەرنى تاشلىۋېتىدىغان كۈنلەر ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كەتتى، هازىرقى ئادەملەر ئۇنداق بىكارچىلىقنى پەقەت قوبۇل قىلالمايدۇ. كىچىك چاغلىرىمىزدا قولۇم - قوشنىلار بىر يەرگە يىغىلىپ تاتلىق پاراڭلار بىلەن شۇنداق كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشۇپ كېتەتتى. شۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىچكەن چاي، بىللە ئولتۇرۇپ قىلىشقان چاقچاق-لەتىپىلەر، جاهاننىڭ ئۇ چېتىدىن كىرىپ بۇ چېتىدىن چىقىدىغان ئاجايىپ پاراڭلارنى ياقا يۇرتتىكى قېرىندىشىمنى سېغىنغاندەك سېغىنىمەن. ئۇلارنىڭ ئاددىي، چىرايلىق پاراڭلىرىدا هاياتنىڭ ئاچچىق ھەقىقەتلىرى، ياشاشنىڭ شېرىنلىكى شۇنداق تەبىئىي يوسۇندا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئون تىيىننى يىگىرمە قىلىشنىڭ كويىدا يۈرىكىنى يارا قىلمايتتى، جاسارەت بىلەن ئىشلەيتتى، جاپانى يېڭەتتى، ئاندىن بارىغا شۈكۈر قىلاتتى. مەن ئاشۇ مەھەللىدىن چىقىپ كەتكىلى يىگىرمە يىلدىن ئېشىپتۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يىگىرمە يىلدەك شۇ مەھەللىدە ياشاپتىمەن، شۇ يىگىرمە يىل ئىچىدە بىرەرسىنىڭ يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالغىنىنى، يا شۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئاڭلىمىغانىدىم، ئۇلارنىڭ يۈركى هاياتتىن خۇشاللىق تاپىدىغان، ئوتتەك قىزىق، كىرلەشكەن ئىستەكلەرگە ئورۇن بەرمىگەن يۈرەكلەردىن بولسا كېرەك. جاهان تەرەققىي قىلىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە بىر

كۆن ئىشلىمىگەن ئادەم نىننى تېپىپ يېيەلمەيدۇ، بىر كۈن ئۆگەنمىگەن ئادەم كېكەچ بولۇپ قالىدۇ، بىر قەدەم كەينىدە قال-غان ئادەم چاڭ-توزانغا كۆمۈلۈپ قالىدۇ، شۇڭا بەيگە ئاتلىرىدەك جان - جەھلىمىز بىلەن چاپمىساق بولمايدۇ، سەللا ئۆزىمىزنى قويۇۋەتسەك تۇرمۇشنىڭ تەتۈر تىللىق قامچىسى باش - كۆزد-مىزنى ئاياۋسىز ساۋايدۇ.

ئادەملەردىن قېچىش، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قېلىش بەلكىم بىرەر يامان كېسەللىك بولۇشى مۇمكىن، ھېچ بولمىسا بىرەر يامان كېسەلدىن بېشارەت بولۇشىمۇ مۇمكىن.

مەن ئەتراپىمدىكى، كۆز ئالدىمدىكى ئادەملەردىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتىم.

ئادەملەر ئارىسىدىكى ئەڭ قىزغىن، ئەڭ چىرايلىق يېقىنـ-لىقنا شۇنداق تەلپۈنىدىغان مەن تەنھالىقنىڭ سوغۇق ھەم ئاچ-چىق بۇسلىرى ئارىسىدا بۇرۇقتۇم بولۇپ قېلىۋاتاتتىم.

خوتۇن - باللىرىم قايتىپ كەلسە بولاتتى. ئۇلار بولمىغان ئۆينىڭ مەززىسى بولمايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. تۇرمۇش مېنىڭ كۆڭۈل دۇنيايىمنىڭ تەگدىن تولىسىنى ئۇلارغا بىرىۋەتكەندەك قىلاتتى.

تويپا باسقان پەلەمپەيلەردىن پەسكە چۈشتۈم.

بىرنەچچە ياشانغان كىشى تار سېمونت يولنىڭ بويىدىكى تۆمۈر سالاسۇنغا يۆلىنىپ بىرنىمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىشنى خىيال قىلىپ يەنە توختاپ قالدىم، يۈرىكىمگە كۆڭۈلسىز بىر ئەندىشە ياماشقاندەك بولدى.

ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىسام بولاتتى.

ئۇلارغا پاراڭ قىلىپ بەرسەم بولاتتى.

ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشسەم، چاقچاقلاشسام، يەنە تۇر-مۇشۇمدىكى، خىزمىتىمدىكى، ئارىلاشقان ئادەملىرىم ئارىسىدىكى كۆڭۈلگە ياققان، ياقمىغان ئىشلارنى دەپ بەرسەم ئۇلارمۇ خۇش بولاتتى، مەنمۇ يېنىكلەپ قالاتتىم. بىراق مەن شۇنچە تىرىشىپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



مۇ ئۇنداق قىلالمايدىغان بولۇپ قىلىشۋاتاتتىم. ئۆزۈمدىن باشقا ھەرقانداق ئادەم ماڭا يات ھەم سوغۇق بىلىنەتتى.

بۇ جاھاندا بىر ئۆزۈمدىن باشقا ھەممە ئادەم مەن ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئىشەنچسىز ئىدى.

مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلىغانلار مېنى مەسخىرە قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

كۆڭلۈمدىكىنى بىلىشۋالغانلار مېنى پايلاپ جاجامنى بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

بىركىملەر بىلەن يېقىن ئۆتكىنىمنى، مۇڭداشقىنىمنى بىركىملەر كۆرۈپ قالسا بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ مېنى بابلايدىغان شۇملۇقنىڭ تۇتۇرۇقى قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

مەن مۇشۇنداق ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق ئويلىرىمدىن بىزار ئىدىم.

ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق ئويلايدىغان خۇيۇمدىن قۇتۇلالماي رەلـ لە بولاتتىم. مۇشۇنداق ئويلارغا غەرق بولاتتىم، مەن ئۆزىنى ئۆـ زى جوڭقۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان مۇشۇنداق ھالىمنىڭ سەۋە ـ بىدىن يەككە ـ يىگانە ھالدا ھاياتنىڭ قاراڭغۇ، پاتقاق يوللىرىدا يىقىلىپ ـ قوپۇپ، مەڭدەپ يۈرەتتىم.

مېنىڭ مۇشۇنداق ئويلايدىغىنىمنى، مۇشۇنداق ھەسرەت چېكىدىغىنىمنى بىر ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

ھېلىقىلاردىن نېرىراقتىكى سېمونت ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ تاماكا تۇتاشتۇردۇم.

شىلەپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان سادىق ماموت يوغان قوللىرىنى شىلتىپ قىزىشىپ سۆزلەۋاتاتتى. قايسى كۈنى ئۇنىڭ بىرنەچچەيلەنگە ناۋايلارنىڭ ناننى كىچىك يېقىۋاتقانلىقى، بۇنى باشقۇرىدىغان ئادەم يوق بولغاچقا مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇۋاتـ قانلىقى، مەسئۇل تارماقلارنىڭ بۇ ئىشقا كەلگەندە بەكلا بوشاڭـ لىق قىلىشۋاتقانلىقى ھەققىدە ئاچچىقى بىلەن دادلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاچ ئۆتۈپ كەتكەنىدىم. باشقىلارنىڭ ئازراقلا ئەيىبىنى تۇـ

تۇۋالسا شۇ ئىشقا قانات ـ قۇيرۇق چىقىرىپ ئۇچۇرتۇشقا تەييار تۇرىدىغان، بىرنى ئىككى قىلىشقا ئۇستا، خەقنى مەسخىرە قىلىشقا ئامراق بىر قوشنامنىڭ دېيىشىچە، يۇرتكى تاشتىنمۇ قاتتىق بىر ئادەم سادىق ماموتقا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپ كەتكەنمىش. دېيىلىشىچە، سادىق ماموت بويى ئىككى مېتىرغا يېتىدىغان غولۇس ئەركەك بولسىمۇ، بىراق بىر ئۆمۈر خوتۇنىنىڭ چىرايىغا تىك قاراشقا پېتىنالماي ئۆتۈپ كېتىپتىمىش. ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى قانداقچە بىلىپ قالغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم بولمىسىمۇ، بىراق بۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلار، مەسخىرىۋازغا ئەگىشىپ كۈلگەنلەر، يەنە مۇشۇنداق قاملاشمىغان قىلىقى بار سادىق ماموتنى ئەيىب ئېتىپ قايناپ سۆزلىگەنلەر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرغانلار تالاي بولدى. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە خوتۇنىدىن قورقۇش دېگەننى خاتالىق دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇ خاتالىقتىن ئۇستۇنراق تۇرىدىغان بولمىغۇر بىر ئىش ھېسابلىنىدىكەن. مەيلى كىمدىن قورقمايلى، بىكاردىن ـ بىكار ئۇنىڭدىن يا بۇنىڭدىن قورقۇپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى قاملاشمىغان ئىش، مەن مۇشۇنداق ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە ئۇشتۇمتۇت مۇنۇلارنى خىيال قىلغىنىم يادىمدا: گەپ مۇشۇنداق دېيىلسىمۇ ئەمما ئىش يۈزىدە قەدەمدە بىر قورقۇشتىن، ئەنسىرەشتىن، تەشۋىشتىن خالىي بولالمايمىز. سورۇنلاردا مەستلىكتە قالايمىقان گەپ قىلىپ سالارمەنمۇ، تىقىپ قويغان پۇللىرىمنى خەجلەپ ھېلىقىلارنى مېھمان قىلغىنىم ئاشكارىلىنىپ قالارمۇ، يامغۇر يېغىپ قالسا ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىدىن تامچە ئۆتۈپ كېتەرمۇ، قار يېغىپ قالسا پۈتىمىز ئۇششۇپ قالارمۇ، يامغۇر ياغسا كەلكۈن كېلەرمۇ، قار ياغمىسا قۇرغاقچىلىق بولارمۇ... يەنە بىرنېمە ـ بىرنېمە دېگەندەك.

ھايات بىزنى تەشۋىش، ئەندىشە ئىچىدە ياشاشقا كۆنۈشكە مەجبۇرلايدۇ.

سادىق ماموتنىڭ خوتۇنىدىن قورقۇشى مەن بىلەن ئالاقىـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



سىزلا بىر ئىش ئىدى، بىراق مەن سادىق مامۇتنىڭ خوتۇنىدىن قورقىدىغانلىقى بىلەن ئۇنى مەسخىرە قىلىمەن، ئۇنىڭ ئۇستىدىن كۈلىمەن، ئاندىن يەنە ئۇنى ئۆچ كۆرىمەن، باشقىلارغا ئۇ توغرىلىق يامان گەپلەرنى دەيمەن.

مەن ھەيران قالدىم، تۇرمۇش ئاتلىق بۇ پالازنى ھەركىم خالىغانچە، خاھىشىچە ھەر رەڭدە بوياپ بەكلا قالايمىقان، بەكلا مۇرەككەپ بىرنېمىگە ئوخشىتىپ قويغاندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ پاسكىنا بىرنېمىلەر بىلەن بۇلغىنىشىغا مەنمۇ تېگىشلىك ھەسسەمنى قوشۇپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتىم.

مۇشۇ ھال مېنىڭ پات-پات مۇئەللىمىدىن تەنبىھ يەپ يېرىشىغا ماس كەلمەيدىغان غەملەرگە پېتىپ قالغان ئوغلۇمغىمۇ مىراس بولۇپ قالارمۇ.

شۇنداق بولىدۇ، ئۇ ناھەق تىل ئىشتكەندە، خاتا تەنقىدلەنگەندە بۇ دەردىنى سىغدۇرالماي بىركىملەرگە دادلايدۇ، ئۆزىنىڭ راست، قارشىسىنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆزىنى ياخشى، رەقىبىنى يامان كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ تەبىئىي يوسۇندا باشقىلارنىڭ ئۇستىدىن گەپ تاپىدىغان، غەيۋەت قىلىدىغان كونا يولغا كىرىپ قالىدۇ. بۇ يول ماڭغانچە كېڭىيىدۇ، ماڭغانچە راۋانلىشىدۇ. نەچچە يۈز ئەۋلاد مۇشۇنداق بولۇپ كەلگەن سېھىرلىك يولدا ئوغلۇم ھەم ئۇنىڭ ساناقسىز تەڭقۇرلىرى بىر-بىرىگە يول بەرگۈسى كەلمەي تەك ئات سالىدىغان بولىدۇ.

مەن ھاڭۋېقىپ قالدىم، خالتا كوچىغا كىرىپ قالغاندەك بىر تۇيغۇ مېنى قىيناشقا باشلىدى.

مەن خاتا سۆزلەپ قېلىشتىن، خاتا ئىش قىلىپ سېلىشتىن ساقلانسام بولاتتى.

ھازىرقى كۈندە چوقۇم ھەربىر ئىشقا دىققەت قىلمىسا بولمايدۇ.

سادىق ماموتنىڭ ئۇستىدىن توقۇلغان ياخشى - يامان گەپ-

لەر ئاز ئەمەس. بىلىشىمچە، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ نۇرغۇنلىرى سادىق ماموتنىڭ قىلىقلىرىنى ياقتۇرمايدىغاندەك ئىدى. شۇلار-نىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار.

بىر ئادەم قانداق ياشىسا، بىزنىڭ نىيىمىزغا چۆپۈل سالمى-غان تەقدىردە ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسا ياخشى بولاتتى. بىراق بىز توختىماي باشقىلارنى كۆزىتىشكە، ئاندىن بايقىغانلى-رىمىز بويىچە گەپ تېپىشقا ئامراق ئادەملەر. بۇنى خۇمار دېگىلى بولسا بۇنىڭ يامانلىقى تاماكىنىڭ خۇمارىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ.

مەن كىملەرنىڭ ئۇستىدىن گەپ تاپقاندىمەن.

يەنە كىملەر مېنىڭ ئۇستۇمدىن گەپ تاپقاندۇ.

خەقنىڭ ئۇستىدىن گەپ تېپىش دېگەنمۇ قىزىقلا بىر ئىش-كەن، مۇنۇ سادىق ماموتنىڭ خوتۇنىدىن قورقۇشى بىلەن كىمنىڭ پايدا - زىيىنى بىر يىپتا باغلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بول-مايدۇ، بىراق نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنى خوتۇنىدىن قورقىدۇ، دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ، ئادەم دېگەننىڭ مۇشۇنداق بىر-بىرىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىغا قىزىقىدىغان خۇيى بار. سادىق ماموت خو-تۇنىدىن قورقمىسا، بەلكىم ھېچكىم، سادىق ماموت خوتۇنىدىن قورقمايدىغان قالتىس ئەركەك، دېگەن گەپلەرنى ئۇنى مەسخىرە قىلغاندىكى قىزغىنلىق بىلەن دېمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

سادىق ماموتتىن قاقشاۋاتقان بىرەيلەننىڭ شۇنداق دېگىنى يادىمدا:

— بۇ ئادەم تۆگىدەك كېلىدىغان مۇشۇ بەستى بىلەن كى-چىكى تۇخۇمىنىڭ، چوڭى توخۇنىڭ خىيالىنى قىلىپلا جاھاننى ھەيدەپ كەلگەن، قوي، ئۆچكە دېگەنلەرنى ئويلاشقا ئۆمرىدە قۇربى يەتمىدى بىچارىنىڭ.

مەن بىر چاغلاردا ئۆزۈمنى تىڭشاپ قالغاندىم. ئادەم ئۆزد-نى چىڭ تۇتمىسا پاكىز ئايىغى بىلەن پاتقاققا كىرىپ قالغىلى ئاران تۇرىدۇ.

مېنىڭمۇ چوقۇم ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغانلار قاتارىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



كىرىپ قالغان چاغلىرىم بولغان. بىركىمنىڭ يامان گېپىنى قىلىشتىن قورقساممۇ يەنىلا بىلىپ ـ بىلمەي ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئارقىسىدىن بەزىبىر گەپلەرنى قىلىپ سالغان بولۇشۇم مۇمكىن. ھېچ بولمىسا بىركىملەرنىڭ كەينىدىن گەپ بولۇۋاتقاندا قىزىقىپ ئاڭلىغان، مۇلاھىزە قىلىپ، ئاندىن ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ ـ بىلمەي ئاغزىمدىن بىرقانداق گەپلەر چىقىپ كەتكەن چاغلار بولۇشى مۇمكىن.

ئۆزۈم ھەققىدە ئويلىنىپ قالغان چاغلىرىمدا بەزى ئىشلىرىم سەۋەبلىك ئۆزۈمنى ياراتقۇم كەلمەيدۇ.

راۋۇرۇس ئادەم بولۇش تەس بولسىمۇ بىراق راۋۇرۇس ئادەم بولۇشقا ئىنتىلىپ ياشاش زۆرۈر ئىدى.

مەن قانداقراق ياشاۋاتقاندىمەن. ئۆزۈمگە باھا بېرەلمىدىم، جىق ئىشلاردا ئۆزۈمگە باھا بېرىپ بولالمايمەن. خەقلەر ماڭا قانداق باھا بېرىدىغاندۇ.

بۇنى مەن بىلمەيمەن. بەزى ئادەملەر مېنى ماختايدۇ، ھايال ئۆتمەي بۇ ماختاشلار ئۇچۇن بەدەل تۆلەپ قالىمەن. مەيلى ماختىسۇن، مەيلى تىللىسۇن پەرۋا قىلمىسام بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ھازىرقى كۈندە راست بىلەن يالغاننىڭ كۆپ پەرقى قالمىدى، شۇڭا ماڭا ئاڭلىتىپ ياكى قەستەن ئاڭلىسۇن دەپ قىلغان گەپلەرنىڭ ئىشەنگۈچىلىكى يوق. شۇنداق دېگىنىم بىلەن مەن يەنىلا ماختاش ئالدىدا كۆڭلۈم ئۆسۈپ شادلىق ھېس قىلىمەن، بۇ ئاداشنىڭ مۇنۇ ئىشى قاملاشمايدىكەن، پالانى گېپىنىڭ تۇتامى يوقكەن، دېگەندەك سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىمدا پۇشۇقۇنۇپ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كېتىدۇ.

پەرۋا قىلمايمەن، دېيىش ئاسان، بىراق پەرۋا قىلماسلىق ئاسان ئەمەس.

مەن نېمىلا دەي يەنىلا باشقىلارنىڭ مەن توغرىلىق ئويلىغانلىرىنى، قاراشلىرىنى بىلگۈم كېلىدۇ، باشقىلارنىڭ ياخشى ئادەم دېگىنىنى ئاڭلاشنى تەمە قىلىمەن، يامان ئادەم دېگىنىنى ئاڭلى-

سام خاپا بولىمەن، بىرەيلەننىڭ شۇنداق دېگىنى يادىمدا: ئەمەلـ-
يەتتە بىزنىڭ خاپىلىق ۋە خۇشلۇقلىرىمىزنىڭ مەنبەيى باش-
قىلارنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ گېپىنىڭ توغرا - خاتالىـ-
قىنى بىلەلمىدىم، بىراق شۇ چاغدا بۇ گەپ مېنى ئويغا سالغانىدى.
راست، باشقىلار ماڭا چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ قانداق باھا
بېرىدىغاندۇ.
ئەيىب - نۇقسانلىرىمنى تىللايدىغاندۇ.
ياخشى ئىشلىرىمدىنمۇ قۇسۇر چىقىرىپ گۇمان بىلەن
قارايدىغانلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.
خەقنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلىش دۇنياۋى ھادىسە بولۇشى
مۇمكىن.
باشقىلارنىڭ كەينىدىن ماختايدىغانلاردىن تىللايدىغانلار
جىق.
باشقىلارنىڭ كەينىدىن گەپ قىلغاندا ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى
ئاچچىق بۇسلار چىقىپ كەتسە كېرەك.
باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلغاندا كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى
ئاچ يەرلەر قانائەت تاپسا كېرەك.
ئىنسان دېگەننىڭ غەيۋەتكە خۇمار، غەيۋەتكە ئامراق يارىلىپ
قېلىشىنىڭ ئۆزى ئەجەب بىر ئىشكەن.
مەن ئاغزىمدىن چىقارمىغىنىم بىلەن سادىق ماموت ھەققىدە
نۇرغۇن يامان ئويلاردا بولغان. ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك ساقلىغان.
مەن يالغۇز ئولتۇرۇپ سەل نېرىدا غۇژمەك بولۇشۇۋالغان
ئادەملەرگە قاراپ قويدۇم.
ساختا تاماكا ئېلىپ سالغان ئوخشايمەن، بۇ تاماكا شۇنداق
كۈچسىز، شۇنداق لاۋزا ئىدى. چەككەنسېرىم كانىيىمنى قىچىش-
تۇراتتى.
سادىق ماموت يوغان گەۋدىسىنى چايقاپ سۆزلەۋاتاتتى، مەن
ئۇنىڭ دائىم چۈكۈرۈپ كىيىۋالىدىغان شلەپىسىنى كۆرگىنىمـ-
دە جىنىم سىقىلىپ قالاتتى. بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ

www.uyghurkitap.com



قالغاندا شىلەپىسىنىڭ گىرۋىكى بېسىپ، ئېگىلىپ، شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن قۇلاقلىرىغا دىققەت قىلغانىدىم.

مەن قولۇمدىكى تاماكىنى تاشلىۋېتىپ نېرىدىكى ئورۇندۇققا يۆتكىلىپ ئولتۇردۇم. سادىق ماموتنىڭ بوغۇق، ئۇنلۇك ئاۋازى ئاڭلىناتتى:

— ئۆينىڭ توك چىقىمى ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ، زەڭ سالسام مېھمانخانا ئۆينىڭ چىرىغى ئاتمىش ۋاتلىق تۇرىدۇ، قاراڭلا، دېسەم-دېمىسەم خوتۇن دېگەن گۈينىڭ قىلىقى، يىگىرمە ۋاتلىق ئىدى، ئالماشتۇرۇپ قويغان گەپ، قۇلاق تۈۋىگە سالاي دەپتىم يەنە بولمىدى، بەك ئىچىم پۇشۇپ تۇرىدۇ، توك پۇلىنىڭ قىممەتلىكىدە قانداق قاملاشمىغان گەپ بۇ دەيمەن-دە...

بەزى ئادەملەر راستلا سادىق ماموتقا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىغان بولارمىدى، دېگەنلەرنى ئويلىدىم، ئاندىن يەنە ئىلگىرى بولمىغان بولسا بۇنىڭدىن كېيىن چىقىپمۇ قالىدۇ، دېگەنلەر يادىمدىن كەچتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سادىق ماموتقا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلايدىغان ئادەم دەل مەن بولۇپ قېلىشىممۇ مۇمكىن.

سادىق ماموت ئاچچىق بىلەن سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ گېپىچە ئاتمىش ۋاتلىق لامپۇچكا بىلەن يىگىرمە ۋاتلىق لامپۇچكىنىڭ پەرقى ناھايىتى زور بولۇپ، مۇنۇ ھازىرقىسىنى بىر كۈن ياندۇرسا ئىلگىرىكىسىدىن بەش ـ ئالتە ھەسسە جىق توك كېتىدىكەن. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە سادىق ماموتنىڭ پۇل باسىدىغان زاۋۇتى بولمىغاندىكىن پۇل توشمايدىكەن.

— يۇقىرى مەھەللىدىكى ئىمىن نىيازنىڭ كېسىلى ئېغىركەن... ئوبدان يىغىلىپ قاپتىمىز، بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلىمۇ... دوختۇرنىڭ دېيىشىچە نەچچە كۈنلۈككىلا قاپتۇمىش ئۇنىڭ...

ئارىدىن بىرەيلەن شۇنداق دېدى.

— ۋاي قويۇڭا ئۇ گەپنى، دوختۇر ساقايتىدۇ، مېنىڭ دېگىنىم ماۋۇ ئەللىك تىيىنلىق شامنىڭ بىرسومغا ئۆسۈۋالغىنىنى نېمە دېگۈلۈك ئەمدى... ئىنساپ قالمايۋاتىدۇ جۇمۇ... ئې-

ىسىڭلاردا بولسا، بىر زاماندا بەش تىيىنلىق نىمىدى شام دېگەن...

شۇ يەردە، ئۇلارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ سادىق ماموتقا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇۋاتقان بىرەيلەننىڭ يۈرىكى ئەلەمدىن پۇچۇلىنىپ كەتتى. ھەسرەت چەككۇچىنىڭ ئويىچە شۇ ھالدا سادىق ماموتنىڭ گېپىگە ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ گەپلىرى باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا خۇش ياقمايدۇ، بىزار بولىدۇ. ئازراق گەپ قىلسىكەن، يىراق كەتسىكەن، زۇۋانىنى يىغسىكەن دەپ ئويلايدۇ. ھەممە ئادەم ئۆز خاپىلىقىنىڭ غېمىدە قالغاندا سادىق ماموتنىڭ لامپۇچكىسىنىڭ ئالمىشىپ قالغىنىغا، شۇ سەۋەبلىك توك پۇلىنىڭ جىق چىقىپ كەتكەنلىكىگە، ياكى بولمىسا ئۇنى خوتۇنىنىڭ ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىغا قىزىقىدىغان كىم بار بۇ يەردە. بولۇپمۇ ھېلىقىدەك ئاتمىش يەنە يىگىرمە دېگەندەك سان-سىپىرلارغا كىممۇ كۆڭۈل بۆلەر.

ئەمما سادىق ماموت ھەممىلا ئادەمنى ئۆيۈمدىكى لامپۇچكىنىڭ ئالمىشىپ قالغىنىغا غەزەپلىنىدۇ، ئىچى پۇشىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

ئەللىك تىيىنلىق شامنىڭ بىر سومغا ئۆسكىنى ئۇچۇن بىر يۈرەكنىڭ زىيدە بولغىنىنى مەن كۆردۇم. سەكراتتا ياتقان بىر ئادەمنىڭ مېھرى بىلەن شام ھەققىدە ئۇزاق ئويلىدىم.

مەن سادىق ماموتتەك ئادەم بولۇپ قالمىغىنىمدىن شۈكۈر قىلسام بولىدۇ.

مەن شۇنداق ئويلىدىم.

ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق ئويلىغان.

سادىق ماموتنى كۆرگەن نۇرغۇن ئادەملەر شۇنداق ئويلىشى مۇمكىن.

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ توكۇر بولۇپ قالمىغىنىغا، قارىغۇ تۇغۇلۇپ قالمىغىنىغا، يەنە تىلەمچى، ئوغرى - قاراقچى يا شۇنىڭغا ئوخشىغان بىرنېمىلەردىن بولۇپ قالمىغىنىغا شۈكۈر قىلىۋاتقان چاغدا سادىق ماموتتەك ئادەم بولۇپ قالمىغىنىغا شۈكۈر قىلىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نى ئۇنتۇپ قالمىسا بولىدۇ.

بۇ مېنىڭ سادىق مامۇت ھەققىدىكى ئەڭ قەبىھ خىياللىرىمنىڭ بىرسى.

مەن مۇشۇنداق ئويلاپ بولۇپ پۇشۇقۇنۇپ قالدىم.

مېنىڭ سادىق ماموتنى ئۇ يا بۇ دەپ يۈرىدىغانغا نېمە ھەققىم بار، يەنە نېمە سەۋەبىم بار، ئىككىمىز ئىككى ئادەم، ھېچ بىرىمىز باغلىنىشلىق ئەمەس.

شۇنداقتىمۇ سادىق ماموتقا ئالاقىدار خىياللىرىم، ئويلىرىم، ئاچچىقلىرىم، يەنە ھەسرەتلىرىم پەقەت ئازايمىدى.

سادىق ماموت ئۆزىنىڭ سادىق ماموت بولۇپ قالغىنىدىن پەقەت ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى مۇمكىن.

ئۇ ئۆزىنىڭ سادىق ماموت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، سادىق ماموت ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيدۇ.

ھەممەيلەن بىلگەن بىلەن ئۇ ئۆزى بىلمەيدۇ.

چاينىڭ قىزىقلىقىنى چەينەك بىلەن پىيالە بىلىدۇ.

چاينىڭ ئۆزى بىلمەيدۇ.

قاياقتىندۇر ئۇرۇلغان سوغۇق شامال تىنىمنى شۇركەندۈرۈۋەتتى. شامال بىلەن قوشۇلۇپ يامغۇر تامچىلىرىمۇ تاراسلاپ چۈشكەندەك بىلىندى.

سادىق ماموت بىلەن ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم، مەن كۆپ جەھەتتىن سادىق ماموتقا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك قىلاتتىم.

مەن چۆچۈپ كەتتىم.

خەقلەر مېنى نېمە دەيدىغاندۇ؟

بىرەيلەن سەگەكلىك بىلەن خىيالغا چۆكۈپ كەتتى.

مەن بۇنى بىلمەيمەن. بۇنى بىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دېسەم توغرا بولمايدۇ. مەن خەقلەرنىڭ مېنى نېمە دەيدىغانلىقىنى، ماڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى، مېنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆچ كۆرۈدىغانلىقىنى بىلىۋالسام ياخشى

بولاتتى.

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ هاڭۋاققىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ئۇ بەزىدە بەك ئۇزۇن گاڭگىراپ قالىدۇ. ئۆزى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنىڭ بەك ئازلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندە نېمە قىلاردىنى بىلەلمەي قالىدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس.

يۈرەكتە، مېڭىدە، ئاشقازاندا كېسەل بولسا دوختۇرلار تېپىپ چىقالايدۇ. داۋالىيالايدۇ. دوختۇرلار بىلەلمىگەن، داۋالىيالمىغان ئالامەتلەر بولۇپ قالسا بۇ بەك ئېغىر، بەرداشلىق بەرمەك تەس ئىش.

ئۇ بىرەر يەردە ئېقىن سۇ بولسا سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ خىيال قىلماقچى بولدى. ئېقىن سۇ بويىدا نۇرغۇن نەرسىلەر ھەل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

لېكىن ھازىر ئېقىن سۇنى تاپماق تەس، ئېقىن سۇنىڭ بويىغا بېرىشقا ۋاقتىمۇ چىقمايدۇ.

* * *

پاكىز تۈت يانچۇقلۇق چاپىنى سەل مۇكچەيگەن قەددىگە ياراشقان بىرەيلەن يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتۈپ كەتسە بولۇۋېرەتتى، بىراق ئۇ مېنىڭ سالاممنى ئىلىك ئالمايلا كېتىپ قالدى. مېنىڭ خۇددى بىرمۇنچە ئادەملەر ئارىسىدا ئۇياتقا قالغاندەك يۈزلىرىم ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ سەل نېرىدىكى توپلىشىۋالغانلارغىمۇ سالام قىلمىدى. يا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەرى شاققىدە سالام قىلمىدى. بۇ ئاي بۇ كۇنلەردە سالام ـ سەھەتنىڭمۇ تايىنى قالمىغىلى تۇردى.

بىراۋدىن تېچلىق ـ ئامانلىق سوراشمۇ يەنە بىراۋغا ئېغىر كېلىدىغان جاھان بولۇۋاتىدۇ.

ئادەملەر ئارىسىغا سوغۇق شىۋىرغانغا ئوخشايدىغان بىرنەرسە پەيدا بولۇپ قېلىۋاتسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇ مېنى سۆيسە بولاتتى، دەپ ئارمان قىلغان ئادەمنىڭ يو-رىكىدىن، مەن سۆيۈلۈشۈملا كېرەك، سۆيۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەن بىر شۆھرەت غەلىيان قىلىدۇ.

ماڭا سالام قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ئالدىنقى ھەپتە ئىشخانامغا كىرگەندە شۇنداق چىرايلىق مۇڭداشقانىدۇق... بۇ ئا-دەم ئابلاكام بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئىشلەپ يەنە بىللە ئارامغا چىققانىدى. لېكىن ئۇ ئابلاكام بىلەن ئۇ يا بۇ ئىشلار توغرىلىق دائىم قىزىرىشىپ قالاتتى، نەچچە ئايلاپ بىر-بىرىگە گەپ قىل-ماي يۈرەتتى. ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە چۆجە - خورازلار-دەك ھۈرپىيىشىپ يۈرگىنى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى، بىر قېتىم ئابلاكام «يۈرۈڭا، خۇمارلىق قېقىشىۋالىمىز» دەپ مېنى باشلاپ چىققاندا مۇشۇنداق تولا بازغىنىشىنىڭ گېپىنى چىقارسام ئابلاكام:

— قويۇڭا ئۇكام، كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشلارنى تىلغا ئالمايلى، يامان ئادەملەرنىڭ گېپىنى قىلىشساق بىزمۇ يا-مان ئادەمگە ئوخشاپ قالىمىز، ئۇ يېتىمنىڭ گېپىنى قىلسام غەيۋەتكە ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئەركەك ئىكەنلىكى-مىزنى ئۇنتۇپ قالمىساقلا بولىدۇ، مۇشۇ جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن كېلىشەلمەيمەن. قويىرۇق شىپاڭشىتىپ بىراۋنىڭ پۇتىغا سۈركى-نىش دېگەن ئىتنىڭ قىلىقى ئەمەسمۇ. بىز بۇ دۇنيادا يۈز يىل ياشىمايمىز، قىسقا ئۆمۈرنى پاكىزرەك ئۆتكۈزگەنگە نېمە يېتى-دۇ، ھەي، قىلمايمەن دېگەن گەپنى يەنە قىلىپ سالدىم، قېنى خوشە.

ئابلاكام چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھاراقنى ئىچىۋەتتى. ئاندىن تېشىغا پۈۋلىگەچ:

— بولسىغۇ ئىچمىسەك بولاتتى، بىراق ئامال يوقتە، — دەپ قويدى.

بۇ ئىككىسى بەلكىم ياش ۋاقتىدا بىر-بىرىگە تۇمۇچۇقنى تالىـ-شىپ قالغانمىدىكىن، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئارقىدىن يەنە بۇ خىيا-

لىمدىن يېنىۋالدىم. ئۇنداق بولمايدۇ، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا ئۇنداق گىنە ـ ئاداۋەتلەرمۇ قالمىغاندۇ، چوقۇم باشقا بىر سەۋەب بار.

ئابلاكامنىڭ گەپلىرىنى ئۇزاققىچە ئويلاپ يۈردۈم، راست گەپ، قىسقا ئۆمۈرنى پاكىز ئۆتكۈزۈش كېرەك، بىراقزە...

— ئەجەب ئېسىل ئادەم ـ دە سىز ئۇكام، بەك يارىشىنسىز بۇ ئىدارىغا، سىزنى سېغىنىپ كەلگەنىدىم، سالامەت تۇرغانسىز.

ئۇنىڭ سالام قىلغاندىكى تەۋازۇلۇق سۆزى ۋە چىرايلىق ئېگىلىپ سالام قىلىشى مېنى ھەم تەمتىرەتتى ھەم خۇشال قىلدى.

يەڭگىل، ئىسسىق بىر ھاياجان يۈرىكىمنى سىلاپ ئۆتتى. خەقلەر سىزگە كۆڭۈل بۆلسە خۇش بولمىسىڭىز سىزدىن گۇمان قىلىمەن.

— خۇداغا شۈكۈر، ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان تۇرۇۋپسىز.

ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە ئويناپ تۇراتتى.

بۇنداق كۈلكىنىڭ تاتلىقلىقىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيدۇ.

— قېنى، بۇنى سىلىپ قويۇڭ.

ئىككى قاپ تاماكا ئۇستىلىمدە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ھوي، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز.

مەن جىق ئۆزرە قويدۇم، بۇ ئىشنىڭ پەقەت قاملاشمىغانلىقىنى، بۇنداق سوۋغىنى ئۇ ماڭا ئەمەس، مەن ئۇنىڭغا بەرسەم توغرا بولىدىغانلىقىنى، شۇ ھالدا بەك خىجىل بولۇۋاتقانلىقىمنى، ئوڭايسىزلانغىنىمنى دەپ بىرمۇنچە گەپ قىلدىم. ئۇ بولسا ھەربىر گېپىمنى لايىقىدا جاۋاب بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ تۇردى. ئۇ مېنى بۇرۇنلا يوقلاپ كىرگۈسى بارلىقىنى، ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكىنى، قەيەردىدۇ ئىشلەيدىغان ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىمىز دەپ كېلەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ گېپىچە ئۇ مېنى بەك چوڭ بىلىدىكەن، بەك ھۆرمەتلەيدىكەن، مەن ئەسلى بۇنىڭدەك چەككە ـ چوككە ئىدا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرىسى



رىدا ئىشلەپ يۈرسەم بولمايدىغان ئادەمكەنمەن. مۇشۇنداق ئاددىي ئورۇندا ئىشلەپ قالغىنىم بەكلا تەتۈرلۈك بولۇپ قاپتۇ.

مەن تەرلەپ كەتكىلى تاسلا قالدىم.

جانلىرىم قاقشاپ كەتتى.

بىر-بىرىمىزگە چىرايلىق گەپلىرىمىزنى ياغدۇرۇپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇردۇق. ئۇزۇن ئولتۇردۇقمۇ يا قىسقا ئولتۇردۇقمۇ ئىشقىلىپ ماڭا ناھايىتى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتكەندەك بىلىندى.

— ئۇكام، كىچىككىنە ھاجىتىم بار ئىدى، مۇنۇ جەدۋەلگە ئىدارىنىڭ تامغىسىنى بىر ئۇردۇرۇپ بەرسىڭىز بوپتىكەن.

مەن دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدىم.

بۇ ئەمدى نېمە گەپ بولۇپ كەتتى.

ئەسلىي ئۇ ئۆزى كىرگەن بولسا بولاتتى، بىكاردىن ـ بىكار ئۇنىڭ ئالاقىسى ئۈچۈن مەن تامغا ئۇردۇرۇپ يۈرسەممۇ بۇ ئىش-نىڭ بىر يەرلىرى بىرقاندادقتەك تۇراتتى.

— ئۆزىڭىزلا ئەكىرگەن بولسىڭىزمۇ بولاتتى بۇنى...

بۇ گەپنى بەك تەستە دېدىم.

— ئۇ بىرنېمىنى سىزگە سىپلىشتۇرۇپ بولاتتىمۇ، ئۆتكەندە بىر ئىش بىلەن قىيپايشىپ قالدىمچۇ مەن ئۇ پىت كۆز بىلەن، شۇڭا كىبىر كۆرسىتىپ تورۇۋالارمىكى دەپ سىزنى چوڭ بىلىپ ئاتايىن قېشىڭىزغا كىرىشىم ئىدى.

ئاخىرى ئۇنىڭغا تامغا ئۇردۇرۇپ بەردىم.

بايا مەن ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرسەم توغرا بولاتتى، ئاندىن ئۇنى ئىشخانىدىن چىقىرىۋەتسەم بولاتتى. يەنە ئۇنى سىلكىسەم، تىللىساممۇ بولاتتى. ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى ئو-تۇن قىلىپ قالاپ ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن تېپىۋەتتى. ئۇنى تازا تىللىسام بولاتتى. مۇشۇنداق قىلسام توغرا بولاتتى.

بىراق توغرا بولغانلىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلغۇەرگىلى بولمايدۇ. مەن ئۇنى چىقىرىۋەتسەم خەقلەر مېنى بىرمۇنچە بىر-نېمە دېيىشى مۇمكىن، كەينىمدىن گەپ تېپىشى مۇمكىن، خۇددى

ھېلىقى ئاداش سادىق ماموتنىڭ كەينىدىن گەپ تاپقاندەك.
ئادەملەر نېمىشقا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ؟ ئادەملەر نېمىشقا بىر-بىرىگە ئۇدۇل، تۈز مۇئامىلە قىلمايدىغاندۇ. بىركىمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ ئۇنىڭ بەدىلىنى تەمە قىلىش قايسى نەس زاماندا پەيدا بولغان ئىش بولغىيدى.
مېنىڭ شۇ ھالدا سەل كۆڭلۈم ئاغرىغاندەك بولدى.
توغرىسى كۆڭلۈم يېرىم بولدى.
ئۇنىڭ يەنە تامغا ئۇردۇرۇش دېگەندەك بىرەر ھاجىتى چۈشۈپ قالسا يەنە شۇنداق چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ كېلىشىرمۇ؟ شۇنداق بولىدۇ، ئاندىن مەنمۇ يەنە خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىمەن. دەردلىرىمنى، ئۆچمەنلىكىمنى كۆڭلۈمدە بىلىپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن. مەن ئۇنىڭ نەزەرىدە قارانچۇق، يا بولمىسا يامغۇرلۇق چاپاندەك بىرنېمە بولسام كېرەك.
يېنىمدا بىرەرسى بولسا ئۇنىڭ ماڭا سالام قىلماي كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇ بىرگەنلىكى، سالام قىلسام كۆرمەسكە سېلىپ ماڭغىنى ئۈستىدىن دادلاپ بەرگۈم كەلدى.
يېنىمدا ئادەم يوق. بولغان تەقدىردىمۇ خەقلەرگە ھالىمنى تۆكەلىشىم ناتايىن. مەن ئۇنداق قىلسام باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن، باشقىچە چۈشىنىپ قېلىشىدىن، يەنە مېنى ئۇششاق گېپى تولىكەن دېيىشىدىن ئەنسىرەيمەن، مەن بىر ئۆمۈر خەقلەر قانداق ئويلار، دېگەننى ھەربىر ئىشنى قىلىشتىن، ھەربىر گەپنى دېيىشتىن ئاۋۋال چوقۇم ئالدىن ئويلاشقا تېگىشلىك ئىش قاتارىدا مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلدىم. ھەم شۇنداق ياشاشقا كۆنۈپ قالدىم.
خەقلەر نېمە دېسە دېسۇن، پەرۋايىم پەلەك، دېگەننىڭ ئۆزى بىر ئىدىيە، بۇنداق ئىدىيە مەندە يوق.
مەندە ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەر يوق.
شۇ يوق نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە مەندە دەل مۇشۇنداق ئىدىيە يوق.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بۇنداق ئىدىيە دادامدا، چوڭ دادامدا، بوۋامدا بولغانمۇ ـ يوق، بىلمەيمەن. ئەمما مەندە يوق.

مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەر ئىچىدە يەنە دادام، چوڭ دادام، بوۋاملارنىڭ كاللىسىدا خەق نېمە دېسە پەرۋايىم پەلەك، دېگەن ئىدىيەنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلمەيمەن.

ئىلگىرى ئۇلاردا شۇنداق ئىدىيە بولغان بولسىكەن، دېگەندەرنى ئويلىغانلىقىم ئېسىمدە يوق.

* * *

...ئىدارىمىزنىڭ شوپۇرىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى ئېغىر سومكىسىنى يۆدۈپ مۇكچەيگىنىچە ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. بالىنىڭ قاپقارا چاچلىرى پارقىراپ تۇراتتى. سومكىسىنىڭ ئۈستىدە ماشىنا ئادەمگە ئوخشايدىغان قانداقتۇر غەلىتە بىرنېمىنىڭ رەسىمى بار ئىدى.

مېنىڭ ئوغلۇممۇ مۇشۇنىڭدەك ئېغىر سومكىنى يۆدۈپ مەكتەپكە بارىدۇ. مەن ئىلگىرى بالىلارنىڭ قەددىنى مۇكچەيتىدىغان سومكا بىلەن كىنولاردىكى پىرېستان ئىشلەمچىلىرى يۈدۈۋالغان ئېغىر قاپلارنى پەقەت ئوخشاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلىغاندىم.

تولا بىر ئىشلارنى ئويلايدىغان بىر بۇرادىرىم بولىدىغان، ئۇ ئەمدى ئۇچىنچى سىنىپقا چىقىپلا يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقاشقا چۈشكەن ئوغلى ئۈچۈن ئۇھ تارتىپ:

— ئوغلۇمغا ئىچىم ئاغرىدى، ئوغلۇمغىلا ئەمەس، ھەممە بالىلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. بالىلارنىڭ كۆڭلى بەك قاتتىق بولۇپ كەتتى، بىرنېمە دېسە مۇشۇنداق ئوقۇمىسا، مۇشۇنداق كۆپ ئۆگەنمىسە بولمايدۇ، زامانغا يېتىشىپ ماڭالمايدۇ، يارامىلىق ئادەم بولالمايدۇ، دەپلا كىشىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدىكەن، بەزى ئادەملەرنىڭ ئويىچە سومكا ئېغىرلاشقانچە، كىتاب كۆپەيگەنچە ياخشى

بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر راست شۇنداق بولسا يەنە ئون يىللاردىن كېيىن ئەتراپىمىزنى ساپلا ئالىم، ئۆلىمالار قاپلاپ كېتەر. ئەمما مۇشۇ هالدا بۇنىڭغا ئىشەنمەك بەك مۇشكۈل. مۇشكۈللۈكى نەدە؟ بۇ باللار كىتابتىكىدىن باشقا بىرنېمىنى بىلمەيدىغان ئۇنئالغۇدەكلا ئادەم بولۇپ چىقارمىكىن دەيمەن. بىلەي دېسىمۇ ئاشۇ كىتابلار ئۇلارنى بېسىۋالغان، دېمىنى ئالغىلى، ئۆزىنىڭ خىيالىنى قىلغىلى قويمايدۇ. بۇلار چوڭ بولسا يول ماڭغاندا قەدەم قويىدىغان يېرىنى ئۆلچەپ، سىزىپ بەرمىسە ماڭالمايدىغان، تاماقنى ئالتۇن سەرلەيدىغان تورۇزدا گىراملاپ يەيدىغان تاۋى نازۇك، سايىدا ئۆسكەن قومۇشتەك بىرنېمىلەردىن بولۇپ قالامدىكىن، دەپ قورقىمەن قارا.

مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدىم.

توۋا، ئۇ نېمىلەرنى ئويلاپ كەتكەن.

مەن بۇ توغرىدا بىرنېمە دېيىشنى خالىمايتتىم، شۇنداقتىمۇ نېملا بولمىسۇن بىرەر ئېغىز زوۋان سۈرۈشۈم زۆرۈر ئىدى.

— قانداق قىلىمىز، باللارنى بىلىملىك بولسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇغۇ.

— ۋاي قويغىنا، بۇ باللار بىر بولسا توختىماي كىتاب يادلايدىغان، ئەمما ئۆزىنىڭ نېمىنى يادلىغىنىنى بىلمەيدىغان پەلىپەتىش ئادەم بولىدۇ، بىر بولسا تۇلكىدەك قۇۋ، ئاقسا بىرنېمە بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. كىچىك قىزىم ھېلىتىن ئادەم ئالداشنى ئۆگىنىۋاپتۇ، بوياق ئالىمەن دەپ پۇل ئېلىپ لەڭپۇڭ ئېلىپ يەپتۇ، خوتۇنۇم دېگەن هاڭۋاقتى تېخى ئۇنى بەك ئەقلىنىڭ ئىشلەيدۇ قىزىم، دەپ ماختاپ يۈرىدۇ، قارىغىنا، مۇشۇمۇ ئىشمۇ، باللار ئادەم گوللىسا ئۇنى ماختايدىغانلار تەييار، ئاتا-ئانىسىنى، مۇئەللىملىرىنى ئالدايدىغان باللار تولىراپ كەتتى، باللاردىكى ئاشۇ يالغانچىلىق، ئاشۇ ئالدامچىلىقلارنى تۈگىتەلمىسە بۇ كىتابلارنى يەنە يۈدۈپ يۈرۈشنىڭ قانداق ئورنى بارلىقىنى تازا كاللا قاتۇرۇپ ئويلاپ باقساق بولىدۇ جۇمۇ.

مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم، ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئادەت-
تە داڭقان پۈتى گەپلەر قاتارىغا كىرسە كېرەك.
— بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ھازىرقى باللار ناھايىتى ئە-
قىللىق، ئۇلارنى سەن - بىزنىڭ زامانىمىزدىكىگە ئوخشاتقىلى
بولمايدۇ. كىچىك بولغاندىكىن ئەمدى بەزىدە بولار- بولماس قى-
لىقلارنىمۇ قىلىپ سالىدۇ-دە، چوڭلار تۈزۈلۈپ بولالمايۋاتىمىز،
كىچىكلەردىن خاپا بولۇشقا نېمە ھەققىمىز.
— بۇ گەپ قاملاشمىدى، بۇ نېمە بولسا بولسۇن دېگەندەكلا
بىر ئىشقۇ، خاتا قىلىۋاتقىنىمىزنى بىلگەنىكەنمىز، توغرا يولنى
ئىزدىشىمىز لازىم بولىدۇ.
— بۇ جاھاندا قايىنىغانغا، ئاچچىقلىغانغا، قىيىدىغانغا، دوم-
سايىغانغا ئۆزگىرىپ قالمايدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. شۇڭا ھەم-
مىلا ئىشنى زىغىرلاپ يۈرگىلى بولمايدۇ. خاتا بىلەن توغرىنى
ئېنىق ئايرىش ياخشى ئىش بولسىمۇ، بىراق ھەممىنى ئايرىپ
بولغىلى بولمايدۇ، بۈگۈن سىز توغرا دېگەن نەرسىنىڭ خاتال-
قىنى ئەتە يەنە بىرەيلەن شۇنداق قاملاشقان دەلىللەر بىلەن ئىس-
پاتلاپ بېرىدۇ. قوناق ئۈنى قاندىكى ماينى ئالغىنى بىلەن كىشى-
نىڭ زەردىسىنى قايىنىتىپ، ئاشقازاننى ئېچىشتۇرىدۇ.
— ئەمىسە نېمە ئىش بولسا قاراپ تۇرۇشلا كېرەككەن،
شۇنداقمۇ؟
شۇ قېتىملىق سۆھبەت كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى.
بايىقى باللىنى كۆرۈپ ئوغلۇم يادىمغا يەتتى.
ئوغلۇم مېنى ئالدىغاندا بەك كۆڭلۈم يېرىم بولغانىدى.
ھەرقانداق ئادەم ئوغلى تەرىپىدىن ئالدانسا كۆڭلى يېرىم
بولىدۇ. ئوغلىنىڭ ئاتىنى ئالدىغىنى بەك قورقۇنچلۇق ئىش.
مەن ئوغلۇم مېنى ئالدىمىدى، بۇ شۇنداقلا بىر ئىش، دې-
گەنگە ئۆزۈمنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتىم.
مۇشۇنداق بىر ئىشتىن كۆڭلى بىزاۋتە بولغاندا ئادەم بەكلا
مەيۈسلىنىپ كېتىدىكەن. بىركىمگە چۈشەندۈرۈشمۇ ئەپسىزلا



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بىر ئىشكەن.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە تۇپراق بېشىدىن يېنىپ ئەمدىلا هويلىغا كىرىپ تۇراتتىم، ئوغلۇم هويلىدا ئويناۋاتقانىكەن. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى كىچىك ئىدى. كىچىك دېسە بەكلا كىچىكمۇ ئەمەس، هاـ زىرقىدىن ئىككى ياشلا كىچىك.

تۇپراق بېشىغا ئاچىقاي دېسەم خوتۇنۇم: بالا قورقىدۇ، كىـ چىك بالىنى ئۇنداق يەرگە ئاپارسا قانداق بولىدۇ، دەپ بىرمۇنچە كوتۇلدىدى، مەنمۇ بوپتۇلا دېدىم.

مەن هازىر نۇرغۇن ئىشلارغا بوپتۇلا، دەيدىغان نۇرغۇن ئاـ دەملەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم.

خەق نېمە قىلسا شۇنى قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغاندەك، بوپـ تۇلا دېگەن گەپكىمۇ ئادەتلىنىپ قالدىم.

ئۇستىبېشىمدىكى توپاـچاڭلارنى قېقىشتۇرۇپ تۇرسام، ئوغـ لۇم يۇگۈرۈپ كېلىپ بوينۇمغا مەهكەم ئېسىلدى.

كىچىك باللاردا بولىدىغان يەڭگىل، تاتلىق پۇراق دىمىـ قىمغا ئۇرۇلۇپ شېرىن بىر هېسقا چۆمۈلدۈم.

ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى، سۈزۈك مەڭزىلىرىدە بىر ئىللىقلىق، يۇمران ئىسسىقلىق بار ئىدى، ئوغلۇمنىڭ تاتلىق ئەركىلەشلىرى يۈرىكىمنى ئوينىتىۋەتتى. باللار بىزگە خۇشاللىق ۋە ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ، يەنە مۇشۇ باللارنىڭ غەمـئەندىشىسى بىزنىڭ يۈرىكىـ مىزگە، كۆڭلىمىزگە سان ـ ساناقسىز قورۇقلارنى چۈشۈرۈۋېـ تىدۇ. بالىنىڭ خوشلۇقىمۇ ئالەمگە پاتماس، بالىنىڭ دەردىمۇ ئاـ لەمگە پاتماس، باللارغا بولغان چەكسىز ئامراقلىق ۋە مەسئۇلـ يەت بىزنى نۇرغۇن بالاـقازالاردىن، نۇرغۇن يامان ئىشلاردىن، يەنە نۇرغۇن بولمىغۇر خىياللاردىن ساقلاپ قالىدۇ. دانىشمەنلەرـ نىڭ پەرزەنتلەرنىڭ مۇهىملىقى هەققىدە دېگەن گەپلىرى تاغاردا بىر كېلىدۇ. ماڭا قويۇپ بەرسىمۇ بالا هەققىدە بىر پاتمان ئەقـ لىيەلەرنى دېيەلىشىم مۇمكىن. نېمىلا دەيلى بىزنىڭ مېهىر ئوـ تىمىزنىڭ مەركىزىدە بالا تۇرىدۇ، بىزنىڭ يۈرىكىمىزدىكى ئوتنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بالىلار ياندۇرۇپ تۇردۇ، بالىلار بولمىغان دۇنيانى، بالىلاردىن ئايرىلغان ئۆينى ئاللاھ كۆرسەتمىسۇن.

ئوغلۇم بوينۇمغا ئېسىلدى. ئىنچىكە، يۇمشاق بىلەكلىرى شۇنداق ھۇزۇرلۇق ئىدى. ئۇ مەڭزىمگە، كۆزلىرىمگە، ساقال باسقان ئېڭەكلىرىمگە ئارقا ـ ئارقىدىن سۆيدى. خوشلۇقتىن جېنىم يايراپ كەتتى، تولىمۇ ئازادە، راھەتبەخش تۇيغۇدىن ئۇ-زۇمنى جەننەتتە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

ئۇ ئادەتتە ماڭا بەك ئېسىلىپ كەتمەيتتى. قاچانلا قارىسا ئا-نىسىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ مېنى سۆيۈشلى-رى، ئەركىلەشلىرى مېنى بىراقلا شادلىق قاينىمىغا غەرق قى-لىۋەتتى.

بەزىدە جەننەت بالىلارنىڭ كۈلكىسى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان-مىكىن، دەپ قالىمەن.

يەنە جەننەت گۈللىرىنىڭ ھىدى بىلەن بالىلارنىڭ تىنىقى-دىن كېلىدىغان ھىد ئوخشاشمىكىن، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. با-لىلارنىڭ كۆزلىرى بىلەن جەننەت يۇلتۇزلىرىنىڭ تومۇرى بىر بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى خىيال قىلىمەن.

— دادا، مەن ساڭا بەك ئامراق.

شادلىق فونتانىدەك ئېتىلىپ كۆڭلۈمنى قاپلىدى. خوشلۇق-تىن ھېچ ھالىم قالمايۋاتاتتى. توققۇزۇڭ تەل بولغانسېرى كۆ-ڭۈل خۇشلۇقى ئاز قىلىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە مۇشۇنداق تاتلىق تۇيغۇلارمۇ بەك ئەتىۋارلىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

مەن ئوغلۇمنى قۇچىقىمغا ئالدىم، ئۇ چوڭ بولۇپ قالغان-دى، ماڭا خېلىلا ئېغىر بىلىندى.

ئوغلۇم يۇمران قوللىرى بىلەن ئېڭەكلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ يۇمشاق، تاتلىق ئاۋازدا دېدى:

— دادا، ماڭا بەش كوي بېرە.

مەن ئۇنىڭغا بەش كوي پۇلنى بېرىپ بولۇپ يېرىك چاچلىق بېشىنى سىلاپ قويدۇم. يۈرىكىمگە تەرەپبال پەيدا بولغان ئىل-

ـمان، ناخۇش سېزىم ۋۇجۇدۇمغا ئاستا يېيىلىشقا باشلىدى.

ئۇ جىق نەرسىلەرنى ئويلاپ كەتتى.

ئويلىماي دېسىمۇ يەنە ئۆزىنى جوڭقۇرالماي داۋاملىق ئويلاـ ۋەردى. ئويلىغانسېرى بىرقىسمىلا بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

بەزىدە لېيىپ كەتكەن سۇنى بۇلاق سۈيىگە ئوخشىتىپ ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭ يۈرىكىدە بوران ئۇچۇشقا باشلىدى.

بورانغا قوشۇلۇپ قار، مۆلدۈرمۇ تەڭ ياغدى.

ئۇ ئوغلىغا قاراپ يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەي گاڭـ گىراپ قالدى.

شۇ ھالدا كىچىككىنە ھويلىدا مەن، خوتۇنۇم، يەنە ئوغلۇملا بار ئىدۇق. مۇشۇ ھالدا مۇشۇ يەردىكى ھاياتلىققا بىز رەڭ بېرەـ لەيتتۇق.

قۇياش نۇرىدا جۇلا بېرىدىغان ئالتۇن رەڭ بىلەن سارغىيىپ ئۆڭۈپ كەتكەن رەڭلەر بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ قالغىلى ئارانلا تۇرىدىغان چاغلار بولىدۇ.

كۆڭلۈمدە بىردىنلا قىيان كۆتۈرگەن شېرىن تۇيغۇلىرىمنى يوقىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن تېپىرلاپ كەتتىم.

ئۇ جىق بىرنېمىلەرنى ئويلاپ كەتتى، پۇلنى ئېلىشتىن ئىلگىرى سۆيۈپ قويۇش بىلەن پۇلنى ئېلىپ بولۇپ سۆيۈپ قوـ يۇشنىڭ ئارىسىدا قانداقتۇر بىر پەرق باردەك قىلاتتى. ئۇ موـ شۇنداق ئويلىماي دەپمۇ يەنە شۇنداق خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. ئويلىسا ـئويلىسا پەرقى باردەك قىلاتتى. ئەمما ئۇ بۇ پەرقنىڭ زادى نېمىلىكىنى پەقەت بىلەلمىدى.

* * *

قېرى سۆگەتنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى ئاستا تۆكۈلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەردىكى يوپۇرماقلار يېنىك شامالدا ھەريان ئۇچاتتى.
بۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ مۇشۇنداق بىر يوپۇرماقتا ئوخشاپ قالغۇسى يوق.
يەنە ھېچكىمنىڭ مۇشۇنداق بىر يوپۇرماق بولغۇسى يوق.
كۆز غازاڭلىرى شىرىلداپ تۇرغان كوچىدا كېتىۋاتقان بىر ـ رەيلەن تەمتىرەپ، ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. بىرەيلەن ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام قىلىپ تۇراتتى. يوغان، گۆشلۈك قوللىرى مەيـ ـدىسىدە تۇراتتى. چىرايىدىكى كۈلكىنىڭ، تەبەسسۇمنىڭ تاتلىقـ ـلىقىدىن ئادەمنىڭ كۆزى تورلىشىپ كېتەتتى.
بەزى كۈلكىلەرگە بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدۇ.
بەزى كۈلكىلەر جاننى ئوتتەك كۆيدۈرۈپ، جانغا يىڭنە بولۇپ سانجىلىدۇ.
مەن ئوڭايسىزلىقتىن جىېنى قاقشاپ كەتكەن بىرسىگە ئوخشاپ قالدىم. ئۇنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالماي ئۆتۈپ كەتكىلى تاسلا قاپتىمەن. مەن ئۇنىڭ سالام قىلىشىنى كۈتمىگەچكە مىيـ ـىخۇەرگەنمەن، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ سالام قىلدى. شۇ ھالدا خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتاتتىم، ئاتا يوللۇق ئادەم سالام قىلسا بىپەرۋا مېڭىۋېرىش دېگەننى كەچۈرگىلى بولـ ـمايدۇ. ئۇ مېنى: كۆرمەي قالدى، كۆرسە سالامىمنى ئىلىك ئالاتـ ـتى، دەپ ئويلىسا بىر نۆرى، ناۋادا ھاكاۋۇر بىرىنىمىكەن، سالام قىلسام قارىماي كەتتى، دەپ ئويلاپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق. باشقىلارنىڭ سالامىغا سالام قايتۇرۇش بەك ئاددىي، بەك مۇھىم ئىش. بۇنىڭ مۇھىملىقى تاماق يېگەندە پۇلىنى تۆلەپ مېڭىشتىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ.
ــ تىنچلىقمۇ ئەخمەتجان، ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمىدىڭىز.
ــ تېچلىق سادىقكا، ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان تۇرۇۋېسىز.
مەن يەڭگىللەپ قالدىم.
بۇنداق چاغدا ئادەم يەڭگىللەپ قالىدۇ، قەرزدارلىق تۇيغۇـ ـسى، ئۆزىنى ئەيىبلەش تۇيغۇسى دېگەندەك نىمىلەرنى يېنىك

ھېسابلىغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدىن قۇتۇلغان ئادەم يەڭگىللەپ قالماي قانداق بولماقچىدى.

— بالىلىرىڭىز تېچلىقتۇ، ئوغلىڭىزنى كۆرمىگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قاپتۇ، بەك مېھرى ئىسسىق بالا بوپتۇ ئۇ، ئۆگىنىشىمۇ بەك ياخشىمىش. سىنىپ بويىچە ئالدىدا دەپ ئاڭلىدىم.

كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ كەتتى. ئوغلۇم ئۆگىنىشتە ياخشى بولۇشنى قويۇپ، سىنىپتا جىم ئولتۇرۇپ كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلىپ بەرسىمۇ يوغان ئىش بولاتتى، كۈندە جېدەل سورىماق، دادلاپ كەلگەن ئاتا-ئانىلاردىن كەچۈرۈم سورىماق، ئۆزرە قويماق... ئۇنىڭ ھېلىقى مۇز تەلەت مۇئەللىمىنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ تۇرغانلىرىمغا نېمە دەي، ئوغلۇمنىڭ ئىمتىھانلاردا ناھايىتى تۆۋەن نومۇر ئېلىشى، ھەتتا نۆل نومۇر ئېلىشىنىڭ سەۋەبى پۇتۇنلەي مېنىڭدە، ئۇ مۇئەللىم كۆزلىرىنى ماڭا زىختەك سانجىپ تۇرۇپ، ئوغلىڭىزغا مەسئۇل بولامسىز- بولمامسىز؟ دەپ سورىغاندا تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ، ئۆزىنىڭ ئوغلىغا مەسئۇل بولمايدىغان ئىش بولامدۇ، بىراق ئوغلۇمنىڭ نۆل ئالىدىغان خۇيى مېنىڭ مەسئۇل بولۇشۇم بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدىغان تۇرسا... مۇشۇ كۈنلەردە مۇئەللىمدىن تېلېفون كەلسىمۇ تېنىم زىركىرەيدىغان بولۇپ قالدى.

— شۇ... شۇنداقراق...

يالغان گەپنى ئاڭلىغاندا ئۇنداق ئەمەس دەپ ئادەتلەنمىگەنلىكىم ئۈچۈن سادىق مامۇتقا ياخشىچاق بولۇپ، گاچىلاشقان ھالدا جاۋاب بەردىم.

— ئۆزىڭىزمۇ سەمرىپ، ئاقىرىپ قاپسىز، مۇشۇ ئىدارىدىكى دېمەتلىكلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە سىز بولمىسىڭىز ئىشمۇ يۈرۈشمەيدىكەن، قالغانلىرى بىكار ھەي بۇ بالىلىنىڭ...

مەن قىزىرىپ كەتتىم. مۇشۇنداق چاغدا نۇرغۇن ئادەم قىزىرىپ كېتىدۇ. يۈزگە چىققان قىزىللىق يۈرەكتىكى غەلىيانىڭ بەلگىسى، ئۇن ئېغىز ماختاشنى ئاڭلىغاندىن، ئۇن تەستەك يې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گەن ئەلا چاغلار بولىدۇ.

يەنە نۇرغۇن گەپلەر بولدى، خوتۇنۇمنىڭ ئەخلاقىنىڭ ياخ-شىلىقى، سالام - سەھەتنىڭ جايىدا ئىكەنلىكى، ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيۇمنىڭ لايىھەلىنىشىنىڭ بەك بەلەنلىكى ماختالدى. ئۆي پۈ-تۈشتىن بۇرۇن كۆرۈپمۇ باقماي سېتىۋالغانلىقىمنى، ئەمەلىيەت-تە ئۆي سېتىۋالىدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ لايىھەسىنى ئۆزى تاللىيالمايدىغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگىنىمدىن كېيىن سادىق ماموت يوغان قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— سىز ئۇنداق دېگەنبىلەن ئاشۇنداق ياخشى لايىھەلەنگەن ئۆينى سېتىۋېلىشىڭ ئۆزىمۇ شۇ ئادەمدە ئاشۇنداق ياخشى ئۆي لايىھەلىيەلەيدىغان ئىقتىدارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بولمىسا ناچار لايىھەلەنگەن ئۆينى سېتىۋالغان بولاتتىڭىز، — دېدى.

مەن ھېچنېمە دېمىدىم.

توغرىسى ھېچنېمە دېيەلمىدىم.

گەپ قىلماي تۇرۇۋالسام قاملاشمايدىغانلىقىنى بىلىپ كۆڭ-لۈم يەنە بىر قىسما بولۇپ قالدى.

— ئۇكام، ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان قىزىمنىڭ مەكتىپىگە يا-زىدىغان بىر پارچە خەت بار ئىدى، شۇنى بىر ئۆرۈپ بەرسىڭىز بوپتىكەن. بۇ ئوتتۇرىدا بۇ ئىشنى قىلالىغۇدەك سىزدىن باشقا بىركىممۇ يوقكەن.

ئۇ ئۇششاق خەتلەر يېزىلغان ئۇن نەچچە بەت بىرنېمىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئەتە ئەتىگەنگىچە بىرنېمە قىلىپ بېرەرسىز، سىز بىر-دەمدىلا قىلىپ بولىسىز بۇنداق ئىشلارنى...

مەن دىمىقىپ گەپمۇ قىلالماي تۇرۇپلا قالدىم.

بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئارىسىدا بىرنېمىلەرنى دەۋاتقان سادىق ماموتنى كۆرۈپ، ئۆتكەن ئىشلار خىيالىمدىن كەچتى.

مېنى تولا ھاللاردا چىرايلىق گەپلىرى بىلەن قىينايدىغان سادىق ماموت تېرەكنىڭ قويۇق شاخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان

يولنىڭ بويىدىكى تۆمۈر سالاسۇنغا يۆلىنىپ تۇرغان بىرنەچچەيـ.
لەنگە بىرنىمىلەرنى دەۋاتاتتى. سادىق مامۇتنىڭ بۇنداق ھالدىكى
قىياپىتىنى مۇشۇ مەھەللىنىڭ ھەممە يېرىدىن كۆرگىلى بولاتـ.
تى. ئەگەر ئۇنىڭ بىرنەچچە ئادەم توپلاشقان يەردە قانداقتۇر بىر
ئىشلارغا قايناپ سۆزلەۋاتقان ھالىتىنى كۆرمىسەم بىرنىمە كەمـ.
دەك ھېس قىلىپ قالاتتىم.

بىر ئادەم سادىق ماموتنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. نۇرغۇن ئادەملەر بىر ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئامراق. ئارقىسىدىن ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئۆزى ئىشىنىپ قالىدۇ. ھېلىقى ئادەم مۇنۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلدى: سادىق ماموت شۇ ھالدا تۇخۇم باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكى، باش ئاغرىق دورىسىنىڭ قىممەتلىكى، كونىراپ كەتكەن كۆكتاتلارنى سېتىۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەشنىڭ مۇھىملىقى دېگەندەك ئىشلار ھەققىدە سۆزلەۋاتىدۇ، نەق شۇنداق بولمىغاندىمۇ شۇنىڭغا يېقىنراق بىرنىمىلەرنى دەۋاتقانلىقى ئېنىق.

مەن سەل نېرىدا تۇرۇپ سادىق ماموت سۆزلەۋاتقان توپقا قارىدىم، پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ساقلاپ تۇرغاندەكلا قېرىپ، مۈكچىيىپ كەتكەن ئابلاكاممۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى. ئەجەب شوخ، گەپدان ئادەم ئىدى. بەكلا ئۆزگىرىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئولۇشكۈن ئۇچراپ قالغاندا زەڭ سالسام چىرايىدىن مۈلايىملىق، ياۋاشلىق، يەنە بىچارىلىك چىقىپ تۇرىدۇ. يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بولدى، ئابلاكام مەندىن ئون ياش چوڭ، يەنە ئون يىلدىن كېيىن مەنمۇ ئابلاكامغا ئوخشاشلا مەندىن ئون ياش كىچىك ئادەملەر ئىچ ئاغرىتىدىغان بوۋايغا ئايلىنىپ قالىمەن. ئون يىل دېگەن ئاڭلىماققا ئۇزۇن تۇرغىنى بىلەن بىردەمدە ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ قانداقلارچە قىرىقتىن ھالقىپ كەتكەنلىكىمنى ھېچ بىلەلمەيلا قالىمەن. ئەقىللىق ئادەملەر ۋاقىت توغرىسىدا قالتىس دانا گەپلەرنى قىلغانىكەن، بىراق مېنىڭ ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇم يوق، ئۇ خىلدىكى گەپلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەرقانچە يادلىغان بىلەنمۇ ۋاقىتنى كونترول قىلمىدىغانغا ھېچ چارە يوق.

ئابلاكامنىڭ گەپلىرى پات-پات يادىمغا يېتىپ قالىدۇ.

— يورۇقتا ئۇكام، ئىماۋۇ تۇڭگاننىڭكىگە چىقىپ گۈپپىدە قېقىۋېلىپ كىرىلى.

— قولۇمدا ئىش بار ئابلاكا، بولمىسىغۇ.

— ئا... قويۇقتا ئۇكام، خىزمەت دىگەن تۈگمەيدۇ، مەن 30 يىل ئىشلەپ تۈگىتىپ بولالمىدىم، سىزدىنمۇ ئېشىپ قالىدىغان ئىش بۇ، يورۇقتا، بىلىق كۆزى قىلىپ خۇمارلىق قېقىۋالىمىز.

ئابلاكام ھاراقنىڭ تازا زەھەردەك ئاچچىقىنى ئىچىشكە ئامراق. ئۇنىڭ ھاراقنى يۇتۇپ بولۇپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈشلىرى ماڭا شۇنداق يېقىملىق كۆرۈنىدۇ.

— ئىچمىسەكقۇ ئوبدان بولاتتى، بىراق ئامال يوق-دە.

ئابلاكام ھەرقېتىم ھاراق ئىچكەندە مۇشۇ گەپنى بىر قېتىم تەكرارلايتتى.

بۇ كىشىنى كۆرسەم روھىم يايراپ قالىدۇ، ئۆزۈمنى يەڭگىل، ئازادە ھېس قىلىمەن. مەن سادىق ماموت بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ مۇشۇنداق بولۇشنى شۇنداق ئارزۇ قىلىمەن، ھەر ئىككىسى تەڭقۇر ئادەملەر، ماڭا ئاكا بولۇشقا يوللۇق كېلىدۇ، سادىق ماموتنى ھەر كۆرسەم جىنىم سىقىلىدۇ. تار ھەم قاراڭغۇ بىر يەرگە كىرىپ قالغاندەك نەپسىم قىسىلىدۇ. بىرەيلەن ئىلگىرى شۇنداق بىر گەپنى قىلغان: ئادەم دىگەننىڭ ئويلايدىغىنى، خىيال قىلىدىغىنى ئوخشىمايدىغان بولغاچقا بۇ جاھاندا مانا شۇنداق ئاجايىپ - غارايىپلار يۈز بېرىدۇ، بىرسىگە ئامراق، يەنە بىرسىگە ئۆچ بولۇپ قالىمىز. خوشلۇق بىلەن خاپىلىقنىڭ تۇتۇرۇقى مانا شۇ يەردە. شۇنىڭ بىلەن جەڭگى-جېدەل، ئۇرۇش-ماجىرا، تالاش-تارتىشلار بولىدۇ. ئاندىن ھەممىمىز سەگەكلىشىپ كېتىمىز، يۈرىكىمىزدە زەھەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

ماڭا بۇ گەپنى دىگەن ئادەم ئۆلۈپ كەتكىلى نەچچە يىل

بولدى. يادلىۋالغۇدەك ئىبسىل گەپلەرنى قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ھەرقېتىم بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقسام ئۇنىڭ بىرەر گېپى يادىمدىن كېچىپ قالىدۇ.

ئابلاكامنىڭ چىرايىدا مەيۇس بىر كۆلەڭگە بار ئىدى. ئۇ بەك يالغۇزسىراپ قالغاندەك قىلىدۇ دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئابلا-كامنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ھېچقايسىسى قېشىدا ئەمەس. با-لىلىرىنى چوڭ شەھەرلەردە قالدۇرىمەن، دەپ بۇ كىشى بار بىسا-تىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىپ تۈگەتكەنىدى. ئالدىنقى يىلى ئايالى تۈگەپ كەتكەندىن بۇيان بەكلا غېرىب چىراي بولۇپ قال-غاندەك قىلاتتى. شۇ ھالدا ئۇ قۇرداشلىرى ئارىسىدا ھەممىدىن مۇلايىم ھەم كەم سۆز كۆرۈنەتتى.

ئۆزىنى تولا ئەيىبلەيدىغان، بىراق تا مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر كەمچىلىكىنى تولۇق تۈزىتىشكە، ئۆزىنى ئوڭشاشقا نائىل بولال-مىغان بىر ئادەم ئابلا ئاكىسىغا قارىغىنىمچە خىيالغا چۆككەنىد-دى. ئۇ مەن ئۆزۈمنى جوڭقۇرالمايدىغان ئادەم بولۇپ قاپتىكەن-مەن، دېگەنلەرنى پات-پات يادىغا ئالاتتى، ئۆزىنى راۋۇرۇس بىر ئادەم قىلىپ چىقماقچى بولاتتى. ئۇنىڭ خىياللىرى كۆز كۈنلى-رىدە قوناقلىقتىن ئۆمىلەپ چىقىدىغان مۈڭگۈزلۈك قۇرتلاردەك ئاستا-ئاستا ئۆمىلەپ نىشانسىز كېتىپ باراتتى. ئۆز-ئۆزىگە ئۈنسىز سۆزلەيتتى.

ئابلاكامنىڭ نۇرغۇن راپاۋەتچىلىكىگە نائىل بولغىنىم بىلەن مۇشۇ ئادەمنىڭ بىرەر قېتىم خىزمىتىنى قىلغىنىم ئېسىمدە يوق. ئابلاكام توغرىسىدا، ئۇ نەچچە كۈنلەپ ئىشقا كېلەلمىگەن چاغلىرىدا، يۆتىلىپ قالغان چاغلىرىدا ئۇنىڭ زادى نېمە بولغان-لىقى توغرىلىق ئويلاپ باقماپتىمەن، يا ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ باقماپتىمەن. تەتۈرىسىچە، سادىق ماھۇتنىڭ قانداق ئادەملىكى، نېمىشقا مۇشۇنداق ئادەم بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە تولا ئويلاپ-تىمەن، بۇ ئادەم توغرىلىق ئويلىغانچە چىشلىرىم قېرىشىپ كې-تىدۇ، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپمۇ قالىمەن. ئابلاكام ھەققىدە ئەزەلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇنداق يا مۇنداق خىيال قىلغىنىمنى بىلمەيمەن... مېنى مۇشۇ ئىش ئەپسۇسلاندۇردى، مەن ئابلاكام ھەققىدە كۆپرەك ئويلىنىشىم، ئۇ ئادەمگە پات-پات تېلېفون بېرىپ تۇرۇشۇم، ھال-ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى، بىراق ئۇنداق قىلالمىدىم، ياخشىلىق قىلغان ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنىڭ چېتىدە قېلىشى كىشىنى غەش قىلىدىغان بىر ئىشكەن.

ئۇ مۇشۇ گەپلىرىنى بىرەر ئادەمگە دەپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىپ قالدى. بىراق ھازىر كىم كىمنىڭ دەردىنى ئاڭلاشنى خالايدۇ. سادىق مامۇتقا ئوخشاش ئۇدۇل كەلگەن يەردە دەردسەرلىرىنى سۆزلەپ يۈرگىلى بولمايدۇ-دە. ھازىرقى كۈندە بىراۋنىڭ گېپى يەنە بىراۋغا ئېتىمايدىغان بولۇپ قالدى. خەقلەردە دىلكەشلىك دېگەن نەرسە قالمىغىلى تۇردى. ئۇ تا مۇشۇ كۈنگىچە كۆڭلىدىكى ئاچچىق ئەلەملىرىنى، خۇشلۇقلىرىنى تۆكۈپ بېرىدىغان ئادىمى يوقلۇقىنى ھەيرانلىق بىلەن ھېس قىلدى. ئابلا ئاكىسىغىمۇ پەقەت ئادەتتىكى سۆزلىرىنى ئېيتىش بىلەن چەكلىنىپ كەپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ بەك گۇمانخور ياكى بولمىسا ئۆزگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم بولسا كېرەك، ئۆزگە ئىشەنمەيدىغانلارنى ئۆزگىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ، دەيدىغان گەپ بار.

مەن يۈرىكىم ئېچىشقان ھالدا ئابلاكامغا يىراقتىن نەزەر سالدىم.

كۆڭلۈمگە ئەلەملىك تۇيغۇلار ياماشتى. ئۇمۇر دېگەننىمۇ تايىنى يوق بىرنېمىكەن، تېخى نەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا مۇنۇ ئابلاكام ئاچچىق ھاراقنى ئىچىۋېلىپ خۇش كەيپ بولغان چاغلىرىدا ئۇچىرىغان چىرايلىق چوكانلارغا تامشىپ قاراپ كېتەتتى، يۈرەكنىڭ يېغىنى يەيدىغان گۈيكەن بۇ، دېگەن گەپنى تولا قىلاتتى، تازا خۇشى تۇتقاندا، ياش ۋاقتىدا تام تۈۋدىكى تېرەككە يامىشىپ بىر كىملەرنىڭ ھويلىسىغا سىيرىلىپ چۈشكەنلىرى، خەقلەردىن تاياق يېگەنلىرى، تاسادىپ تېپىشىپ قالغان چوكاننىڭ ئۆيىدە ئۇنتۇلۇپ قالغان ئىچ كىيىملىرىنىڭ سەۋەبىدىن خېلى يوغان

جېدەلگە ئارىلىشىپ قالغانلىرىنى چىرايلىق ھېكايە قىلىپ بې-
رەتتى، نېمىشقىدۇر مۇشۇ ئابلاكام ئادەتتىكى بىر گەپلەرنى
سۆزلەپ بەرسىمۇ شۇنداق قىزىقىپ ئاڭلايتتىم.

ئابلاكام سادىق ماموتنىڭ دادلاشلىرىنى دىققەت بىلەن
ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئابلاكام يەنە شۇنداق مۇلايىم بىرھالدا غېرىبانە ئولتۇراتتى.

ئابلاكام كۆزۈمگە كەچ بولۇشتىن، قاراڭغۇ چۈشۈشتىن
قورقىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

مۇشۇ ئادەمنىمۇ كېلىڭا ئابلاكا، دەپ بىر يەرلەرگە باشلاپ
بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىشىپ كۆڭلىنى ئېلىپ قويىدىغان يەردە
ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭ مۇكچەيگەن قىياپىتىگە قاراپ ئىچىم سىي-
رىلدى. يالغۇزلۇق، تەنھالىق ئىچىدە كۈننى تەستە كەچ قىلىدى-
غان مۇشۇنداق تايىنسىز چاغلار ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كېلىدۇ.

* * *

ئۇستەل ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇم بىلەن كاللامغا ھېچ-
نېمە كەلمىدى. قەلەمنى تاشلاپ قويۇپ يەنە تاماكا تۇتاشتۇردۇم.
گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتىم.

ئۇنىڭغا ئۇنۋان ماقالىسىنى يېزىپ بېرىشىم كېرەك ئىدى.
قولۇمغا نەچچە قەلەم ئېلىپ بولۇپ يەنە توختاپ قالدىم. ئۇنۋان
ماقالىلىرىمۇ خۇددى مەن بىزار بولۇپ كەتكەن جەدۋەللەرگە
ئوخشاشلا بىرنېمە بولۇشى مۇمكىن. مەزمۇنىنىڭ تايىنى يوقلۇ-
قىنى، يالغان يېزىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇنى ئېتىراپ
قىلىدىغان ئادەملەر بار، شۇنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئاس-
ماندا ساناپ، سېسىق كېكىرىپ يۈرىدىغان ئادەملەر بار، ئاتنىڭ
ئېگەر - يۈگەنلىرىنى ئېشەككە سېلىپ قويىدىغان، قوتۇر ئې-
شەكنىڭ مۆلە - توقۇملىرىنى تۇلپارغا ئارتىپ قويىدىغان
ئىشلار ھەم بار. بۇنداق ئىشلارغا ئىچى ئاچچىق بولىدىغانلار جىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولسىمۇ ئىشلار يەنىلا مانا مۇشۇنداق يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدۇ. بولدىلا، بۇنداق ئىشلار بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم. قولىشا-قولاشماس بىرنېمىدىن بىرەرنى جايلاپ بەرسەملا ئىش تۈگەيدۇ.

بىراق كاللامغا ھېچنېمە كەلمەيۋاتىدۇ، قانداق يېزىشنى پە-قەت بىلەلمەي قالدىم.

ئۇ ئەجەب چىرايلىق تۇرۇپتۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئىش تەتۈر كەل-مىگەن بولسا...

ئۇنىڭ ئىللىق، نازاكەتلىك تەبەسسۇمىدا مەست بولغان چاغلىرىم يادىمدىن كەچتى.

ئۇنى كۆرگىنىمدە ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى، گۈلدەك جامالى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئەنبەردەك ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلغاندەك بولدى.

ئۇنىڭ كۈلكىسىنى كۆرۈپ ئەينى يىللاردىكى باھار قۇياشى ئېسىمگە كەلدى.

ئۇنىڭ تۇغۇچلۇق، تولغان بەرنا ۋۇجۇدى ئەسەبلىرىمنى سارىسىمگە سېلىۋەتتى.

ئۇ ئۆزىنى نومۇسلۇق خىيالدىن نېرى قىلالمىدى.

ئىشق - مۇھەببەت دېگەن نەرسە ئۆزىنىڭ مەست قىلغۇچى خۇش پۇرىقى بىلەن كۆڭۈللەرنى ھەرقەددەمدە، ھەر جايدا مەست قىلىشقا تەييار.

ئىشق - مۇھەببەت ئادەمگە مەڭگۈ سېھرىي كۈچىنى يوقات-مايدىغاندەك تەسىر بېرىدۇ.

مەن ئۇنىڭ بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ، تارتىنىشقا ئوخشايدى-غان بىر تۇيغۇدىن يۈرەكلىرىم قاناپ كەتكەندە ئۆزۈمنىڭ ئا-ياللارنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشكە تەييار تۇرىدىغان ئادەملىكىمنى ئۈن-تىنسىز ئېتىراپ قىلدىم.

ئاياللارنىڭ ئوتىدا كۆيمىگەن ئەرلەر يوق.

ئابلاكامۇ، ھېلىقى سادىق مامۇتمۇ شۇنداق.

ئۇ قېرىپ ھالى قالمىغان بەزى ئادەملەرنىڭ ئاياللارنى قوغ-

لىشىش، مۇھەببەتكە ئەسىر بولۇش دېگەنلەرنى تايىنى يوق، بىمەززە ئىش قاتارىدا ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ ئاساسى بارمۇ - يوق دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇرۇشقا مېنىڭ رەۋىتىم يوق.

مەنچە ئۇنداق بولمىغىنى ياخشى.

ئۇ مېنى مېھمان قىلىپ پۇلىنى تۆلىمەكچى بولغاندا يىغلاپ سالغىلى تاسلا قالدىم. سەللا دىققەت قىلمىغان بولسام مەن چۇشۇپ كېتىشنى ھار ئالىدىغان بىر ئازگالغا چۈشۈپ كېتەتتىم.

كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدىكى تەگسىز دەك بىلىنىدىغان ھاڭ مېنى دەم تارتىپ، ئۆزىنىڭ سوغۇق ھەم مېھرىسىز باغرىغا تارتىپ كەتمەكچىدەك قىلاتتى. بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان، قاراڭغۇ ھەم پاتقاق بولغان ئۇ يەرگە كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن كۆپ ھەرەج تارتىمەن.

ئۇ مېنى بەك جىق خىياللار ئارىسىغا تاشلىۋەتتى. مەن خۇشاللىق بىلەن ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن مانالار ئارىسىدا چۆرگىلەپ يۈردۈم.

كۆڭلۈمگە ھاياتنىڭ نۇرغۇن لاتقا-چاۋالىرى دۆۋىلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

كۆڭلۈمدە قاراڭغۇ ھەم پاتقاق بىر جاي باردەك قىلاتتى.

تاشلىنىپ قالغان كونا ئۆستەڭ لىققىدە ئەخلەت بىلەن تولۇپ كەتكەندەك، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئاشۇ قاراڭغۇ، پاتقاق يەرگە ئۆمۈرنى كىرلاشتۇرىدىغان نۇرغۇن پاسكىنا نەرسىلەر تولۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ. قەلبىمدىكى بۇ قورقۇنچلۇق ھاڭنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بىلەلمەي جىمجىت ئاخشاملاردا ئۇزاق ئويلىنىمەن. مەن ئەڭ پاكىز ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغىنىمدا، سەمىمىيەت بىلەن مەندىن قان ئەمەس جان سورىيالايدىغان، ماڭا ھەم شۇلارنى بېرەلەيدىغان ئادەملەر ئارىسىدا تۇرغىنىمدا يۈرىكىم پۈتۈنلىنىپ، دىلىم پاكىزلىنىپ قالارمىكىن دەيمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



يانفونۇم سايراپ كەتتى.
كىچىككىنە ئېكرانىدىكى ناتونۇش نومۇرلارنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدىم.
تېلېفونۇمنىڭ غاز ـ غۇژلىرىدا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ناھايىتى تەستە ئىلغا قىلدىم. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكمۇ قىلاتتىم. ئادەم دېگەننىڭ ئۇنتۇپ كېتىدىغان نەرسىلىرى بەكلا جىقكەن.
مەن ئوڭايسىز بىرھالدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە لايىقىدا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىپ ئاخىرىدا ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەلىدىم. دې ـ سەم ـ دېمىسەم ئۇمۇ مېنىڭ ئۆزىنى تونۇپ بولالمىغىنىمنى چو ـ قۇم سەزدى. بىراق چاندۇرمىدى. بەزى كۆڭلى ياخشى ئادەملەر كىشىنى ئارتۇقچە خىجىل قىلىشنى راۋا كۆرمىسە كېرەك.
ئۇنىڭ قىزغىن ھەم ئىسسىق ئاۋازى شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدى.
مەن نېمىگىدۇر ئالدىراپ، كىچىككىنە قىلىشتىن قورققاندەك جىددىللەپ مىڭغۇۋاتاتتىم. كۆڭلۈمدە بىر جىددىيلىك، بىر ئېسەد ـ گەرەش، يەنە شېرىن بىر ھاياجان بار ئىدى.
ئۆتمۈشكە تەئەللۇق خاتىرىلەر، شېرىن ئەستىلىكلەر، ھايا ـ جانلىق دەقىقىلەر دەممۇ دەم يادىمدىن كېچەتتى.
بىر كىمگە نېمە ئۈچۈنلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بول ـ مايدىغان تەپتى ئاتەش تۈيغۇلار يۈرىكىمنى پات ـ پات كۆيدۈرۈپ ئۆتەتتى.
مەن ئالدىرايتتىم، چوڭ كوچىدا يۈگۈرۈشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋالاتتىم.
— قارىماي كېتىپ بارىسەنغۇ مەتۇ...
چۆچۈپ كەتتىم، بۇ ئاۋازنى، يەنە مەتۇ دېگەن ئەركىلەش تەپچىپ تۇرىدىغان گەپنى ئاڭلىمىغىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغاند ـ ىدى. بۇرۇن بىرەيلەن مېنى مۇشۇنداق چاقىراتتى، ماڭا مۇشۇنداق ئەركىلەيتتى، ئۆزىنىڭ ماڭا يېقىنلىقىنى، ماڭا ئامراقلىقىنى

مۇشۇ گەپ بىلەن ئىپادىلەيتتى.

— چاقىرماي تازا بىر ئىزدىتەي دېگەن، يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى قارا.

ئۇنىڭ جانغا ھۇزۇر بېرىدىغان، جاننى قىينايدىغان شېرىن كۈلكىسى يەنە بۇرۇنقىدەكلا سېھىرلىك ئىدى.

مەن بۇ كۈلكىدىن ناھايىتى تەستە ۋاز كەچكەنىدىم.

راستىنى دېگەندە بۇنى ۋاز كەچتى دېگىلى بولمايدۇ، ئېرىشەلمىگەن ئادەمنىڭ ئۈمىدىنى ئۈزۈشى، دېسە مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئۇ بۇرۇنقىدەكلا مېھرىلىك ئىدى. تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى جانغا قىيناق سالاتتى. بىر زامانلاردا ئۇنىڭ توغاچتەك قىزىل ھەم سۈزۈك مەڭزىدىكى زىناقلىرىنى كۆرگىنىمدە كۆڭلۈمگە ئاللىقانداق ئاچ ھەم ئوتتەك تۇيغۇلار يامرايتتى. ماڭا شۇنچە يېقىنچىلىق قىلسىمۇ كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان ئەيمىنىش، ھېيىقىش دېگەندەك ھېسلىرىمنىڭ سەۋەبىدىن قونچاقتەك ياسىنىپ يۈرىدىغان بۇ گۈلۈمگە يېقىنلىشىدىغان جۈرئەت مەندە يوق ئىدى. ئۇنىڭ «ھۇ مەتۇ...» دەپ چاقچاق قىلىشلىرى، ئاندىن خاپا بولغان چاغلىرىدا تەتۈر قاراپ دومسىيىشلىرى يېشىم قىرىقتىن ئاشقان مۇشۇ كۈنلەردىمۇ پات-پات يادىمغا يېتىپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھازىر ئويلىسام ئاشۇ گۈلدەك چاقناپ تۇرىدىغان يىللاردا ناھايىتى نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىكەنمەن. بىر ئادەمنىڭ قەلبىنى قاچانكى ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتىدىغان لەنىتى تۇيغۇ قاپلىسا ئۇنىڭ ھاياتى شۇ كۈندىن باشلاپ گۈگۈم قاراڭغۇسىغا بۆلۈنۈپ كەتسە كېرەك. ئۇ مەندىن ئەقىللىق، ئۇ مەندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا يېتەلمەيمەن دەيدىغان مۇشۇنداق ئوي-خىياللار زادى نەدىن، قانداق بولۇپ بىر ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئورنىشىۋالىدىغاندۇ. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەنىلا شۇ شوخلۇقى، جەزىبىسى بىلەن ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە تۈرلۈك ۋەسۋەسىلەرنى سېلىشقا قا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دىر چىرايلىق كۆزلىرىدىن يۈرەكتە مېھىر ئويغىتىدىغان بىر ئىسسىق نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— تې... تىنچلىقمۇ...

مەن يەنە تەمتىرەپ كەتتىم، مۇشۇنداق ئورۇنسىز بىسەرەمجانلىقىمغا بۇرۇندىن بەك ئۆچ ئىدىم.

— ساڭا ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى. ياردەم قىلارسەن.

— نېمە ياردەم، قولۇمدىن كەلسىلا...

— قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقا سېنى زورلىمايمەن. بولدى، ئالدى بىلەن سېنى بىر مېھمان قىلىۋالاي. قانداق دېدىم.

— بولدى، گېپىڭنى دەۋەر، مېھمان قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى...

— شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئىزدىشەلمەپتۇق، ھال ـ مۇڭ بولۇپ بىردەم ئولتۇرۇۋالايلى، قورقمايدىغانسەن؟...

— مە... مەن نېمىدىن قورقاتتىم.

كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چىقتىم. ئۇ ئۆزىنى شۇنداق ئەركىن تۇتىدىكەن، ماشىنا ھەيدەشلىرىمۇ شۇنداق خاتىرجەم، شۇنداق سۇلكەتلىك. شۇ يىللاردا ئۇنى قولدىن بېرىپ قويمايدىغان گەپ ئىدى، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ، مېنى مەتۇ دەپ چاقچاق قىلىدىغان ئۇن سەككىز ياشلىق قىز ھازىر يوق، يۈرەكتىكى ئاچ تۈيغۇلارنى تەستە بېسىپ دەردنى ئىچىدە بىلىدىغان ھەۋەسكە باي يىگىتمۇ ھازىر يوق. يىللار بىزدىكى شوخلۇق، ھېسسىياتچانلىق، ئوتتەك ئىشتىياق دېگەنلەرنى ئېلىپ كېتىپ، ئورنىغا گۇمانخورلۇق، ئېغىر-بېسىقلىق ۋە يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان، نېمە ئويلاپ، نېمە خىياللارنى قىلىدىغانلىقىنى باشقىلارغا بىلدۈرگۈسى كەلمەيدىغان ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

— داستىخان ئاددىي بولۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈڭگە ئالما.

كۈتكۈچى قورۇمىلارنى تىزىپ بولۇپ، ئۈستەلگە بىر قۇتا

هاراق قويدى، بۇ مەن بىر چاغدا باشلىقنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ كىرگەندە قويۇپ بەرگەن ئېسىل هاراقتىن ئىدى. ئابلاكام بىلەن بىرەر قېتىم مۇشۇنداق قىممەت پۇللۇق هاراق ئىچىپ باقماپتىمىز. بىر كۈنلەردە ئۇنى مۇشۇنداق هاراق بىلەن بىر مېهمان قىلىۋالىسام بولمايدۇ.

نېپىز پەردە تارتىلغان دېرىزىنىڭ سىرتىدا كۈز كۈنلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى دۇنيانىڭ جۇلاسى جىلۋە قىلاتتى.

مەن هاراق بىلەن قورۇمىلارغا قاراپ قويۇپ سەل جىددىيلىشىپ قالدىم.

— بۇ سەل... سەل...

— نېمە بولدى. قورقۇۋاتامسەن؟ — ئۇ چىرايلىق لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويۇپ كۆزلىرىمگە تىكىلدى، — يەنە بۇرۇنقىدەكلا تۇردۇڭمۇ - نېمە؟

— قانداق دەيسەن؟

— قانداق بولاتتى، قورقۇنچاق شۇ... — ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ كۈلۈپ كەتتى. ئاۋازى شۇنداق سۈزۈك ئىدى. مەن بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم. تولا بىر ئىشلاردىن ۋايىم يەيدىغان، شۇنداقلا بىر ئىش بولسا ئۆزۈمنى قويغىلى جاي تاپالمايدىغان روهىي كېكەچلىك مەندىكى قۇتۇلۇپ بولالمايدىغان، ماڭا بىر ئۆمۈر هەمراھ بولىدىغان كېسەل بولۇشى مۇمكىن. ئادەملەر ئارىسىدا هېچكىمدىن قېلىشقۇچىلىكىم يوق، بىراق نېمىلا بولسۇن تەمتىرەيدىغان، ئەندىكىدىغان خۇيۇم مېنى تولا قىيناپ هېچ هالىمنى قويمىدى.

ئۇنىڭ مېنى نېمىشقا مېهمان قىلغۇسى كېپقالدىكىن؟ ئىشقىلىپ بۇ دۇنيادا سەۋەبسىز بېرىش هەم ئېلىش بولمايدىغاندىلىقى ئېنىق، بىراق ئېرى، باللىرى بار ئايالنىڭ مۇشۇنداق تارچۇق بىر يەردە ئۆزۈندىن بۇيان ئىزدەشمىگەن هەم ئىزدىشىشكىمۇ هېچ باهانە تاپقىلى بولمايدىغان بىرهالدا مۇشۇنداق سورۇن هازىرلىشىنىڭ ئۆزى بىر ئىش ئىدى. مۇشۇ ئىزدەشكەن-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



چە تاشلاشمىغان بولساققۇ...

كۆڭلۈمگە ياماشقان گۇمان ھەم يامان نىيەتلەرنى بىركىم بىلىپ قالىدىغاندەك جىددىيلىشىپ قالدىم.

— بىر دەم - يېرىمدەم ئولتۇرايلى، كۆرۈشمىگىلىمۇ ئۇزاق بوپتۇ، قورقما، ئەر كىشى دېگەننى ھاراقسىز مېھمان قىلغىلى بولمايدۇ، مەن قىزىلىدىن ئىچەي، قېنى تارتىنما. ئالغاچ ئولتۇر.

ئۇ يەنىلا شۇنداق سۆزمەن ئىدى. ئۆزىنى شۇنداق ئەركىن تۇتاتتى. ئېرى، باللىرى ھەققىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆزلەپ بەردى. باللىرىنىڭ ئىككىلىسى ئوغۇل ئىكەن، چوڭ ئوغلى ئىنگلىز تىلىنى خېلى پىششىق بىلىدىكەن، ھازىرقى جاھاندا، باللىرىمنىڭ ئىستىقبالى بولسۇن، دەيدىكەنمىز، چوقۇم چەت ئەل تىللىرىنى پىششىق ئۆگىتىشىمىز كېرەككەن. خۇدا بۇيرۇ - سا كەلگۈسىدە ئۇ ئوغلىنى چەت ئەللەردە ئوقۇتماقچى بوپتۇ، كىچىك ئوغلىمۇ ھازىر ئۆگىنىشتە شۇنداق ياخشىمىش، ئېرى قايسى بىر ئىدارىدە باشلىق ئىكەن، تۇرمۇشى بەك كۆڭۈللۈك - كەن، مەن ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى بولۇپ، زوق-شوخ بىلەن سۆز - لىگەن ئادەملەرنى كۆرمىگىلى خېلى بوپتىكەن. ئۇنىڭدىن راستىنىلا زوقلاندىم، يەنە كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ھەسەت ھەم ئۆچمەنلىككە ئوخشايدىغان بىر كۆلەڭگىلەرمۇ بار ئىدى.

— ئوغۇللىرىم بەك ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ، ھازىر باللىرىد - مىزدىن باشقا نېمىمىز بار دەيسەن، باللاردىن كۆڭلىمىز خا - تىرجەم بولسا باشقا ئىش دېگەننىڭ كارى چاغلىق.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئوغلۇم يادىمغا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ دۆت ئەمەسلىكى ئېنىق، بىراق نېمىشقا ئۆگىنىشكە كۆ - ڭۈلشمەيدىغاندۇ، نېمىشقا ئۇنىڭ مەكتەپكە خۇشى يوقتۇ. ھېلى - قى مۇزتەلەت مۇئەللىم بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقىدىغان گەپمى - كىن. ئۇدۇللا بېرىپ ئوغلۇمغا كۆڭۈل بۆلمەيسەن دېگىلى تېخى بولمىسا، ئۇنداق دېمىسە باللىنىڭ ئىشى تېخى باش قاتۇرسا...

ئۇ مېنى قورۇمىغا، ھاراققا زورلىغاچ ئىدارىسىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

كۆزلىرىمىز پات ـ پات ئۇچرىشىپ قالاتتى.

مەن ئۆزۈمنى يامان خىياللاردىن تەستە تارتىپ تۇراتتىم.

يېقىندا كېتىپ قالغان ھېلىقى قىزنىڭ بىر يەرلىرى ئۇ ـ نىڭغا ئوخشاپ قالاتتى. ئاشۇ قىزنىڭ شوخ كۈلكىسىنى، قاشلى ـ رىنى سۈزۈپ سۆزلەشلىرىنى، كىشىگە كۈلۈپ قارايدىغان ئوماق ـ لىقىنى دەسلەپ كۆرگەندە يۈرىكىم پېرىلداپ ئېچىشقانىدى. ياش ـ لىق ئوتلىرى كۈۋەجەپ كۆيۈۋاتقان يىللاردا دىلىمغا تامغا بولۇپ بېسىلغان چىرايلىق خاتىرىلەر، ئۈمىدسىز تەلپۈنۈشنىڭ جارا ـ ھەتلىرى قايتا قاناپ كەتكىلى تاسلا قالغانىدى. يۈرىكىمنىڭ بىرنەچچە يېرىدە يىپ سۆرىگەندەك دەز كۆزگە چېلىقاتتى.

مەن كونىراپ كەتكەن ئەسلىمىلەر ئىچىدىن، ئىزتىراپلىق تۇيغۇلار ئارىسىدىن تەستە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ يامان خىياللارغا بېرىلىپ كېتىشتىن ئۆزۈمنى تەستە ساقلاپ قېلىۋاتاتتىم. كۆڭ ـ لۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ناۋادا ئۇنىڭ بىلەن قايتا تېپىشىۋالسام قانداق بولار، دېگەن بىر قارا تۇيغۇ بار ئىدى. مەن ئىمكان بار مۇشۇنداق ئويلاردا بولۇپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا تىرى ـ شىپ ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىم.

ـــ بۇرۇنقىدەكلا چىرايلىق تۇرۇپسەن...

ـــ بۇرۇندىن چىرايلىقتىم شۇ... بىراق ساڭا يارىمىغان ـ دە، مەن...

ئۇ كۈلدى. كۈلكىسى شۇنداق تازا، شۇنداق يېقىملىق ئىدى. قانداق ئادەملەر مۇشۇنداق كۈلەلەيدىغاندۇ.

ـــ ئۆزۈڭ قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟

ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ شۇنداق سورىدى.

ـــ ھەرھالدا بولىدۇ. ئىشقىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ كېتىپ با ـ رىمىزغۇ.

ـــ كۈنلىرىڭدىن رازى بولساڭ كېرەك، ئايالىڭ چىرايلىقتۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ھەقىچان.
— بىر نېمە دېيەلمەيمەن.
ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— ئەر خەق دېگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاشكەن، سەنمۇ تۇر-مۇشۇڭدىن رازى ئەمەسكەنسەن ھە، تالاغا قارىغان چاغلىرىڭمۇ بولغانمۇ؟
مەن چۆچۈپ كەتتىم، ئايالىمنىڭ ئۆتكەن قېتىمقى گۇماد-خورلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچكىم مەندىن بۇنداق سوئال سوراپ باقمىغانىدى. بۇنداق سوئالغا دۇچ كېلىپ قېلىشىمنىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدىم.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ...
مەن دۇدۇقلاپ شۇنداق دېدىم. بۇنداق سوئالغا جاۋاب بەرگى-لى بولمايتتى. بەزى چاغدا بەزى راست گەپلەرنى پەقەت دېگىلى بولمايدۇ.
— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، قارا، مۇنداق ئىشتى، مەن پات يېقىندا ئۆنۋان ئالماقچىدىم، شۇنىڭغا سېنى بىرەر پارچە ماقالە يېزىپ بېرەمدىكىن، دېگەن، ساۋاقداشلىقنى بىر يەتكۈزۈپ قوي، ئۆزۈم خېلى بىرنېمىلەرنى قىلىپ باقتىم، بۇ ماقالە يېزىش دې-گەنمۇ بىر ھۈنەر ئوخشايدۇ، ھە - ھۇ بىلەنلا قىلغىلى بولمايد-كەن، شۇڭا سېنى ئاۋارە قىلىپ ئاتايىن چاقىرىپ كېلىشىم. قانداق، ۋاقتىڭ چىقارمۇ؟
شەبنەم لىغىرلاپ تۇرغان گۈلنىڭ بەرگىگە توپا قويۇلغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم، شېرىن خىياللىرىم، تاتلىق ئارماد-لىرىم، يەنە كۆڭلۈمگە تارقالغان ئازادىلىك شامال سوققان ماناد-دەك كاللامدىن توزۇپ كەتتى. خىياللىرىم يەنە قايتىدىن تاش بولۇپ قېتىشقا باشلىدى. غىققىدە بولۇپ قالدىم. ھەممە نەرسە مېھىر ھەم ئادەمگەرچىلىك بىلەن بولمايدىغان بۇ دۇنيادىن بەك جىق نەرسىلەرنى ئۈمىد قىلىپ كەتكىلى بولمايدىكەن. مەن يە-نىلا ئۆزۈمنىڭ ھاۋاسى شالاڭ يولۇمغا چىقىپ قالدىم. مەندەك

ئادەملەر بۇ دۇنيانى بەكلا ئاددىي ھەم يەڭگىل تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭا پات ـ پات بۇرنىمىزغا يەپ تۇرىمىز. ھاياتنىڭ بىز ئويلىغاندەك چىقمىغان يوللىرىدا كېتىۋېتىپ يىقىلىپ كەتسەك تايىنىۋالىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقىمىزدا بۇرنىمىز قاناپ، يۈز ـ كۆزلىرىمىز توپىغا بۇلغىنىپ كېتىدۇ، بەكلا كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالىمىز، شۇ تۇرقىمىزنى كۆرگەنلەر كۈلۈپ كېتىدۇ، خېلى ئۇزۇنغىچە كۈلىدۇ. بىز يۈرىكىمىز لەختە بولۇپ بىچارە ھالىمىزنى بىركىملەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ۋايىم يەپ بەتتەر كۈنگە قالىمىز.

مەن يىقىلىپ چۈشمىدىم، ئەمما شۇ ھالدا يىقىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.

بۇرنۇمدىن قان ئاقمىدى، يۈزۈمگە توپا يۇقۇشمىدى، ئەمما كىشىنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان بىر قارىلىق كۆڭلۈمگە يېپىلدى. ئىشلارنى تەگلەپ كېتىش، ئىنچىكە ئويلاپ كېتىش ھەم شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئاجىزلىقلار كىشىنى بىزاۋىتە قىلىدۇ. مەن يالغاندىن كۈلۈشكە ئادەتلەنگىلى ئۇزۇن بولغان، يەنە يالغاندىن كۈلۈپ ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ بىپەرۋا ھەم يەنە مەردانە بىر ھالدا جاۋاب بەردىم، مەن نۇرغۇن قېتىم نۇرغۇن ئىشلارغا مۇشۇنداق بىر ھالدا مۇشۇنداق جاۋاب بەرگەن، بىزنى ئوراپ تۇرغان نىقابنىڭ سېھرىي كۈچى ئادەتتىكىچە ئەمەس.

— چاتاق يوق، بۇنچىلىك ئىش دېگەننى قىلىمىز، قاچان كېرەك؟

ئۇ كۈلۈپ تۇراتتى، بۇرۇنقى ئوماق كۈلكىسىگە ئەمدى لاتاپەت ئارىلاشقاندەك قىلاتتى، جەلپكار ئاياللاردا بولىدىغان لەۋزەنلىك ئۇنىڭدا تەل ئىدى. نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى سەل يۈرەكلىك بولغان بولسام ئۇ مېنىڭ بولاتتى، تامشىپ ئولتۇرماي بەھرىمەن بولاتتىم، ئۆزۈمگە يەنە بىر قېتىم ئۆچ بولۇپ كەتتىم، ئۆتتەك قىزىق ھەم ئاچچىق بىر ھېس يۈرىكىمگە سوۋۇشۇپ ئۆتتى.

ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىقىمىز خېلىلا يىراقلىشىپ كەتكەندەك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئىدى.
بۇرۇن ئارىلىقىمىز يىراقمۇ ـ ئەمەسمۇ، بۇنى ئويلىمىغانىدىم، ھازىر تورۇپلا شۇ خىيال كاللامغا كىرىپ قالدى.
بىز ئەمدى يېقىنلىشالمايدىغاندەك قىلاتتۇق.
يېقىنلىشىش ئىمكانىمۇ يوق ئىدى.
ئۇ ھازىر ئېرى، باللىرى بار ئايال ئىدى. مەنمۇ خوتۇنى، باللىرى بار ئەر ئىدىم.
ئىككىمىز ئىككى دۇنياغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەنىدۇق.
ئۇنىڭ تېلېفونى سايرىدى.
ئۇ تېلېفونغا مەن تولىمۇ ئامراق بىر خەلق ناخشىسىنى كىرگۈزۈۋاپتۇ.
ئۇ مېنىڭ مۇشۇ ناخشىغا ئامراقلىقىمنى بىلەتتى.
ــ تېلېفوننى ئېلىپ كىرەي.
ئۇ سىرتقا چىقىپ كەتتى. مەن سوۋۇپ قالغان توخۇ قوردىقىغا، ئاغزى ئوچۇق قىزىل ھاراققا قاراپ ئولتۇردۇم، شۇنداق تاماكا چەككۈم كەلدى، بىراق چېكىشكە رايىم بارمىدى. ئۇ بۇرۇندىنلا مېنىڭ تاماكا چېكىشىمنى يامان كۆرەتتى.
ئۇ مېنىڭ جىمغۇرلۇقۇمنى، قورقۇنچاقلىقىمنى، تاماكا چېكىشىمنى، يەنە قاپاق تۈرۈپ يۈرىدىغان خۇيۇمنى يامان كۆرەتتى.
ئۇ قايتىپ كىرىپ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن قىزىل ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى قولىغا ئالدى. ئۇ نەلەردە يۈرۈپ ھاراق ئىچىدىغان ئىشنى ئۆگىنىۋالغاندۇ، ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن بىر ئايال ھاراق ئىچىپ يۈرسە ئۇنى تەربىيە ئالدى، دېگىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا، ئېرىنىڭ ئالدىغا قىزىل ھاراقنىڭ قويۇق ھىدىنى پۇرۇتۇپ بارسا ئۇلاردا قانداق تۇيغۇ پەيدا بولار. مەيلى قانداق جاھان بولۇپ كەتسۇن ھاراقكەشلىك ئەيىب ئىش. ئايال ھاراقكەشلەر تېخىمۇ يىرگىنچلىك بولىدۇ.
مەن ئۆزۈمنىڭ پەلىپەتىش خىياللىرىمنى يىغىپ بولالمىد-

غىلى تاسلا قالدىم.
— مۇنداق قىلايلى، مېنىڭ ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى، خاپا بولماي بىرەر ئاغىنەڭنى چاقىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ قايتىقىن، ئۆيگە بارمىسام بولمايدۇ، ئىبرىمنىڭ مېھمانلىرى كەپقاپتۇ. ھېساباتنى ئۆزۈم قىلىمەن.
كاللام قۇپقۇرۇق بولۇپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنى مەندىن ئۇستۇن تۇرىدىغاندەك ئويلىسا كېرەك، مەنمۇ شۇنداق بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم، ئاچچىق بىر سىزىم مېڭەمگە ياماشتى.
— كېتىمۋەر، پۇلنى ئۆزۈم تۆلەيمەن.
— مۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ، مەن تۆلەيمەن.
— مېنى خاپا قىلما، مەن تېخى خوتۇن كىشىنىڭ قولىغا قارىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىدىم، مېڭىۋەر.
ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. كۆڭلۈمگە بىر خۇشاللىق يېيىلدى.
ئۇ ئەپسىز بىرھالدا جىلمايدى. ئارقىدىن ئەركىلىگەندەك:
— سەتنىڭ دەپ كەتكەنلىرىنى... — دېدى.
ئۇنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويدۇم، قايتىپ كىرىپ كىچىككىنە ئايرىم خانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ كەتتىم، ئۆزۈڭنى بىر ۋاق تاماق ھەم ھاراققا تېگىشىۋەتكىلى تاسلا قالدىڭ، دېدى كۆڭلۈمدىكى بىر سادا. ئەمما خۇدا ساقلاپ ئەقلىم بىر ئىشلەپ قالدى. ئۇنىڭ ھاجىتىنى چوقۇم راۋا قىلىش كېرەك، بىراق بۇنىڭ بەدىلىگە تامىقىنى يېيىشكە، يەنە ھارىقىنى ئىچىشكە بولمايدۇ.
بىز نۇرغۇن ئىشلاردا بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىمىز. باشقىلارنىڭ بىكارغا كۈلمەيدىغانلىقىنى، بىكارغا تۇز بەرمەيدىغانلىقىنى، يەنە بىكارغا سىز بىلەن بىر يولدا ماڭمايدىغانلىقىنى بىلگىنىڭىزدە ھاياتتىن گۇمانلىنىپ قالىسىز. بۇ دۇنيانىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىغا ئەقلىڭىز يەتمەيدۇ. ئادەم ئۇلۇغ يارىتىلغان مەخلۇق دېيىشىدۇ، بۇنىڭغا چىن پۈتمەي ئامال يوق،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى




بىراق نۇرغۇن چاغلاردا ئادەم دېگەن ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئۆزى دەس-سەيدىغان، ئۆزىنىڭ تىلىنى ئۆزى ماتاپ قويىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى خەس، چاۋالار ئارىسىغا قويغىلى ئاران تۇرىدۇ. بەزىدە مەن جىق ئىشلاردىن گۇمان قىلىمەن. ئادەم ھەققىدە، ئادەمنىڭ يۈرىكى، ئادەمنىڭ مېڭىسى، ئادەمنىڭ بوگۈنى، ئەتىسى ھەققىدە ئويلانغى-نىمدا غەش بولۇپ قالىمەن.

كەتمەكچى بولۇپ يەنە رايىم قايتتى. ئۆيدىن باشقا بارىدىغان يېرىم يوق ئىدى. ئۆيگە مۇنداقلا قايتىپ بارغۇم كەلمىدى. جان يېنىم ئۆيگە بەكلا چىڭ چىگىلىپ كەتكەن ئادەم بولسامىمۇ يەنىلا قايتقۇم يوقتەك ئىدى.

— ئابلاكاممۇ سىز، ئەھۋالىڭىز ياخشىدۇ.

تېلېفوندا ئابلاكامنىڭ يۇمشاق، مۇلايىم ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئابلاكا، كېلىڭا، بىردەم ھال - مۇڭ بولۇۋالايلى.

ئابلاكامنىڭ مۇكچەيگەن قەددىنى، مۇلايىم چىرايىنى ئىن-شىكتە كۆرۈپ ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىغا باردىم. ئۇنىڭ قىرىلىق دېغى باسقان پېشانىسىگە نەزەرىم چۈشۈپ قالدى. يۇمە-شاق، ئەمما سوغۇق قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ كۆڭلۈمنىڭ يې-رىم بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم. يالغۇزلۇق بىلەن قېرىلىقنىڭ رەھىمسىز شاماللىرى ئابلاكامنى يالاپ ۋۇجۇدىنى، روھىنى ئۇ-رۇقلىتىۋەتكەندەك قىلاتتى. يۈرىكىمگە ياماشقان خۇشاللىق كۆك-لۇمدىكى غەشلىكلەرنى بېسىپ كەتتى.

— ئۇكام، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، مەن ئىچمەي.

ئابلاكام مەن سۇنغان رومكىنى چىرايلىق رەت قىلىۋېتىپ مۇلايىم كۈلۈمسىرىدى.

— يېشىم بىر يەرگە باردى، ئەجەل غېمى يۈرىكىمنى بېسىپ تۇرىدۇ، ھەر كۈنى يالغۇز يېتىشتىن بۇرۇن ئەتە ساق قوپارمەنمۇ يا مۇشۇ ياتقانچە قېتىپ قالارمەنمۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئادەم قېرىغاندا جىمى بالايىبەتتەرلەر تەڭ يوپۇرۇلۇپ يۈرەكنى باسىدى-كەن.

ئابلاكامنىڭ ياش يۇقۇشۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم.

— بوپتۇ، ئابلاكا، سىزنى زورلىمايمەن، بىردەم - يېرىمدەم ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئولتۇرايلى، مەنمۇ بەك بوغۇنۇقۇپ كېتىۋاتىمەن. مەن ئىچەي، سىز ماۋۇلاردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭ. ئەمما بايىقىدەك گەپلەرنى دېمەڭ، سىز تېخى ئاتمىشقا ئۇلاشقان ئادەم ئەمەس، ھەممىمىز خۇدادىن ساقلىق، ئۆمۈر تىلەيلى، مۇنۇ رومكىنى سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن ئىچتىم.

ئابلاكام بېشىنى لىڭشىتتى.

بوتۇلكىدىكى ھاراق تۈگەي دەپ قالدى، يەنە ئىچكۈم بار ئىدى، ئەمما ئابلاكام توختىتىپ قويدى.

— ئەمدى ئىچمەڭ ئۇكام، پايدىسى يوق.

— ئىچىمدە بىر پاتمان دەردىم بار مېنىڭ ئابلاكا... بەك سىقىلىپ كېتىۋاتىمەن.

— دەردىم بار دەپ ھاراق ئىچسىڭىز قاملاشماس، ھاراق دەردنى ئالىدۇ دېگەنگە ئىشەنمەڭ، مانا مەن قىرىق يىل ھاراق ئىچىپتىمەن، بىلدىمكى، ھاراق بىر دەردنى ئىككى قىلسا قىلىدىكەنكى، ھەرگىز دەردنى باسمايدىكەن. ئىمكان بولسا ئىچمەڭ...

مەن ئابلاكامغا بەك جىق گەپلەرنى دېدىم، سادىق مامۇتنىڭ مېنى بوزەك قىلغانلىقىنى، كېرەك بولسام تاماكا ئەكىرىپ بەرگەن، لازىمىم قالمىغاندا سالامىمنى ئىلىك ئالماي ئۆتۈپ كەتكەن ھېلىقى ئادەمنىڭ قىلىقلىرى، يەنە ئوغلۇمنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ بەك ناچارلىقى، ئۇنىڭ مەكتەپتىن قېچىپلا يۈرىدىغانلىقى، ئىشخانامدا ئىشلەپ كېتىپ قالغان ھېلىقى قىزنىڭ مېھرىنىڭ ئىسسىقلىقى، خوتۇنۇمنىڭ ئۇنىڭدىن گۇمان قىلغىنى، بۇرۇن مەن بارلىقىمنى ئاتىغان قىزنىڭ ھازىر بىر باشلىقنىڭ خوتۇنى بولۇپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭمۇ مېنى ئانىي تاپقانلىقى ھەققىدە تاغاردا بىر گەپلەرنى قىلدىم، ئابلاكام سۆزلىرىمنى بېرىلىپ ئاڭلىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



— ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ ئۇكام، بىردەم بولسىمۇ خۇشال ياشىغانغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى تولا ئويلىماڭ، بەزى ئىشلارنى ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ.

— بىراق مەن كۆلەي دەپمۇ كۈلەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم، يۈرىكىمنى ئېغىر بىرنەرسە بېسىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ.

— ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا ئۇكام، مۇشۇ كۈنلەردە مەنمۇ بەزى ئىشلىرىمدىن پۇشۇقۇنۇپ قالىمەن، تايىنى يوق ئىشلارنى دەپ ئۆمرۈمنى ئىسراپ قىلىۋېتىپتىمەن. بىرمۇنچە ئادەمنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپتىمەن، بىر ئۆمۈر قوغلاشقان نەرسىلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ئەھمىيەتسىز نەرسىلەركەن. ئاخىر مانا يالغۇز قال-دىم، كېچە-كۈندۈز تەنھا ياشايمەن، تاماقنى يالغۇز ئولتۇرۇپ يەيمەن، يالغۇز ياتىمەن، يەنە يالغۇز قوپىمەن، ئايلاپ، يىللاپ ئۆ-يۈمگە ئېزىپ - تېزىپ بىركىم كىرىپ قالمايدۇ، باللارمۇ ئال-دىرىسا بىرەر ئايدا، بولمىسا ئىككى - ئۈچ ئايدا تېلېفون بېرىپ قويىدۇ. بەزىدە ئىشىكىمنىڭ چېكىلىشىنى، كىم بولسۇن بىرەر ئادەمنىڭ مېنى ئىزدەپ كىرىشىنى شۇنداق ئارزۇلاپ كېتىمەن. ئويلاڭا، مەن بىر ئۆمۈر پالاقلاپ ئاخىرىدا يالغۇز قېلىش ئۈچۈن تىرىشقانمىدىم؟ ئادەتتە ئىككى ئادەم بىللە تۇرغان يەرگە بېرىۋې-لىشقا ئالدىرايمەن، خەقلەر نېمە دېسە، قانداق سۆزلىسە، نېمىنى داڭلىسا يا تىللىسا مەيلى، ئىشقىلىپ ئادەم بار يەردە، ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرساملا بولىدۇ، دەيدىغان يەرگە يەتتىم، ئىشى-ڭىزنى ئوبدان قىلىڭ، ھەرقاچان كۈلۈپ يۈرۈڭ، ھەرگىز دىل-ڭىزنى يارا قىلىدىغان ئىشنى قىلماڭ ئۇكام، مەنمۇ تېخى تۈنۈ-گۈنلا 30-40 ياشلىق يىگىت ئىدىم، قانداقلارچە 60 قا كىرىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ تۇيمايلا قالدىم. بولدى، مەن دېگىلى تۇرسام گېپىم تۈگىمەيدۇ، سىزنى ئاۋارە قىلماي، ئەمدى قايتايلىمۇ؟

مەن دەلدەڭشىپ پۇل تۆلەيدىغان توسۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغۇچە ئابلاكام پۇلنى ساناپ بولدى.

— بۇ ئىشىڭىز پەقەت بولمىدى، ئابلاكا... مەن زادى ئۆزۈم

تۆلەيمەن.

— بولدى ئۇكام، مېنى ياد ئېتىپ چاقىرغىنىڭىزدىن خۇش بولۇپ قالدىم، بۇگۈنكىسى ماڭا ھېساب بولسۇن، يەنە بىر قېتىم سىزنى مېھمان قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەدىم - يوق، بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

ئابلاكامنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى.

— كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان گەپلەرنى دېمەڭ ئابلاكا، سىز... سىز... بىلەن بىز ئوبدان ياشىمىساق بولمايدۇ. بىزنىڭ تېخى كۆرۈدىغان ياخشى كۈنلىرىمىز ئالدىمىزدا... ئوغۇل بالىدەك ياشىمىساق بولمايدۇ...

گېپىم ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئابلاكام كېلىپ مېنى يۆلىۋالدى.

* * *

شەنبە كۈندىكى ئازادىلىك بىلەن تەنھالىق مېنى ئىلكىگە ئالغانىدى. ئارام كۈنلىرىنى چوقۇم چوڭ ئۆيدە ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈپ قالغان خوتۇنۇم ئەتىگەندىلا ئوغلۇمنى يېتىلەپ چىقىپ كەتكەنىدى. قاچان شەنبە كېلەر، يەكشەنبە كېلەر، دەپ كۆزى تۆت بولىدىغان ئوغلۇمۇ ئاپىسىنى ئالدىرىتىپ بىللە كەتتى. مەن مۇشۇنداق دەم ئېلىش كۈنلىرىدە تەنھا قالغىنىمدا خوتۇن - باللىرىمنىڭ مەن ئۈچۈن بەكلا مۇھىملىقىنى ھېس قىلىمەن.

ئوغلۇمنىڭ مۇئەللىمىدىن تېلېفون كەلمىگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. بەلكىم ئۇ ئىلگىرىلىگەن، مۇئەللىمىنى قاقشاتمىغان بولسا كېرەك، ئوغلۇمۇ مەكتەپكە بېرىشقا ئالدىرىمىسىمۇ، بۇراق بۇرۇنقىدەك بەك قېرىقمۇ ئەمەس، بۇغۇ بىر ياخشى ئىش، ئەمما يەنىلا نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم ئۆيۈپ تۇرىدۇ.

ئائىلىدىكى جېدەل-ماجىرالار ناھايىتى تەپسىلي بايان قىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى تورى


لىنىغان بىر تېلېۋىزىيە فىلىمىنى تولۇق ئىككى قىسىم كۆرۈپ بولدۇم، كۆزۈم سەل تورلاشقاندەك بولدى، يەنە ئۇسسىغاندەكمۇ قىلاتتىم، بىر پىيالە قىزىق چاي ئىچىۋالغۇم كەلدى. بىراق چاي دەملەشكە ئېرىنىپ قالدىم. ئېزىلەڭگۈلۈكنىڭ ئېغىر ھەم ناخۇش تۇيغۇلىرى مېنى چىرماپ كېتىۋاتاتتى.

مەن ۋۇجۇدۇمغا ئىسسىقلىق تارتىدىغان قىزغىن روھقا شۇنداق تەشنا بولۇپ كەتتىم.

ئېزىلەڭگۈ كەيپىياتقا شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتتىم.

ساپ كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلارنى، مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلەرنى شۇ قەدەر سېغىنىدىم. تەنھالىق مېنى ئالدىرىماي يەۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردە ئادەملەر ئارىسىدىكى پاكىز مېھىرنىڭ خۇمارىدىن يۈرىكىمنى قانداقتۇر بىر نەرسە تاتىلاۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم.

تېلېۋىزوردا بېرىلىۋاتقان ئېلانلارنى كۆرۈپ ياتقان شۇ دەقىقىدە تېلېفونۇم جىرىڭلىدى.

مەن ئىسسىق بىر ھاياجاندىن تەمتىرەپ تېلېفوننى ئالدىم.

يوقاپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان بىر بۇرادىرىم بولىدىغان، كىچىككىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئىدۇق. مەھەللىمىزمۇ بىر ئىدى. كېيىنچە جاھاننىڭ شاماللىرى ئىككىمىزنى ئىككى ياققا ئايرىپ تاشلاپ پات-پات كۆرۈشۈپ تۇرۇش ئارزۇيىمىزمۇ ئاسانلىقچە ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇچراشمىغىلىمۇ ئالتە ـ يەتتە ئاي بولۇپ قالغان بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ تېلېفوننى ئېلىپ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىم.

ئىسسىق ھاياجان نە ـ نەلەردىن سويلاپ كېلىپ كۆڭلۈمدە بىر يورۇقلۇق پەيدا قىلدى.

يالغۇزلۇقتىن تالجىققان روھىم سۆيۈنۈشلۈك بىر تۇيغۇدىن يايراپ كەتتى.

ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ شەپقەتنىڭ ئىسسىقلىقىغا نېمە يەتسۇن.

ئىسسىق مېھىرلىك ئاۋاز يۈرىكىمنى يەڭگىل ئەركىلەتكەندەك بولدى.

سادىق ماموتنىڭ ئاۋازى ئادەتتە مۇزلىغان چامغۇردەك سوغۇق ھەم يىرىك ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئىچكىرىدە ئوقۇيدىغان قىزىغا خەت يازىدىغاندا ئاۋازى يۇمشاپ، سىلىقلىشىپ، ئىسسىق ھەم نەمخۇشلىشىپ قالاتتى.

مەن سادىق ماموت ھەققىدە ئويلىغاندا شۇلارنى خىيال قىلاتتىم.

تېلېفوندا ماڭا چىرايلىق گەپ قىلىۋاتقان، چىرايلىق كۈلۈۋاتقان، ھەربىر تاۋۇشىدىن ئىككىمىزنىڭ يېقىنلىقىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىۋاتقان ئاۋازنى سادىق ماموتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ قېلىشتىن ساقلانسام ئوبدان بولاتتى.

— بارمۇ سەن ئاداش، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، تېلېفون نومۇرىڭنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىپسەن ـ ھە؟ دەپمۇ قويمىغىنىڭنى قارا. ئالدىراشچىلىقتا دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئالدىراش دېگەن بىلەنغۇ قىلغان ئىشنىڭ تايىنى يوق، يەنە شۇنداق ئالدىراشلا يۈرىمىزغۇ تاڭ. ھەممە جايدا قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. بىزمۇ شۇ رەڭ ـ بوياقچىلىق بىلەنغۇ، مۇنداق گەپ ئىدى، سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى. بىر يەردە كۆرۈشسەك بوپتىكەن.

مەن قوشۇلدۇم.

ئۇ ماڭا بارىدىغان جاينى ئېيتىپ بەردى.

مەن ناھايىتى ئالدىراش ئىشى بار ئادەمدەك پەلەمپەيلەردىن جىددىي تاقلاپ، تاراقلاپ پەسكە چۈشتۈم.

يول بويىدىكى تۆمۈر سالاسۇننىڭ يېنىدا ھېچكىم يوق ئىدى. بۇ جايدا ئادەتتە پېنسىيەگە چىققانلاردىن بىرنەچچىسى كەم بولمايتتى. سادىق ماموت ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ تۇگمەس پاراڭلىرىنى باشلاپ، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەيتتى.

بۈگۈن بۇ يەردە ھېچكىم يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سادىق مامۇتمۇ، ئابلاكامىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

ئەتىگەننىڭياقى تېلېۋىزوردىكى يالغان بىرنىمىلەرگە مەلىكە بولۇپ ئولتۇرغۇچە ئابلاكامىنى يوقلاپ كىرسەمچۇ. قانچە خۇش بولار ئىدى.

مەن ئاللىقانداق خىياللارغا بەند بولغىنىمچە ئاغىنەم بىلەن دېيىشكەن جايغا ئالدىراپ ماڭدىم.

نۆرغۇن ۋاقتىم تاكسى توسۇش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، بىرمۇ تاكسى توختىمىدى.

جىلە بولۇپ ئاخىرى پىيادە بېرىش قارارىغا كەلدىم. بۇ شەھەردە ماشىنا شۇنچە جىق بولسىمۇ ماڭا ئولتۇرغۇدەك بىرەر ماشىنا چىقمىدى.

بۇ شەھەردە ئادەم بىلەن ماشىنا ئەڭ كۆپ ئىدى.

خۇددى بۇ شەھەرنى ماشىنا بىلەن ئادەم بېسىپ كەتكەندەك. يەنە بىر قارىسا جاھاننى ماشىنا بىلەن ئادەم قاپلاپ كەتكەندەك. ماشىنا ئادەم... ئادەم ماشىنا...

مەن ئالدىراپ كېتىۋېتىپ كۆزىتىپ باقتىم. ئادەمدىن ماشىنا كۆپ ئىكەن.

ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئاخىرى دېيىشكەن يەرگە كەلدىم.

ئىككىمىز ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئادەملەر ئارىسىدىكى مېھىرنىڭ كۈچى قالتىس بولىدىكەن. خىزمەت، ئۆي، يەنە بىرنېمە ـ بىرنېمە دېگەنلەرنىڭ كەينىدىن پالاقلاپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇق. نۇرغۇن تاتلىق ئەسلىمىلەر يادىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلىمىزدە قالغىنى تايىنى يوق ئارمانلار بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق چاڭ-توزانلىرى بوپتۇ.

بۇرادىرىمنىڭ ئالىپتە كىيىنىشلىرى، چاچلىرىنى بوياپ باشقىچە ياسىنىشلىرى كۆزۈمگە سىغمىغىلى تاسلا قالدى. ئىمكان بار ئۇنىڭ ماڭا ياقمايدىغان تەرەپلىرىنى ئويلىماسلىققا تىرىشتىم.

بۇ جاھاندا ھەممە ئادەمنى ماڭا قاراپ ئادەم بول دېگىلى

بولمايدۇ.

ئۇنداق دېيىشكە ھېچكىمنىڭمۇ سالاھىيىتى توشمايدۇ.

ئۇنداق دېگەن ئادەمنى بىنورماللىقتا ئەيىبلىسە خاتا بولمايدۇ.

مەن جاھاننىڭ ئىشلىرىنى رايىم بويىچە بولسىكەن، دەپ ئويلاپ قېلىشتىن ساقلانمىسام بولمايدۇ.

شۇنداق ئويلىسام داۋاسىز خاپىلىقتا قالىمەن.

— بۈگۈن ئىككىمىزلا ئولتۇرايلى، دېيىشىدىغان گەپ بار.

ئاغىنەم ئېسىل قورۇمىلاردىن ئايىماي بۇيرۇتتۇەردى.

— بولدى قىلە، بۇنچىلا نەرسىنى قانداق يەپ بولىمىز.

— يەپ بولىمىز، ئېشىپ قالسا قالمامدۇ، ئاران بىر كۆ- رۈشكەندە.

مېنى پات-پات يېقىنلىرىم مېھمان قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

مەن بەزىدە يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قالىمەن.

ئاغىنەمنىڭ تاقىۋالغان قىزىل گالستۇكىنىڭ بىر يەرلىرى قاملاشمايۋاتقاندەك قىلاتتى... ئۇنىڭ ئاشۇ قىزىل گالستۇكى، چاچ پاسونى ماڭا باشقىچە بىلىندى.

راستىنى دېسەم كۆڭلۈم بىئارام بولۇپ قالدى. ئاق كۆڭلە- كىنىڭ ياقىلىرىدىكى سېزىلەرلىك كىرلەر كۆڭلۈمنى غەش قىلغان بولسىمۇ چاندۇرماي ئولتۇردۇم. پىلدىرلاپ تۇرغان كۆز- لىرىدىن جاھاننىڭ تۈرلۈك ھەۋەسلىرىدىن چارچاپ كەتكەن ئا- دەملەردە بولىدىغان بىر خىل ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

ھارمىغان، تالجىقمىغان ئادەملەر ئاز قالدى.

ھايات ھەممىمىزنى ئالدىراڭغۇ، جىلىخور، ئاچ كۆز قىلىۋې- تىپ باردۇ.

بىز سۈرەپ مېڭىۋاتقان تۇرمۇش ھارۋىسىنىڭ يۈكى كۈنسا- ناپ ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتىدۇ.

بىز ھارۋا سۈرەپ مېڭىۋاتقان يول كۈنسېرى كاتاڭ ھەم پات- قاق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

بىز سۈرەۋاتقان ھارۋىدا بىھۇدە، ئارتۇقچە نەرسىلەر بەك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



جىق. ئۇنى تاشلىۋەتسەك خەقلەر بىزنى سارالڭ دەيدۇ.
بىز كىرىۋالغان يول چاپلاشقاق پىتىقلار بىلەن بۇلغانغان. ئۇ يولدىن چىقىپ كەتسەك ئەتراپىمىزدىكى ھەممە ئادەم بىزنى ئېلىشىپ قاپتۇ دەيدۇ.
بىز خەقلەرنىڭ بىزنى ئۇنداق يا مۇنداق دېيىشىدىن قورقۇپ ئاشۇ يولدا ماڭىمىز، ئاشۇ يۈكلەرنى جېنىمىز چىقىپ كەتسىمۇ كۆتۈرۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىمىز.
ئاغىنەم كۈلۈپ تۇراتتى، كۈلكىسى شۇنداق يېقىشلىق، شۇنداق مۇلايىم ئىدى. بىز تەۋەززۇ بىلەن يېيىش، ئىچىشنى باشلىدۇق. تەزىم ـ تەۋەززۇ بار يەردە ئازادىلىك قېچىپ كېتىشكە ئاران تۇرىدۇ.
گەپ-سۆزلىرىمىز ئانچە قولاشمايۋاتقاندەك قىلاتتى. بەلكىم ماڭا شۇنداق تۇيۇلغاندۇ. مەن جىق ئىشلاردا غەلىتە ھېس قىلىدىغان خۇيۇمنى تاشلىسام بولاتتى.
— ئاداش، سېنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كېلىشتىن مەقسەت مۇنداق ئىدى، قەرز ئالماقچى ئىدىم، شۇنىڭغا بىر كېپىل بولۇپ بەرسەڭ.
مەن دىققەتتە چۆچۈپ كەتتىم.
— قەرز ئالىمەن، نىمىگە كېرەك بولۇپ قالدى.
— ماشىنا ئالايمىكىن دېگەن، قارا، بىزنىڭ ئىدارىدە بىر-نەچچەيلەن ماشىنا سېتىۋېلىپ تېرىسىگە سىغماي قېلىشتى، شۇ خەقنىڭ كۆزىدە مەنمۇ ئۇلارنىڭكىدىن ئاشۇرۇپ ئەڭ ئېسىلىنى ئالايمىكىن دەيمەنغۇ.
— شۇنداقمۇ، ئۆيۈڭ ئىدارەڭنىڭ ئىچىدىلىغۇ، بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟
— ئىدارىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ توختىتىپ قويسامىمۇ ھېساب دېگىنە. بانكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپمۇ قويدۇم، تېز بېجىرىپ بېرىدىغان بولدى.
— مۇشۇ ئىشمىدى، بۇنى تېلېفوندا دېسەڭمۇ بولىدىغان

گەپكەنغۇ، مۇنچە ئاۋارە بولۇشنىڭ نېمە هاجىتى.

— ئەمدى شۇنداقتىمۇ، هازىر جاھان مۇشۇنداققۇ، بىلىسەن.

— جاھان قانداقكەن.

— بىكارغا ئىش يوق، — ئۇ گېپىنى تۇگىتىپ سىرلىق ھىجايدى، تېنىم تىكەنلەشكەندەك بولدى.

بىر ئادەم بەكلا غېرىب بولۇپ كەتتى.

ئۇ ئۆيىدە قويۇق تاماكا ئىسى ئىچىدە ئولتۇرۇپ بىر ۋاراق قەغەزگە بىرنېمىلەرنى يازدى، ئاندىن تاماكىسىنى كۆچ بىلەن شوراپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ يازغانلىرىنى ئوقۇدى.

تۇگىمەيدىغان پۇلۇم بولسا ماڭا كۆلۈپ قارايدىغانلارغا بېرىۋەرسەم، كۆلكىسى يەنىمۇ تاتلىقلىشىپ كەتسە، تۈگىمەيدىغان بايلىقىم بولسا ماڭا قاپاق تۈرگەنلەرگە ئۆلەشتۇرۇپ بەرسەم، كۆلكىسىنى ئايىمايدىغان بولسا، ھەممىگە ئىللىق ھەم سەمىمىي تەبەسسۇم بىلەن قارىسا. پۇل دېگەن بۇ نەرسە نېمە قىلىسىمۇ مەيلىدى، ساپ، سەمىمىي قەلبلەر ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، يۈرەكلەرگە كىر قوندۇرمىسا بولاتتى.

ئۇ قولىدىكى قەغەزنى پۇرلاپ يىرتىۋەتتى. بۇنداق نەرسىلەرنى يۈرىكى پاكىز ئادەملەر ئوقۇيدۇ، ئۇلار بۇنى ئوقۇمىسىمۇ يۈرىكى پاكىز. بۇنداق نەرسىلەرنى يۈرىكى جاھاننىڭ لەش، پاتقاقلىرى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنلەر ئوقۇمايدۇ، ئوقۇسىمۇ ئۇلار ئۆچۈن بىمەنە ھەم ئەھمىيەتسىز تۇيۇلىدۇ.

شۇڭا...

بۇنداق گەپلەرنى دېگەننىڭ، يېزىپ يۈرگەننىڭ پەقەت پايدىسى يوق.

ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن پايدىسىمۇ يوق، زىيىنىمۇ يوق دېگەن يەرگە كەلدى.

ئابلاكام شۇ ھالدا نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ. يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ئابلاكامنى مەھكەم چىرماپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەمنى ھەرقېتىم كۆرسەم يۈرىكىم بىر ئېچىشىدۇ. بالىلىرى يېنىدا بولغان بولسىمۇ ئەتە ـ ئاخشىمى يوقلاپ تۇرار ئىدى.

ئادەم دېگەن قېرىسا سۈيى تۈگىگەن قۇدۇققا ئوخشاپ قالىدىغان گەپكەن.

قۇرۇپ قالغان قۇدۇق ئاسانلا خاراب بولىدۇ.

قۇرۇپ قالغان قۇدۇقنى خەقلەر ناھايىتى ئاسانلا يادىدىن چىقىرىپ قويىدۇ.

ھەممىمىز ئاخىرى قۇرۇپ قالغان قۇدۇققا ئوخشاپ قالىمىز. قۇرۇپ قالغان قۇدۇققا ئايلىنىمىز.

يەكشەنبە كۈنى ئابلاكامنى چاقىرىپ مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئالدىنقى قېتىم مەست بولۇپ كېتىپتىمەن، ئۇ قانداق كەتتى، مەن قانداق قايتتىم، پەقەت يادىمدا يوق. بۇ قېتىم ئۆيگىلا چاقىرىپ تاماق يېيىشكەچ ھال ـ مۇڭ بولۇپ ئولتۇراي. ئابلاكامدەك ياخشى ئادەملەر بويۇن قىسىپ قالسا بولمايدۇ. ئابلاكام بىلەن شۇنچە يېقىن ئۆتۈپتىمىز، دېيىشمەيدىغان گېپىمىز يوق، بۇ ئادەمنىڭ بىرەر قېتىم باشقىلارنى تىللىغىنىنى، يا ماختىغىنىنى ئاڭلىماپتىمەن. مەن ئابلاكامنىڭ مۇشۇ خۇيىنى دورىيالىسام بولاتتى.

ئابلاكامنىڭ چىرايىنى يېقىملىق پۈرۈشتۈرۈپ:

ــ ئەسلى ئىچمىسەك ئوبدان بولاتتى، بىراق ئامال يوق ـ دە، ــ دېگەن گېپى تېخى ھېلى دېگەندەك پات ـ پات قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلىنىپ قالىدۇ.

پېشكەللىك تولا يۈز بېرىدىغان تۇرمۇشۇمدا يەكشەنبىگە توغرىلىنىپ بىرەر زۆرۈر ئىش چىقىپ قالمىغىيدى.

* * *

ئابلاكام كاللا ـ پاقالچەككە ئامراق ئىدى. يەكشەنبە ئەتىگەندە تەييار كاللا ـ پاقالچەك ئەكىلىش ئۈچۈن بازارغا چىقتىم،

سۇلياۋ خالتىدىكى پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ قايتىۋاتـ-
ـسام بىرسى چاقىرىپ قالدى. ئاۋازنى تونۇپ ئۆرۈلۈپ قارىسام،
ئۇ بىر تاتلىق كۇلۇپ ئالدىمغا كەلدى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز، كۆرۈنمىدىڭىزغۇ.

— بار، يەنە شۇ ئىشخانىنىڭ ئىشلىرى بىلەن يۈرىمىز، بۇ-
رۇنقىغا ئوخشاش.

ئۇنىڭ كۇلكە ئويناپ تۇرغان چىرايى يۈرىكىمنى ئىللىتىپ
ئۆتتى. ھەممە ئادەم مۇشۇنداق كۇلۇپ ياشىسا قانداق ياخشى. مەن
ئۇنىڭ ئوماق چىرايىغا قاراپ ئايالىمنىڭ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ
يۈرگەنلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم.

يۈرىكىمنىڭ ئەنسىز سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— دۇكان ئېچىۋالدىم، خىزمەت ساقلاپ تۇرسام ۋاقتىم بەك
ئۆتۈپ كەتكۈدەك، ھېلىمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن دەپ ئالتە
يىل، خىزمەت چىقىپ قالار دەپ ساقلاپ بەش يىل ۋاقتىم ئۆتۈپ
كېتىپتۇ، بايا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن دەپ يۈرمىسەممۇ بوپ-
تىكەن، بىرمۇنچە ۋاقتىم كەتتى، كەتكەن چىقىملارنىغۇ دېمەيلى
قويايلى.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ قىلغان تىجارەت
بىلەن ئوقۇماي قىلغان تىجارەت ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. سىز چو-
قۇم ئۇتۇپ چىقىسىز. مەن قاراشقۇدەك ئىش بولسا دەڭ.

ئۇنىڭ چىرايىدىكى مېھرىلىك تەبەسسۇم مېنى ھاياتنىڭ
باھارىغا باشلاپ كىرگەندەك بولدى.

— ۋاقتىڭىز بولسا دۇكانغا بېرىڭ، مۇشۇنداق مەدەت بېرىپ
قويسىڭىزمۇ ھېساب.

ئۇنىڭ كۇلكىسى يۈرىكىمنى ئۆرتىۋەتتى.

ئۇ نەچچە قەدەم مېڭىپ بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— ھە راست، تېلېفون نومۇرۇمنى ئۆزگەرتكەن، كىرگۈزۈ-
ۋېلىڭ، — دېدى كۇلۇپ تۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شېرىن بىر سېزىم ۋۇجۇدۇمغا تارىدى.
يەڭگىل، تاتلىق ھاياجان يۈرىكىمنى سۆيۈپ ئۆتتى.
كەلسەم خوتۇنۇم چوڭ ئۆيگە مېھمىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانىكەن.
— بۈگۈن مېھمىنىم بار، سىرتقا چىقما.
— نىمە مېھمان ئۇ.
— ئابلاكامنى چاقىرىمەن.
خوتۇنۇم گېپىمنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
ئۇنىڭ كۈلكىسىدە مەسخىرە بار ئىدى.
ئۇنىڭ كۈلكىسىدە ئادەملەر ئارىسىدىكى زەھەرنىڭ ئاچچىق سېزىمى بار ئىدى.
باشلىقىمنى چاقىرىمەن دېگەن بولسام ئۇ بۇنداق كۈلمەيتتى.
باشلىقىڭنى چاقىرايلى دېگەن بولسام ئۇ بۇنىڭدەك كۈلمەيتتى.
— ئا... قويۇڭا، بىكار قالغان بولسىڭىز باشقا ئىش قىلمامسىز، نىمە قىلاتتىڭىز ئۇنى مېھمان قىلىپ.
— ئۇنى مېھمان قىلسام بولمامدىكەن؟
— بولۇشىنغۇ بولىدۇ، بىراق نىمىشقا مېھمان قىلىسىز بىكاردىن ـ بىكار؟
ئۇنىڭچە بىر ئادەمنى بىكاردىن ـ بىكار مېھمان قىلسا بولمايدىكەن. جىنىم سىقىلىپ خوتۇنۇمنىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرىغا ئەلەم بىلەن تىكىلدىم. مەن ئاجايىپ ئادەملەر ئارىسىدا ياشاۋېتىپتىمەن.
مەن نىمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. راستلا نىمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم.
— ئابلاكام بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن. شۇڭا چاقىرىمەن.
— كۆڭۈل دېگەن نىمىتتى ئۇ... ھە بوپتۇ، سىرتتا مېھمان قىلىڭ. بىرەر قاۋاقخانىغا باشلىسىڭىز بولار، ئۆينى سېسىق پۇراتماي.
— بولدى، ئەتىگەندە ئىچىمنى پۇشۇرماي بارىدىغان يېرىڭگە

مالىڭ، ما ئەھۋالدا سىنىڭ بولغىنىڭدىن بولمىغىنىڭ ياخشىكەن، ئابلاكام كۆڭلى نازۇك ئادەم، قاپاق تۇرۇۋالساڭ دىلىغا ئازار يېـ-تىپ قالىدۇ، ئۇنى ئۆزۈملا كۆتەي.

خوتۇنۇم بىرنېمە دەپ بولغۇچە يان ئۆيدىكى تېلېفون جىـ-رىڭلىدى. ئالدىراپ تېلېفوننى ئالغان ئايالىم ماڭا ئىما قىلدى:

— سىزگە كەپتۇ.

تېلېفوندىن ئوغلۇمنىڭ مۇئەللىمىنىڭ تېز - تېز سۆزلىـ-گەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئوغلىڭىزغا مەسئۇل بولامسىز- بولمامسىز؟

مەن تەمتىرەپ كەتتىم، ئىچىمگە بىرتۇرلۇك ئاچچىقلىق يا-ماشتى. بۇنى قورقۇشقىمۇ، غەزەپكىمۇ ئوخشاتقىلى بولمايتتى.

— ئەلۋەتتە مەسئۇل بولىمەن.

— قانداق مەسئۇل بولىسىز؟

— زادى نېمە ئىش بولدى؟

— ئوغلىڭىز باشقىلارنى ئۇردى، سىنىپتا جېدەل تېرىدى، مەن كۆندە ئوغلىڭىزنىڭ جېدىلىنى سورايمەن، ئۇ ماڭا ئارامچىـ-لىق بەرمىدى. تاياق يېگەن بالىنىڭ ئانىسىنى تېخى ھېلى يولغا سالدىم، ھۆكۈمەت بەرگەن يەكشەنبىدىمۇ كىشىگە ئارامچىلىق بولمىسا قانداق گەپ بۇ.

ئوغلۇمنىڭ مۇئەللىمىنىڭ تەلەتىدەكلا سالقىن، كىشىگە مۇزدەك سىيرىم بېرىدىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا يىڭنىدەك سانجىلىپ تۇراتتى.

— سىزچۇ؟ سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز بارمۇ- يوق؟

ئاۋازىم قاتتىق چىقىپ كەتتى.

ئايالىم يېنىمدا تۇرۇپ يىگىمنى تارتىپ قويدى، شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ياۋاش بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم، مەن بۇ مۇز تەلەت مۇئەللىمگە ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىم بىلەن ئوغلۇم كۆندە شۇنىڭ قولىدا بولىدۇ، مەن ئەتىدىن كەچكىچە ئۇنى قوغ-دىيالمايمەن- دە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تېخى ئەمدىلا ئويغىنىپ يۈزنى يۇيۇشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ئوغلۇمنى رەسمىي سوراققا ئالدىم:
— سىنىپتا نېمىدەپ جېدەل تېرىدىڭ؟
— مەن جېدەل تېرىمىدىم.
— ئەمىسە مۇئەللىمىڭ يالغان گەپ قىپتۇ ـ دە، ماڭا.
— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
— ماڭا ھەممىنى دە، زادى نېمە ئىش بولدى؟
— سىنىپىمىزدىكى ئەركىن مېنىڭ چېچىمنى تۇتۇۋېلىپ سۆرىدى.
— ئاندىنچۇ.
— قويۇپ بەر دېسەم ئۇنىمىدى.
— ئاندىنچۇ.
— بۇرنىغا بىرنى قويدۇم، ئۇنىڭ بۇرنى قاناپ كەتتى.
— بىغەرەز، سەن ئۇرۇپ يۈرگىچە مۇئەللىمىڭگە دېسەڭ بولمامدۇ؟
— مۇئەللىمگە دېسەم بەربىر مەن تاياق يەيتتىم.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— ئۇ ئەركىنگە ئامراق، ماڭا ئۆچ.
— بۇ قانداق گەپ بولدى؟
— ئەركىن دېگەن باينىڭ ئوغلى، شۇڭا مۇئەللىمگە دېسەمۇ يەنە تاياقنى مەن يەيمەن، شۇڭا دېمەيلا ئۆزۈم ئۇردۇم.
— ئۇ قايسى باينىڭ ئوغلىكەن؟ — گەپكە ئارىلاشماي تۇرغان ئايالىم سورىدى.
— مەن نەدىن بىلەي، ئىشقىلىپ ئۇنى كۈندە دادىسىنىڭ ماشىنىسىدا ئەكىلىدۇ، كەچتە يەنە دادىسىنىڭ ماشىنىسىدا ئەكېتىدۇ، مۇئەللىممۇ ئۇنىڭ دادىسىنى كۆرسە ئالدىغا چىقىدۇ، ئىشقىلىپ مەن ئەركىنگە ئۆچ.
— ئۇنىڭغا نېمىشقا ئۆچ بولىسەن؟
— ئۇ دېگەن باي، مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

مەن داڭ قېتىپ قالدىم، تېخى ئەمدى ئون ياشنىڭ قارىسى-نى ئالغان ئوغلۇمنىڭ گەپلىرىدىن كاللام قوچۇلۇپ كەتتى. مەن جاھاندىكى جىمى پاكلىق مۇجەسسەم دەپ يۈرگەن بىر يۈرەككە كىر قونۇشقا باشلاپتۇ. مەن جەننەتنىڭ يۇلتۇزلىرىغا ئوخشايدۇ، دەپ يۈرگەن قارا كۆزلەردە ھېلىتىن نەپرەتنىڭ يىرگىنچلىك شولىسى پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىدە باي ۋە كەمبەغەل دېگەن ئۇقۇم پەيدا بولۇپ بوپتۇ، ھەممىدىنمۇ يامىنى كىچىككىنە بالى-نىڭ يۈرىكىدە ئۆچمەنلىك ئوتىنىڭ پەيدا بولغىنى ئىدى.

قارىسام ئايالىمنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولۇپتۇ.

— مۇئەللىمنىڭ مۇنداقلا نوقۇپ، سىلكىپ قويغىنىنى ئۇردى دېگىلى بولمايدۇ. سەنمۇ كۆكەملىك قىلما بالام.

ئوغلۇم ماڭا ئاچچىق بىلەن ھومىيىپ قويۇپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

— نەچچە يىل چىدىغىن، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقساڭ ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

— مەن ئوقۇمايمەن.

مەن ئوغلۇمنىڭ تۇرۇك قاپاقلىرىغا، پەرىشان چىرايىغا قاراپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭغا مەكتەپ دېگەننىڭ بىلىم باغچىسى، ئىلىم - مەرىپەت كانى ئى-كەنلىكىدەك، مەن بالا ۋاقلىرىمدا ئىپتىلىدىغان سۆزلەرنى دې-سەم قايىل بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

— مېنى تەڭلىككە سالمىغىن، بالام. راست گەپنى دېسەم بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ياخشى ئىشلار ئادەمنىڭ قىلغۇسى كەلمەيدىغان ئىشلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھەممىلا ئادەم چىداپ ئو-قۇۋاتىدۇ، بۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭ مېنى قىيناپ قويىسەن.

خوتۇنۇم ئوغلۇمنى ئېلىپ چوڭ ئۆيگە كەتتى.

مەن جىمجىت ئولتۇرۇپ نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدىم. بۇ جاھاندا ياشىماق نېمانداق تەستۇ. قانداق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق تەبىئىي يۈرۈشىدىغان، يەڭگىل بىر ئىشلارمۇ بارغانسېرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مۆرەككەپلىشىپ، تەسلىشىپ جاننى قىينايدىغان بولۇپ كەتتى. كىچىك باللارنىڭ ئۆرۈشۈپ قېلىشى، بىر-بىرىدىن تاياق يې-يىشى ئادەتتىكى ئىش. شۇ سەبىپلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ ئادالەتنىڭ قېچىپ كېتىشى يامان ئىش.

كاللام زىڭىلداپ كەتتى. دېرىزە ئالدىغا بېرىپ ناھايىتى ئۇ-زۇن تۇرۇپ كەتتىم.

ئابلاكامغا تېلېفون بەردىم، تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم چىق-مىدى. مەن بىرنېمىدىن ئەنسىرىگەندەك تار پەلەمپەيلەردىن تاراقلاپ چۈشۈپ ئابلاكامنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەخمەتجان، ئەتىگەندە نەگە ماڭدى-ڭىز، سىزنى ئۇچراپ قالار دەپ خېلى بولدى ساقلىغىلى، خەن-زۇچىغا ئۆرۈيدىغان بىرنېمە بار ئىدى، شۇنى ھازىرلا بىر جايلاپ بەرگەن بولسىڭىز، ئاندىن...

— ھازىر ئابلاكامنى ئىزدەپ مېڭىشىمتى...

— ئابلانى دەمسىز، نېمە قىلار بولغىيدىڭىز ئۇنى ئىزدەپ، ئادەم ئالدىرىغاندا... ئۇ يېتىم كۆرۈنمىگىلى بەش-ئالتە كۈن بو-لۇپ قالدىغۇ... بىر قورۇدا ئولتۇرىمىز بولمىسا... ھە راست، ئۇقتىڭىزمىكى، يېقىندا سۇ پۇلىنى يەنە ئۆستۈرۈپتۇدەك، ئىچى-دىغان سۇ بىلەن ئەۋرەز سۈيىنىڭ باھاسى تەڭ ئۆسۈپتۇ، جان باققىلى بولمامدۇ- نېمە...

ئۇ بىرنېمىلەرنى دېگەچ كەينىمدە قېپقالدى.

مەن ئابلاكامنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ مېڭىۋېتىپ ئادەمدەك يا-شىمىسام بولمايدىغانلىقىنى، ئادەمدەك ياشاشنىڭ بەك مۇھىملى-قىنى، ھەم تەس ئەمەسلىكىنى بىلگەندەك بولدۇم.

تار يولدىكى قېرى تېرەكلەرگە قونۇۋالغان قۇشقاچلارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىناتتى.



# قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسى

ئۇ نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا دۆڭباغدىن كەلگەن ئاغىنىسى بىلەن ھاراق ئىچىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن توپتوغرا ئۈچ كۈن ئۇخلىدى. شۇ چاغدا ئايالى ئۇنىڭ ئالدىغا خۇش چىراي چىققاندى. ئايالىنىڭ سۇزۇك چىرايىدا جانغا ئارام بېرىدىغان بىر كۈلكە بار ئىدى. خوتۇنى ھەرقېتىم كۈلگەندە سادىرنىڭ جېنى يايراپ ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. بەزى چاغلاردا ئۇ ئايالىنىڭ يۈزىدىن ـ يۈزىگە: «ئەگەر سېنىڭ مۇشۇ كۈلكەڭنى دېمىسەم سېنى بۇرۇنلا قويۇۋېتەتتىم» دېگەنىدى. كېيىن يەنە: «ئەگەر سېنىڭ مۇشۇنداق كۈلكەڭنى دېمىگەن بولسام سېنى ئالمىغان بولاتتىم» دېگەنىدى. خوتۇنىمۇ ئۆزىنىڭ تاتلىق كۈلىدىغانلىقىنى بىلسە كېرەك، ئېرىنى كۆرگەن ھامان شۇنداق چىرايلىق كۈلۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭغا ئەركىلەيتتى. خوتۇننى قوغلىۋېتىپ بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كۆڭلىدىكى بەك سوغۇقچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. تاڭ سەھەرنىڭ سوغۇق نۇرىدا ئۆيگە ئەمدى يورۇغان چاغدا ئويغىنىپ كېتەتتى، شۇنداق چاغلاردا ئۇ ئاچچىق كىر ھىدى كېلىۋاتقان سامان تەكىيىگە يۈزىنى يېقىپ ياتقىنىچە ناھايىتى مۇھىم بىرنېمىسى كەملەپ قالغاندەك سېزىپ قالاتتى. خوتۇنى كېتىپ بىر ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئۆزى خۇمار بولۇپ قالغان كۆلكىنىڭ خوتۇنى بىلەن تەڭ غايىب بولغانلىقىنى بۇرۇن بىلمىگەنلىكىدىن بەك ھەسرەتلەندى.

يالغۇزلۇق ئۇنى بەك قىيناۋاتاتتى. كوچىدا، يوللاردا ئادەملەر شۇنچە جىق بولسىمۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئىگىسى باردەك ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. بارغانچە بىرىبىرەرسى بىلەن ھال - مۇڭ بولغىلى بولمايتتى.

ئۇ ئۆزىنى نۇرغۇن دەردى بار ئادەمدەك ھېس قىلىپ بەكمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كەتتى.

كىچىك دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان دەملەردە ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىماي قاتتىق ئۇيقۇغا كەتسەم، دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما قېرىشقاندەك پەقەت ئۇيقۇسى كەلمەيتتى.

جاھاندا دەرد تارتىپ ياشاۋاتقان ئادەم مەنلا ئەمەس.

ئۇ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن شۇلارنى ئويلىدى. ئارقىدىن يەنە:

ئادەم دېگەن خوتۇن ئېلىش ياكى خوتۇننى قوغلىۋېتىش دېگەندەك بەزى ئىشلارنى قىلسا بولىدۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. بىراق ئويلىغانلىرى ئۆزىگە ياقمىدى. بۇنداق ئويلاش ئۇنىڭغا بەئەينى ئۆزىنى ئالداشتەك تۇيۇلدى.

ئۇ مۇشۇ ئويلىرىنى ھېلىقى توكۇرغا دېمەكچى بولۇپ دېيەلمىدى.

ئۇ خوتۇننى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنى تولا خىيال قىلد-

ـدىغان بولۇپ قالدى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مېڭىۋاتقاندا يەنە خوتۇننى ئويلاپ قالدى. ھەرقېتىم بىر ياقىقا ماڭغان چاغلاردا خوتۇنى يادىغا يېتىپ قالاتتى. مەن ئەمدى ئۇ خوتۇننى ئويلاپ يۈرسەم بولمايدۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە نەچچە قېتىم شۇنداق دېدى.

خوتۇنى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەسلىمەسلىك ـ نى ئويلىسىمۇ خوتۇنىنىڭ كۈلكىسى، بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىد ـ غانلىرى پەقەت يادىدىن چىقمايتتى.

مەن ئۇ خوتۇنغا ئۇۋال قىلىپ قويدۇم.

ئۇ ئاخىرى شۇنداق ئويلىدى.

مەن خوتۇنۇمنى يادىمدىن چىقىرىۋەتسەم بولاتتى.

ئۇ نۇرغۇن ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ توي قىلغانلىقىنىڭ توغرا يا خاتا بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئۆتكۈزۈۋەتتى. زادى مېنىڭ توي قىلىشىم، خوتۇن ئېلىشىم توغرىمۇ، دېگەن مەسىلىنى بەك ئۇ ـ زۇن ئويلاپ يۈردى. ئارقىدىن جاھاندىكى ھەممە ئادەم خوتۇن ئالغاندىكىن مېنىڭمۇ خوتۇن ئېلىشىم توغرا بولدى، دېگەن يەر ـ گە كەلدى. شۇنداقتىمۇ تازا ئىشەنچ قىلالماي مۇشۇ كوچىدا ئول ـ تۇرىدىغان بىرسىدىن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن سورىدى. بۇ ئا ـ دەم قاچانلا قارىسا ئاغزىنى موتۇلدىتىپ بىرنېمىلەرنى دەپلا يۈ ـ رەتتى، نېمە دېگەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. خەقلەر ئۇنىڭدىن بەك ئەيمىنەتتى. بىركىم گەپ سورىمىسا گەپ قىلماي ـ دىغان، گەپ سوراپلا قويسا توختىماي گەپ قىلىدىغان بۇ كىشى ـ نىڭ ئىسمىنى جىق ئادەملەر بىلمەيتتى، بەزىلەر ئۇنى «ساقاللىق توكۇر» دەيتتى، بەزىلىرى مازاق قىلغاندەك «توكۇر ئەپەندى» دەپ قوياتتى، ئاغزى ئىتتىكرەكلىرى «جىنكەش» دەپمۇ قوياتتى. ئۇ ـ نىڭغا ساقاللىق توكۇر دېگەندىن، ساقاللىق ئەپەندى دېگەن گەپ بەكرەك ياقاتتى.

ئۇ قايسى بىر ئاغىنىسىنىڭ تويىدا ھاراق ئىچىپ تازا مەست

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولغاندا يەنە خوتۇن ئېلىشنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ھەققىدىكى ئويلىرى كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇدۇللا ساقاللىق توكۇرنىڭ ئۆ-يىگە كىردى. نەچچە كۈن ئىلگىرى بىر ئاغىنىسىدىن ئۆزىنىڭ خوتۇن ئېلىشىنىڭ توغرا يا خاتا بولغانلىقىنى تازا بىلەلمىگەن-لىكىنى ئېيتقاندا ھېلىقى ئاغىنىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئۇن-تىنسىز كېتىپ قالدى. ئۇ ئاغىنىسىنىڭ ئۆزىگە ساراڭغا قارى-غاندەك بىر نەزەردە تىكىلىشلىرىدىن ھەممىنى چۈشەندى. بىر-كىمدىن بۇنداق سوئالنى سورىسا بولمايدىكەن. بىراق يەنە ھە دېسىلا ھېلىقىدەك سوئاللار ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ زادىلا ئارام بەرمەيتتى. بۈگۈن شىركەيپىلىكتە ساقاللىق ئەپەندىدىن بىر جاۋاب ئېلىپ كۆڭلىنى تىندۇرۇشنى ئويلاپ بۇ يەرگە كەل-گەنىدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ يېنىغا باغلاپ قويۇلغان سېرىق ئىتنىڭ داپشىشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي كاللىسىدىكى چىگىشلەرنى سا-قاللىق توكۇردىن سورىدى. بەزى ئادەملەرنىڭ ئانچىكى ئىشلار ئۈچۈنمۇ ساقاللىق توكۇردىن ئاھانەت ئىشتىكەنلىكىنى ئاڭلىغا-نىدى. شۇڭا ئۇ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئەدەپ ساقلاپ ئولتۇ-رۇشنى يادىدىن چىقارمىدى. ئۇ كىشى سادىرنىڭ گېپىنى سەۋر-چانلىق بىلەن ئاڭلاپ، سادىرنىڭ خوتۇن ئېلىشىنىڭ توغرا بول-غانلىقىنى دەپ بەردى. سادىر شۇندىلا يېنىكلەپ قالدى. ساقاللىق ئەپەندى ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىشىنىڭ توغرىلىقىنىلا ئەمەس، يەنە-بىر ئەركەك ئولتۇرسا ـ قوپسا خوتۇن كىشىنىلا خىيال قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىرمۇنچە مىساللار بىلەن چۈشەندۈردى. ئاندىن كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ئادەم بىلەن كاللىسىنى ئىشلەتمەيدىغان ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئىككىسىنىڭ پەرقى توغرىسى-دىمۇ نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ بەردى.

ساقاللىق ئەپەندى بىلەن ئىككىمىزنىڭ بەزى ئويلىغانلىرى-مىز بىر يەردىن چىققىدەك ئوخشايدۇ.

ئۇ ساقاللىق ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا شۇلارنى ئويلىد-

ـدى. مەستلىكى پۈتۈنلەي يېشىلىپ كەتكەندى.

ئۇ خوتۇنۇمغا ئۇۋال قىلدىم، دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى كېيىنچە ھېس قىلغانىدى.

يولدا ئادەم شالاڭ ئىدى. ئۇ كىرىپلا كۆڭلىگە غەشلىك يا- ماشقانلىقىنى ھېس قىلدى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئىچىشنى باشلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئاغى- نىسىنىڭ ئالدىدىكى توخۇ قوردىقىنى كۆرۈپ سەل بىرقىسما بو- لۇپ قالدى.

— ھەرنېمە بولسا كەلدىڭ. يۇقىرى ئۆت.

بۇ تار قاۋاقتا يۇقىرىنىڭ، تۆۋەننىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئىشىكنىڭ يېنىغىلا قويۇلغان يۇمىلاق ئۈستەل كىچىكلىكىدىن بىر لېگەن توخۇ قوردىقى قو- يۇش بىلەن لىققىدە تولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئۇنىڭ كۆرۈشۈش ئۈچۈن سۇنغان قوللىرىغا قاراپمۇ قويماي غۇدۇرىدى:

— قېنى ئاله، تارتىنما... بۇنى ئىلىپ غىڭ قىلماي كۆتۈ- رۈۋەت، كېچىكىپ كەلدىڭ.

ئاغىنىسى ناھايىتى قەتئىي كۆرۈنەتتى. نۇرسىز كۆزلىرى ئۇنىڭغا رەنجىش ئالامەتلىرىنى يوشۇرالمىغان ھالدا تىكىلگەنى- دى. ئۇ گەپ قىلماي گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. ھاراقنىڭ سىپسىقلى- قىنى تۇنجى قېتىم بىلىۋاتقاندەك قېقىلىپ، سەسكىنىپ كەتتى.

— تۇزۇك كۆتۈرۈپ قويىسەن ھە، قېنى ئەمدى مۇنۇنىڭدىن ئال.

ئاغىنىسى قىزىل خېتى بار يالتىرىقى ئىلىۋېتىلمىگەن چوكىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئۇ كۆك مۇچ بىلەن ياغىيۇ ئارىلاشتۇ- رۇپ قورۇلغان توخۇ قوردىقىغا قاراپ قويدى.

ئۇ ئىچ باغرىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى، قىزىق ھەم ئاچچىق بىر سىزىمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاستا-ئاستا تاراۋاتقانلىقىنى سەزگە- نىچە تېشىغا پۈۋلىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



كۆزنەكلىرى كىچىك دېرىزىدىن بىپايان دۇنيا كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇ ئوڭايسىز بىرھالدا كۇلۇمسىرىدى. ئاغىنىسى بىر-كىملەرنى ئاسانلىقچە كۆزگە ئىلمايدىغان بىر رەۋىشتە كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

چوڭ يولدىن لىق بىر كوزۇپ قاقشال ئوتۇن بېسىلغان تىراكتور ئۆتۈپ كەتتى. ئوتۇننىڭ ئۇستىدە يۇزىنى يۆگىۋالغان بىرەيلەن دۇمچىيىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئەر-ئاياللىقىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى دەز كەتكەن پىيالىدىكى هاراقنى غۇر-تۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى، ئۇ بىركىم بىر يېرىنى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك چىرايىنى ئازابلىق پۇرۇشتۇرۇپ تېشىغا يۇۋۇلدى. ئاندىن يانغا بۇرۇلۇپ شالاقىدە تۈكۈرۈۋېتىپ غەلىتە بىر ئاۋازدا:

— يا.. نېمانداق سېسىق نېمە بۇ... — دېدى ۋە قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى ئېرتىپ بولۇپ غودۇڭشىدى:

— ئىككىمىز هاراق تاشلىساق بولاتتى.

ئاغىنىسى شۇنداق دەۋېتىپ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى.

— مەنغۇ ئۆچ بۇ بىرنىمىگە. بىراق يەنە تاشلىيالمىدىم. هاراقنىڭمۇ خۇمارى بارمىدۇ؟

— ياق، هاراق ئادەمنى خۇمار قىلمايدۇ.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى پات-پات سىرتقا قاراپ قوياتتى. بىرەرسىنىڭ كېلىشىنى ساقلاۋاتسا كېرەك. قاۋاقنىڭ ئىچىنى دەمنى سىقىدىغان ئېغىر بىر هىد قاپلاپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئاغىنىسى بىلەن قاچان كۆرۈشكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەندە يەنە يىگىرمە كۈندىن كېيىن مىنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم بولىدۇ، دېگەندەك قىلغان. شۇ چاغدا ۋاقتىنى ئېنىق سورىۋالمىغانىكەن. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشىمۇ يا تېخى كەلمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى بولمىسا دەل مۇشۇ كۈندە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇ جىق بىر ئىشلارنى يادىدا تۇتالمايدىغان بولۇپ قالغىد-
ىنىنى بىركىم بىلىپ قالمىسا بولاتتى، دەپ تولا ۋايىم يەيتتى.

ساقاللىق ئەپەندى كالىلىسى ئىشلىمەيدىغان ئادەم بىلەن
كالىلىسىنى ئىشلەتمەيدىغان ئادەمنىڭ پەرقى توغرىلىق ئۇزۇن
سۆزلىگەن شۇ كۈنى يەنە ئالاھىدە سەۋەب بولمىسا تۇغۇلغان كۈن
ئۆتكۈزۈشنىڭ تازىمۇ تايىنى يوق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى دېگەنـ
دەك قىلغان. مۇنۇ ئاغىنىسىگە ساقاللىق ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى
دەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بەزى گەپلەرنى ئاڭلاشقىلا بولىدۇ، ئۇدۇل
كەلگەن يەردە دېگىلى، يا بولمىسا شۇ گەپ بويىچە ئىش قىلغىلى
بولمايدۇ.

— قاچان كىرگەنىدىڭ؟

— ئەتىگەن كىرگەن، مۇشۇنىڭ بىلەنلا ناشتا قىلىۋەتتىم.

— بۇنداق قىلساڭ زىيىنى بار، جىنىڭغا كۆيمەيدىكەنسەن
جۇمۇ.

— بۇ جاننىڭ كۆيگۈدەك يېرى قالمىدى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى تاماكا ئىسىنى بۇرنىدىن پۇرقۇپ تو-
رۇپ شۇلارنى دېدى، ئاندىن توخۇ گۆشىنى مالاچلىتىپ چاينىغاچ
بويىنىنى سوزۇپ ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان كاۋاپچىدىن سورىدى:

— بۇ قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسىغۇ ھە؟

— شۇنداق، قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسى.

— ئۇ ئۆزى قېنى، كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار ئىدى.

— تاڭ، مەن كۆرمىدىم.

كاۋاپچى بىپەرۋا ھالدا شۇنداق دەپ قويدى. ئۇنىڭغا گەپ
خۇشياقمايدىغاندەك قىلاتتى. كاۋاپچىنىڭ چىرايىدا كۈلكە قېتىپ
قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاۋازىدىن سوغۇقلۇق، بىزارلىق چىقىپ
تۇرغاندەك ئىدى.

ئۇ نېمىدۇر بىرنېمىنى يادىغا ئالغاندەك كاۋاپچىنىڭ چىرا-
يىغا لەپپىدە قاراپ قويدى. بۇ چىرايىنى ئىلگىرى بىر يەردە
كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يا بولمىسا بىرەرسىنىڭ چىرا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



يىغا ئۇخشىتىپ قالدىمكىن. ئۇ كاۋاپچىنى كۆرگەندىن كېيىن مۇشۇنداق كۈلۈپ تۇرىدىغان بىرسى ئۆزىنى ئۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئۇرغان ئادەمنىڭ چىرايىنى ھەرخىل تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتى. بىراق ھېچ قايسىسىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئۇنىڭ كۆپىنچە ئويلايدىغىنى ياسىن تاتۇقنىڭ پىچاق ئىزى قېپقالغان سۇرلۇك چىرايى ئىدى. خەقلەر ياسىن تاتۇق ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپ تۆلىيەلمىگەن پۇلنىڭ بەدىلىگە يۈزىنى تىلىپ بەرگەن، دېيىشىدىكەن. ياسىن تاتۇق بۇ يەردىن يوقاپ كەتكىلى نەچچە يىل بولدى، بىراق ئۇ ئۆزىنى ئۇرغان ئادەمنىڭ چىرايىنى جىق چاغلاردا ياسىن تاتۇققا ئوخشىتىپ ئويلايتتى. كاۋاپچىنى كۆرۈپ مۇنۇنىڭدەك يا كۈلگىنىنى، يا ئاچچىقلىغىنىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان بىرەرسى بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

كاۋاپچى ھېچنېمىلا تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

كۈلكە چىرايىغا سىڭىپ كەتكەندەك ئىدى.

بۇ كاۋاپچىنىڭ كۈلكىسى خوتۇنۇمنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن. بۇنىڭ كۈلكىسى يالغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر بىركىمگە بىر كىم بىكارغا كۈلۈپ بەرمەيدۇ. مۇنۇ بولسا بىكاردىن ـ بىكارغا كۈلۈپلا تۇرىدىغان نېمىكەن... ياتباش بىرسىنىڭ كۈلگىنىنى خوتۇنىنىڭ ئۆزى ئامراق كۈلكىسىگە ئوخشىتىپ سالغىنىدىن كۆڭلى سەل بىئارام بولۇپ قالدى.

— ئىككىمىز كۆرۈشۈپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدۇق. قېنى، ئىچىۋەتكىن.

ئاغىنىسىنىڭ ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇيقۇسىراپ كەتكەن ئادەمدەك تولا ئەسنەيتتى.

ئۇ ئاغىنىسىنىڭ ئىسمىنى يادىغا ئالالماي قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى پات-پات بويىنىنى سوزۇپ تالاغا قاراپ قويۇپ قوياتتى. سىرتقا باغلاپ قويغان ئېشىكىگە قاراۋاتسا كېرەك. ئۇ

ئاغىنىسىنىڭ ئەنسىز ھالىغا قاراپ شۇلارنى ئويلىدى. ھازىر بازار يېرىدە ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئات-ئېشەك دېگەندەك نېمە-لەرنى باغلىغىلى قويمايدۇ. باغلىغاندىمۇ يا بازار باشقۇرىدىغانلار كوچىنى پاسكىنا قىلدىڭ دەپ جەرىمانە ئالىدۇ يا بولمىسا دۇكى-نىمنى توسۇۋالدى، دەپ تىجارەتچىلەر ئارغامچىسىنى ئېلىۋېلىپ ئېشەكنى ھارۋىسى بىلەن قوشۇپ كوچىغا ھەيدىۋېتىدۇ، ئىگى-سىدىن ئايرىلىپ بېشى قېيىپ قالغان ئېشەك تىراكتور، ماشى-نىلار تولا ماڭىدىغان بازار كوچىلىرىدا تەمتىرەپ خالىغان تە-رەپكە كېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېشەك ئىگىسى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىق، بىرەر يىل يېتىپ ئاشقۇدەك ئەلەم ۋە قورساق كۆ-پۈكى تېپىۋالىدۇ.

ئاغىنىسى ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن قالغاندەك قىلاتتى. تۇ-رۇپلا خوتۇنى يادىغا يېتىپ قالدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان خوتۇنىنى قويۇۋەتكىنىم توغرا بولدىمۇ يا خاتامۇ دېگەننى ئويلاپ بىر باشقا ئەپچىقالمىدى. ئۇ بۇرۇندىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلايتتى، ئەم-ما ئاخىرىغا ئاپىرالمايتتى. ساقاللىق ئەپەندى خوتۇن ئېلىشنىڭ توغرا بولغانلىقىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي مېنىڭ خوتۇن ئېلىشىم توغرا بولسىمۇ بىراق مېنىڭ زادى ئاشۇ خو-تۇننى ئالغىنىم توغرىمۇ ـ خاتامۇ دېگەن خىيال ئۇنى ئۇزۇنغىچە قىيناپ يۈردى. ساقاللىق توكۇردىن يەنە سوراشقا جۈرئىتى يوق-تەك قىلاتتى. ئالدىنقى قېتىم ئۇ ئەركەك دېگەن ماڭسا-تۇرسا خوتۇن كىشىنىڭلا غېمىدە يۈرسە پەقەت قاملاشمايدىغانلىقىنى دېگەنىدى. ساقاللىق توكۇر ئىككى خۇيلۇق ئادەم، خۇشى تۇتقاندا توختىماي سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ قويغان بىلەن يەنە بىر خۇيى تۇتۇپ قالغاندا تىللاپ رەسۋايىنى چىقىرىشىمۇ ياكى بولمىسا قوغلاپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. خەقلەرنىڭ دېيىشىچە بۇرۇن مۇ-شۇنداق ئىش بولغان.

ئۇنىڭ كاللىسى قوچۇلۇپ كەتتى.

ــ ئەمدى ئىككى رومكىدا ئىچىمىز، قېنى مانى سەن

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com



ئال... ئىككىمىز هاراق تاشلىساق بولاتتى، بىر قول باغلىشىپ باقامدۇق ـ يە...

ـــ مەيلى، نېمىدىن تىكىشىمىز.

ـــ بولدىلا، كېيىن بىر گەپ بولسۇن، مەن بەرىبىر ئۇتتۇرىمەن.

ئۇ ئەرزان هاراقنىڭ بەتبۇي هىدىدىن سەسكەنگىنىچە پىيالىنىڭ دەز كەتكەن يېرىگە سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ مۇشۇ ئاغىنىسى بىلەن قاچان تونۇشۇپ قالغانلىقىنى شۇنچە ئەسلەپمۇ يادىغا ئالالمىدى. ئۇنىڭ بىلەن هاراق سورۇنىدا تونۇشۇپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. بولمىسا قانداق ئەسرالىشىپ قالغىنىمنى نېمىشقا بىلمەيمەن. ئۇ شۇنچە ئويلاپمۇ دۆشباغلىق ئاغىنىسى بىلەن زادى قاچان تونۇشۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي بەكلا بېشى قېتىپ كەتتى، ئارقىدىن بۇنى بىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقكەن، بەرىبىر ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ ئاغىنە بولۇپ قالدىم، دېگەن يەرگە كەلدى.

ئاغىنىسى كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ پىيالە هاراق ئىچتى. ئۇمۇ ئەگىشىپ ئىچتى.

ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىشقا باشلىدى. ئەتىگەندە هاراق سىڭمەيدىكەن، دېگەنلەرنى يادىدىن ئۆتكۈزۈپ مەيدىسىنى سىلاپ قويدى.

ئاغىنىسى ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئۆزرىخالىق ئېيتتى. دېيىشىچە، يېزىدىن كىرگەن بولغاندىكىن ئەسلىي ئۇنىڭغا تۇخۇم يەنە كۆكتات دېگەندەك نېمىلەرنى ئالغاچ كىرىشى كېرەككەن. ئۇمۇ شۇنداق قىلىشنى ئويلاپتىكەن، ئاغىنىسىنىڭ كۆكۈۋاشقا ئامراقلىقىنى، بولۇپمۇ قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرغان كۆكۋاشقا ئامراقلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ نۇرغۇن ئۆزرە ئېيتتى.

ـــ بۇ قېتىم كەلگەندە چوقۇم كۆكىۋاش ئالغاچ كېلىمەن، ياز يورۇغاندا خوتۇن ـ باللىرىڭ بىلەن سەهراغا چىقىپ بىزنىڭ ئۆيدە كەچلەپ كەلگىن، ـــ دۆشباغلىق ئاغىنىسى شۇنداق دەپ بولۇپ قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى.

— مەن خوتۇنۇمنى قويۇۋەتكەن.

— خوتۇنۇڭ يوقكەن-دە ئەمىسە... بۇنى بىلمەپتىمەن. شۇنداقتىمۇ ئۆيۈمگە ئەچىقسام بولاتتى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى سۆزلىگەچ پات-پات بويىنىنى قايرىپ كىچىككىنە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قوياتتى. ئاغىنىسىنىڭ ھە دېسە بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى تاراپ قويۇشلىرى، ئاندىن ھە دەپ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن قولىنى تىقىپ مۇرىسىنى تا-تىلاشلىرى ئۇنىڭغا پەقەت ياقمىدى.

— بىز ئەل - ئاغىنە بولغاندىكىن بۇنداق دەپ يۈرمە، سې-نىڭ ئۆيۈڭگىمۇ بىر كۈنى بارارمىز.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ كۈچ بىلەن شورىغاندىن كېيىن ئاغزىدىن، بۇرنىدىن ئىس پۇرقۇپ تۇرۇپ سول كۆزىنى قىسقىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ خىرىلدىدى:

— بىر كۈنى بارارمىز دە، قارا گېپىڭنى. سەن بىزنى سەھرالىق دەپ ياراتمايسەن ھە...

ئاغىنىسى شۇنداق دەپ قولىدىكى هاراقنى گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. سوۋۇپ كەتكەن توخۇ قورۇدىقىدىن قانداقتۇر كۆكۈلگە تېگىدىغان بىر پۇراق ئاڭقىيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ پۇراققا بەك ئۆچلۈكىنى، مۇشۇنداق بىر پۇراق دىمىقىغا ئۇرۇلسىلا كۆڭلى ئېلىشىپ ئارقىدىن ھېچنېمە يېيەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىدى.

ئۇ سەل نېرىدىكى كاۋاپچىغا قاراپ سورىدى:

— بۇنى كىم قورۇغان؟

كاۋاپچى چاققان قەدەملىرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ چىرايىدا قېتىپ قالغان كۈلكىسىنى يوشۇرمىغان هالدا ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى:

— قانداق دەيسىز... تەمى بىرقانداق بولۇپ قاپتۇمۇ؟

— ياق، بىلگۈم كەلدى، بۇنى كىم قورۇغان؟

— قەمبەرنىسا قورۇغان.

— ئۇ ئاشپەز ئوخشىمامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



— ياق، ئاشپەز بولمىسىمۇ قورۇشنى بىلىدۇ، ئىشقىلىپ مەن قورۇمىغان، مەن كاۋاپچىلىق قىلىمەن، كاۋاپتىن ئۇننى سالايمۇ؟

— ياق، كېرەك بولغاندا ئۆزۈم دەيمەن.

كاۋاپچى يورغىلاپ مېڭىپ ئىشىكنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇ چوڭ يولغا قاراپ ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى نەزەرىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى يانغا بۇرۇلۇپ تاماكا كۈلىنى پۈۋلە-ۋېتىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى. تاماكا كۈلى توخۇ قوردىقىغا چۈشۈپ كەتسە قانداق بولار...

— قەمبەرنىسانى سوراپ قالدىڭغۇ.

— سورىغۇم كەلدى.

— يا بايا خوتۇنىڭنىمۇ ئالغاچ كەلمەيسەن، بىللە ئولتۇرا-رىدۇق.

— مەن خوتۇنۇمنى قويۇۋەتكەن.

— راست، ئېسىمدە قالمىغىلى تاسلا قاپتۇ، سەن خوتۇنۇڭ-نى قويۇۋەتتىڭ توغرا... قېنى ئالە، مۇنۇنىڭدىن يېگىن.

ئۇ چۆرىسىنىڭ سىرى چۈشۈپ كەتكەن لىگەندىكى توخۇ قوردىقىغا قاراپ كۆڭلىنىڭ بىرقىسما بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇنىڭغا چوقۇم تاماكا كۈلى چۈشۈپ كەتتى، تاماكا كۈلى چۈشۈپ كەتمىگەندىمۇ بۇ نەرسىنى مەن يېسەم بولمايدۇ، كۆڭۈل كۆتۈرمىگەن نەرسىنى يېسە بولمايدۇ، قەمبەرنىسا قورۇغان دەي-دۇ، ئۇ زادى قانداق خوتۇن، كىملىكىنى ئۇقماي تۇرۇپ خەقنىڭ قولىدىن چىققان نەرسىنى يەۋەرگەن بىلەن ئادەمنىڭ ئەقلى بول-غىنىپ كېتىدىغان ئىش بار. بۇرۇنلاردا «پالانى يەردە توخۇ قور-دىقى بىلەن تازا ئىچىپتۇق» دەپ ماختىنىدىغان ئىشلار بار ئى-دى، ئۇ شۇ كۈنلەردىمۇ كۆڭلى تارتىپ توخۇ قوردىقى يېمەيتتى، يېيىشكە توغرا كەلسىمۇ بەكلا قىيىنىلىپ كېتەتتى. ئۇ توخۇ قوردىقىغا نېمىشقا ئۆچ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچ يادىغا ئالالمى-

دى. بۇنىڭ بىرەر سەۋەبى بولۇشى كېرەك ئىدى. خەقلەرنىڭ ھەممىسى يەۋاتقان نەرسىگە مەن نېمىشقا شەك كەلتۈرىدىغاندىمەن.

— قېنى ئالە، يېگىن، كىرگەنندىكىياقى ھېچنېمە يېمىدىڭ، ئىسسىتىپ چىقسۇنمۇ-يا.

— مەن توخۇ قوردىقى يېمەيمەن.

— نېمىشقا؟

ئاغىنىسى ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىدى.

— بۇ نەرسە ماڭا پاكىز ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن قولىنى سىلكىدى. تاماكىنىڭ كۆلى توخۇ قوردىقىغا چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

— بۇ گەپنى ئىككىنچى دېگۈچى بولما، ئۆزى يەۋاتقان نەرسىگە شەك كەلتۈرسە ئادەمنىڭ گېلى ئاغرىپ قالىدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟

— پاكىز ئەمەسلىكىنى بىلسەكمۇ پاكىز دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ يەۋەرسەك بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا كۆنەلىسەك ئاچ قالمايسەن.

ھەرقېتىم توخۇ قوردىقىنى كۆرگەندە كىچىكىدە ئۆيىنىڭ كەينىدە يۈرىدىغان نۇرغۇن توخۇلار، توخۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاق، چىپار، چار، قارا، پايپاقلىق توخۇلارنى، پاچىقى قارا، سېرىق، تۇمشۇقى قارا، تۇمشۇقىنىڭ يېنىدا پۆپۈكى بار توخۇلارنى ئويلاپ قالاتتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىرنېمىلەرنى تاتىلاپ - چوقۇلاپ يەۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. مۇشۇ ئىشنى ئويلىماي دەپمۇ يەنە يادىغا ئېلىپ قالاتتى. توخۇ قوردىقىنى، توخۇ گۆشىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان، يەنە توخۇ شورپىسىنى ئىچىۋاتقان ئادەملەر ئۇنىڭغا باشقىچە كۆرۈنەتتى. كىچىكىدە بۇلارنى دادىسىغا دېگىنىدە دادىسى ئۇنى بىرمۇنچە تىللىغان، ئاندىن قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ، ئادەم بار يەردە بۇ گەپلەرنى دەپ سالماسلىققا ئاگاھلاندۇرغانىدى. دادىسىنىڭ نېمىشقا شۇ چاغدا توخۇ گۆشى توغرىسىدىكى ئاددىي بىر ئىشقا مۇنچىلا جىددىي قاراپ كەتكى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ننى ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئازراق چۈشەنگەندەك بولدى. ھازىر ئۆزىنى دۆڭباغلىق دەپ تونۇشتۇرغان ئاغىنىسى توخۇ قورۇدىقىغا ئامراق ئىدى. ئۇنىڭغا بالىلىقىدىكى ئاشۇ تۈرلۈك رەڭ ۋە تۈرلۈك قىلىقلاردىكى توخۇلار ھەم نىمىشقا توخۇ گۆشى يېيەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ.

— ئادەم دېگەن ئاجايىپ بىر نىمىلەرنى يەيدىكەن، تۇۋا.

ئۇ ئاغزىدىن بۇ گەپنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدى.

— نىمە؟ — دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ جىنى چىقىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ ھاراق كۆتۈرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

— مۇنداقلا دەپ قويدۇم. سەن ئامراق بولساڭ يەۋەرگىن. مەن يېمىسەملا بولمىدىمۇ.

— سەن يېمىسەڭ مەن قانداق يەيمەن؟

— راستىنى دېگەندە توخۇ قورۇدىقى بىلەن ھاراقنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەقەت يېقىن كەلگۈم يوق. بىراق ئىككىمىز ئۇچراشقاندا مۇشۇنداق نىمىلەر بولمىسا پەقەت گېپىمىزنى تېپىپ قىلالمايدىكەنمىز.

ئۇ بوغۇزىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋېتىشكە ئۇلگۈرەلمەي شۇلارنى دەپ سالدى.

— بىكار گەپنى قويۇپ توخۇ قورۇدىقىدىن يە، مەن يېگەن نەرسىنى سەن نىمىشقا يېمىگۈدەكسەن.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ تېلېفونى سايرىدى. ئۇ تەستە ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ سەل نېرىغا بېرىپ بىر كىملەرگە ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— ھاراق بولمىسا گەپ قىلالمىساڭلار ئەمىسە قىلىشقۇدەك گېپىڭلار يوق ئوخشايدۇ، گەپلەشمىسەڭلار بولمىدىمۇ.

ياندىكى ئۈستەلنى سۈرتۈپ تۇرغان كاۋاپچى شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن مەست بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

بۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ، تېخى ھېلىلا ساق تۇراتتى. ھەمساتتا باشقىچە بولۇپ قاپتىغۇ.

— ئىككىمىز ئاغىنە تۇرساق، گەپلەشمىسەك قانداق بولىدۇ.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى كاۋاپچىغا ھومىيىپ قويدى. كاۋاپچىنىڭ پەرتۇقى ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە يانچۇقىدا پۇرلاشقان تاماكا قېپى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— سەل ئولتۇرۇپ تۇر، مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي...

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى كەمىرىنى بوشاتقاچ لەيلىگىنىچە ئىشىكتىن چىقتى.

— قەمبەرنىسا دېگەن مۇشۇ كاۋاپخانىنىڭ خوجايىنىمۇ؟

— خوجايىن، بۇنداق تايىنى يوق كاۋاپخانىنىڭ ئىگىسىنى خوجايىن دېگىلى تۇرساق قاملاشماس...

— ئەمىسە نېمە دەيدۇ؟

— بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ مەنغۇ خوجايىن دېمەيمەن ئۇنى.

كاۋاپچى ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان بىر خىل نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. بۇنداق ئادەملەر بىلەن كېلىشىپ ئۆتمەك بەك تەس. ھەرقانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ خۇي-پەيلىنى، نىيەت - ئىقبالىنى چۈشەنگىلى يا ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن رازى بولماي كاۋاپچىنىڭ يۈمۈلۈكلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىگە ئەلەم بىلەن تىكىلدى. قەمبەرنىسا دېگەن ئاشۇ ئايال بەلكىم مۇشۇ تەس چىراي بىرنېمىگە باغلىنىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— قەمبەرنىسا ئۆزى نەگە كەتتى؟

— تۈرمىگە كەتتى.

— تۈرمىگە... نېمىشقا؟

كاۋاپچى ئۇنىڭغا كۈلكە جىمىرلاپ تۇرغان يۈزىنى يېقىن ئەكىلىپ كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن، كۆزلىرىدىن، يەنە كۈلكىسىدىن نېمە ئويلاپ نېمىنى خىيال قىلغىنىنى ئىلغا قىلماق تەس ئىدى. كاۋاپچى ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغىنىچە ئاستا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شىۋىرلىدى.

— ئېرىنى يوقلىغىلى.

ناھايىتى ئۇسال بىر ئىش يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ دۇنيادا تۈرمە دېگەن نەرسە بار، جىنايەت ھەم شۇنىڭغا ئوخشىغان تۈرلۈك ئۇسال ئىشلار ئاشۇ تۈرمىلەرنى ھەم شۇنىڭغا ئوخشىغان قورقۇنچلۇق جايلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ قەمبەرنىسانىڭ ئېرى ئاشنىسىنىڭ ئېرىنى ئۇرۇپ ناكا قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالدى.

— ئۇنىڭ ئېرى نېمە بولۇپ تۈرمىگە كىرىپ قالدى؟

— بۇنى دېگىلى بولمايدۇ، بەك جىق گەپ كوچىلاپ كەتتىڭىزغۇ، ئۇنى تونۇمتىڭىز؟

— ياق، ئەمدى سورىغۇم كەلدى، ئېرى تۈرمىدە بولسا... نېمە بولۇپ كىرىپ كەتتى؟

— بايا دېدىمغۇ، ئۇدۇل كەلگەن بىرسىگە دېگىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ ئوغرى يا بۇلاڭچى ئەمەس... سىزمۇ قەمبەرنىسانىڭ كەينىگە كىرىپ باقاي دېگەنما؟

— ھە... يا... ياق. بۇ نېمە دېگىنىڭ... مەن قانداقمۇ ئۇنداق قىلاي...

ئۇ چۆچۈگەندەك بولۇپ دۇدۇقۇپ قالدى. ئۆزى تونۇمايدىغان قەمبەرنىسانى نېمە سەۋەبتىن سوراشتۇرۇپ يۈرگىنىنى بىلەلمىدى.

— بايا خوتۇنۇمنى قويۇۋەتكەن دەۋاتاتتىڭىز، شۇڭا دەيمەنا... قەمبەرنىسانىڭ ئېرى تۈرمىگە كىرىپ كەتتى، بۇرۇنقى يېقىنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى تاشلىۋەتتى، جىق ئادەملەر ئۇنىڭغا قانات سۆرەپ باقتى، ھەممىسى تۇمشۇقىغا يېدى، ئۇنىڭ ئېرى بىلەن ئاغىنە ئىدىم، مەن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىۋاتىمەن، ئۇچ بالىسى بار، قاتارغا قوشمىسا بولمايدۇ-دە. مەن يەنە قەمبەرنىسانى قوغدىمىسام بولمايدۇ، ئاغىنەمنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىدىغان بىرەسى چىقىپ قالسا پېيىنى كېسىۋېتىمەن، گېپىمگە ئىشەنمىدى-

گىز ھە، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست...

كاۋاپچى مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭ-لىتىپ قويدى، ئاندىن يانچۇقىدىن يوغان بىر قەلەمتىراچنى چىقىرىپ تىغىنى قايرىپ ئېچىپ، بىسىنى تىرناقلىرىغا تەگكۈ-زۈپ بېقىپ يەنە قايرىپ ئېتىپ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

ئۇ چۆچۈپ قالدى، پېيىنى كېسىۋېتىمەن، كاۋاپچى بۇ گەپ-لەرنى چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن يەنە شۇنداق چىرايلىق كۈلۈپ تۇرۇپ بەخىرامان دەۋاتاتتى.

ئۇ كاۋاپچىنىڭ چىرايىغا ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلدى. كاۋاپچىنىڭ كۈلكە ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە رەھىمسىز بىر سوغۇقلۇق، ھېچنېمىدىن تەپتارتمايدى-غان ماتانەت، يەنە جاندىن تويغاندەك شۇركىنىشلىك بىر تۇيغۇ باردەك قىلاتتى.

بۇ ئىپلاس بىرنەرسە... قەمبەرنىسانى قوغدىغان بولۇۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزى قارا قولىنى سوزدىمۇ تېخى...

ئۇ تۇرۇپلا كاۋاپچىغا ئۆچ بولۇپ قالدى. قەمبەرنىسا قانداقراق خوتۇندۇ- ھە؟! ئۆچ بالىسى بار دەۋاتىدۇ، بەلكىم يېشى ئوتتۇزلاردىكى ئايال بولسا كېرەك.

ئىشىك كۈچ بىلەن ئېچىلىپ دۇگباغلىق ئاغىنىسى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن جېدەل تېرىغۇسى كېلىپ قالغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى، ئۇ كاۋاپچىغا يەر تېگىدىن بىردەم قاراپ تۇرۇ-ۋەتكەندىن كېيىن ئورۇندۇقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تاقىقىدە قويۇپ ئولتۇردى.

كاۋاپچى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئىشىك-نى تارتىپلا جاققىدە تېپىپ ياپتى. ئاندىن يەنە ئېچىپ قويۇپ با-يىقى ئورنىدا تالاغا قاراپ ئولتۇردى.

— ھەي، چاي قۇي!

كاۋاپچى ئىتتىك كېلىپ دۇگباغلىق ئاغىنىسى بىلەن ئۇنىڭ پىيالىسىگە چاي لىقلاپ قويدى. چاينى لىقلاپ پىيالىدىن تاشتۇ-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىلىشى



رۇۋەتكىلى قىل قالدى.

ئۇ كاۋاپچى بىلەن دۆڭباغلىق ئاغىنىسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىگە تەشۋىش يامىشۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

كاۋاپچى يەنە شۇ جانغا تېگىدىغان چىرايلىق كۈلكىسى بىلەن دۆڭباغلىق ئاغىنىسىگە تىكىلىپ تۇراتتى، دۆڭباغلىق ئاغىنىسى كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا مىختەك قاداپ ئولتۇراتتى.

كاۋاپچىنىڭ شۇ ئەپتىدىن دۆڭباغلىق ئاغىنىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنى پەقەت ياراتمايۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئىككىلىسىنى كۆزگە ئىلماسلىقى ھەربىر قاراشلىرىدىن، كۈلۈمسىرەشلىرىدىن چىقىپلا تۇرغاندەك ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنۇ كاۋاپچى بىلەن پەقەت كېلىشەلمەيدىغانلىقىنى، بۇنداق ئادەملەر بىلەن ئىمكان بار ئاز ئالاقىدە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ قالدى.

بۇ كاۋاپچى مۇشۇ يەردە مەستلەردىن ئېشىپ قالغان هاراقلارنى ئىچىدۇ. بۇنىڭ ئەخلەت ـ چاۋالار ئارىسىدىن نەرسە تېرىپ يېگەندىن پەرقى يوق. باياتىندىن مۇنۇ هاراقتا نەچچە قاراپ بولدى. بىرەر رومكا قۇيۇپ بېرەرمۇ، دەپ تەمە قىلىۋاتىدۇ. تىلەمچىگە مەن بەك ئۆچ. ئىچكۈسى بولسا ئوغول بالىدەك مەيدىسىنى كېرىپ، گېپىنى ئوچۇق قىلسۇن، تىلەمچىنىڭمۇ مەردانىرەكلىرى ياخشى، ياندا تەمە قىلىپ، قاچان مۇشۇلار مەست بولۇپ يىقىلسا ئېشىپ قالغان هارىقىنى ئىچسەم، دەيدىغان مۇنداق گويلارغا ھېچنېمە يوق. ئۇنىڭغا ھەرگىز قۇيۇپ بەرمەيمەن.

ئۇ كاۋاپچىغا قورقۇنچ ھەم ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلدى.

ـــ بۇ قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسىغۇ ھە؟

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئىشتىنىنى يۆلەپ تۇرۇپ سورىدى.

ـــ شۇنداق، قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسى.

ـــ ئۇ ئۆزى قېنى، كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار ئىدى.

ـــ تاڭ، مەن كۆرمىدىم. ئۇنىڭ نەگە بېرىپ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى مەن بىلمەيمەن.

كاۋاپچى ئۇنىڭ دوڭباغلىق ئاغىنىسىگە سوغۇق نەزەر سالدى. كاۋاپچىنىڭ قاچانلا قارىسا ھەجايىغاندەك كۆرۈنىدىغان چىرايىدا كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بىر كۈلكە بار ئىدى. بۇ بەلكىم ئېلىشىپ قالغان يا بولمىسا ئېلىشىپ قېلىۋاتقان بىرنېمە بولسا كېرەك، بولمىسا توختىماي ھەجىيىۋېرىدىغان ئىش بولامدۇ.

كاۋاپچى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسام قانداق قىلارمەن، دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن لىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى.

دوڭباغلىق ئاغىنىسى بىلەن مۇنۇ كاۋاپچى بىرنېمە دېيىشىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى.

كەتسەم بولاتتى، تىنچ ـ ئامان ئۆيگە بېرىۋالسام بولاتتى. ئالدىنقى قېتىم كاللامغا ئۇرغان گۇي مۇشۇ بولسا كېرەك. تاياقنى ناھەق يەيدىغان ئىشتىن قاچان قۇتۇلارمەن. ئادەم ئۇرىدىغانلارمۇ كۈچى يېتىدىغاننى تېپىپ ئۇرىدىغان ئوخشايدۇ. جاھان دېگەن مۇشۇنداق، ھەممىلا يەردە كۈچى يەتمەيدىغانلارغا كۈچۈكلىنىدۇ، خۇشامەت قىلىدۇ، قول ئۇزىتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئاجىزلارنى، مەسىلەن مەندەكلەرنى بوزەك قىلىشنىڭ كويىغا چۈشكەنلەر ساماندەك، مۇنۇ كاۋاپچى جىنىدا ياراتمايدۇ. بۇ جاھاننىڭ تۇف دەيدىغان يەرلىرى تولىراپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئۇرغان كىمدۇ زادى.

ئۇ شۇنچە خىيال قىلىپمۇ، شۇنچە تولا ئويلاپمۇ ئۆزىنى ئۇرغان ئادەمنى تاپالمىدى، كىمنىڭ ئۇرغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. بىكاردىن ـ بىكار ئادەم ئۇرۇش كىمگە زۆرۈر بولۇپ قالغاندۇ. خەقتىن دەردىنى چىقىرالماي قالغان تەلۋىلەر بەلكىم كۈچى يەتمەيدىغانلاردىن تاياق يەپ، كۈچى يېتىدىغانلاردىن ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندۇ.

شۇ چاغدا بىرسىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا: «ئۆلمەيدىغان يېرىگە تازا سېلىڭلار...» دېگىنى ھېلىمۇ يادىدا تۇرۇپتۇ. قاغا قانتىدەك قاراڭغۇ كېچىدە ئۇ ئۆزىنى ئۇرغانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



بىلەلمىدى، ئۆزگىچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كىملەرنى ئۆرغانلىقىنى چوقۇم بىلەلمىدى، ئۇلار كىم بولسۇن ئىشقىلىپ بىرەرسىنى ئۇرۇشنىلا كۆزلەپ چىققان لۈكچەكلەردەك قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ نەق شۇنداقلارغا ئۇچراپ قالغىنىنىڭ ئۆزى شور پېشانىلىكىنى چۈشەندۇرسە كېرەك. ئادەمنىڭ تەلىيى تەتۈر كەلگەندە بىرەر پاشا سوقۇلسىمۇ تىك موللاق چۈشىدىغان ئىشكەن.

ئۇ باش - كۆزى قان ئۆيىگە بارغاندا ئايالى دەرۋازا ئالدىدىلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمە بولدى مۇنچىزا...

— خەقلەر ئۇردى مېنى...

ئايالى مىشىلداپ بىرمۇنچە يىغلىدى.

— خوپ بوپتۇ، ئۆيدە ئولتۇرمىغاندىكىن مۇشۇنداق بولىدۇ، ئۇرغان ئادەم ئوغۇل بالىكەن...

ئوغۇل بالىكەن؟... ما گەپنى، ئۇنىڭ گېپىچە مەن تاياق يې-گەندىكىن مەن ئوغۇل بالا ئەمەسكەنمەن-دە؟!

خوتۇنىنىڭ گېپى بايا يېگەن تاياقتىنمۇ بەكرەك جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ خوتۇنىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. خوتۇنىنىڭ چىرايىدىن مۇز ياغاتتى، چىشلىرى كىرىشىپ، كۆزلىرى چەك-چىيىپ كەتكەنىدى. بۇ خوتۇنى خوتۇنغا ئوخشىتىپ تۇرغىنى ئۇنىڭ كۆلكىسى ئىكەن، ھېلىقىدەك يېقىملىق، ئىسسىق كۆل-كىسى بولمىسا بۇ خوتۇن خوتۇنغىمۇ ئوخشىمايدىكەن، ئەپتىنىڭ سوغۇقلۇقىدىن كىشىنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ.

— مېنى خەق ئۇرسا خوپ بوپتۇ دەيسىنا سەن پەس؟!... يو-قال... ھۇ دۈشمەنگە ئوخشايدىغان...

— يوقالسام يوقالدىم... ھۇ ئىنجىمارۇق دىۋانە... نومۇس قىلماي خەقتىن تاياق يېدىم، دەپ كەلگىنىنى... خېتىمنى بەر... كېتىمەن.

ئۇنىڭ كۆز ئالدى قىزىللىقتا تولغاندى. ئۆزىنى بىردە ئۇ-

چۇۋاتقاندەك، بىردە يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك سې-زەتتى. ماغدۇرى قالمايۋاتقاندەك، هازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك سېزەتتى. ئۆزىنىڭ بۇ هالغا چۈشۈپ قېلىشىنى هاراقنى جىق ئىچىۋەتكەنلىكىنىمۇ، تاياق يېگەنلىكىنىمۇ، يا بولمىسا مۇنۇ خو-تۇنىنىڭ زەهەردەك گېپىدىن بولدىمۇ بىلەلمىدى، ئىشقىلىپ يۈ-لىكى قۇرۇپ كەتكەندەك، تومۇر- تومۇرلىرىدىن كۈچ - ماغدۇر، قۇۋۋەت دېگەنلەر بىراقلا يوقىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ئۇ قوللىرىنى سىلكىپ، دىرىلداپ تىترىگىنىچە ۋارقىرىدى:

— خېنىڭ ساندۇقتا... تالاق سەن پەسەندە...

ئاجرىشىپ بولۇپ هەيرانلا قالدى. ئەر-خوتۇنچىلىق دېگەن شۇنداقلا بىر ئىشمۇ - نېمە. نەچچە يىل بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ بىر-بىرىدىن جېنىنى ئاياشمىغۇدەك ئامراق بولۇپ كەتكەن ئەر-خوتۇنلار بىردەمدە ئاجراشتۇق دەپ ئىككىسى ئىككى يولغا كېتىۋاتسا، بۇ قانداق گەپ ئەمدى.

— ئاله، توخۇ قوردىقىدىن يە...

— دېدىمغۇ مەن يېمەيمەن دەپ، كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدىكەن.

— ئىچمىنى پۇشۇرما... هەممە ئادەم يەۋاتقان نەرسىنى سەن نېمىشقا يېمەيسەن؟ ئۆزۈڭنى قالتىس چاغلامسەن، يا مېنى ياراتـ-مايۋاتامسەن؟ قېنى مۇنۇنى ئاله... توخۇنىڭ تۆشىكەن...

كاۋاپچى ئىككىسىنىڭ تالاش-تارتىشلىرىغا قاراپ هىجىيىپ تۇراتتى. ماڭا نېمىشقا قاراۋېرىدىغاندۇ.

— كىچىك ۋاقتىمدا بىزنىڭ توخۇلار ...

— بىكاردىن - بىكار هارام بولۇشۇپ قالمايلى يەنە... يە دېگەندىكىن يە.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ تەئەددىيلىك تەلەپپۇزى ئۇنىڭغا زەهەردەك سانجىلدى.

— بولدى، يېسەم يېدىم...

ئاغىنىسى توخۇ قوردىقىنىڭ رەڭگى سىڭىشىپ قىزىرىپ تۇرغان چوكا بىلەن توخۇ گۆشىنى قىسىپ ئۇنىڭغا تەڭلەپ

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى. ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق تەلەپنى پەقەت قايتۇرالمايدىغانلىقىنى، ياق دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئاندىن ئاچچىقىدا پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تەر ئۆرلىدى. ئاغىنىسىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن، بىر تەرەپكە قىيشىيىپ تۇرغان لەۋلىرىدە قەتئىيەت ھەم گېپىدىن يانمايدىغان تەلۋە تەبەسسۇم بار ئىدى. چىرايىدا كۈلكە قېتىپ قالغان كاۋاپچى يۇمچۇكلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ قاراپ تۇراتتى. «ئۇ مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ... مېنى ئۇرغان ئىتنىڭ بالىسى ھەقىچان مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن...» ئۇ كۆزلىرىنى ئاغىنىسىگە يۆتكىدى. سوغۇق بىر ھاياجان كۆڭلىنى ئۆرتۆپە قىلىپ ئۆتتى.

— تەرلەپ كەتتىڭغۇ، مىجەزىڭ يوقمۇ ـ نېمە؟...

ئۇ ئاغىنىسى قىسىپ تۇرغان توخۇ قورۇدىقىنى ئېلىپ يېدى. توخۇ گۆشىنى چايناۋېتىپ كۆڭلى سەل بىرقىسما بولسىمۇ بۇ نەرسە ئۇنىڭغا ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنداق گالدىن ئۆتمىگۇدەك بەتتەم تۇيۇلمىدى.

— قانداق، ھېچنېمە بولمىغانسەن؟... بىر ئوبدان نەرسىنى يېمەيمەن دېسەڭ تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولمامدۇ. قېنى، ئەمدى مۇنۇنى ئىچىۋەت.

ئۇ ئاغىنىسىنىڭ قولىدىن دەز كەتكەن پىيالىنى ئالدى. دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قاراپ تۇراتتى.

مەن ئىچمىسەم بولاتتى، نېمىشقا ھاراقتىن، ھاراقكەش ئاغىنىلىرىمدىن، يەنە مېنى ھاراق ئىچىشكە مەجبۇر قىلىدىغان ئىشلاردىن قۇتۇلۇپ كەتمەيدىغاندىمەن؟ ساقاللىق توكۇردەك ئادەم بولۇپ قالغان بولسامۇ... ئۇنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزى خالىمايدىغان ئىشنى قىلىشقا زورلىيالمايدۇ، قىلمەن دېگەن ئىشنى توسۇيالمايدۇ. مەن كۆڭلۈم خالىمىغان ئىشتىن قۇتۇلالماي، كۆڭلۈم تارتقاننى قىلالماي يۈرىدىغان ئوخشايمەن. ساقاللىق توكۇردا نېمە خىسلەت باردۇ زادى.

ــ تۆكۈۋەتسەڭ خاپا بولىمەن، مەن هاراقنى چايغا ياندۇرغان ئادەمنى بەك ئۆچ كۆرىمەن.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. بۇنداق ئەهۋالدا هاراقنى تۆكۈۋەتكىلى بولمايتتى.

ــ بايا هاراق تاشلايلى دېيىشكەنغۇ، هازىردىن باشلاپ تاشلىمايلىمۇ ئەمىسە...

ــ ئۇ دېگەن كېيىنكى گەپ، هاراق تاشلايدىغانىڭمۇ بىر ۋاقتى كېلىدۇ... ئۇنى شۇ چاغدا تاشلايمىز، ما يەردە دۇتار باركەنغۇ.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ كۆزلىرى بىر بۇلۇڭغا ئېسىپ قويۇلغان دۇتارغا تىكىلگەنىدى. دۇتارنىڭ بىر قۇلىقى يوق، يالتىراقتىن توقۇلغان تورۇستىن ئۇزۇلۇپ چۈشكەن رەڭلىك يالتىراق تاسما دۇتارنىڭ يېرىمىغىچە يۆگىشىپ تۇراتتى.

ــ سېنى دۇتارنى ياخشى چالىدۇ دەيدۇ، بىرەر پەدە ئۇرۇپ بەرمەمسەن؟

ــ يالغان ئېيتىپتۇ، مەن ئەزەلدىن دۇتار چېلىپ باقمىغان، نېمە قىلىمەن دۇتار چېلىپ.

ــ نېمە دېگەن گەپ بۇ، دۇتار چېلىش يا بىر يامان ئىش بولمىسا، چالساڭ نېمە بوپتۇ؟

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىگە گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

ــ بىركىم ناخشا توۋلىغىلى تۇرسىمۇ قۇلىقىم ئاغرىيدۇ. كىم دېدى ساڭا مېنى دۇتار چالىدۇ دەپ؟

ــ بىرسى ماڭا، كىم بىرسىنى دۇتار چېلىشنى بىلىدۇ، چالغاندىمۇ ياخشى چالىدۇ دېگەنىدى. مەن شۇ دۇتار چېلىشنى بىلىدىغان ئادەمنى سەنمىكىن دەپتىكەنمەن.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى توخۇ قوردىقىدىن ئىلغاپ ئاغزىغا سالغان لوقمىنى ئىشتىها بىلەن چايناۋاتاتتى. ئۇ دۆڭباغلىق ئاغىنىسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ نېمىدۇر بىرنەرسىگە كۆڭلى يېرىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. بۇگۈن يەنە مەست بولۇپ قا-لىدىغان ئوخشايمەن، مۇنۇ ئاغىنەممۇ كاللىسىدىن كېتىپ قالدۇ. ئاندىن كىم نەگە كەتتى، نەدىن قوپتى دېگەنلەر بىلەن ھېچ-كىمنىڭ كارى بولمايدۇ. ئۆتكەن قېتىممۇ شۇنداق قىلىپ تاياق يېگەن. ئاندىن يانچۇقۇمدىكى پارچە پۇللارنىمۇ خەقلەر ئېلىپ كېتىپتىكەن. ئادەملەر نېمانداق ئىنساپسىز بولۇپ كەتكەندۇ. بىر ئادەمنى ھەم ئۇرۇپ ھەم پۇلىنى ئېلىۋالسا بەك خورلۇق بو-لىدىكەن. مېنى ئۇرغان ئاشۇ گۈينى تۇتۇۋالسام بوش قويۇۋەتسەم بولمايدۇ. بىر ھېسابتا خوتۇنمۇ شۇ سەۋەبتىن قولدىن چىقىپ كەتتى. شۇنچە يىل بىللە ئۆتۈپمۇ ئۇنىڭ بىركىم تاياق يېسە مۇنچىۋالا ئاچچىقلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئەجەب بىلمەپتىكەنمەن.

شۇ چاغدا مېنى مۇشۇ كاۋاپچى ئۇرغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ بىرنېمىنىڭ ئەپتىدىنمۇ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆزىدەك كۆكتۆشلەردىن نەچچىنى باشلاپ كېلىپ ئۇردۇرغان بو-لۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمدى سەگەك يۈرمىسەم بولمايدۇ. تاياق يېيىش ئاتا-بوۋامدىن مىراس قالمىغاندىكىن ھوشۇمنى تېپىپ يۈرەي.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئاغزىدىكىنى يۇتۇپ بولۇپ بوينىنى سىلكىپ سوزۇپ قويدى.

— دۇتار چالىدۇ دېگەن ئادەمنى مېنىڭ ئاغىنەممىكىن دەپ ئويلاپتىمەن. سېنىڭغۇ دۇتارچى دەيدىغان لەقىمىڭ يوقتۇ؟

— ياق، مەن دۇتار چېلىشنى بىلمەيمەن، خۇشۇممۇ يوق، خەق بەلكىم ئوسمان توكۇرنى دېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاشۇ ئوسمان توكۇر تويلاردا دۇتار چېلىپ پۇل تاپىدۇ. بىر تويغا دۇ-تار چالسا ئەللىك كوي ئالىدۇ دەيدۇ ئۇنى. قارا بۇ توكۇرنىڭ يا-مانلىقىنى، قاراپ تۇرۇپ خەقتىن ئەللىك كوي ئالغىنىنى دې-مەمسەن.

شۇ ئارىدا قاۋاقتا تەلپەك كىيىۋالغان بىر ئادەم كىرىپ ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن كاۋاپچىغا يۈزلىنىپ:

— قەمبەرنىسا كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى بوغۇق ئاۋازدا.

— ئۇ تۇرمىگە كەتتى.

— ھە، ئابدۇغېناخۇننى يوقلاپ كېتىپتۇ-دە، باللار قېنى؟

— باللارنىمۇ ئېلىپ كەتتى.

— ئازراق چامغۇر بىلەن سەۋزە ئالغاچ كەلگەن، ئىشىك تۇۋىگە قويۇپ قويدۇم، ئەكىرىۋالارسىلەر، مەن ماڭاي.

ئۇ تەلپەك كىيىۋالغان ئادەمگە قاراپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇ ئادەمنىڭ مۇلايىملىقى يۈرىكىنى ئەزگەندەك بولدى. ئادەم دېگەن بەك ياۋاش بولۇپ كەتسىمۇ قاملاشمايدۇ. ياۋاش ئادەم ئىشەنچسىز بولىدۇ. بۇ گەپنى ساقاللىق ئەپەندى دېگەن بولۇشى مۇمكىن ياكى ئۆزى شۇنداق ئويلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ياۋاش دېگەن گەپ، بىچارە دېگەن گەپ، يەنە بىرقانداق گەپلەر ئۇنىڭغا پەقەت ياقمايتتى.

— چاي ئىچىپ ماڭامسىز، — دېدى كاۋاپچى تەلپەك كىيىۋالغان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ.

ئۇلار ئىشىك ئالدىغا چىقىپ خېلى ئۇزۇن بىرنېمىلەرنى دېيىشتى.

ئۇنىڭ ئۆيىگە كەتكۈسى كەلدى، ئەمما كەتكۈم كەلدى دەپلا كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەنە شۈكلەپ قالدى. ھاراقكەش دېگەن بۇدۇشقاقتەك بىرنېمىكەن، ھاراقكەشلىكمۇ شۇنداقكەن، ئادەم بىر كۆنۈپ قالسا قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن.

كاۋاپچى كىرىپ تۇرۇشىغا دۆڭباغلىق ئاغىنىسى كاۋاپچىغا ھۆرپەيدى:

— بايا قەمبەرنىسانى سورىسام بىلمەيمەن دەۋاتاتتىڭ، ئەمدى تۇرمىگە كەتكەن دەيسەن، ماڭا نېمىشقا يالغان گەپ قىلىسەن؟

— مېنىڭ ساڭا قەمبەرنىسانىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى دەپ بېرىدىغان قەرزىم يوق، دېگۈم كەلسە دەيمەن، دېگۈم كەلمىسە دېمەيمەن، قانداق، گېپىڭ بارمۇ؟

— ھېلى بىر قويۇپ كۆزۈڭنى قۇيۇۋېتەي يەنە سەن خۇمسىنىڭ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



ــ بولسا شۇنداق بىر قىلە، ئۇرۇشىدىغان باھانە تاپالماي قالغان مەن، سىلىنىشامدۇق؟

ــ بولدى، ھېساب، ئەمما بۇ يەردە ئەمەس، يېتىم قوزىنىڭ ئىبغىلىدەك بۇ تارچۇقتا تۇزۇك مۇشتلاشقىلى بولمايدۇ، مۇشتلاشساقمۇ بىردەمدە ساقچىلار كېلىپ ئۇرۇشقانىنىڭ تايىنى يوق ئالتە پاتمان جەرىمانە تۆلەيدىغان ئىش چىقىدۇ، مەن ماۋۇ ھارىقىمنى ئىچىۋالاي، كەڭرى بىر يەرگە چىقىپ ئاندىن مۇشتلىشايلى، قانداق، چىقالامسەن؟

ــ چىقىمەن، چىقماي ئۇ.

ــ تىلىڭدىن خەت بېرىسەن، بىر يېرىم بىرنېمە بولسا ئۆزۈم ئىگە دەپ...

ــ بەرسەم بەردىم... سەنمۇ يازىسەن... ئۆلسەڭمۇ ئۆزۈڭگە ھېساب.

ئۇ كاۋاپچى بىلەن دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ گەپلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ غالىلداپ تىترەپ كەتتى. مۇنۇ ئىككىسى بىردەمدە نېمە بولۇشقاندۇ، راستىلا مۇشتلىشىپ كەتسە قانداق قىلارمەن، مەن جېدەلگە ئارىلىشىپ قالسام بولمايتتى، ئۆتكەندە خەقتىن تاياق يەپ خوتۇنۇمدىن ئاجراپ كەتتىم، بۇ قېتىم نېمىدىن قۇرۇق قالارمەن؟

ــ چاي ئەكەل.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى كاۋاپچىغا شوخىدەك نەزەر سېلىپ بۇيرۇق قىلدى.

ــ ھە مانا...

كاۋاپچى يورغىلاپ مېڭىپ ئۇلارنىڭ چېيىنى يەڭگۈشلەپ قويۇپ يەنە ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

ــ را... راستىلا ئۇرۇشامسەن؟

ــ بۇنىڭ راست ـ يالغان دەيدىغان يېرى يوق، مۇشتلاشماي بولامدۇ، قەمبەرنىسانى سورىسام ماڭا بىلمەيمەن دېگەن ئادەم ھېلىقى تەلپەككە تۇرمىگە كەتتى دەيدۇ، تازا سىلىشىپ بۇرند-

نىڭ بېزىنى ئېلىپ قويمىسام بولمىغۇدەك بۇنىڭ...

— چا... چاتاق چىقىپ قالدۇ دەيمەن...

— نېمە چاتاق چىقاتتى، ئىككى ئادەم مۇشتلاشسا چاتاق چىقىدىغان ئىش يوق، سەن نېرىدا قاراپ تۇرساڭلا بولدى، تاياق-تىن يىقىلىپ قالغۇدەك بولسام ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويارسەن. ھە، بايا نېمە دېيىشىۋاتاتتۇق؟

ئۇ ئاغىنىسىنىڭ خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا، جانسىز ئەمما ئۆز ھالىغا تەن بەرمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئاستا غۇدۇرىدى:

— دۇتارنىڭ گېپى بولۇۋاتقان.

— توغرا، توغرا، سېنىڭ تويۇڭدىمۇ دۇتار چالغانمۇ؟

— ئېسىمدە يوق، چالغان -چالمىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

ئۇ تامغا ئېسىقلىق دۇتارغا قاراپ قويدى. دۇتارغا تورۇسنىڭ يالتىراقلىرى يۆگىشىپ تۇراتتى، توپا باسقاندەك، ئۇزۇندىن بۇيان چېلىنمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ شۇنچە كۈچەپ ئويلاپمۇ ئۆزى توي قىلغان كۈنى دۇتار چېلىنغان - چېلىنمىغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ زامانلاردا ئۇنىئالغۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ شۇنىڭغا ئۇس-سۇل ئوينىشىپ توي يۆتكەيدىغان ئادەت بارمىدىكىن، يا راستىلا ساز چېلىشىپ يۆتكىگەن بولغىيمىدىكىن. ئۇنىڭ يادىدا قالغىنى شۇ كۈنى سىم - سىم يامغۇر يېغىپ كەتكىنى ئىدى، ئەتراپىدا ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا:

— كىچىكىڭدە قازاننىڭ تېگىنى قىرغانمىدىڭ، ئۇماچنىڭ قېيمىقىنى قىرغان ئادەمنىڭ تويىدا يامغۇر ياغىدۇ، — دەپ ھە-زىل قىلىشقانىدى.

ئۇنىڭ توي كۈنىدىن يادىدا قالغانلىرى كۆپ ئەمەسكەن، بۇ-رۇنلاردا باشقىلارنىڭ تويىغا قاتناشقاندا تويى بولغان قىزنىڭ ھۆ-تارتىپ يىغلاشلىرىغا قىزىقىپ قالغانىدى، ئەمما ئۇ توي قىلغان كۈنى ئۇنىڭ خوتۇنى يىغلىمىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ قال-غانىدى. تويدىن كېيىنكى كۈنلەردە خوتۇنىدىن توي كۈنى نې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



مىشقا يىغلىمىغىنىنى سورىغاندا خوتۇنى كۈلۈپ تۇرۇپ:
— راستىنى دېسەم نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم، يىغلاي دەپمۇ يىغلىيالمىدىم، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن يېنىمدا ئولتۇر-غان ئاچام بېقىنلىرىمنى نەچچە قېتىم چىمدىۋالدى، — دېگەندى. خوتۇنىنىڭ مۇشۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندىكى كۈلكىسى ۋە مۇلا-يىملىقى ئۇنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق شېرىن بىر تۇيغۇلارنى يامىر-تىپ ئۆتكەندى.
ئۇ يەنە بىر قېتىم مۇشۇ توغرىلىق گەپ بولۇپ تويدا يىغ-لىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا خوتۇنى ئۆزىگە ياراشمايد-غان تۇرگۈنلۈك بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ:
— سىزنىڭ مېنى ئالغىنىڭىزغا خۇش بولۇپ كېتىپ يىغ-لىمىغان، ئەمدى بولدىمۇ، — دېگەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ گەپنى ئىككىنچىلەپ ئاغزىغا ئالمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ سوراپ، زىغىرلاپ يۈرگۈدەكمۇ گەپ ئەمەسكەن.
— خوتۇنىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟
ئۇ چۆچۈپ دۆڭباغلىق ئاغىنىسىگە، ئاندىن كاۋاپچىغا قاراپ قويدى، ھەر ئىككىسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان ئول-تۇراتتى. ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئەپتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ جايىغا چۈشكەندەك بولدى.
— بىز ئاجرىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىما. ئەس-لى ئۇ خوتۇننى ئالمىسام بوپتىكەن.
— شۇ، قويۇۋېتىدىغان خوتۇننى ئالماسلىق كېرەك ئەسلى.
توخۇ قوردىقىنىڭ قىزىلمۇچ ۋە شوخلىنىڭ سۈيىدىن رەڭ ئالغان قىزغۇچ، قويۇق شورپىسى ئۈيۈپ قالغانىدى.
شۇ ھالدا ئۇنىڭ خوتۇنى بەكمۇ ئوخشىتىپ ئېتىدىغان سۇ-يۇقئاشتىن بىر چىنە ئىچكۈسى كېلىپ كەتتى. خوتۇنى پىنىنە، ئاش كۆكى دېگەندەك نىمىلەرنى تازا جايىدا تەڭشەپ سۇيۇقئاش ئېتىشكە بەكلا ئۇستا ئىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ «سۇيۇقئاش ئىچىد-ۋەرمەڭ، ئادەمگە سوغۇق كېلىدۇ» دېگەن گەپلىرىگىمۇ پەرۋا

قىلماي دائىم سۈيۈقئاش ئەتكۈزۈپ ئىچەتتى، خوتۇنىنىڭ قولى بەك تەملىك ئىدى. ئانىسىمۇ نەچچە قېتىم «خوتۇنۇڭنىڭ ھېچ-يېرى ياقمىسىمۇ ئەتكەن تاماقلىرى بىلەن چىرايىنىڭ ئىسسىق-لىقى ماڭا بەك ياقىدۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىدىن مەن بەك رازى، قولى تاتلىق ئايال بىلەن ئىسسىق چىراي ئايال دېگەن خۇدانىڭ ئەر كىشىگە بەرگەن بىر بەختى، بۇ خوتۇنىڭنى ھەر-گىز قولۇڭدىن چىقارما» دېگەنىدى.

ئىككى ئاكىسىنىڭ خوتۇنلىرىدىن تولا ۋايسايدىغان ئانىسى-نىڭ مۇنۇ خوتۇنىدىن رازى بولۇپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا بەك يېقىپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنى ھاراق ئىچمىگەن بولسا، ھاراق ئىچكەندىمۇ تاياق يېمىگەن بولسا خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتمىگەن بولاتتى. خوتۇن كىشى دېگەن ھەرقانچە ياخشى بولغان-دىمۇ يەنە بىر يەرلىرىدىن ساراڭلىقنى تاشلىمايدىكەن، تاياقنى يېسەم مەن يېسەم ئۇنىڭ بۇنچىۋالا چالۋاقاشلىرىنىڭ نېمە ھا-جىتى. تاياق يېدىڭ دەپ ئۇرۇشۇپ ئاجرىشىپ ئولتۇرغىنى نې-مىسى.

ئۇنىڭ بېقىنىدا بىر يەرلىرى ئاغرىغاندەك قىلىپ يەنە توخ-تاپ قالدى. ئۇ ئۆزىدە كېسەل بار دەپ ئويلايتتى، نېمە كېسەل-لىكىنى بىلمىسىمۇ ئىشقىلىپ چوقۇم بىرەر كېسىلى بارلىقىغا ئىشىنەتتى.

— ئىككىمىز ھاراق تاشلىساق بولاتتى، بۇ پەقەت پايدىسى يوق بىرنېمىكەن.

— شۇنداق قىلايلى، چوقۇم تاشلايلى، راست، قاچان تاشلاي-مىز... دېيىشىۋالايلى.

— مەن بىلمەيمەن، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى تاشلاپ قالارمىز... ھازىر ئۇ گەپنى قويۇپ ھاراقنى ئىچەيلى... قانچىلىك ئىچەلىسەك شۇنچىلىك ھېساب.

ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ قولىنى ئىشتان يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. يېنىدا پەقەت بىرنەچچە سوملا پۇل بارلىقىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



بىلىپ تۇرسىمۇ يەنە ئېھتىيات بىلەن شۇ پۇلنى تۇتۇپ باقتى. بويناق ئەرنىڭ پۇلىنىڭ بەرىكەتسىمۇ بولمايدىغان ئوخشايدۇ. تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئىش ھەققى ئالغان، ھاراق ـ تاماكا دېگەندەك نېمىلەرنىڭ نېسىلىرىنى بېرىپ، يەنە ئاشخانىدىكى قەرزلىرىنى تۆلىگەندى، ھېچقانچە پۇلى قالمىدى. پۇلنىڭ نېمانداق بەرىكەتسىز قالمايدىغاندۇ، سانىساڭ بىر پاتمان پۇل، يا تۈزۈك بىرنىمە كەلمىگەن.

ئۇ ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان كاۋاپچىغا ئېھتىيات بىلەن قاراپ قويدى. نېمانداق بىر كىم كىرىۋالمىسۇن دېگەندەك ئىشىكنىڭ يېرىمىنى توسۇپ ئولتۇرىدىغاندۇ بۇ. ئۇ بەلكىم بىرىكىمنىڭ كىرىۋېلىشىدىن ئەمەس، ئىچىدىكىلەرنىڭ شىپپىدە چىقىۋېلىشىدىن ئەنسىرىسە كېرەك. بۇ كاۋاپچى زادى قانداق ئادەمدۇ. چىرايىغا قارىسا بىردە ئوغرىغا، بىردە يالغانچىغا ئوخشايدىغان نېمىكەن، نېمىگە ئوخشىسۇن، ئىشقىلىپ ياخشى نەرسە ئەمەس. مېنى ئۇرغان ئىتنىڭ بالىسى مۇشۇ بولۇپ قالسا دەردىمنى ئالمىسام بولمايدۇ. ھېلىقى كۈنى ناھەق تاياق يېمىگەن بولسام كۈنلىرىم مۇنداق ئۆتمەستى.

سوغۇق ئۆي، كىرلەشكەن يوتقان، قاتتىق نان، يەنە ئۆيدىكى بەكمۇ سېسىق پۇرايدىغان جىملىق بىر-بىرلەپ يادىدىن كەچتى.

ئەگەر سورۇننىڭ پۇلىنى مەن تۆلەشكە توغرا كەلسە قانداق قىلارمەن؟ يېنىمدا پۇل يوق، ئاغىنە بولغاندىكىن ئۈچرىشىپ قالغاندا سورۇن تۈزۈپ ئىچمىسە تېخى.

بۇلتۇر بىرسىگە چەك تارتىپ ئىككى مىليون يۈەن مۇكاپات چىقىپتىكەن. شۇ چاغدا ئۇ ئاشۇ مۇكاپات ماڭا چىقىپ قالغان بولسا، دېگەن شېرىن خىيالغا غەرق بولۇپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى. ئەگەر راستلا شۇنداق پۇل چىقىپ قالسا ئۇ پۇلنى قانداق خەجلەشنى راستلا بىلەلمىگۈدەك. ھېلىقىدەك مانچە مىليون دېگەن پۇلنى ساناشنى، ھەتتا بۇنداق پۇلنىڭ قانداق يېزىلىشىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ چوڭ ـ چوڭ قورۇ ـ جايلارنى، ما-

شىنا، يەنە باغ- ۋاران دېگەندەك نېمىلەرنى سېتىۋالسام، ئاندىن شۇ پۇلنىڭ قالغان قىسمى بىلەن سودا قىلىپ باي بولۇپ كەت-سەم، دېگەنلەرنى ئويلاپ چىقتى. ئەتىسى بۇ خىياللىرىنى خوتۇ-نىغا دېۋىدى، خوتۇنى چىرايلىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇنچىۋالا پۇلنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى، بىز بىر كىمگە بوزەك بولماي تىنچ ياشىساقلا بولدى، — دېگەنىدى.

خوتۇنىنىڭ گەپلىرىدىن ئۇ ھەيرانلا قالغان. بۇ خوتۇن ئار-تۇق دۇنياغا ھېرىسمەن ئەمەسكەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ خوتۇنى ئۇنىڭ كۆزىگە بەكلا ئۇماق كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى.

ئۆتكەندە خەقلەر مېنى ئۇرغاندا پۇلۇمنى ئېلىۋالدى، راست، مېنى نەدە، قانداق ئۇرغاندۇ، كىم ئۇرغاندۇ؟

ئۇ ئىشىك تۈۋىدە چوڭ يولغا قاراپ ئولتۇرغان كاۋاپچىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى. شۇ كۈنى مۇشۇ ئەبلەخ مېنى ئۇرمىغان بولسا مەن بۇ كۈنگە قالمايتتىم.

كاۋاپچى يەنە شۇ پېتى يولغا قاراپ ئولتۇراتتى. يولدىن ئاندا - ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان ماشىنا - تىراكتورلارنىڭ سەت گۈرۈلدەشلىرى ئاڭلىناتتى.

— سەن خوتۇن - بالىلىرىڭنى ئېلىپ بىزنىڭكىدە بىرەر كۈن كەچلەپ كەلسەڭ بولاتتى. بىز ئاغىنە بولغاندىكىن بىرىش - كېلىش قىلىپ ئولتۇرغىنىمىز ئوبدان. بىر ئىشتىن كۆڭلۈم يېرىم، نېمە ئىشلىقىنى بىلەمسەن؟

— ياق، نېمە بولدى؟

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى كۆزلىرىنى ئاچالماي قالغانىدى. ئۇ-نىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرى بەكلا نۇرسىز ئىدى.

— مەن ساڭا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، ئەسلى سېنىڭ باي بولۇشۇڭغا ياردەم قىلسام بولاتتى.

— باي بولۇشقا... بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ئۇ دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىرالماي ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى. ئاغىنىسى كۆيۈپ ئازلا قالغان تاماكىسىنىڭ ئاخىرىنى كۈچەپ شوراپ تاشلىۋەتتى. ئۇ- نىڭ تىرناقلىرى ئۆسۈپ كېتىپتۇ. سارغايغان بارماقلىرى ئارد- سىدا قاپقارا كىرلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

— ھېچ بولمىسا ئازراق بولسىمۇ باي بولۇۋالساڭ بولاتتى، ھازىر ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئوخشايدىغان بولۇپ كەتتى. شۇڭا سەن باي بولساڭ بولاتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا ياردەم قىلا- سام بولاتتى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ كۆز چانقىدا ئاپئاق بىرنەرسە قېتىپ قالغانىدى. بۇ بۇرادەر مۇشۇنداق ئىچىپلا ئۆتۈپ كېتەر- مۇ، ھازىرقى كۈندە ھاراق سەۋەبىدىن كېسەل كۆرپىسى بولۇپ ئۆلەمجان ھالغا چۈشۈپ قالغانلار، دۆت بولۇپ قالغانلار، ساراڭ- قېتىش بولۇپ قالغانلار، ئەقلىدىن ئازغانلار، يەنە ئۆلۈپ كەتكەن- لەر تولا. تېخى تۇنۇگۈنلا ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچىپ مەستلىكتە ماشىنا ھەيدىگەن بىرسى يەنە بىر ماشىنىنى سوقۇپ ئۆزىمۇ ئۆ- لۈپتۇ، يەنە تۆت ـ بەشتەك ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ. بۇ ئاغى- نەمغۇ ماشىنا ھەيدىمەيدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ يولىنى تېپىپ ماڭال- مىسا ماشىنىنىڭ تېگىدە قېلىشى مۇمكىن.

ئۇ دۆڭباغلىق ئاغىنىسىگە ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ قويدى.

ئاغىنەم بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا مەن قانداق قىلارمەن؟

تۇرمۇشنىڭ شۇم تەقدىر قانات يايغان بىرەر بۇلۇڭىغا توغرا كېلىپ قالغان چاغدا، كىشى ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان بىرەر سەۋەب بىلەن جان دېگەن نەرسىدىن ھەمساتتا ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇ دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ ھەسرەت تور يايغان چىرايىغا سەپ- سالدى. ئۇ ئاغىنىسىنىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلىدىغان ھېلىقى ئىشلارنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئالدىنقى قېتىم ھاراق ئى- چىۋاتقاندا ئاغىنىسىنىڭ ئۇنىڭغا دېيىشىچە، ئىككى يىلنىڭ ئال- دىدىكى قار ياغقان كۈنى ئەل ياتقۇ مەھەلدە بىرنەچچەيلەن ئەم-

دىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن ئىنىسىنى ئۇرۇپ قېچىپ كې-تىپتۇ، ئىنىسى ئىككى كۈن ئۆمۈر كۆرۈپ دوختۇرخانىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. قاتىللارنىڭ هازىرغىچە ئىز- دېرىكى بولماپتۇ. دادى-سى ئىنىسىنى يەرلىكىگە قويغان كۈندىن باشلاپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدىكەن، ئانىسى ئالاڭزا سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما... هەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— بۇنى بىلىمەن. دادامنىڭ يەرگە قارىغىنىچە تام تۈۋىدە توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرغان هالىتىنى كۆرسەم پەقەت چىدى-مايمەن.

— قاتىللار تېپىلسا بولاتتى، خۇننى تۆلىتىۋالسىمۇ ئاتا-ئاناڭنىڭ دەردى چىقاتتى.

— قاتىللار مەھەللىمىزدە بار.

— نېمە... ئۇنداق بولغاندا...

— مەن بىلىمەن، ئۇلار هاشىم دوكىنىڭ ئۈچ ئاكا - ئۇكا باللىرى... ئىنىم هاشىم دوكىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ خوتۇ-نى بىلەن تېپىشىپ قاپتىكەن، بۇ گۇيلار ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ ئاخىرى ئۇنىڭ بېشىغا چىقتى...

— ئەمىسە نېمىشقا دەۋا قىلمايسەن؟...

— دەۋا قىلغان، هېچقانداق پاكىت يوق... ئاقمىدى.

— ئەمىسە ئىنىڭنى ئۇ ئۇچەيلەننىڭ ئۆلتۈرگىنىنى سەن قانداق بىلىسەن؟

— مەن بىلىمەن، بەزى نەرسىلەرنى ئوچۇق - ئاشكارا بى-لىپ تۇرساڭمۇ خەقنى ئىشەندۈرمەك تەسكەن. ئۇنى كۆرگەن ئا-دەم يوق، يا ئۇلارنىڭ ئۇرغىنىغا دەلىل بولغۇدەك بىرەر ئىز يوق... تاس قالدىم مەن تېخى تۆھمەت قىلدىڭ دەپ سولىنىپ كەتكىلى...

— سىڭدۈرمەك تەس بىر دەردكەن.

ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم ئىشكتىن بېشىنى تىقىپ ئىك-كىسىگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى


دىن مەيەرگە كېلىشنى دەمدىكىن، دەيدىغان تەمەسى بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇ كىشىنىڭ ئۈسۈپ كەتكەن ساقىلى بىلەن پىلدىرلاپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ئۇ كىمدۇر بىرىگە ئوخشىتىپ قالدى. مەھەللىسىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ئادەم بولىدىغان، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالالمىدى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئاچچىق بىلەن قولىنى سىلكىپ قويۇپ بوش ۋارقىرىدى:

— بۇنداق ئىشلار پات-پات بولۇپ تۇرىدۇ، خوتۇن قىممەتلەپ كەتتى، بۇرنى كۆپكەنلەر يا خەقنىڭ خوتۇنىغا ئىسىلىدۇ، يا قىزلىرىغا چىقىلىدۇ، ئاندىن بىرمۇنچە ئادەملەر قان بولۇشۇپ نەچچىسى ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بىرمۇنچىسى تۇرمىگە كىرىپ تۈگىشىدۇ. بۇنىڭ دەردىدە خەقنىڭ ئاتا-ئانىلىرى مىنىڭ ئاتا-ئانامدەك ئىچىدىن تۈگىشىپ كېتىدىغان گەپكەن. مۇشۇنداق ئىشلار تولىراپ كەتتى.

— ئەمىسە سەنمۇ ئۆيلىنىۋالساڭ بولغۇدەك... بىرەر يامان ئىشقا چىتىلىپ قالما يەنە...

— كىمنىڭ ئۆيلەنگۈسى يوق، گەپ پۇلدا. پۇل بولمىسا خوتۇننى نېمىگە ئالىدۇ. راست، قەمبەرنىسا كەلمەيدىغۇ...

ئۇ ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان كاۋاپچىغا لەپپىدە قاراپ قويدى.

— ئەجەب تولا گېپىنى قىلدىڭ، نېمە قىلىسەن ئۇنى؟

— بۇنى سورىما.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى بوينىنى سوزۇپ كاۋاپچىغا قاراپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ يەنە جىمىپ قالدى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى جىممىدە خىيالغا كەتتى.

ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قېتىپ قالغانىدى. گەپ-سۆزسىز بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن دۆڭباغلىق ئاغىنىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ چوكىنى قولىغا ئالدى.

— مەن قارىغىشقا كەتتىمىكىن دەيمەن قارا.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى كۆك لازىنى چايناپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا خوتۇنى يادىغا كېلىپ قالدى. خوتۇنى لازىغا ئامراقتى. لازا يېيىش ـ يېمەسلىك توغرىلىق خوتۇنى بىلەن تالاشىپ قالغانىدى، بىراق ئاخىرىدا يەنىلا خوتۇنى ئۇنىڭغا يول قويىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا لازا يېمەيدىغانلىقىنى، لازىغا نېمىشقا ئۆچلۈكىنى تازا بىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ جاھاندا ئادەم دېگەن بەزى نەرسىلەرگە ئامراق، بەزى نەرسىلەرگە ئۆچ بولۇپ قالىدىكەن.

— بوۋام پۈتۈن يۇرتقا نامى چىققان ئۆلىما كىشى ئىدى. مەتسىدىق داموللا ھاجىم، دەپ ئاڭلىغانمۇ؟

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى سوئال نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئاغىنىسىگە قاراپ تۇرۇپ بۈگۈن ماڭا ھاراق سىڭگۈدەك دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئاڭلىغان.

— مانا شۇ كىشى مېنىڭ بوۋام بولىدۇ، قالتىس ئادەم ئىكەندۇق، شۇ ئادەمنىڭ ئەۋلادى تۇرۇپ بىز ھاراقكەش چىقىپ قالدۇق، بەزىدە ئىشلىرىمنىڭ ئالغا ماڭماسلىقىنى بوۋامنىڭ روھى مېنى قارغىۋەتكەنلىكتىن بولغانمىكىن دەپمۇ ئويلايمەن.

ئۇ ئاغىنىسىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋېتىپ ئۇنىڭ خۇنسىز كۆزلىرىدە يىغىدىنمۇ بەتتەر بىر تۇيغۇنىڭ ئوخچۇپ تۇرغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى.

— قارغاش دەمسەن... شۇنداقمۇ بولارمۇ؟

— بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

— بۇنى بوۋاڭنىڭ قارغىشىدىن كۆرسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ، ھېلىمۇ يامان ئەمەس كېتىپ بارىسەنغۇ.

ئۇ دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمىدى. تۇرۇپلا ئاغىنىسىنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىدا ئۆزىنىڭمۇ جاۋابكارلىقى باردەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىنى شۇنچە ئويلاپمۇ ھېچ چۈشىنەلمىدى. بۇ ئاغىنەم مۇنداق بو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


لۇپ قالسا مەندە نېمە گۇناھ، ئۇ شۇنداق ئويلىسىمۇ ھېلىقى ئۆ-
زىنى ئەيىبلەيدىغان تۇيغۇنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى.

ئۇ شۇنچە ئويلاپمۇ دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ ئىسمىنى پە-
قەت يادىغا ئالالمىدى. توغرىدىن توغرا سوراشقا پېتىنالمايدىغان-
دەك قىلاتتى.

— مەندەك بىر پۇتونسۇرۇك ئەركەكنىڭ ئوغلاپ خوتۇنى
بولمىسا بۇنى قانداقمۇ يامان ئەمەس دېگىلى بولسۇن؟!

ئۇ ھاراقتا قاراپ قويدى، ھاراق ئاز قالغانىدى. مۇشۇنىڭ
بىلەن بولدى قىلغىلى بولسا ياخشى بولاتتى. بىراق بۇ يەردە ئۇ-
نىڭ دېگىنى ھېساب بولمايدىغاندەك قىلاتتى. مۇنۇ دۆڭباغلىق
ئاغىنىسى نېمە دېسە شۇ. ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزگىلى بولمايدۇ.

— خوتۇنىنى ئۆزۈڭ قويۇپ بېرىپ يەنە بۇنى بوۋاقنىڭ قار-
غىشىدىن كۆرسەڭ قانداق بولىدۇ؟

— سەنمۇ جىق بىرنەرسىلەرنى چۈشەنمەيدىكەنسەن، بۇ
مۇنداق گەپ، مېنى بوۋامنىڭ روھى قارغىۋەتكەن بولسا مۇ-
شۇنداق بولۇپ قالدىمىكىن دەيمەن. مەسىلەن، مەن بۇرۇن
ئىشتىن قورقمايدىغان، كۆڭلۈم توق يۈرىدىغان ئادەم ئىدىم، قا-
چانكى بوۋامنىڭ روھى مېنى قارغىۋەتتى، شۇ كۈندىن باشلاپ
ھۈرۈنلىشىپ كەتتىم، ھاراق ئىچىشتىن باشقا ئىش خۇش ياق-
مايدىغان بولدى، ئىش دېسە بوينۇمنى سۆرىگەندەك ماڭىدىغان
بولۇپ قالدىم، ياتسام ياتقۇم كەلمەيدىغان، قوپسام تۇرغۇم كەل-
مەيدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ قارغىشنىڭ ئەڭ يامىنى ئەمەسمۇ...
بولمىسا مۇشۇنداق قىلىپ يۈرسەم بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇ-
رىمەن... يەنە شۇنداق قىلىمەن... بەك جىق گەپ قىلىپ كەت-
تىم، ئەمدى ئىككىمىز بىردەم ئىچىشەيلى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى توخۇنىڭ قانىتىنى تارتىشتۇرۇپ جىق
ھەلەك بولدى.

— قېنى تازا بىر ئىچەيلى، ئالدىدا مەن كۆتۈرۈۋېتەي.

— ئىچمىسەك بولمامدۇ، تېخى ھېلىلا ئىنىڭنىڭ ھاراق

سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكىنىنى دەپ يۈرەتتىڭ.

— مەن نەدە ئۇنداق دېدىم؟

— ھېلى شۇنداق دېدىڭغۇ!

— دېگەن بولسام دېگەندىمەن، ئۇ گەپنى قويۇپ ھاراقنى ئىچەيلى.

ئۇنىڭ خىيالىغا يەنە خوتۇنى كىرىۋالدى. ئۇ خوتۇنىنى قوـ يۇۋەتكەن دەسلەپكى كۈنلەردە جاھاندا خوتۇن كىشىدىن تولا نېمە يوق، ھايالشىمايلا خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس، دەپ ئويلىغانىدى، بىراق بۇ جاھاندا خوتۇن كىشى دېگەن جىق بولغىنى بىلەن ياخشىلىرىنىڭ ئىگىسى باركەن، ئىگىسىزلىرىنىڭ ئىچىدە خوتۇنلۇققا يارايدىـ غانلىرى ئازكەن، بىرسىنىڭ يېشى چوڭ، بىرسىنىڭ كىچىك، بىرسىنىڭ خۇيى بىرقانداق، بىرسىنىڭ يەنە بىرقانداق چىقىپ قېلىپ يۈرۈپ، بەزىدە ئۇ، بۇ جاھاندا ماڭا خوپ كېلىدىغان ئايال زاتى يوقمۇـ نېمە، دەپمۇ ئويلاپ قالدى. ئۆزى تونۇيدىغان، بىلىدـ دىغان قىزـچوكانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقـ قان بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىگە چۈشىدىغانلىرى يوقـ تەك بىلىنىۋاتاتتى. مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدىن بىر ئەر، بىر ئايال ئىككى ئادەمنىڭ رىزقى قوشۇلۇپ بىر ئۆيگە كىرىشى ناھايىتى تەس ھەم چىگىش بىر ئىشتەك، بۇنداق ئىش تەقدىر ئەزەلدە پېشانىگە پۈتۈلمىگەن بولسا ھەرگىزمۇ روياپقا چىقمايدىـ غاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— ھە راست، سەن نېمىشقا دۇتار چالمايسەن؟

— دېدىمغۇ، دۇتار چېلىش تۇگۇل دۇتار چالغان ئادەممۇ كۆزۈمگە جىن كۆرۈندۇ مېنىڭ... خوتۇنۇمنى بىر دۇتارچى ئېـ لىۋالدى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئۇنىڭغا باشقىچە بىر نەزەردە قاراپ قويدى. ئاغىنىسىنىڭ قاراشلىرى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك، يەنە مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك سېزىلىپ كەتتى. دېمەيدىغان گەپنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



دەپ سالدىم، دەپ ئويلىدى ئۇ جىمىدە ئولتۇرۇپ.

— قۇلاق تۈۋىگە قويماي ئۇنىڭ... — دېدى دۆڭباغلىق ئا- غىنىسى قولىنى سىلكىپ.

ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇنىنى بىرسى ئالسا قۇلاق تۈۋىگە قويغىلى بولاتتىمۇ. ئۇ خو- تۇنى توي قىلىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن خوتۇنىدىن ئاجرى- شىپ كەتكىنىگە تولۇق ئىشەندى، ئۇنىڭغىچە بولغان كۆڭلىدە ئۇنىڭغا خوتۇنى بۇرۇنقىدەك چىرايلىق كۈلۈپ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئاجراشتۇق دېيىش بىلەن ئۆزىنىڭ شۇنچە يىل قويندا ياتقان خوتۇنىنىڭ باشقىلارغا تەۋە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىغىلى تاسلا قالدى.

ئۇ تازا مەست بولۇپ ساقاللىق توكۇرنى ئىزدەپ بېرىپ ئۇ- زىنىڭ مۇشۇ خىياللىرىنى دېگەندە، ساقاللىق توكۇر پەس ئاۋازدا:

— بۇ دۇنيا ئادەمنىڭ خىيالىغا باقمايدۇ، سەن بىركىمنى ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم دېسەڭلا سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولۇپ قالمايدۇ، ھاياتنىڭ پرىنسىپى شۇنداق: خىيالدىكى پۇلنى خەجلىگىلى بول- مايدۇ. پەقەت ئىككىلا يول بار، كاللا ئىشلىتىش ھەم بەرداشلىق بېرىش، — دېگەنىدى.

شۇ چاغدا ساقاللىق توكۇر ناھايىتى پەس ئاۋازدا، ناھايىتى خاتىرجەم سۆزلىگەنىدى، ئۇنىڭ خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كەتكىنى ساقاللىق توكۇر ئۈچۈن ئەجەبلىنىشكىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئىش بولسا كېرەك.

ئۇ ساقاللىق توكۇرنىڭ نېمە ئۈچۈن كاللا ئىشلىتىش دېگەن گەپنى تولا دەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تازا بىلىپ كېتەلمەيتتى.

— بابا، قۇلاق تۈۋىگە ئۇرغۇلۇق، دېگىنىم مۇنداقلا بىر گەپ، شۇنداق قىلىپ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولاتتىمۇ، بۇگۈنـ- كى كۈندە بىرسىنى تاك ئېتىپ چېكىپ قويۇپ قۇتۇلغىلى بول- مايدۇ، ئىككى ئادەم ئۇرۇشسا ھەق - ناھەقنى ئايرىپ ئۆزلىرى كېلىشىۋالىدىغان جاھان كەلمەسكە كېتىپتۇ، تاياق يېسىمۇ،

خەقنى ئۇرسىمۇ ئەرز قىلىدىغان بىر جاھان بولۇۋاتىدۇ. خەقلەر بەك كۆكەرمە بولۇپ كەتتى ھازىر... مەن بايا ساڭا بوۋامنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردىمغۇ ـ ھە؟

ــ ھەئە... بوۋاڭ ئۆلىما ئادەمكەندۇق.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ تېلېفونى سايراپ كەتتى، ئۇ تېلېفوندىكى نومۇرغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ نېرىغا بېرىپ ۋارقىرىدى:

ــ ھە، نېمە بولدى، گېپىڭنى قىلە... ئاناڭنى......

ئۇنىڭ ۋارقىرىشى كىچىككىنە قاۋاقنى لىققىدە ئالغانىدى.

ــ ئەللىك كوينىڭ ھەممىسىنى بېرىپ بولغان، يەنە شۇنداق دېسە بوغۇزلىۋېتىمەن مەن ئا گۇينى... ياق، ئۇنىڭغا بەش موچەنىمۇ بەرمەيمەن...

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ بىرنېمىلەرنى دېگىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى. ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان كاۋاپچى ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى تېلېفوننى ئۈرۈپ بولۇپ ئىشىكنىڭ كېشىكىگە يۆلىنىپ چىرايىدا كۈلكە قېتىپ قالغان ھېلىقى كاۋاپچىدىن سورىدى:

ــ بۇ قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسىغۇ ـ ھە؟

ــ شۇنداق، قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسى.

ــ ئۇ ئۆزى قېنى، كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار ئىدى.

ــ تاڭ، مەن كۆرمىدىم. سىرتتا قىلىدىغان ئىشى باردۇ.

ئۇ كاۋاپچىنىڭ مۈرىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ قويۇپ ئاستا كېلىپ جايىغا ئولتۇردى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ شالاڭ چىشلىرى ئارىسىغا شوخلىنىڭ شۆپۈكى چاپلىشىپ قالغانىدى.

ئۇ ئوڭايسىز بىرھالدا ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ يەنە توختاپ قالدى.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ چىرايى بايىقىدىن ياخشىلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالغاندەك قىلاتتى، ئۇ يانچۇقىنى ماتىلاپ تەستە تاماكا چىقىرىپ تۇتاشتۇرغاچ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

شۇ ئارىدا كاۋاپچى بىر سولياۋ خالتىدا شوخلا، لازا دېگەندەك نېمىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن قىستىلىپ بولۇڭدىكى تۇڭلاتقۇغا سېلىشقا باشلىدى.

— نەچچە پۇلغا ئالدىڭ بۇنى؟ — سورىدى دۆڭباغلىق ئاغىنىسى كاۋاپچىغا قاراپ.

كاۋاپچى ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي جاۋاب بەردى:

— ھەممىسى ئون بەش كوي.

— نېمانداق قىممەت، مەنمۇ كۆكتاتلىرىمنى ئەكېلىپ پۇل قىلساممۇ بوپتىكەن بايا.

كاۋاپچى بىلەن دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇپ قالدى. ئۇ گەپنى بۇراش ئۈچۈن ئاغىنىسىدىن سورىدى:

— سېنىڭمۇ كۆكتاتلىرىڭ بارمۇ؟

— ئىككى مو يەردە كۆكتات تېرىغان، خېلى ئوخشىغۇسى بار ئىدى، ئالدىنقى ھەپتە بارسام ئوت بېسىپ كېتىپتۇ، ساپلا يۆگمەچ بىلەن غاچچا، قاراپ كۆڭلۈم ئېلىشتى. ئوتاي دېسەم چولام تەگمىدى. ياخشىراق باشقۇرىدىغان ئادەم بولغان بولسا ئىككى - ئۈچ مىڭ كوي پۇل بولاتتى.

— ئۆزۈڭ ئوتاپ قويساڭ بولمامدۇ؟

— ئەسلى شۇنداق قىلسام بولاتتى. بىراق قىلالمىدىم. قانداق گەپكى بۇ، پەقەت ئىش خوش ياقمايدىغان بولۇپ كەتتى، بايا دېگەندەك قارغىشقا كەتتىممىكىن دەيمەن، خوتۇنۇم مېنى ھورۇن ئېشەك دەپ تىللايتتى، چىشلىرىنى تۆكۈۋەتسەم بوپتىكەن. ئۇ خوتۇنىنىڭ مېنى تىللىمىغان گېپى قالمىغان، بايا نېمە دېدىم؟

— نېمىنى...

— خوتۇنۇم مېنى نېمە دەپ تىللايتتى دېدىم...

— ھۆرۈن ئىشەك...

— ھە، ئۇ مېنى ھۆرۈن ئىشەك دەيتتى، ئاندىن يەنە بولۇمسىز چوشقا، ئىتتىن تۆرەلگەن نەس... ئاندىن يەنە نېمە دەيتتى ئۇ... ھە راست، پوق يېگەن ساراڭ دەيتتى...

— بولدى قىلە، نېمانداق بىر-بىرىدىن سەت گەپلەر بۇ.

— شۇ... مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ مۇشۇنداق ئاغزى سەتتى... هاراق ئىچكىنىمنى كۆرسە ئالۋاستىنى كۆرگەندەك مەندىن قاچاتتى، مەن ئۇنى نەچچە قېتىم هاراق ئىچكەن بىرسى ئاناڭنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەنمۇ سېنىڭ، دەپ تىللىغانىدىم، شۇ چاغدا ئۇ نېمە دېدى دېمەمسەن، هاراقكەشتىن ئىشەك ياخشى، دېدى... ئاندىن مەن ئاغزىغا ئۇردۇم، ئۇ يۈزۈمنى مورلىدى، مەن دەسسەپ چەيلىدىم، ئەتىسى ئاچىسى دېگەن دەللە كېلىپ ئاجراشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى... ھەممىسى ئابلىم قارىم دېگەن كاززاپنىڭ ئۇسالىلىقى. مەن نېمە دەپ يۈرىمەن، قويۇۋەتكەن خوتۇنىنىڭ گېپىنى قىلىش دېگەن قاملاشمىغان بىر ئىشتى، بۇنى قويايلى، مەن سېنى بىر باي قىلىۋەتسەم بولاتتى.

چوڭ يولدىن لىققىدە ئادەم سالغان بىر ئەبجەق ئاپتوبۇس ئاستا ميڭىپ ئۆتۈپ كەتتى. تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىۋالغان شوپۇرنىڭ قىياپىتى ئۇنىڭغا پەقەت ياقمىدى.

— بۇ گەپنى قوي، ئەسلى سەن خوتۇنۇڭنى قويۇۋەتكۈلۈك ئەمەستى.

— بايا ساڭا نېمە دېدىم، ئۇ خوتۇننىڭ ماڭا كۆڭلى يوق چىقىپ قالدى. ئەسلى ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا بىر يەردە پالاز قاقىدىكەن، شۇ گۇمان بىلەن تازا قويۇپ ئىككى قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋەتكەن مەن ئۇنىڭ.

— ئەرز قىلماپتۇ ياخشى.

— ئەرز قىلسا بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە قاتتىق يەيتتى مەندىن.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ جانسىز كۆزلىرىدە ھەسرەتنىڭ غېرىبانە سارغۇچ نۇرلىرى سىلغىيىپ تۇراتتى. ئورنىغا كەلتۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گىلى بولمايدىغان بىر نادامەت يۈرىكىنى تىلغاۋاتقاندەك قىلاتتى. غەم-غۇسسە دېگەن نەرسىلەر بەزى ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى تاشلاندۇق ئۆينى توپا باسقاندەك بىرھالغا كەلتۈرۈپ قويسا كېرەك.

— نېمىشقا ئۇرغانسەن ئۇنى.

— خوتۇن دېگەننى ئۆزۈڭ ئالغاندىكىن ئۇرامسەن، تىللامسەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى بولىدۇ-دە.

— ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ جۇمۇ، ئۇمۇ ئادەم تۇرسا...

— سەنمۇ تازا ئابلىم قارىمدەك گەپ قىلدىڭ.

ئۇ دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرىدە بىر ئاچچىق ئەلەمنىڭ چېقنىلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. بۇ جاھاندا كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئادەملەر، يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان ئىشلار، بىر ئوبدان كېتىپ بارغان ئىشلارنى تەتۈرىسىگە بۇرىۋېتىدىغان ۋەقەلەر، يەنە ئۆزۈڭ چايناپ تۇرغان لوقما يۇتۇپ بولغىچە ئارىلىقتا خەقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان كۆڭۈلسىز ئىشلار قەدەمدە بىر روي بېرىپ تۇرىدۇ.

— ئابلىم قارىم دېگەن كىم؟

— بىزنىڭ مەھەللىدىكى بىر پوشكالچى، يېشى مەندىن سەللا چوڭ كېلىدۇ، مەن خوتۇنۇمنى ئۇرسام ئۇ كىرىپ: خوتۇن كىشىنى ئۇرۇش ئەر كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس، دەپ ماڭا دەرس ئۆتۈپ يۈرىدۇ، تازا تىللاپ، قوغلاپ چىقاردىم. كېيىن ئۇقسام خوتۇنۇم دېگەن بۇزۇق مەن بىلەن توي قىلماستا ئاشۇ ئابلىم قارىم دېگەن پوشكالچى بىلەن ئالىمەن، تېگىمەن دېيىشىپ يۈرۈشۈپتىكەن، مەن خوتۇنۇمنى ئۇرسام ئۇنىڭ چىدىماي قالغانلىرى شۇنىڭدىنىكەن.

— ئالمىساڭ بوپتىكەن ئۇ خوتۇننى بايا.

— كىم بىلدى ئۇنىڭ بۇنداق ئوسال ئىشى بارلىقىنى. خوتۇن دېگەن مەرەزنى تازا سالدىم، ئۇ نېمىدەپ يىغلىدى دېمەمسەن.

— نېمە دەپ يىغلىدى؟

— تاياق يېگەن خوتۇن، ئانام - دادام، يا بولمىسا ۋايجان،

دەپ يىغلىسا بولاتتى، ئۇ ئاھ ئابلىم، سەن نەدە، دەپ يىغلاۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن...

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ مۇشتۇملىرى تۈگۈلۈپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى يېرىملاشقان تاماكىسىنى تاشلىۋېتىپ يەنە بىرنى تۇتاشتۇرۇپ كۈچ بىلەن شورىدى. ئۇ توخۇ قوردىقىغا چوقۇم تاماكا كۆلى چۈشۈپ كەتتى، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى. ئاندىن، يادىمدا يوق، يا بولمىسا ما ئاداش زورلاپ مۈشۈ توخۇ قوردىقىنى يەپ سالسام قانداق قىلارمەن، دېگەن تەشۋىشلىك خىيالنى يادىدىن چىقىرالماي بېشى قېيىپ كەتتى.

— بۇمۇ بىر قاملاشمىغان قىلىق بوپتىكەن. قانداق بولۇپ توي قىلغاندىڭ؟

— ئۇنىڭ دادىسى بىلەن مېنىڭ دادام كىچىكىدىن ئاغىنە ئىكەندۇق، شۇلارنىڭ گېپى بىلەن بىر ئۆيگە كىرگەندۇق. ئەمما خوتۇنۇم ئەجەب چىرايلىقتى...

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ كۆزلىرىدە نەمخۇش بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنياغا يۈرىكىدە ئازراقمۇ مۇھەببەت، سۆيگۈ قالمىغان ئادەمدەك سوغ نەزەر سېلىۋاتاتتى. چىرايلىق گۈللەر ئۆستىگە يۇندا سۇلىرى چېچىلىدىغان، ئاندىن بۇ پاسكىنا سۇلار سوغۇق دەستىدىن مۇز بولۇپ قاتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئەڭ كۆڭۈلگە تېگىدىغىنى پاسكىنا سۇنىڭ توڭلاپ كېتىشى ئەمەس، ھېلىقى چىرايلىق گۈللەرنىڭ يۇندا سۇيىنىڭ مۇزلىرى ئارىسىدا قېلىپ تامام بەربات بولۇشى.

نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قەلبىدە يۈرىكىنىڭ قىپقىزىل قانلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ باراقسانلىغان قىپقىزىل گۈللەر بولىدۇ. بىر كۈنلەر كەلگەندە ھاياتنىڭ مەسخىرىسى ئاستىدا ھېلىقى گۈللەر پۇچۇلۇپ كېتىدۇ.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ قەلبىدىكى گۈللەر ئېچىنىشلىق تەرزدە ئۈششۈپ كەتكەندەك قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئالدىنقى سەپى



ئادەم دېگەن بەزى چاغدا تەسەللىيگە شۇنداق موھتاج بولىدۇ.
— ئەجەب بىر ئىش بوپتۇ. كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما.
— تۈزۈك گەپ قىلە، بىر خوتۇن ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بو-
لىدىغان ئىش يوق.
— ئەيىب ئايالىڭدا بولسا كېرەك.
قاۋاقنىڭ ئىچىدىكى بەتبۇيچىلىق تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئادەملەر بىر-بىرىنى قىيناپ، بىر-بىرىگە زەھىرىنى سانجىپ دۇنيانى بەكمۇ پەرىشان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇ-غاندەك قىلىۋاتاتتى. ئادەملەرنىڭ يۈرىكى تايىنسىز ئازاب-ئوقۇ-بەتلەرنىڭ قىسمىشى بىلەن ئەسلىي شەكلىنى، رەڭگىنى يوقىتىد-ۋەتسە كېرەك. ئۇ خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ساقاللىق توكۇرنى ئىزدەپ باردى. ساقاللىق توكۇرنىڭ دېيىشىچە، خوتۇنغا ئامراق بولۇش ئەرلەرنىڭ يارالمىشىدىن قالغان خۇي - مىجەزى-كەن. خوتۇندىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇلارغا زەربە بولىدىكەن. مۇ-شۇنداق ئىشلارغا ئازابلانمايدىغان يۈرىكى بار ئەركەكنى تاپقىلى بولمايدىكەن.
— خەقنىڭ ماڭا دېيىشىچە، ئابلىم قارىم دېگەن كاززاپ خوتۇنۇمنى ئۆزگە ئوقۇتۇۋاپتىكەن.
— ئۇنداق ئەمەستۇ.
— ئۇنداق بولمىسا خوتۇنۇم نېمىشقا دائىم شۇنى چۈشەپ چىقىدۇ.
— ئۇنىڭ ئابلىم قارىمنى چۈشەپ چىقىدىغانلىقىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟
— قانداق بىلمەيمەن، ئۇ پات-پات ئاشۇ كاززاپنىڭ ئىسمى-نى چاقىرىپ جۆيلۈيدىغان تۇرسا... ئوقۇتۇۋالغىنى راست ئۇنىڭ.
گىرىمسەن قاپلىغان پايانى يوق چۆلدە كېتىپ بارغان بىر ئادەم... مىڭلىغان ئادەم... مىليونلىغان... سان - ھېسابى يوق ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى، روھىدىكى ئىچىرقاشلار ئادەملەرنى چار-چىتىپ بەتتەر بىرھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئادەملەر باشقىلار-

نىڭ روھىنى تىزگىنلەيدىغان سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە بولۇشنى خام-خىيال قىلغىلى نەچچە مىڭ يىل بولغان بولۇشى مۇمكىن.
— مەنغۇ ئوقۇتۇۋالدى دېگەنگە ئىشەنمەيمەن.
— بېشىڭغا كەلمىگەندىكىن بىلمەيسەن-دە، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، سېنى بىر باي قىلىۋەتسەم بولاتتى مەن... سەندە بولسا مەندە بولغانغا ئوخشاش.
دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا باشقىچە تۇيۇلۇۋاتاتتى.
باي بولۇشنىڭ چۈشى جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى قاپلاپ كەتكەندەك قىلاتتى.
قانداق بولسا باي بولغان بولىدۇ؟ بۇرۇن ئۇنىڭ مەھەللىسىدە بىرسىنىڭ بىر دانە كېسەك ئۆيلىغۇسى بار ئىدى، ھەممە ئادەم ئۇنى ئەڭ باي ئادەم ھېسابلايتتى. ھازىر بەزى ئادەملەرنىڭ نەچچە ماشىنىسى، نەچچە يەردە ئۆيى، يۈز، ھەتتا مىڭ يىل خەجلىسىمۇ تۈگىتەلمىگۈدەك پۇلى تۇرسىمۇ ئۆزىنى ھېچ باي ھېسابلىيالمايدىغاندەك قىلىدۇ، يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى ئېشىپ-تېشىپ ھەممە نەرسىسى تەل تۇرسىمۇ ئۆزىنى باي ھەم خۇشال سېزەلمەسلىكىنىڭ بائىسى نېمە بولۇشى مۇمكىن؟!
ھېلىقىدەك نەچچە مىليون مۇكاپات بىر چىقىپ قالسىغۇ.
— بولدى، مېنىڭ غېمىمنى يېمەي ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ پۇل تاپ، باي بول. خوتۇنۇم باي بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، تۇرمۇشىمىز خۇشال ئۆتسىلا بولدى، دېگەن.
— خوتۇن خەق دېگەن نېمىنى بىلىدۇ، پۇل بولمىسا نەدە خۇشال تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولىدۇ، ساڭا دەپ قوياي، پۇلۇڭ بولغان بولسا خوتۇنۇڭ كەتمىگەن بولاتتى، پۇل بولغان بولسا مەنمۇ يەنە خوتۇن ئالاتتىم.
ئۇ ھارغىنلىق بېسىپ بارغانسېرى بوشاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق چاغدا يۇمشاق كۆرپىگە كۆپۈپىدە يېقىلىپ قانغۇدەك بىر ئۇخلىۋالسا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابلىرى www.uyghurkitap.com



— مەن باي بولالمايمەن. جىنىمنى ئاران ئېلىۋاتقان ئادەم تۇرسام.

— مەنمۇ شۇ، بولدى قىل، بىز باي بولۇپ بولالمايمىز، مۇھىمى باي بولغۇدەك ھالىمىز يوق.

— ئۇنداق دېگەنبىلەن باي بولمىسا خەقلەر كۆزگە ئىلمايدىغان ئىش بار.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن، كۆزلىرىنىڭ نۇرسىزلىقىدىن، ئاشۇ نۇرسىز كۆزلىرىدىكى پىغانلىق خاراموش تۇمانلاردىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە يىلان، چايانغا ئوخشايدىغان ھەسرەتلەرنىڭ شۇۋىرغاندەك ۋىژىلداۋاتقانلىقىنى بىرەيلەن سېزىپ قالدى.

— ئىچەيلى، كېلە، سوقۇشتۇرۇپ ئىچەيلى.

— مەن ئەمدى ئىچمەي. بولالماي قالدىم.

— بىر ئوبدان تۇرساڭ، ئىچمىسەڭ قانداق بولىدۇ.

— مۇشۇ ئوبدان پېتىم تۇرۇۋېرەي.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن قاراپ قويدى.

— ئۇنداق ئىش يوق، مەن مەست بولۇپ تۈگىشىپ كەتسەمسەن بىر ياندا ساق قالساڭ قانداق بولىدۇ، مەست بولساق تەڭ بولىمىز.

بىز نېمىدەپ ئاغىنە بولۇپ قالدۇق. ئۇ مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىلمەيدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن. ئاغىنىدارچىلىقنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىچەيلى دېگەن گېپىنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ. قاچانغىچە ئىچىپ يۈرەرمەن. ئۆتكەندە بىرسى ھاراق ئىچمەسلىك قالتىس راھەت ئىشكەن، دېگەندەك قىلىۋىدى. ئۇنىڭ گېپىدىن بۇرۇنلاردا داڭلىق ھاراقكەش ئىكەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ. تۆۋەن مەھەللىدىكى زاكىر بوڭنى ئېلىشىپ قاپتۇ، دەيدۇ. پۈتۈن يۇرتتا نامى بار ئادەم ئىدى. بىراق ئېلىشىپ قالغىنى يامان بولدى. ئادەم ئەقلىدىن ئازغاندا دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنسە كېرەك.

زاكىر بوۋاق پات-پات، كۆن نېمىشقا كۆنچىقىشتىن چىقمايدۇ، دەيدىغان بولۇپ قاپتىكەن، دېيىشىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئەڭ چاتاق تېرىغان گېپى، نىياز جوۋچىنىڭ خوتۇنى بىلەن ھاشىم قويچىنىڭ چاتىقى بار، دەپ ئۇدۇل كەلگەن يەردە ۋارقىراپ يۈرۈشى بولۇشى مۇمكىن. باشقا گەپلىرىمۇ ئۆز يولىدا مېڭىۋېتىپتىكەن، بىراق نىياز جوۋچىنىڭ خوتۇنى بىلەن ھاشىم قويچىنىڭ چاتىقى بار، دېگەن گېپى مەھەللىنى بىر ئالدى دېيىشىدۇ. نىياز جوۋچىنىڭ چوڭ ئوغلى قولىغا كالتەك ئېلىپ زاكىر بوۋنى قوغلاپ يۈرگۈدەكمىشكەن. نىياز جوۋچىنىڭ خوتۇنى، ھاشىم قويچى دېگەنلەر ئون - يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر بولسىمۇ، بالىلىرى بىر ساراڭنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، خورلۇق، نادامەت تارتىپ يۈرگۈدەكمىشكەن.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ خىرىلدىدى.

— ئىچمىسەڭ بولمايدۇ. يىقىلىپ قالغۇچە ئىچىمىز.

— ئەمدى ئىچەلمەيمەن، ھاراق ئىچكەن ئادەم كۆزۈمگە بەك سەت كۆرۈنىدۇ مېنىڭ.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى سۈزۈك بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ كىرلەشكەن ئۈستەلگە پاققىدە قويدى. ئاغزى ئوچۇق بوتۇلكىدىن ھاراق چاچراپ چىقىپ توخۇ قوردىقىغا تۆكۈلدى. قاۋاقنىڭ ئىدىچىنى ھاراقنىڭ كۆچلۈك ھىدى قاپلىدى. ئۇ سەسكىنىپ كەتتى. بۇرنىنى ئېتىۋالماقچى بولۇپ قولىنى ئاپىرىپ بولۇپ يەنە توختاپ قالدى. دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ ئولتۇراتتى.

— سەن نېمانداق خوتۇنۇمدەك گەپ قىلىسەن؟ خوتۇنۇم مۇشۇنداق گەپ قىلغاچقا مەن ئۇنى قويۇۋەتكەن جۇمۇ... بىلىپ قوي.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ ئۆزىنى جوڭقۇرالمىغاندەك بويىنىنى گىلدىڭلىتىپ بىر تەرەپكە قىيشىد-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يىپ ئۇلتۇردى. ئۇ دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ ئەپتىگە قاراپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا، روھىدا جاندىن ئەسەر قالماپتۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۆزىنىڭ ئىسسىق جېنىنى ئۆزى بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئەۋرەزگە تاشلىغان نۇرغۇن ئادەملەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزىلىپ تار قاۋاقنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

پۇلنى ئىسراپ قىلغۇەتسە تاپقىلى بولغان بىلەن، ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئىسراپ قىلغۇەتسە ئورنىنى تولۇقلىيالمايدۇ.

بۇ گەپنى ساقاللىق توكۇر دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

مەن يەنە بىر خوتۇن ئالمىسام بولمايدۇ...

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىشىك تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كاۋاپچىغا ھۆرپەيدى:

— بۇ قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسى.

— ئۇ ئۆزى قېنى، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ.

— مەن كۆرمىدىم.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى كاۋاپچىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ كۆلكە قېتىپ قالغان چىرايىغا يېقىن كېلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئاستا غودۇڭشىدى، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تەستە ئاڭقىرغىلى بولاتتى:

— سەن ئۇنى ماڭا تېپىپ بەرسەڭ بولمامدۇ، يا بولمىسا تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەر.

كاۋاپچى مۇزدەك كۆزلىرىنى دۆڭباغلىق ئاغىنىسىگە مىخ-تەك قاداپ تۇرۇپ ۋارقىرىغاندەك سۆزلىدى:

— مەن قەمبەرنىسانىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

— نە... نەگە كەتكەندۇ؟

— بەلكىم ئەرگە تېگىپ كەتكەندۇ...

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن دەز كەتكەن پىيالىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ يىغلامسىراپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

— مېنى يېزىدىن كەلدى دەپ بوزەك قىلىۋاتامسەن. نېمە؟ مېنى ياراتمىغىنىڭ ئىكەن-دە بۇ؟ يارتمىغىنىڭ توغرا. مەن بىرىنچىدىن يېزىلىق، ئىككىنچىدىن نامرات، ئۈچىنچىدىن خوتۇنى يوق بويتاق، تۆتىنچىدىن پۇلۇم يوق، ھازىرمۇ يانچۇقۇم قۇرۇق، بىر تىيىن يوق. ئالتىنچىدىن...

— بولدى، ياقامنى قويۇۋەت.

— نېمە دېسەڭ دە، ئىشقىلىپ مېنىڭ يانچۇقۇم قۇرۇق. مەن ئۆزۈمچە مۇنداق قەلەندەردەك بولۇۋالمىدىم، خوتۇنۇم بولغان بولسا مۇنداق بولۇپ قالمايتتىم. ئابلىم قارىم دېگەن كاززاپنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

كاۋاپچى ئۆلارغا قاراپ ھېجىيىپ قويدى. ئۇنىڭ نېمىگە كۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. تاماشا كۆرۈۋاتسا كېرەك. ياقىسىدىن ئېلىپ تازا سىلىپ ئەنتىمىنى ئالايمىكىن، ئالدىنقى قېتىم مېنى ئۆزغىنى چوقۇم مۇشۇ ئەبلەخ، ياچىۋەككە ئوخشايدىغان كىسپۇرۇش. شۇ چاغدا تاياق يېمىگەن بولسام بەزى ئىشلار بۇگۈنكىدەك بولمايتتى.

ئۇ دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ ئاستا پىچىرلىدى:

— نېملا بولسۇن خوتۇنۇم مەندىن ئاجرىشىپ كەتتى، دەپ بويۇنقىسىپ قالسام بولمايدۇ، ئۇ مەندىن ئاجرىشىپ كەتمىدى، مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم، قوغلاپ چىقاردىم... ساراڭلىق قىلسا ئاشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

يىغا دېگەن نەرسە بەزىدە چىڭقاق سۇ توغاننىڭ بىر يەرلىرىدىن بۆسۈپ چىققاندەك ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ توختاتقىلى بولمايدۇ.

— ۋۇي، سەن نېمە بولدۇڭ؟

— ھېچنېمە.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، مۇنۇنى ئىچىۋەت، دەردنى ئالىدۇ.

— مەن ئەمدى راستلا ئىچەلمەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇ دۆڭباغلىق ئاغىنىسىگە قاراشقا پېتىنالماي ئوڭايسىز بىرھالغا چۈشۈپ قالدى.

تەن قويۇپ سەمرىپ كەتكەن بىر ئايال قاۋاقنىڭ تار ئىشىدىكىدىن كەپلىشىپ دېگۈدەك ھاسىراپ كىردى. ئۇ تۈزۈتسىزلا نېرىدىكى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان تاغارنى بىر چەتكە تاشلىۋېتىپ زوككىدە ئولتۇردى.

— قەمبەرنىسا كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى ئايال كاۋاپچىغا سوغۇق نەزەر سېلىپ.

— يوق.

— يوقلۇقىنى بىلدىم، نەگە كەتتى.؟

— بىلمىدىم، ئەتىگەن چىقىپ كەتكەن.

سىپىمىز خوتۇننىڭ بىر ئىشلارغا زەردىسى قايناپ قالغاندەك قىلاتتى، كاۋاپچى ئۇنىڭ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ قالغاندەك ھالىغا پەرۋا قىلماي، پېتىدىن چۈشمەي ئولتۇراتتى. سۆز ئاھاڭىمۇ سوغۇق ھەم پەرۋاسىز ئىدى.

— ئاجرىشىدىغان ئىشى قانداق بولدى؟

— ئاجراشمايدىكەن. ماڭا شۇنداق دېدى.

— ئاجراشمىسا قانداق بولىدۇ، مۇددەتسىز كېسىلىپ كەتكەن ئادەمنى ساقلىدى، دېگەن قانداق گەپ بۇ. ئاشۇ ئابدۇغېنى تەتۈردىن باشقا ئەر چىقمامدىكەن ئۇنىڭغا؟!

— بۇنى مەن بىلمەيمەن.

كاۋاپچى شۇنداق دەۋېتىپ سىپىمىز ئايالغا ئالىيىپ قويدى.

— سەن بىلسەن، سەن يەنە بىرنەچچىلىك ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ يۈرىسەن.

ئايال ھاسىراپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئىككىيلەنگە ئاچچىق بىلەن ئالايدى. ئۇ دەرھال كۆزىنى ئېلىپ قاچتى، دۆڭباغلىق ئاغىنىسى سىپىمىز ئايالغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇۋەردى.

— مېنى كۆرۈپ بىر يەرگە مۆكۈۋالدىمۇ يە ئۇ؟

ئايال كاۋاپچىغا نەشتەردەك تىكىلىپ سورىدى.

— ياق، نېمىشقا مۆكۈۋالاتتى، ئۇ يا سىزدىن قورقمىسا.

— قورقىدۇ، نېمىشقا قورقمىغۇدەك، ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ مۈشتەك چېغىدىن باشلاپ مەن بېقىپ چوڭ قىلغان ئۇ-نى، مەندىن قورقماي كىمدىن قورقاتتى. ھە، كاۋاپخانىنىڭ تىد-جارىتى قانداق؟

— بولىدۇ، ھەرھالدا... جان ساقلىغۇدەك بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ.

— شۇنچە دېدىم، بۇ دۇكاننى ئىشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچىد-دىغان قاۋاق قىلماي، كاۋاپ بىلەن شورپا سېتىڭلار دەپ. بىر تەخسە بىرنېمىنى بۇيرۇتۇپ شۇنىڭ ئاچچىقىدا ئەتىگەن كىد-رىۋالسا كەچ بولغۇچە ئولتۇرۇۋالسا مەست دېگەن، يا باشقا ئادەم كىرەلمىسە، بۇ يەردە قانداق سودا بولىدۇ... بۇ قەمبەرنىسانىڭ نېمانداق ئەقلى يوقتۇ... قولاقلىرىنى يۇلۇپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسام... سادىقتىن سەۋزە، چامغۇر ئەۋەتكەن، ئالدىڭمۇ؟

— ھە، ئەكىرىپ قويدۇم.

— ساڭا گەپ قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، شۇنداقتىمۇ دەپ قوياي، بىز ئابدۇغېنىنىڭ ئاغىنىلىرى دەپ، قەمبەرنىسانى تەڭ-لىككە سېلىپ ئاجراشقىلى قويمايدىغان ئىشنى قىلماڭلار، ئۇ تېخى ياش، ئۇنىڭغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن.

كاۋاپچى سېمىز ئايالغا بىزارلىق بىلەن تىكىلىپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن غودۇڭشىدى:

— بىز ئۇنىڭغا ئاجراشماڭ دېمىدۇق. ئۇ ئۆزى ئابدۇغېنىد-دىن باشقا ھېچكىم ماڭا لايىق كەلمەيدۇ، دەپ يۈرۈيدۇ. بۇنىڭغا نېمە چارە.

— ئەقلى يوقىقا چىلىشىپ قاپتۇ ئۇنىڭ، بولدى، ئەتە كې-لىپ ئۆزۈم دېيىشىمەن... كاۋاپتىن ئونىنى سېلىپ بېرە، با-لىلارغا ئالغاچ كېتەي.

ئايال ئىككىيلەنگە سەت ئالىيىپ قويۇپ تالاغا چىقىپ كەت-تى، كاۋاپچى ياندىكى توڭلاتقۇدىن سانجىپ تەييار قىلىپ قويۇل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غان كاۋاپلارنى ئېلىپ چىقىپ ئىشىك ئالدىدىكى كاۋاپداننىڭ چوغىنى چوقچىلاشقا باشلىدى.

— ئابدۇغېنى دېگەننى تونۇمسەن؟

— ياق.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى بىردەم شۈكلەپ كەتكەندىن كېيىن پىيالىگە هاراق قۇيۇپ ئۇنىڭغا سۇندى:

— ئىچەلمەيمەن، پەقەت هالىم قالمىدى.

— بىر ئوبدان ئۆرە ئولتۇرغان ئادەم نېمىشقا ئىچەلمىگۈدەكسەن، يا سەن يىقىلىپ قالمىساڭ.

— سەن بىلمەيسەن، مەن يىقىلىپلا قالسام قوپالمايمەن، هوشۇمنى يوقىتىمەن، مېنى قىينىما.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئۇنىڭ يېلىنىشلىرىغا پەرۋا قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ پېتىنى بوزماي ئۇنىڭغا جاھىللارچە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ هەرقانداق گېپى دۆڭباغلىق ئاغىنىسىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ قاملاشتۇرۇپ يالۋۇرالمىغانلىقىنى بىلىپ ئەپسۇسلىنىپ قالدى. يالۋۇرۇشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇش كېرەككەن. بۇرۇنلاردا ئوغۇل بالا دېگەن بىركىمگە يالۋۇرمايدۇ، دەيدىغان گەپ بار ئىدى.

— ئىشقىلىپ سەن ئىچمىسەڭ بولمايدۇ. گېپىمگە ئىشەنمەمسەن؟

— نېمە گەپكە؟

— مەن سەن ئۈچۈن زەهەر ئىچىپ ئۆلۈشكە رازى.

ئۇ چۆچۈپ كەتتى. كىمدۇر بىرى بېشىدىن بىر چېلەك شورمەل قۇيۇۋەتكەندەك سەسكىنىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. زەهەر ئىچىشكە رازى بولغانلىق، ئۆلۈمگە رازى بولغانلىققا باراۋەر. مەسىلەن، بىرەر ئادەم مەن ئۈچۈن ئۆلۈۋالسا بۇنىڭ مەن ئۈچۈن نېمە پايدىسى. بىر چاغلاردا مەهەللىدىكى سەللىسىنى بەكلا يوغان ئورايدىغان بىر موللام ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ ئىكەنلىكىنى دەپ يۈرگەندەك

قىلغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۆزىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋې-لىشلا ئەمەس، ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىشقا ئۆزد-نى ئۇرۇشمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئوخشاشلا گۇناھى كەبىر بولىدىكەن. جاننى بىر تېنىنغا ئالمايدىغانلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. ئادەمنىڭ جېنى بۇ دۇنيانىڭ جەۋھىرى. مەيلى قانداق يا-شايلى، قانداق كۈن كۆرەيلى، جاننىڭ قەدرىنى قىلمىساق بول-مايدۇ.

— گېپىمنى ئاڭلىدىڭمۇ، مەن سەن ئۈچۈن زەھەر ئىچىش-كە رازى.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى سەن مېنىڭ ئاغىنەم، ئاغىنە دېگەن بىر-بىرى ئۈچۈن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈشكە رازى بولۇشى كېرەك.

— قويغىنا بۇ گەپنى، ئۆلگەننىڭ نېمىگە پايدىسى.

— سەن ئوقۇغان ئادەم بولغىنىڭ بىلەن جىق ئىشلارنى بىلمەيدىكەنسەن، بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرەلەيدىغان ئاغىنىسى بولمىسا بولمايدۇ. مۇشۇنداق دەۋرسەڭ سەندىن مەرىم يېنىپ كەتكۈدەك مېنىڭ.

ئۇ بوتۇلكىدىكى ئاخىرقى ھاراقنا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن كەتسەم بولاتتى، كاۋاپچى بىلەن مۇنۇ ئاغىنەم ئارىسىدا جې-دەل چىقىشتىن بۇرۇن كېتىۋالغىنىم ياخشى. مۇشۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالسام بولاتتى. بىراق سوراش مۇمكىن ئەمەستە. نېمىدەپ سورايمەن. ئىسمىڭ نېمە دېسە، مۇشۇ چاغقىچە ئىس-مىنى بىلمەسەن، دەپ بىرمۇنچە خاپا بولىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئىس-مىنى بىلەمدىغاندۇ.

— مەن ساڭا بىر ئىش قىلىپ بەرسەم بولاتتى.

— ماڭا ھېچ ئىش قىلىپ بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ.

كاۋاپچى پات-پات ئۇلارغا قاراپ قوياتتى. قەمبەرنىسا قانداق ئايالدۇ. ئۇ قەمبەرنىسانىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى، لەۋلىرىنى، يەنە چاچلىرىنى ئۇزاق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئويلاپ كەتتى، ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ئاخىرىدا كۆز ئالدى-
غا خوتۇنى كەلدى. بارا ـ بارا خوتۇنى بىلەن قەمبەرنىسا بىر
خوتۇنغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇنداق ئەمەس، قەمبەرنىسا خوتۇنۇمغا ئوخشىمايدۇ.

ئۇ قەمبەرنىسانىڭ خىيالىنى كاللىسىدىن پەقەت چىقىرىۋې-
تەلمىدى.

خوتۇنى ھېلىقى دۇتارچى بىلەن توي قىلىپ كەتتى. ئۇ چو-
قۇم پۇشايمان قىلدى. ئۆزىنىڭ ساراڭلىق قىلغىنىغا، تالادا تاياق
يەپ كىرگەن ئېرىگە دوق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى. چوقۇم
پۇشايمان قىلىدۇ. خۇدايىم بۇندىن كېيىنكى ئۆمرى پۇشايمان
بىلەن ئۆتۈپ كېتەر.

ئۇ خوتۇنىنى دۇتارچىدىن تارتىۋېلىش كېرەكمىكى يا. تار-
تىۋالغىلى بولسا ئوبدان بولاتتى، دۇتارچى قويۇۋەتسە ئاندىن ئال-
غانىنىڭ پايدىسى يوق، دۇتارچىدىن تارتىۋالسا ئاندىن ئوغۇل بالد-
دەك ئىش بولىدۇ.

ئۇ ئۆزىگە بۇ دۇنيادا ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇنىدىن باشقا
مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرەر خوتۇننىڭ بارلىقىغا ئۆزىنى پەقەت
ئىشەندۈرەلمىدى.

بىر قېتىم خەققە خوتۇن بولغان خوتۇننى قايتا ئالسا يەنە
قانداق بولار. ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرمەيدۇ جۇمۇ. خەقلەر بۇنداق
ئىشنى چىۋىن چۈشكەن ئاشنى ئىچكەندەك دەپ سۆزلىشىدۇ.
بىردىنبىر يول ئاشۇ خوتۇن پۇشايمان قىلىپ كەلسە ئۇنى قوبۇل
قىلغىلى بولىدۇ، بىراق سەن بولمىساڭ بولمايدىكەن، دەپ ئۇ
خوتۇننىڭ ئالدىغا بىرىنچى بولمايدۇ.

ئۇ ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتتى. ياشاشنىڭ ئاسانلىقى يا
تەسلىكى يۈرەكتىكى مېھىر- مۇھەببەت بىلەن كىشىنىڭ قېنىدا
بولغان خۇي ـ پەيلىنىڭ قانداقلىقىدىن بولىدىكەن.

— نېمە بولدۇڭ، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ شۇنداق غې-
رىب چىراي بولۇپ كەتتىڭغۇ.

— ھېچنېمە.

— ساقلاپ تۇر، مەن دەردىڭگە دەرمان بولمىسام بولمايدۇ. نېمە خاپىلىقىڭ بولسا مانا مەن بار. مەن بىر بوتۇلكا ھاراق ئەكىرەي، ئىككىمىز قانغۇدەك ئىچەيلى. يىقىلمىساق ھېساب ئەمەس. كىم بۇرۇن يىقىلسا شۇ ئۇتتۇرغانغا ھېساب. راستىنى دېگەندە ھازىر ئوغۇل بالا قالماپتۇ.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى دەلدەڭشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاغىنىسىنىڭ كەينىدىن قاراپ ئۇنىڭ كۆزىگە بەكلا بىچارە كۆرۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن ھەيرانلا قالدى.

قەمبەرنىسا قانداقراق خوتۇندۇ. بىر كۆرۈپ باقسام بولاتتى.

قەمبەرنىسا مېنىڭ خوتۇنۇمغا ئوخشىسا كېرەك.

— تۇمشۇقىغا بىرنى قويىدىغان گۇيكەن ماۋۇ، — كاۋاپچىنىڭ ئەسلىيمۇ كىچىك كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتكەندى، — نېمانداق قاملاشمىغان گەپنى تولا قىلىدىغان بىرنېمە بۇ.

ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. دۆڭباغلىق ئاغىنىسى بىلەن كاۋاپچى بوغۇشۇپ كېتىدىغان بولسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ. بىردەمدە ساقچىلار پەيدا بولىدۇ، ئاندىن ئىككىسىنى باغلاپ ئەكىتىدۇ، ئۆزىمۇ كۆزى كور بالادىن قۇتۇلالمايدۇ. ھېچبولمىغاندا ئاجرىتىمەن، دەپ بېرىپ تاياق يەۋالىدىغان ئىش چىقىدۇ. ئۆتكەندىمۇ بىكاردىن - بىكار تاياق يېدى. خەقتىن ناھەق تاياق يېيىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى يەپ باققان ئادەملا بىلىدۇ. ئۇنىڭ نەچچە كۈنگىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۆزىنى ئۇرغانلارنى تۇتۇۋالسا چايناپ پۇركۇۋەتكۇدەك بولدى. كۆكرىكىگە تەگكەن تاياق بەك قاتتىق تېگىپ كېتىپتىكەن، ھەرقېتىم يوغانراق تىنىپ قالسا ئاغرىقتىن جېنى قاقشاپ كېتىدۇ.

كاۋاپچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىمۇ يا ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالدىمۇ، دۆڭباغلىق ئاغىنىسى پەرۋا قىلماي دەلدەڭشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئاغىنىسىنىڭ لەيلەپ مېڭىشى يالغاندەك تەسىر بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— سىز ھېلىقىدىن يىراقراق تۇرسىڭىز بولغۇدەك.

كاۋاپچى شۇنداق دەپ بولۇپ ھىجايدى. نىمانداق بىركىم ھېيتلىق بەرگەندەك كۈلۈپلا يۈرىدىغان بىرنېمىدۇ بۇ. ئەر كىشىنىڭ تولا كۈلىدىغىنى زادى كۆزۈمگە بىرقانداق كۆرۈنەتتى مېنىڭ.

— نېمىشقا دەيسەن؟

— ئۇ كاللىسى ئىشلىمەيدىغان بىرنېمىدەك قىلىدۇ.

— بۇنى نەدىن بىلدىڭ؟

— چىقىپلا تۇرمامدۇ. ھېلى دېگەن گېپى بىلەن ئارقىدىن دېگەن گېپى بىر خىل چىقمايۋاتسا، مەن قارىسام سىز ياخشى ئادەمدەك قىلىسىز.

— مېنىڭچە ئۇ كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ئادەم ئەمەس، كاللىسىنى ئىشلەتمەيدىغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن. سەن بىلەن مەنمۇ شۇ قاتارغا كىرىمىز.

ئۇ كاۋاپچىغا قاراپ قويدى. كاۋاپچى مېھرى ئىسسىق بىر ھالدا ھجىيىپ تۇراتتى. خالتىسىنىڭ يانچۇقىدىكى قېپى ئېزدىلىپ كەتكەن تاماكىسى كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇ كاۋاپچىنىڭ كۈلسۇن يا كۈلمىسۇن كۈلگەندەك كۆرۈنىدىغان چىرايىدىن بىزار بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

— كاللا ئىشلىتىشنىڭ گېپى چىقىپ قالدى. ھەممە ئادەمنىڭ كاللا ئىشلىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، مەسىلەن، مەن ئۆزۈمنى كاللا ئىشلىتىشىمنىڭ ئەھمىيىتى يوق، دەپ ئويلايمەن. مەن كاۋاپ پىشۇرسام بۇنىڭغا كاللا كەتمەيدۇ. كۈيدۈرۈۋەتمەي، خام پىشۇرماي ئەپچىقىپ بەرسەم سىز يەيسىز، ئاندىن ماڭا پۇل بېرىسىز، ئىش مانا مۇشۇنداق ئاددىي. بۇنىڭدەك ئىشلارغا كاللا ئىشلىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى.

ئۇ ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان يەنە كېلىپ كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاۋاتقان كاۋاپچى بىلەن ئۆزىچىلا پاراڭلىشىپ كەتكىنىدىن ھەيران قالدى.

يوغان بىر رو چىۋىن ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇ كىچىككىدىن باشلاپ رو چىۋىندىن قورقاتتى، رو چىۋىنغا ئۆچ ئىدى. چىرايى هازىر پەقەت ئىسىدە قالمىغان دۇمچەك مومىسىنىڭ رو چىۋىننى ئۆلتۈرسە يامان بولىدۇ، دېگەن گېپى ھەرقېتىم رو چىۋىن كۆرگەندە بىر يادىغا يېتىدۇ. مومىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھى رو چىۋىنغا ئايلىنىپ كېلىدۇ، دېگەندەك بىر گەپلىرى يادىدا قاپتۇ، يەنە تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى مومىسى دېمىگەن، ئۆزى ئويلاپ چىققاندەكمۇ قىلاتتى.

ئۇ كاۋاپچىنىڭ راست يا يالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان كۈلكە جىلمىيىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قويۇپ غۇدۇرىدى.

— بىرەيلەن ماڭا بىر تال تۇگمە قاداشقىمۇ كاللا ئىشلىتىش كېرەك دېگەنىدى.

— ئۇنداق دېگەن بولسا كاللا ئىشلىتىش دېگەننى بەكلا پۇچەكلەشتۇرۇۋېتىپتۇ. تۇگمە قاداش دېگەندەك ئىشلارغا كاللا ئىشلىتىپ يۈرسە، بۇ بەك بىمەنە ئىش بولىدۇ. ئۇنى شۇنداقلا قاداپ قويسا بولىدىغان گەپ، بۇ گەپنى سىزگە بىرەر مەزلۇم كىشى دېگەنمىدى؟

— ياق، مەزلۇم كىشى ئەمەس، خېلى تۈزۈك ئادەم دېگەن گەپ بۇ، ئۇنىڭچە كاللا ئىشلىتىپ قادىغان تۇگمە بىلەن قولنىڭ ئۇچىدىلا قاداپ قويغان تۇگمىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق باركەن، تۇگمىنى كاللا ئىشلىتىپ قادىغان كىشى بۇ دۇنيادا خار - زارلىقتا قالمايدىكەن.

— بۇ گەپ مۇتلەق قاملاشماپتۇ. كىم دېگەن بولسا راستىلا كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ئادەمكەن. مەن بولسام ئاغزىغا ئۇراتتىم.

ئاغزىغا ئۇراتتىم دېگىنىنى، بۇ دۇنيادا ھە دېسىلا ئادەم ئۇرۇشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان ئادەملەر بار، ئادەم ئۇرۇش باشقىلارنى قىيناپ دەردىنى چىقىرىۋېلىش، ئاچچىقىنى بېسىش، يا خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن بولىدىغان قەبىھلىك جۈملىسىگە كىرىدۇ. كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنى ئۇرىدۇ. ئەرلەر خوتۇنلىرىنى ئۇرىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئاتا-ئانىلار ئاچچىقىنى كەلتۈرسە بالىلىرىنى ئۇرىدۇ، يەنە جاللاتلارمۇ ئادەم ئۇرىدۇ. بۇرۇنقى جاھاندا موللا، خەلپەتلەر خەت يېزىشنى ئۆگەنگەنلەرنى تاختا بىلەن ئۇرۇپ ئالىقانلىرىنى قانىتىۋېتىدىغان ئىشمۇ بولغانىكەن. ئادەم ئۇرۇش ئادەم قىيىناشنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى. يەنە بىر ئويلىسا ئادەم ئۇرۇش كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشىدىكى پەسكەشلەرچە ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن.

— ئاغزىغا ئۇرمەن دېگەن گەپنى دېگۈچى بولما، ئادەم ئۇرغانغا مەن بەك ئۆچ، سەنمۇ خەقتىن تاياق يەپ باقە، ئاندىن تاياق دېگەنگە ئۆچ بولۇپ كېتىسەن.

ھېلىقى ساقاللىق توكۇر كۆز ئالدىدىن لىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى، بىر ئويلىسا ئۇنى ساقاللىق توكۇر دېسە بەك ئەدەپسىزلىك بولىدىغاندەك قىلاتتى. ساقاللىق توكۇر كالالا ئىشلىتىدىغان ئادەم بىلەن كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ئادەم توغرىلىق گەپ قىلغاندا، ئەقىل پۇلغا يارىمايدىغان جاھان بولغاندا ئىش بەكلا چاتاق بولىدۇ، ئۇنداق كۈننى خۇدا بىزگە كۆرسەتمىسۇن، دېگەنىدى. ساقاللىق توكۇرنىڭ نۇرغۇن گەپلىرىنىڭ ناھايىتى ئوچۇق يادىدا قالغىنىغا ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى.

— نېمىلا دېيلى كاللا ئىشلىتىش بەك مۇھىم، كاللا ئىشلەتمىگەن يەردە ئادەم توپا بىلەن تەڭ بولىدۇ.

— قويۇڭا بۇنداق گەپنى، بۇ دۇنيادا كاللىسىنى ئىشلىتىشكە تېگىشلىك ئادەملەرمۇ بار، بىزدەك كاللا ئىشلەتمىسەنىڭ ھاجىتى يوق ئادەملەرمۇ بار، سىزنىڭ ھېلىقى ئاغىنىڭىز كىرمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

— كىرىدۇ، ئۇ دېگەن گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم.

— تازا بىر قول باغلىشىدىغان چاغ كەپتىكەن، مەيلى.

كاۋاپچى كۈلدى. ئۇ راست كۈلدىمۇ يا يەنە بايىقىدەك كۈلمىسىمۇ، كۈلمىسىمۇ كۈلگەندەك كۆرۈندىمۇ، ئىلغا قىلغىلى بولمايدۇ. تۇرۇپلا خوتۇنى يادىغا يەتتى. چىرايلىق كۈلىدىغان ئايالى

بولغان بولسا بۇ چاغقىچە يەنە نېمە ئىشلار بولار ئىدى.

— سورۇننىڭ پۇلىنى قايسىڭلار تۆلەيدىغان بولغان؟

— بىز بۇنى دېيىشمىگەن، قايسىمىز تۆلىسەك ئوخشاش.

ئۇ گەپنى دەپ بولۇپ كۆڭلىگە بىر قارا تۈيغۇنىڭ تاراپ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەندىشىلىك ھېستىن يۈرىكى زىر-قىرىغاندەك بولدى.

ئۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا دۆڭباغلىق ئاغىنىسى ئىشىكتە پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەكمۇ ھالى قالمىغاندەك قىلاتتى.

— بۇ قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسىغۇ ھە؟ — ئاغىنىسى ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان كاۋاپچىدىن سورىدى.

— شۇنداق، قەمبەرنىسانىڭ كاۋاپخانىسى.

— ئۇ ئۆزى قېنى، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن.

— مەن كۆرمىدىم. بەلكىم بىرەرسى ئېلىپ قاچتىمىكىن.

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى خۇنسىز كۆزلىرىنى كاۋاپچىغا نەپرەت بىلەن تىكىپ بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن تاماكىسىنى كۈچ بىلەن شورىدى.

— ھازىر نەدە قىز-چوكانلارنى ئېلىپ قاچىدىغان ئىش بار؟

— ئېلىپ قاچقۇدەك قىز چىقسا ئېلىپ قېچىۋېرىدۇ. ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئۇ...

— مەن سەن بىلەن ئۇرۇشىدىغان بولغان... قاچان ئۇرۇ-شىمىز؟

— قاچان دېسەڭ شۇ چاغدا... مەن تەييار!

— بولىدۇ، ئۇنتۇپ قالمايمەن، سەن بىردەم ساقلاپ تۇر، مەن ھاراق ئەكىرەي، ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ ئاندىن ئۇرۇشىمىز. ئاغى-نەمنىڭ كۆڭلى يېرىم،... مېھمان قىلىۋالمىسام بولمايدۇ...

دۆڭباغلىق ئاغىنىسى شۇنداق دېگەچ دەلدەڭشىپ چوڭ يول-نى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



# مالغۇنسايىنىڭ بۆرىسى

## 1

كۆز يەتكۈسىز سايىنىڭ ياقىسىدىكى ئۇڭغۇل - دوڭغۇل يولدا كونىراپ كەتكەن بىر ئاق رەڭلىك جىپ سىلكىنىپ، جالاقلاپ توپا توزۇتقىنىچە شىمالغا قاراپ كېتىپ بارىدۇ. چۆل ئاسمىنىدا غېرىبانە توپا-چاڭلار غۇيۇلداپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ. چۆل شامىلىنىڭ پەس ئۇشقىرتىشلىرى بىلەن باش-ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان سايدا كېتىۋاتقان ماشىنا يۈرەكنى ئاسقىتۇرىدىغان ۋەھىمىلىك يالغۇزلۇق ئىچىدە ھازىرلا كۆزدىن غايىب بولىدىغاندەك، يوقاپ كېتىدىغاندەك، كىشىگە چەكسىزلىك تەسراتى بېرىدىغان قۇدرەتلىك تەنھالىق باغرىدا ئېرىپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ

بېرىدۇ.

ساپسېرىق تۇكلىرى پارقىراپ تۇرغان بىر جۈپ چىلبۆرە يىراقتىكى دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ۋەھشىيانە سوغۇقلۇق چېچىنداپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئاق جىپقا تىككىپ قاراپ تۇراتتى. بۆرىلەرنىڭ گەۋدىلىكرەك كەلگىنى قىپقىزىل تىلى بىلەن پات-پات قارا تۇمشۇقىنى يالاپ قوييدۇ، تولا يۈگۈرگەن بولسا كېرەك، سەل پولتىيىپ چىققان قورساقلىرى جىددىي لىدىپىلدايتتى.

چۆل قۇياشى چۆل ئاسمىنىدىكى چاڭ-مانانلار ئارىسىدىن قارىيىپ كۆزگە تاشلىنىدىغان بىپايان سايغا نۇرىنى چېچىپ تۇرىدۇ.

بىر جۈپ چىلبۆرە قۇمدۆڭنىڭ ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغانىدى. دۇمبە، بويۇنلىرىدىكى ساپسېرىق پارقىراق موييلىرى چۆل شامىلىدا يەلپۈنۈپ، تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئۇلار دەھشەت سېلىپ چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يۇمۇپ، تۇمشۇقىنى ئاسمانغا قىلىپ بېشىنى قاتايتقىنىچە كۆككە قاراپ دەھشەتلىك ھۇۋلىدى.

بۆرىنىڭ ۋەھىمىلىك ھۇۋلىشى توزانلار ئۇچۇپ يۈرگەن بوشلۇقتا، سوغۇق چار تاشلار قاپلىغان كۆز يەتكۈسىز سايغا يېيىلىپ يىراق - يىراقلارغا تاراپ كەتتى.

چىلبۆرىنىڭ ئاچچىق ھۇۋلىشى شامالدا سىلكىنىپ ھاياتلىقتىن بەلگە بېرىپ تۇرغان مالغۇن ئۇچلىرىدىن، ساينىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە ئۈنۈپ قالغان تەسكەن، چاكاندالارنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان شاخلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ جاھانغا قورقۇنچ تارقىتىپ يىراق - يىراقلارغا كەتتى.

بۆرىلەر يىراقتىن ساي بويلاپ كېلىۋاتقان ماشىنىغا دۈشمەنلىك بىلەن تىكىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسلىيمۇ ۋەھىمىلىك ئۇچقۇن پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى تېخىمۇ ۋەھشىيانە سوغۇقلۇق بىلەن چاقناپ كەتتى.

پايانى يوق ساي قورقۇنچلۇق پۈشۇلداپ يىراق - يىراقلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سوزۇلۇپ ياتاتتى.

بىر ماشىنا باش-ئاخىرى يوق سايىنى بويلاپ سىلكىنىپ، چايقىلىپ كېتىپ باراتتى.

ماشىنىدىكى ئادەملەر بۆرىلەرنى كۆرمىدى، بۆرىلەرنىڭ هۇۋلاشلىرىنى ئاڭلىمىدى. بۆرىلەرنىڭ مۇزدەك سوغۇقلۇق پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرەلمىدى. بۇ قورقۇنچلۇق چۆلدىكى ماتانەتلىك تەنهالىقنى، چەكسىز جىملىقنى هېس قىلالمىدى. يەنە مۇشۇ تەنهالىق، جىملىق ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئۆلۈم پۇرىقىغا ئوخشايدىغان زەھەرلىك هاياجاننى سېزەلمىدى.

— سا... سابىركامنى بۆرە يە... يەپ كەتتى... بۆرىلەر مېنى يېمىدى... سېنى يېمەيمىز، دېدى.

كۆز قاراقلىرى ئارقىسىغا تارتىشىپ قالغان، ئاغزىدىن شالۋاق ئېقىپ، چىشلىرى توختاۋسىز كاسىلداۋاتقان ھەسەن كىچىك دادىسىنىڭ بىلىكىنى قاماپ تۇتۇۋېلىپ كېكەچلىدى. دادىسى ئوغلىنىڭ ئورۇق ۋۇجۇدىنىڭ قورقۇنچتىن تىترەۋاتقانلىقىنى ھەسرەت بىلەن هېس قىلدى.

— بولدى. بۇ گەپنى دەۋەرمە، هېلىمۇ بايامنىڭياقى ئەللىك ئاتمىش قېتىم دەپ بولدۇڭ...

قاسىم دورغا ئوغلىنىڭ ئالىيىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— مەن ئېلىشىپ قالدىم...

— ياق، بالام، سەن ئېلىشىپ قالمىدىڭ.

— ئەمىسە ئەتە ئېلىشىپ قالارمەنمىكىن...

قاسىم دورغا ئوغلىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئاتلىق مېھرىنىڭ هېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان قۇدرىتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىۋاتاتتى.

— توۋا قىلدىم، بۇ نېمە كۆرگۈلۈك ماڭا. ھازىرقى باللار نېمانداق ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان چوڭ بولىدىغاندۇ، مانا مەن ئاتمىشقا كىرگەن ئادەم، دادامنىڭ گېپىدىن

چىقمايمەن، دېگىنىنى قىلىمەن، سەنچۇ، سەن قانداق بالا، مەن ساڭا نېمە دېگەن، سابىر تازنىڭ كەينىگە كىرمە، جان قىيغان ئادەم ئوبدانلىمايدۇ، ياخشى كۆن كۆرمەيدۇ، شالىسى ساڭا چېچىلىپ قالمىسۇن، دېمىدىممۇ. بىر ئوبدان بالا ئالاڭزا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالسا بۇ نېمە تارتقۇلۇق ئەمدى. خەپ سابىر تاز، تۇتىۋۋالىدىغان بولسام بىر يېرىڭنى چىشلەپ چايناپ يۇركۇۋەتسەم... تويمىغان قارنىڭنى چۇۋۇۋەتسەم... خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلمايدىغان پەس تاز... ئۆلۈمنىڭ كۈچى يەتمىگەن پاسكىنا مۇناپىق...

قاسىم دورغا ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلايتتى. كۆز ياشلىرى تۆكۈلەتتى. چارلاشقان ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ماشىنىنىڭ تولا سىلكىشى بىلەن بېشىدىكى تەلپىكى كۆزىگە كىيىلىپ قالغانىدى.

— بۆرىلەر مېنىمۇ يېمەكچىدى... ئاخىرىدا يېمىدى. سابىركامنى بۆرە يېگەندە بەك ۋارقىراپ كەتتى... سابىركام ھازىرمۇ يىغلاۋاتىدۇ... ئۇنىڭ بېشىلا ساق قالدى. قالغان يېرىنى بۆرە يەپ بولدى، سابىركامنىڭ بېشى يەنە يىغلىغىلى تۇردى.

ھەسەن كىچىك دادىسىنىڭ قۇچىقىدا تۈگۈلۈۋالدى. قاسىم دورغا ئوغلىنىڭ قىسماققا چۈشكەن توشقاندەك دىر - دىر تىترەۋاتقانلىقىنى، چىشلىرىنىڭ كاسىلداۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى. ئۇنىڭ شۇ ھالدا كىمدۇر بىرسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى، كىمدۇر بىرسىنى دەسسەپ - چەيلەپ، ئۇرۇپ، ماجغۇب دەردىنى چىقىرىۋالغۇسى بار ئىدى.

— ئوغلۇم سېنىڭ پالاكىتىڭگە كەتتى دوزاخنىڭ تۇتۇرۇقى تاز، مەن ئەمدى قانداق قىلارمەن. بېشىمنى تاشقا ئۇرسامۇ بىكار، يا بىر يەرگە ئەرز قىلغىلى بولمىسا، دەردىمنى ئالاي دېسەم بۇ تازنى بۆرە يەپ كەتكەن تۇرسا...

قاسىم دورغا چىرايى خەسىدەك تاتىرىپ كەتكەن ئوغلىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ - بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئەر ئۆمرۈمدە مۇنداق يىغلىمىغان ئادەم ئىدىم، ماڭا نې-
مە كۈن بۇ، بالا باققانغا تويايمۇ. پۈت-قولۇڭنى چىقىۋەتسەمچۇ
سەن خۇنپەرنىڭ. دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان بەچچىخەر.
خەپ جۇمۇ... قاسىم دورغىنىڭ بالىسى ئېلىشىپ قاپتۇ، دېسە
ئەلكۈننىڭ ئالدىدا نىمە كۈن بۇ ماڭا...

قاسىم دورغا ئەسەبلىرى كاردىن چىققاندەك بىرھالدا يەنە
جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى.
ئۇنىڭ قوچىقىدا كىچىك بالىدەك مۇلايىم بىرھالدا ياتقان ئوغلى
ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرىنى دادىسىغا تىكىپ ئىنچىكە ئاۋازدا سۆز-
لەشكە باشلىدى:

— مەن ئەمدى رەيھان سەتەڭنىڭ ئۆيىگە ئىككىنچى بارماي-
مەن، سابىركام مېنى ئېتىۋەتكىلى تاس قالدى. سابىركام بۆرد-
لەرنى ئاتتى، جەرەننى ئاتتى، يەنە مېنى ئاتماقچىدى، ماڭا تەگ-
كۈزەلمىدى. رەيھان سەتەڭ ماڭا تېلىفون ئېلىپ بەرمەكچى بول-
غان. پۇل سابىركامنىڭكى ئىكەن... مەن قۇسايمۇ دادا... رەيھان
سەتەڭنىڭ پەيزى بار... بىلمىقتەك كاساپەت ئۇ...

— ئاغزىڭنى يۇم كىسپۇرۇش، هاياسىز بەتبەخت، ئەسلى-
سابىر تازىمۇ، سىنىمۇ چالما-كېسەك قىلىدىغان مۇناپىقلار
سىلەر... هارام زىناغا دۇم چۈشكەن هايۋانلار.

قاسىم دورغا هۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى.

ئەتىگەندىن بېرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي رولغا ئېڭىشىپ
ماشىنىسىنى هەيدەپ كېلىۋاتقان شوپۇر سەل سىڭايان بولۇپ
كەينىگە قارىغاچ قاسىم دورغىغا تەسەللىي ئېيتتى:.

— ئاكا، سەۋر قىلىڭ، بولىدىغان ئىش بوپتۇ، هېلىمۇ ئا-
مان تەلۋە تونۇغ بېرىپتىكەن، بولمىسا بۇ يىتىمنى بۇ چۆلنىڭ
نەرىدىن تاپاتتۇق، نېمىلا بولسۇن جېنى تېنىدە ئامانكەن، مۇشۇ-
نىڭ ئۆزى چوڭ ئىش، قالغىنىنى خۇدايىم ئۆزى ئوڭشار... تولا
يىغلىسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويىسىز، ئەمدى قانداق قى-
لىشنى ئويلاڭ.

— قانداق قىلاتتىم ئۇكام. تويماس نەپسىنىڭ كەينىگە كىر-
ىرىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئوغلۇمنى داۋالىتىمەن، دەپ
مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ تاپقان بىساتىمنى
شامالغا سورۇپ ئاق يەردە قالىمەن شۇ...

چاڭ-توزانلىق كۆك باغرىدا شامالغا قارشى ئۇچۇپ يۈرگەن
قارا بۇركۇتنىڭ چىرقىراشلىرى يەر يۈزىگە ئاڭلانمايتتى.

ئاق رەڭلىك جىپ ئادەمسىزلىكى بىلەن يۈرەككە سوغۇق
ۋەھىمە سالىدىغان چۆلنىڭ يىراق بىر تەرىپىدە چايقىلىپ كې-
تىپ باراتتى.

شامالدا تۇكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ بۆرە ئاق
رەڭلىك ماشىنىنىڭ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا قا-
رىغىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇلار قىپقىزىل تىللىرى
بىلەن پات-پات تۇمشۇقىنى يالاپ قوياتتى.

## 2

پېشىن بىلەن نامازدىگەر ئارىلىقىدىكى ئىللىق ھاۋا جاھانغا
يېيىلغان چاغدا كونا كۆۋرۈك يېنىدىكى مەيدانغا باشقا كۈنلەردى-
كىگە ئوخشاش بىرمۇنچە ئادەم توپلاشقانىدى. خۇدانىڭ ئاق تاڭات-
قان كۈنى نۇرغۇن ئادەم مۇشۇ يەرگە توپلىنىدۇ. جاھاننىڭ بۇ
بېشىدىن كىرىپ ئۇ بېشىدىن چىقىدىغان، مەنبەسىنى سۈرۈش-
تۈرگىلى بولمايدىغان، ئەمما سۆزلىگۈچى ناھايىتى ئىشەنچلىك
تەرزدە بايان قىلىدىغان تۈرلۈك تېمىدىكى گەپلەر مۇشۇ يەرگە
توپلىنىدۇ. كۆۋرۈك بېشىدا، كوچا دوقمۇشىدا، تېرەكلەر سايە
تاشلىغان بۇلۇڭلاردا، تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئاشپەزلىرىنى
كۆرسە، تامىقىنى ئىشەنچ قىلىپ يېگىلى بولمايدىغان كىچىك
ئاشخانىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا، خەقلەر
چۈلغۈشۇشقا ئاسان يەرلەردە ئادەملەر بىر-بىرىگە يېڭى ئىشلار-
نى، يېڭى خەۋەرلەرنى يەتكۈزىدۇ، يەنە يېڭى ئوي-پىكىرلىرىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بىر-بىرىگە دەيدۇ. تۇنۇگۇننىڭ، بۈگۈننىڭ، يەنە ئەتىنىڭ غەم-غۇسسىلىرى، تاتلىق ئارمانلىرى، ئىشەنچ، ئۈمىدلىرى مۇشۇ يەرگە تۆپلىنىدۇ. نۇرغۇن گەپلەر، نۇرغۇن خەۋەرلەر، نۇرغۇن ئاجايىباتلار، نۇرغۇن خىيال-تەمەلەر، ئۈمىد-ئارزۇلار، ياخشى-يامان گەپلەر جاھاننىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا مۇشۇنداق يەرلەردىن تارايدۇ، مۇشۇنداق يەرلەردىن باشلىنىپ يەنە مۇشۇنداق يەرلەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئادەم دېگەن خەۋەرگە ئامراق، يېڭى ئىشلارغا، يېڭى گەپلەرگە، يېڭى ۋەقەلەرگە ئامراق كېلىدۇ، ئاڭلىغان، بىلگەنلىرىنى، ئويلىغانلىرىنى بىركىملەرگە دېيىشكە ئالدىرايدۇ، يەنە باشقىلارنىڭ ئويلىغانلىرىنى، بىلگەنلىرىنى بىلىۋېلىشقا، ئاڭلاشقا خۇمار كېلىدۇ.

— سابىر ھوقۇشنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ.

— نېمە دەيسەنوي ئەتىگەندە شۇم گەپنى قىلىپ...

— ئەتىگەن نەدە قالدى، كەچ پېشىن ماۋۇ.

— ياق، نامازدىگەر بولدى.

شۇ چاغدا دوقمۇشتىكى پورلاشقان تېرەكنىڭ شېخىدا ۋىچىرلىشىۋاتقان بىر توپ قۇشقاچ گۇررىدە ئۇچۇپ يىراققا كەتتى، دېگەن گەپنى بىرسى ماڭا دەپ بەردى. مەن قۇشقاچلارنىڭ ئۇچۇپ كەتكىنىگە دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، قۇشقاچلارنىڭ سابىر ھوقۇشنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ ئۇچۇپ كېتىشى سەل چاغلايدىغان ئىش ئەمەسكەن. بۇ ۋەقەنىڭ قورقۇنچى ھەم سىرى قۇشقاچلارنى ئۈركۈتۈۋېتىپتۇ، قۇشقاچ دېگەن ئادەمنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، بىراق ئۆلەرنىڭ يۈرىكى شۇملۇقنى، يامانلىقنى، قان ئاققانلىقنى، قاننىڭ نېمە ئۈچۈن ئاققانلىقنى تۇيۇپ تۇرىدىكەن.

— مەن ئۇنىڭ تۆت - بەش كۈننىڭ ئالدىدا ماشىنىسىنىڭ كەينىگە بىر پاتمان نەرسە بېسىپ چىقىپ كەتكىنىنى كۆرگەنىدىم.

— مەنمۇ كۆرگەن، سابىر تاز ئوۋغا مېڭىپتۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

ئىككى ـ ئۈچەيلەن شۇنداق گەپلەرنى قىلىشتى. راست كۆرگەنمۇ يا گەپكە گەپ كەلگەندە شۇنداق دېگۈسى كېلىپ دېدى-مۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ھازىر يالغان ئېيتىدىغان ئادەملەر بەك جىق، نۇرغۇن گەپلەرگە ئامال يوق ئىشەنگۈلۈك.

— بۆرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ماڭغان چېغىۋاكەن رەھمەتلىك.

— رەھمەتلىك دېمەي تۇرۇڭلار بىردەم، ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەن ئادەم يوق تېخى...

ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا سوغۇق ھاياجان پارقىرايتتى. مەن شۇ چاغدا ئادەم دېگەننىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆلۈمنى يادىدىن چىقىرىپ قويىدىغانلىقىنى، ئۆلۈم ھەققىدە ئويلىغۇسى كەلمەي-دىغانلىقىنى، بېشىغا ئەڭ ئېغىر كۈنلەر كەلمىگۈچە خۇدا، تەڭرى دېگەنلەر ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلانمايدىغانلىقىنى خىيال قىلدىم.

— بۇ گەپلەر راست، ھەسەن كىچىك شۇنداق دەپتۇ، يالغى-نى يوق.

— ھەسەن كىچىك ساق قاپتۇ ھەرنېمە بولسا ھە. يەيدىغان رىزقى بار چېغىۋاكەن ئۇنىڭ.

— ساق قالغىنى بىلەن ئۇمۇ ئېلىشىپ قاپتۇ، — دېدى ئا-رىدىن بىرەيلەن قانائەتلىك تەلەپپۇزدا.

ھەسەن كىچىك توغرىلىق جىق گەپلەر بولدى. خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، ھەسەن كىچىك ئەسلىي پاكىز ئادەملەرنىڭ باللىۋاقى-سى ئىكەن، قاسىم دورغا ئىمانى كامىل ئادەمىكەن، بىراق قۇر-غۇيىنىڭ تۇخۇمىدىن سار چىققاندەك، ھەسەن كىچىك ناپىسەنت ئادەم بولۇپ قالغان بالىكەن. دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، سا-بىر تازنىڭ كەينىگە كىرىپ كۆرگەن كۈنى شۇ بوپتۇ.

ئارىدىن بىرەيلەن «دوستۇڭ قاغا بولسا يېيىشىڭ نىجاسەت» دېگەننى قوشۇپ قويدى، يەنە بىرسى «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەن شۇ، دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

— زادى سابىر تازنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم ياخشىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى



كۆرمەيدۇ. چىرايىدىنمۇ مەينەت، پاسكىنىلىقى چىقىپ تۇرىدىغان تاز تۇرسا ئۇ، ئۆگەي ئوغلى بىلەن جالاپ تالىشىپ يۈرگەن شۇ بىرنېمىنى ئىش بېشى قىلغاندىكىن بۇمۇ غەلىتە بىر ئىش جۇمۇ...

— ھاي - ھاي مۇسۇلمانلار، ئىنساپ قىلىڭلار... ما گەپ توغرا بولمىدى، ئۆگەي ئوغلى بىلەن ئەمەس، بۇرۇنقى شوپۇرى بىلەن بولغان ئىش ئۇ...

— تاڭ ئەمدى مەنغۇ ئوغلى بىلەنكەن دەپ ئاڭلىغان.

— بىرسى نەۋرە ئىنىسى بىلەنكەن دېيىتتى.

— بۇرۇنقى شوپۇرى بىلەن ئەمەس، ھازىرقىسى شۇ.

سابىر ھوقۇش بىلەن رەيھان سەتەڭنىڭ ئىشلىرى ھېكايە قىلىندى. ئاردىن بىر يىلدىن سابىر ھوقۇشنىڭ رەيھان سەتەڭنى ئەرگە تەگكىلى قويمىغانلىقىنى، كىچىككىدە سابىردەك ئادەمگە يولۇقۇپ قالمىغان بولسا رەيھان سەتەڭنىڭ ئوبدان خوتۇن بولىدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى ئىنچىكە ئاۋازدا ئۇزاق سۆزلىدى. گەپ ئاخىرىدا ھېچكىمنىڭ رەيھان سەتەڭنى سابىر تازدىن تالىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىغا بېرىپ توختىدى.

— سابىر تاز ئۆلۈپ كەتكەن بولسا رەيھان سەتەڭ سالتاڭ قاپتۇ ئەمدى مانا... — دېدى كىمدۇر بىرى، — قانداق قىلار ئەمدى ئۇ پاخشە.

— ئۆلگەندە بولسىمۇ بىر سابىراخۇن دېيىلى، روھى قورۇنمىسۇن.

قارا كۆزلەردە، سارغۇچ كۆزلەردە، كۆكۈش كۆزلەردە، ئورا كۆزلەردە، پولتاي كۆزلەردە تۇرلۇك ھېس - ھاياجان، تۇرلۇك تۇيغۇلار جىمىرلايتتى. مەن ھەر خىل كۆزلەرگە ئاستا، تەپسىلىي قاراپ چىقتىم. بۇ يەردە پەقەت سابىر ھوقۇشنىڭ ئۆلۈمى توغرىلىقلا ئەمەس، ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ھەم ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن چاغدىكى روھى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. مەن كۆزلەردىكى پەرۋاسىزلىقتىن ھەيران قالدىم. سوغۇقلۇقتىن ئاسقىپ كەتتىم.

— رەيھان سەتەڭ يالغۇز قالىدىغان بوپتۇ- دە، ئەمدى... قانداق قىلار ئەمدى ئۇ.

بايا مۇشۇ گەپنى دېگەن ئادەم گېپىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

— قانداق قىلار، دەپ كەتكىنىنى مانىڭ، يا ساڭىلا قالار ئۇ قىچىقى بار خوتۇن...

— رەيھان سەتەڭ ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ سابىر تاز-دەك بىرنېمىدىن ئاشقانىنى كىمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرىدۇ.

— ئەمدى كۆڭۈل دېگەن...

— رەيھان سەتەڭ بىلەن سابىر ھوقۇشنىڭ خوتۇنى چاچلى-شىپ كېتىپتۇ دېيىشىۋاتاتتى.

مۇشۇ پاراڭلارنى قىلىشىۋاتقانلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئاڭلى-غانلارنىڭ بىرى ماڭا مۇنۇلارنى دەپ بەردى: ئىشقۋازلىقتا نامى پۇر بولغان، كىشىنىڭ يۈركىنى ئۆرتۆپە قىلغۇدەك چىرايلىق رەيھان سەتەڭنىڭ گېپى چىققاندا ئۇنىسىز، ئەمما كۈچلۈك بىر ئومۇمىي شاۋ ـ شۇۋ بولدى، شۇ چاغدا، يېنىمدا تۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بىرەرىنىڭ چىرايىدا قايغۇ، ئىچ ئاغرىتىشنى كۆرمىدىم، كۆرگىنىم ئاچ تەبەسسۇم، ھەسەت، ئۆچمەنلىك ئارىلاشقان كۈ-لۈمسىرەش بولدى.

— ئۇ رەيھان سەتەڭنىڭ ئۆزى چىرايلىق، قىلىقى ئاندىن قالتىس دېيىشىدۇ.

— ماراپ تۇرغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ.

— نېمانداق تايىنى يوق گەپ قىلىدۇ ماۋۇ، ئاغزىغا بىرنى قويىمەن ھېلى...

— قويۇپ باقە نوچى بولساڭ ھۇ... نىڭ بالىسى...

— ھېلى بىكا... ئوخشايدىغان... چى...

— ھاي ـ ھاي، ئەتتىۋلەندە ما گەپ نەگە كەتتى، ما يەردە ئاتا-بالا، ئاكا-ئۇكا ئادەملەر بار، ئۆلۈم بولۇۋاتسا ھېلى خوتۇن خەقنىڭ قاش-كۆزنى ماختاپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىكى
www.uyghurkitap.com



كەتسەك، ھېلى ھېچنېمىدىن-ھېچنېمە يوق قان بولۇشۇپ كەت-
سەك دۇرۇس بولماس مۇسۇلمانلار...

شۇ چاغدا قاغىنىڭ سەت قاقىلدىشى ئاڭلاندى. سۆزلىگۈچى-
نىڭ چىرايى بىرقىسما بولۇپ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ بىرنېمى-
لەرنى دېدى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى.

— توغرا، سابىر ھوقۇشنىڭ ئۆلۈمى قانداق گەپ ئەمدى،
ئۇنىڭ ئۆلگىنى راستمۇ - يالغانمۇ، شۇنى بىرنېمە دېيىشەيلى.

— ئۆلۈم دېگەننىڭ يالغىنى بولمايدۇ.

— بىرنېمە دېمەك تەس، پات-پات بىخەۋەر يۈرگەن ئادەم-
لەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بولۇپ قالىدۇ.

دۆۋىلىشىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ شۇ ھالدا نېمىلەرنى ئوي-
لىغانلىقىنى دەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بىرەيلەن ماڭا: سابىر ھو-
قۇشنىڭ ئۆلۈمىدىن ياش تۆككەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇھ تارتقان
بىرمۇ ئادەم بولمىدى، دېدى... بىر ئادەم ئۆلسە ھېچكىمنىڭ ئىچ
ئاغرىتمىغانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ يۈرگەن بىرسىنىڭ دېيىشىچە،
شۇ ئەتىگىنى خەقلەر ئۆلۈم توغرىسىدا ئەمەس، بىركىم يەنە
بىركىم بىلەن ئىشەك سودىسى قىلىپ كېلىشەلمىگەن ئەھۋال
توغرىسىدا سۆزلەشكەندەك كەيپىياتتا بولۇپتۇ، بىرەر توخۇغا
كېسەل تېگىپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ ئاۋازى تىترەپ
كېتىدىغان سېلىم قۇشقاچىنىڭمۇ چىرايى پەقەت ئۆزگەرمەپتۇ.
مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ تۇرغان ھېلىقى ئادەم ھەسرەت بى-
لەن:

— بەزى ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە ئادەم دېگەننىڭ توخۇچىلىك
قەدرى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ شۇ چاغدا يەنە دېمەكچى بولغىنىنى تەپسىلىي چۈ-
شەندۈرۈپ سۆزلىشىچە، بىر زامانلاردا توخۇغا ئىچ ئاغرىتىدىغان
سېلىم قۇشقاچ جېنىدا خېلى-خېلى ئادەملەر ئۆلۈپ كەتسە مىت
قىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇمىش. مۇشۇ كۈندە خەقلەرنىڭ بىركىم
ئۇغۇلسا خۇش بولمايدىغان، ئۆلسە قايغۇرمايدىغان بولۇپ قېلى-

شى، خەقنىڭ يۇرىكىدە داۋاسىز كېسەللىك بارلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان يامان ئىشكەن. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جاھاننىڭ ئىنچىكە ئىشلىرىغا دىققەت قىلىپ ياشايدىغان ئادەملەر ھېلىمۇ باركەن، دېگەنلەرنى خىيال قىلغانىدىم.

— بىركىمنى بۆرە يەپ كەتتى دېگەننى ئاڭلىمىغانىدۇق، بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئارىدىكى چوڭقۇر كۆزلىرىدە ھەسرەتنىڭ كۆل رەڭ نۇرلىرى سىلغىيىپ تۇرىدىغان، زەردىلىك بىرسى ۋارقىرىدى:

— ساق بولساق ئاڭلايدىغان گەپلەر تېخى جىق، ئادەملەرنى چاشقان يەپ كەتتى، ھەرە يەپ كەتتى، چۈشىن يەپ كەتتى دېگەنلەرنىمۇ ئاڭلايمىز تېخى، ئادەم دېگەن ئاللاھ بۇيرۇپ بەرگەن رىزىق-نېسىۋىگە شۇكۇر قىلماي ھەممىنى يەيمەن، ھەممىنى ئالىمەن، ھەممىنى يالمايمەن دەپ نەپسىنى قويۇۋەتسە دوزاخنى ئۇ دۇنيادا ئەمەس، مۇشۇ دۇنيادا كۆرىدۇ.

ھېلىقى ئادەمنىڭ بوران گۈركىرىگەندەك ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ قالدىم. مەن مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغان ئادەملەردىن، مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغان ئادەملەردىن، يەنە مۇشۇنداق زەردىسى يامان، ئاچچىقى يامان ئادەملەردىن قورقىمەن، ئۇرۇپ سالارمۇ، تىللاپ سالارمۇ دەپ ئەمەس، باشقىلارنىڭ مېنىمۇ مۇشۇ خىلدىكى جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ئۇنداق، يا مۇنداق دەپ باھا بېرىپ يۈرىدىغان ئادەملەر قاتارىدا بار، دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن قورقىمەن.

— نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كىيىكدۆڭلۈك بىرسىنى ئېيىق يەپ كەتتى، دەپ بىر گەپ بولغان.

— يەپ كەتمەپتىكەن، بويىنىنى ئۈزۈپ، ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېتىپ قاپتىكەن.

— يا ئاللا، گەپ دېگەنمۇ شاخلاپ باشقا بىرنېمىگە ئۆزگىرىپ قالىدىكەن، بويىنىنى ئۈزۈۋەتكەن گەپ يوق، قارنىنى يېرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئامبىرى
www.uyghurkitap.com



ۋېتىپتىكەن، دەيدۇ.

بۇ يەردە گەپ ھەر تەرەپتىن باشلىنىپ ھەر تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. بۇ يەردە نەچچە سائەتلەپ، نەچچە كۈنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ گەپ بولىدۇ، پاراڭ بولىدۇ، ئاخىرىدا كىم نېمە دېدى، كىم نېمە گەپنى ئاڭلىدى، قايسى ئىشنى قانداق قىلىش، دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ھەل بولمايدۇ، پالانى ئىشنى چوقۇم مۇنداق قىلايلى، دېگەندەك ۋەدە-قەسەملەر بولىدۇ، بىراق ئانچە ئۆتمەي ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ. سەن پالانى ئىشنى قىلىدىغان بولۇپ قىلمىدىڭ، دەپ ھېچكىم ھېچكىمدىن رەنجىمەيدۇ، سۈرۈش-تۈرۈپمۇ يۈرمەيدۇ. تونۇگۈن تىللىشىپ، ۋارقىرىشىپ كەتكەنلەر، ئانىسىنى، خوتۇنىنى، يەنە بىرنېمىسىنى ئاغزىغا ئېلىپ بىر-بىرىگە زەھەر چاچقانلار ئەتىسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر-بىرىگە سالام ـ سەھەت قىلىشىپ يۈرۈۋېرىشىدۇ.

بايىقى زەردىسى يامان ئادەم خەقلەرنىڭ مۇشۇ ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ ئاچچىق بىلەن:

— گىنە ـ ئاداۋەت تۇتمىغان ئىشقۇ ناھايىتى ياخشى، بىراق تونۇگۈن بىرسى كاچىتىغا سېلىپ كۆكەرتىپ قويسا، ئەتىسى يە-نە ھەممىنى ئۇنتۇپ ھىجىيىپ ئالدىغا بارسا، مۇشۇ ئىش پەقەت كاللامدىن ئۆتمەيدۇ، — دېگىنى يادىمدا. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا قويدۇم. توغرا يا خاتالىقىنى ئويلاپ باقمىدىم.

بۇ يەرگە كۈندە ئادەم دۈۋىلىشىدۇ، توختىماي گەپ قىلىد-غان ئادەملەر بار، نېمە گەپ بولسا باشتىن ـ ئاخىر ئاڭلايدىغان ئادەملەر بار.

ئارىدا رەيھان سەتەڭنىڭ قاچاندىن باشلاپ يولدىن چىقىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ بىرەرسىگە تېگىپ ئۆي تۇتسا خېلى ئوبدان خوتۇن بولىدىغانلىقى دېگەندەك ئىشلار توغرىسىدا نۇرغۇن گەپ-لەر بولدى.

— ھاي، بىكار گەپنى قويۇپ سابىر ھوقۇشنىڭ ئىشىنى بىلىۋالايلى، سەن كىمدىن ئاڭلىدىڭ ھېلىقى گەپنى؟

— قايسى گەپنى؟

— سابىر تازنى بۆرە يېدى دېگەن گەپنى.

— ماڭا ئىمىن تېرىچى شۇنداق دېدى.

— ئۇ نەدىن ئاڭلاپتۇ؟

— ئۇ ھاشىم راۋابتىن ئاڭلاپتۇ.

— ھاشىم راۋاب كىمدىن ئاڭلاپتۇ؟

— مەن نېمە بىلىمەن ئۇنى، مەن ئىمىن تېرىچىدىن ئاڭلىدىم شۇ.

گەپنىڭ مەنبەسى ئۇزاق سۈرۈشتۈرۈلدى. نۇرغۇن تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن ئاخىرىدا بۇ ئىشلارنى ئىمىن تېرىچىنىڭ قاسىم دورغىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئېنىقلاندى. ھېچكىم بۇنىڭ ئۆسەك سۆز بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلمايدىغاندەك قىلاتتى. بۆرە يەپ كەتكەن، بۆرىگە يەم بولغان ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، قانداق ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىدىغانلار ناھايىتى كۆپتەك قىلاتتى.

— ئۇنى بۆرە بىكارغا يېمەيدۇ.

ھېلىقى زەردىلىك ئادەم مۇشۇ گەپنى دېگەندە ھەممەيلەننىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتى. بۆرە بىكارغا يېمىدى، دېگەن گەپنىڭ تېگىدە گەپ باردەك قىلاتتى. گەپ كوچىلاشقا ئامراقلار، بىركىمنىڭ دېگەن گېپىدىن قۇسۇر چىقىرىپ كۆنۈپ قالغانلار، يەنە كىم نېمە دېسە ھە دەپ قاراپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانلار بولسۇن ھەممەيلەن ھېلىقى گەپكە دىققەت قىلدى. بۇ يەردە سابىر ھوقۇشنى بۆرە يەپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە گەپ بولىدىغاندەك قىلاتتى. ھېلىقى ئادەم گەپنى دەپ بولۇپ جىممىدە بولۇۋالدى. ھەممەيلەن ئاغزىغا قاراپ تۇرۇۋالسا ئۇنداق يا مۇنداق دېيىش ئۇنىڭغا سەل ئېغىر كېلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ شۇ ھالدا ئۇنىڭ: ئەمەس گەپتىن بىرەرسى ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپ قاق بالاغا قالماي، دەپ ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئاخىرىدا ئاردا بىرەيلەن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:
— نېمىشقا يىگەندۇ ئەمىسە.
ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ كۆرگۈچىنىڭ دىيىشىچە، ئۇ سىقىلغاندەك، ئۆزىنى قاچۇرغاندەك بولۇپ بىردەم تۇرۇپ قاپتۇ، يەنە پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك بىرھالىمۇ بارمىش. ئۇ بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەرمەي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىمۇ، دانىمۇ دانە قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:
— بۆرىنىڭ يەيدىغىنىنى يەۋالسا بۆرە ئۇنى يېمەي قانداق قىلىدۇ. ياراتقۇچى ھەممە نەرسىنى رىزقى بىلەن ئاپىرىدە قىلغان، ھەممىدىن ئىنسانىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلغان، ئىنسانغا ھەممىنى بەرگەن، ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانغا بەرگىنى ئىنساننىڭ ئېھتىياجىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق، شۇنداق تۇرسا يەنە شۇكۇر قىلماي نەپسى بالانىڭ كەينىگە كىرىپ ھەممىنى يېسەم بولاتتى، ھەممىنى يالمىسام بولاتتى، دېسە مۇشۇنداق بولىدۇ شۇ. بۇ جاھاندا ھەر نەرسىنىڭ ئىگىسى بار.
— سىز بۇ گەپنى بايا بىر قېتىم دەپ بولغانغۇ.
ئارىدىن بىرەيلەن شۇنداق دەپتۇ، ھېلىقى زەردىسى يامان ئادەم سۆزلىگۈچىگە ئەلەم بىلەن ھومىيىپ قويۇپ:
— ياخشى گەپنى مىڭ قېتىم دېسىمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ئېشەك جىنىدا بىر قېتىم پۇتى كىرىپ كەتكەن كۆۋرۈكتىن قايتا ئۆتمەيدۇ. بۇ يەردە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى مىڭ قېتىم دېسىمۇ قىلمايدىغان ئادەملەر بار، يەنە قىلمايدىغان ئىشنى تونۇپ، توراپ تۇرسىمۇ قاشانى بۇزۇپ قىلىۋېرىدىغان ئادەملەر بار. شۇڭا بەزى گەپلەرنى تەكرار دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى.
ئەتراپتىكىلەر بىردەم جىم بولۇشۇپ قېلىشتى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى دەماللىققا توغرا يا خاتا دەپ ئايرىغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى
— مۇشۇ ئۇۋچىلىق دېگەننى يامان ئىش دېمەيدىكەن، بولمىسا...

بىرەيلەن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن شۇنداق دېدى. بايا قېرى تېرەكتىن ئۇچۇپ كەتكەن قۇشقاچلار قايتىپ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— نېمىسى يامان بولمايدۇ. يامان بولغاچ ھۆكۈمەت چەكلەيدۇ، جاڭگالدا ئۆزىنىڭ رىزقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغان جاندارنى ئۆلتۈرۈدىغانغا ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟ ئوت بېرىپ، سۇ بېرىپ باققانمىدىڭ يا، ۋۇ ئاناڭنى... جەرەن ـ كېيىك دېگەن چىرايلىق جانىۋار تۇرسا، قاراپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكە قانداق رايى باردۇ دەيمەن ئۇ پەسەندىنىڭ. ئابدال دىۋانە... مەرەز توخۇ پوقى... ئانىسىنى...

خېلىدىن بېرى گەپكە ئارىلاشماي جىممىدە تۇرغان يۇنۇس سەپرا ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرەلمەي ھاسىراپ، تىنالماي تۇرۇپ سابىر ھوقۇشنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن تىللاپ كەتتى.

— بولدى قىلىڭلا يۇنۇساخۇن، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېگەندە بۇ سابىر ھوقۇشمۇ كۇنى قاتتىق ئادەم، ئۇمۇ ئۆزىنى يۆلەپ تۇرىدىغان غوجىسىغا ئاشۇ ياۋىلارنىڭ گۆشىنى، تېرىسىنى توشۇپ، شۇ خەقنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇپ ئورنىنى ئاران ساقلاپ كەلگەن بىچارە، بولمىسا ئوڭشاپ گېزىت ئوقۇيالمايدىغان ئادەم ئىش باشقۇرۇپ يۈرەمدۇ. ھەممىسىنىڭ گېلى پوق بولغاندىكىن كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ يول قويىدۇ، ھارامغا تەڭ شېرىك بولىدىغانلار بار.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ زادى قانچىلىكى راست، راست بولسىمۇ يالغان بولسىمۇ، بۇنى ئېنىقلىغاننىڭ بىرەر پايدىسى بولمىسىمۇ، بىراق ئادەت بويىچە يەنە راست ـ يالغانلىقىنى ئويلىشىپ باقىدىغان ئىش بار. ئارىدىن بىرەيلەننىڭ: «كىم كۆرۈپتۇ ئۇنى...» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان يۇنۇس سەپرا يەنە ۋارقىراپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— دەل شۇنداق، ئۇ مەرەز ئىشنى چاندۇرماي قىلىدۇ، چاڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇرۇپ قويسىمۇ يەنە يولى بار، بابا ما ئادەم دېدىغۇ، زادى هارام-
غا شېرىك غوجىسى بار ئۇ ئىتنىڭ بالىسىنىڭ، هو نەپسى تويـ-
مايدىغان ئىتنىڭ بالىسى... هو شوپاڭچىنىڭ... هو ئىتقا ئوخـ-
شايدىغان... چى...

يۇنۇس سەپرانىڭ ئاغزىدىن ئادەم بار يەردە دېگىلى بولمايدىغان
گەپلەر بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئەتراپتـ-
كىلەر هاي ـ هاي بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تەستە بېسىقتۇردى.

ــ ئۇنداق دېمەيلى يۇنۇساخۇن... يامان بولىدۇ.

ــ مۇشۇنداق ئوسال ئادەملەرنى تىللىسا يامان بولىدۇ دەپ
يۈرۈپ ما جاهان پەقەت بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۆزۈمدەك ئوغۇل بالىـ-
دىن مۇشۇ يۇرتتا يەنە ئونى بولغان بولسا ئىگەكىم... مۇشۇنداق
قىلىپ يۈرۈپ كۈپكۈندۈزدە قىزلىرىنى خەق شوپاڭخانىغا سۆرەپ
ئەكىرىپ كەتسە ئىچىگە تىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى ما يۇرت-
نىڭ مازلىرى... هو ئاناڭنى تۇتۇپ...

يۇنۇس سەپرا ئاغزىدىن كۆپۈك قاينىتىپ ئۇزاققىچە بىر-
كىملەرنى تىللىدى. ئەتراپتىكىلەر بىردەم هاي دەپ بېقىپ كېـ-
يىن كارى بولمىدى. نۇرغۇن ئادەملەر يۇنۇس سەپرانىڭ ئاغزىدىن
تېخىمۇ سەت، تېخىمۇ بەتتەر گەپلەرنىڭ چىقىشىنى تەمە قىـ-
لىۋاتقاندەك قىلاتتى.

## 3

ئۇلۇغئاش ۋاقتى بولغان چاغدا مالغۇنسايغا كىرىپ كەلگەن
ئاق پىكاپ يول دېسە يول ئەمەس، ئەمەسمىكىن دېسە ئۇ يەرـ بۇ
يەردە يولنىڭ ئىزناسى بار ئىزنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ كېلەتتى.
ماشىنىنىڭ كەينىدىكى كىچىك كوزۇپ قىزىل كۆك يوللۇق يال-
تىراق بىلەن يېپىپ قويۇلغانىدى.

ــ بۇ قانداق يول، ماشىنىنى كىرەكتىن چىقىرىدىغان
بولدۇق.

رولغا چاپلىشىپ ماشىنىنى تەستە ھەيدەپ كېتىۋاتقان ھە-سەن كىچىك سابىر ھوقۇشقا ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ ئاستا شۇنداق دېدى.

— تېخى مۇشۇ يولنى ياراتمايۋاتامسەن، يولنىڭ ئەسكىسىنى تېخى كۆرمىدىڭ، مېڭىۋەر، مالغۇنسايغا بېرىۋالساق مەنزىلگە يې-تىمىز، تەلىيىمىز كېلىپ قالسا بۇ قېتىم ماشىنىنى لىق توش-قۇزىمىز.

سابىر ھوقۇش تاماكا تۇتاشتۇرۇپ يېنىدىكى ھەسەن كى-چىككە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ-نىڭ نەپرەتنىڭ سوغۇق ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ھەسەن كىچىك كۆرەلمىدى. ئۇ شۇ ھالدا ماشىنىنى يولدىكى چوڭ-چوڭ تاشلاردىن قاچۇرۇپ ئىمكان بولسا سىلىق ھەيدەش-نىڭ، ماشىنىنى بۇزۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشنىڭ كويىدا ئىدى.

— قورقۇۋاتامسىلە ھەسىناخۇن.

سابىر ھوقۇشنىڭ ئۇشتۇمتۇت سوئالىدىن چۆچۈگەن ھەسەن كىچىك يېنىدا ئولتۇرغان سابىر ھوقۇشقا لەپپىدە قاراپ قويدى.

— ياق... نېمىدىن قورقاتتىم.

— مەن بىلىمەن. سەن قورقمايسەن زادى... بولدى، ماشى-نىنى ئوبدان ھەيدە.

ھەسەن كىچىك ئۇڭايسىز بىرھالدا گېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويدى.

ماشىنا چاڭ-توزانلار ئۇچۇپ يۈرگەن بىپايان چۆلدە سىل-كىنىپ، چايقىلىپ كېتىپ باراتتى. پاكار ئۆسكەن مالغۇن، تەس-كەن، چاكاندالار چۆل شامىلىدا غېرىبانە تەۋرىنىپ كۆزگە تاش-لىناتتى.

مالغۇنسايىنىڭ چاڭ باسقان ئاسمىنىدا قولاقنى ئۇششۇتىدى-غان غۇيۇلداشلار ئاڭلىناتتى. ئېگىز بىر دۆڭنىڭ چوققىسىدىكى تاشتا بىر قارا بۈركۈت مەزمۇت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ نەشتەردەك كۆزلىرى مالغۇنسايدا كېتىۋاتقان ماشىنىغا، يەنە يىراق بىر يەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ده ئاستا سوكۇلداپ كېتىۋاتقان بىرجۈپ بۆرىگە تىكىلەتتى. ئۇ كۆپ زامانلاردىن بىرى كەڭ ھەم بىپايان مالغۇنسايدا ياشارغان، ئۆسكەن ھاياتلىقنىڭ ماتانەت بىلەن كۆكلىشىگە گۇۋاھ بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى، گۇۋاھ بولغانلىرى بەك جىق. شۇنداق شېرىن، شۇنداق تاتلىق جانلارنىڭ جاننى قوغداپ تۇرىدىغان، جاننى ئىسكەنجىسىگە ئالغان، جاننىڭ چەكسىز ئۇمتۇلۇشلىرىنى توراپ، قىسسىپ تۇرىدىغان ۋۇجۇدتىن، تەندىن ناھايىتىمۇ تەسلىكتە ئاجراپ چىققانلىقىنى جىق كۆرگەن، ئۇ يەنە مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان ئادەملەرنىڭ جېنى بارلىكى نەرسىنى ئۆلتۈرۈشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغانلىقىنى كۆپ كۆرگەن. ئۇنىڭ ھەمراھىنىمۇ ئادەملەر مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ھەمراھى ئۆلۈپ نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى بىپايان چۆلدە چىرىغان، سېسىغان ھالدا كۆردى. ھەمراھىنىڭ پۇتلىرى تىزىدىن ئۈشتۈلۈپ ئۈزۈۋېلىنغان، قاناتلىرى سۇندۇرۇپ ئېلىپ كېتىلگەنىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا پۈتمەس بىر ئۆچمەنلىك ئورنىشىپ قالدى. كۆككە بوي سوزغان تاغنىڭ تىك قىيالىرىدىكى ئۇۋىسىدا بىر ئوبدان ئەي بولۇۋاتقان چۈجىلىرىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى تەگسىز ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەمراھىنى نېمىشقا ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ يەنە مالغۇنسايدا، مالغۇنسايىنىڭ ئەتراپىدىكى يايلاقلاردا، تاغلاردا، دەريا ـ ئېقىنلاردا يۈرگەن تۈرلۈك رەڭ، تۈرلۈك خۇي-پېئىلدىكى جانلارنى ئادەملەرنىڭ نېمىشقا ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، نېمىشقا ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرقى بىرسى قالغۇچە قىرىۋېتىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئۇنىڭ بىلمەيدىغانلىرى كۆپ ئىدى.

ئۇ ھەمراھىنىڭ بارماقلىرىنىڭ زەرباغلارغا ئۆتكۈزۈلۈپ كىملەرنىڭدۇ بويىنىغا ئېسىلغانلىقىنى، قاناتلىرىنىڭ كىم بىرسىنىڭ ئۆيىنىڭ تۆر تېمىنىڭ بىر يەرلىرىگە سانجىپ قويۇلغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئۇ ھەمراھىنىڭ بارماقلىرى بىلەن ماختىنىدىغان ئادەملەر-
نىڭ بارلىقىنى، ھەمراھىنىڭ مەزمۇت قاناتلىرى بىلەن كۆرەڭ-
لەيدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى.

ئۇ ئادەم دېگەننىڭ بەزىدە ئۆزىنىڭ كارامىتىدىن ئەمەس،
ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىنىڭ كارامىتىدىن مەغرۇرلىنىدىغان،
ئالچاڭشىپ يۈرىدىغان خۇيى بار مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەيت-
تى.

قارا بۇركۇت كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن
چىرقىرايتتى، ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازىنى، ئۆچمەنلىك، نەپ-
رەتكە تولغان چۇڭقۇلداشلىرىنى شامال يىراقلارغا ئېلىپ كېتىپ
يەر يۈزىگە، يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ قۇلىقىغا، يۈرىكىگە،
كۆڭلىگە يەتكۈزمەيتتى. بۇركۇتنىڭ ئەلەملىك چىرقىراشلىرى
كۆكنى بويلاپ شامال، توزانلار بىلەن قوشۇلۇپ يىراق بىر يەر-
لەرگە كېتەتتى.

سوغۇق ھەم يىرىك خىياللارغا غەرق بولغان ھەسەن كىچىك
ماشىنىنى تورمۇزلاپ ئۇلگۇرەلمىگىلى تاسلا قالدى. تاماكا تۇ-
تاشتۇرۇش بىلەن قالغان سابىر ھوقۇش ئالدى ئەينەككە داققىدە
ئۇسۇپ، ھەسەن كىچىككە ئالىيىپ قويۇپ ئالدىغا قارىدى. بىر
ئادەم ئىككى قولىنى قوش قانتىدەك كېرىپ يولنى توراپ
تۇراتتى. ھەسەن كىچىك تەشۋىش بىلەن سابىر ھوقۇشقا قاراپ
قويدى.

ـــ ھۇ ساراڭ...

سابىر ھوقۇش ئاچچىق بىلەن ماشىنىدىن چۈشتى، ھەسەن
كىچىكمۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا سەكرەپ چۈشتى.

ـــ يولنى بوشات، ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە تېجىمەل... ھېلى
بىكار...

سابىر ھوقۇش ھېلىقى ئادەمگە قولىنى جونۇپ ۋارقىرىدى.

يولنى توسۇۋالغۇچى، ئاپتاپتا كۆيۈپ مىستەك قارىداپ كەت-
كەن چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن سابىر ھوقۇشقا تىك قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇراتتى. يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان ئېغىزىدىن ئۇيراپ تۇگەي دەپ قالغان بۇغدايدەك ئۇششاق، ساپسېرىق چىشلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ يەردىن مەن ئەمەس سەن يوقالساڭ بولىدۇ. بولمايدىغان بولسا...

— بولمىسا نېمە قىلالايتتىڭ؟...

— كوڭكاڭنى تۇتۇپ قالىمەن، ناھىيەگە مەلۇم قىلىمەن، قانداق...

— ھۇ مېڭىسىنى سا چوقۇۋالغان ساراڭ تەلۋە، سەن تېخى ھېلىمۇ ئۆزۈڭنى قوغدىغۇچى دەپ يۈرەمسەن؟ مۇشۇنداق تەتۈرلۈكىڭدىن سېنى ئىشتىن ھەيدىۋەتكىلى نەچچە يىل بولدى قېرى ئۇششۇق...

يول توسقۇچى سابىر ھوقۇشنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پەرۋا قىلماي بەخىرامان قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان ھەم بىزار قىلىدىغان بىر نۇر بار ئىدى. ھەسەن كىچىك ئۇنىڭ خۇددى، بۆلەر قېچىپ كەتمىسۇن، دېگەندەك ھوشيار ھالەتتە ھەم قولىنى تېخىچە چۈشۈرمەي كېرىپ تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدى.

— ھۆكۈمەت قالدۇرۇۋەتسە مەيلى، مەن قوغداۋېرىمەن. گېپىڭ بارمۇ قۇرۇتقۇ؟

سابىر ھوقۇش قولىدىكى تاماكىنى كۈچ بىلەن يەرگە ئېتىپ ئارقىدىن مىجىپ دەسسىگەچ ۋارقىرىدى.

— چىشىڭنى تۆكۈۋېتەي يەنە، قېرى بەڭگى... يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىسەن؟

— نېمە دېسەڭ دە، قېنى ئالدىڭغا بىر قەدەم ماڭغىنىڭنى كۆرەي... يامان بولساڭ مېنى باستۇرۇپ ئۆتۈپ كەت...

سابىر ھوقۇش قېرى ئادەمگە نەپرەت، ئۆچمەنلىك بىلەن بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاچچىق بىلەن قولىنى سىلكىپ قويدى.

— يا ئاللا، مەن مۇشۇ جاھاندا بىرى سەندىن، يەنە بىرى مالغۇنسايدىكى سىرىق قۇيۇندىن زېرىكتىم، ئىككىڭلار مېنىڭ رىزقىمغا چۇشكەن مىتە بولدۇڭلارغۇ... قاچان ئۆلەرسىلەر... كۆڭلۈم تىنىاتتى.

— تىللاپ - قورقۇتۇپ باقسام يول بېرەرمىكى دەپ قالدىڭ ھە، ئۇخلىماي چۇش كۆرۈپسەن. ئەگەردە سىرىق قۇيۇن بىلەن مەن بولمىغان بولسام سەن مالغۇنساينى قورۇتۇپ بولاتتىڭ سې-رىق ئاياغ پەسەندى...

ھەسەن كىچىك يول توسقان قېرىنىڭ چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلكە پەيدا بولۇپ يەنە يوقاپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلدى. بۇ كۆكەمە، ساراڭقېتىش ھەم بېخىل بىرنېمە بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— بولدى، ئامان تەلۋە، ئىلەشتۇرمە، مۇنۇنى ئېلىپ بۇ يەردىن يوقال... ئۆچكىلەر قانداقراق...

ئامان تەلۋە قىزىل لاتىغا ئورالغان تۇخۇمدەك كېلىدىغان تۇگۈنچەكنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن پۇراپ تۇرۇپ خىرىلدىدى:

— يامان چاغدا كەپ قاپسەن... ناھايىتى ئاز، ئۇ نېمىلەر تار كېچىككە سۇلاغقا كەلمىگىلىمۇ ئۇزۇن بولدى.

— مەن تاپماي قويمايمەن، ئۇچ يۈز كىلومېتىر يولنى بىكارغا باستىممۇ مەن... ھەيدە ھەسەن ماشىنىنى، ھە راست، سىرىق قۇيۇن يوقتۇ...

— سىرىق قۇيۇنىمۇ كۆرمىدىم، كۆرسەم - كۆرمىسەم سەن كەلگەندىكىن ئۇمۇ كېلىدۇ، جاجاڭنى شۇ بېرىدىغۇ سېنىڭ...

— ھامان بىر كۈنى مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىرىمەن ئۇ يىرتقۇچنىڭ...

— ئۆزۈڭگە ھېزى بول... ئۇنىڭ ھازىر تازا كۈچكە تولغان، يەنە كېلىپ ئوزۇق تاپالماي غالجىرلاشقان ۋاقتى... ئالدىنقى ھەپتە ئۇنى كۆردۈم، ئونغا يېقىن بۆرىنى كەينىگە سېلىپ يۇلغۇن تامنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىمىسەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بولمايدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشقىلى ئون يىل بوپتۇ، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى تېرىسىگە سامان تىقمىسام ھېساب ئەمەس، ھەرقانچە كارامىتى بولسىمۇ مىلتىقىمنىڭ ئوقىدىنمۇ يامان ئەمەستۇ ئۇ... بولدى، قېرى تەلۋە، مەن كەتتىم.

— تېز يوقال، كۆزۈم كۆرمىسۇن سېنى... مېنى مۇشۇ مەرەزگە خۇمار قىلىپ قويۇپ لاتا قىلىۋەتتىڭغۇ ھارىمى... بۇرۇنقى ئەپتىم بولىدىغان بولسا بېشىڭنى قومغا پاتۇرۇپ قوياتتىمغۇ...

— سەندەك ساراڭلارنى مۇشۇنداق ئۇڭشىماي بولمايدۇ.

— زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ ئۆلەرسەن مەرەز، جاھان نامەردلىشىپ كەتتى، سېنىڭ مالغۇنسايدىكى ياۋلارنى قىرىپ تۈگەتكىنىڭنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بىرسى چىش يېرىپ سېنى جازالىيالمايدۇ، تۇفى سەندەك نېمىلەرگە... مەنمۇ نامەرد، نامەرد بولمىسام مۇشۇنى دەپ سەن مەرەزنى قويۇپ بېرەتتىممۇ؟...

— ئالىدىغاننى ئالدىڭ، ئەمدى زۇۋانىڭنى يىغ، نېمە دېسەڭمۇ مېنى ئۇۋچىلىقتىن توسالمايسەن...

— ئۇۋچى... سەن تېخى ئۇۋچىمۇ... سەن دېگەن خۇمسى مىجەز نامەرد، نوچى بولساڭ ئىككى پۇتۇڭ بىلەن، بەك بولمىسا ئات مىنىپ كارامىتىڭگە تايىنىپ ئوۋ قىل، ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىپ ياۋلار بىلەن ئېلىش، مانا شۇ چاغدا سېنى نوچى دەيمىز، سەنچۇ، كوڭكا بىلەن ئوۋنى قوغلايسەن، بىردىن ئەمەس، بىر قېتىمدا نەچچە پاي ئوق چىقىدىغان قورالىڭ بىلەن ئاتىسەن... بۇنىڭ مەزلۇم كىشىنى باغلاپ قويۇپ ئۇرغاندىن نېمە پەرقى...

— كاپشىما، بىر ئوبدان ماشىنا تۇرسا نېمە قىلاتتىم مەن جاپا تارتىپ، ئوۋنى ئاپىرىپ مەززە قىلىپ يېسەم ماڭا شۇ ھېساب.

— مانا، پەسكەش تاز... سېنىڭ بولۇشۇڭ مۇشۇ، ئوغۇل بالا دېگەن نەپسىگە بېرىلگەن كۈنى بىر تاغار پوق بولىدۇ، سەنمىغۇ ئەزەلدىن مۇشۇنداق زادى...

— بۇ قېرى ساراڭنىڭ گېپى تۈگىمەيدۇ... ھەيدە ماشىنىـ
نى...

ماشىنا قوزغىلىپ توپا توزۇتۇپ مېڭىپ كەتتى. ئامان تەلۋە قوللىرىنى جونۇپ ۋارقىرىغاچ قالدى. ماشىنىدىكى ئىككىيلەن ئامان تەلۋىنىڭ نېمە دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىيالمىدى.

## 4

ماشىنا مالغۇنسايىنىڭ باش-ئاخىرى يوق تاشلىق پايانىدا كېتىپ باردۇ. يىراقتىكى ھەيۋەتلىك تاغلار چاڭ-مانان ئارىسىدىن كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ يەردە كېتىۋاتقان ئادەملەرگە خۇددى بۇ يولنىڭ ئاخىرى يوقتەك، بۇ سەپەرنىڭ مەنزىلى يوقتەك تەسىر بېرىدۇ.

ھەسەن كىچىك سابىر ھوقۇشنىڭ سۇرلۇك تۇس ئالغان چىرايىغا پات-پات قاراپ قويۇپ ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

بىلىپ قالغانمىدۇ... مۇشۇ خىيال ھەرقېتىم يادىغا يەتسە ھەسەن كىچىكنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كېتىدۇ. بۇ ئەنسىزچىلىك ئىچىگە ئۆزىنى ئەيىبلەش، قورقۇش، ۋاز كېچەلمەسلىكتەك بىرمۇنچە تۇيغۇلار يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك قىلاتتى.

ياق. ئۇ بىلمەيدۇ. نەدە يۈرۈپ بىلىدۇ. رەيھان سەتەڭ يامان نېمە، ھەرگىز چاندۇرمايدۇ.

ئۇ مۇشۇنداق ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

ئۇ خوتۇننىڭ چىرايلىقلىقى، مېھرىنىڭ ئىسسىقلىقىنى دېسە قۇتۇلۇپ چىققىلى بولمايدۇ. بىراق بېشىمنى سىلاۋاتقان ئادىمىمنىڭ رىزقىنى قىيغىنىم يامان بولدى. بۇنىڭدا ئەيىب كىمدە. ئاشۇ خوتۇن ئۆزى ئېسىلىۋالدى، ئەمما ۋاقتى كېلىپ چاتاق چىقسا مۇنۇ سابىركامغا بۇ ئىشنى مەن ئەمەس، ئاشۇ خوتۇن قىلغان، دېسەم ئىشەنمەيدۇ. كۆڭۈم تەس بولىدۇ، يىل ئاخىـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنچاق ئادرېسى



رىغىچە ئۇبدان ئىشلە، رەسمىيلەشتۈرۈپ ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان شوپۇر قىلىپ ئۆزۈم ئىشلىتىمەن، دېگەنىدى. تۈز بەرگەن تۈزلۈقنى چاقىقاندەك ئىش قىلدىم...

ھەسەن كىچىك يېنىدا ئولتۇرغان سابىر ھوقۇشقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

بىلمىگەندەك قىلدۇ، بىلمەيدۇ، بىلسە ھېلىغىچە جاجامنى بېرىپ بولاتتى.

نېمە بولسىمۇ ئۆزىدىن كەتتى، مەندە نېمە گۇناھ... شۇ كۈ-نى زادى شۇنداق بىر ئىش بولىدىغانغا تەقدىردە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك.

كېچە بىر يەرگە بارغان چاغدا قاسىم دورغىنىڭ تۆگىخانى-دەك يوغان ئايۋىنىنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىدىغان ئىشىكىنىڭ يېنىدىكى قاچا-قۇچا ئىشكاپىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ لۆڭگە يې-پىپ قويۇلغان تېلېفونى جىرىڭلاپ قالدى.

چالا ئۇيقۇلۇقتا ياتقان ھەسەن كىچىك يۈگۈرۈپ چىقىپ چىراغنىڭ يىپىنى تارتتى، چوڭ ئايۋان يورىدى. ھەسەن كىچىك تېلېفوننىڭ كىچىككىنە ئېكرانىدىكى سىپىرلارنى كۆرۈپ سەل جىددىيلەشكەندەك بولۇپ تېلېفوننى ئالدى.

— ھەسەنمۇ سەن... سە... سەن... قىزىل مۇنار رېستورانىـ-غا كېلىپ... مېنى ئېلىپ كەت، ماشىنا رېستوراننىڭ ئالدىدا، تېز بول...

سابىر ھوقۇشنىڭ ئاغزىدىن گەپ چۇشۇپ قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ مەستلىكتىن خۇدنى يوقىتاي دەپ قالغانلىقىنى بىلگەن ھەسەن كىچىك تەمتىرەپ قالدى. ئەمما تەمتىرىگەن بى-لەنمۇ، قورققان بىلەنمۇ، خالىمىغان بىلەنمۇ بىكار، بەربىر سا-بىر ھوقۇشنىڭ دېگىنىنى قىلماي بولمايدۇ.

ھەسەن كىچىك دۇدۇقلاپ ماقۇل بولدى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆ-رۈلۈشكە ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان دادىسىنى كۆردى.

— يەنە نەگە... — قاسىم دورغىنىڭ سوغۇق ئاۋازى كىشى-

گە يىڭنىدەك تەسىر بىرەتتى.
— مەن... سابىركام... قىچقارتىپتىكەن... ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلەي...
— مەن ساناپ تۇردۇم، ماۋۇ سىنى يىرىم كېچىدە 13-قې-تىم قىچقارتىپ كېتىشى، كېچىسى كۆزىگە ئۇخلىمايدىغان قانداق نېمە ئۇ، خەقلەر ئۇنىڭغا هوقۇش دېگەن لەقەمنى بىكارغا قويماپتىكەن. بارما بولدى.
— بىراق دادا، ئۇ مېنىڭ خىزمەت ئىشىمنى هەل قىلىپ قويىدىغان بولدى.
— سېنىڭ مۇشۇ گېپىڭگە ئەجەب ئۆچ بولدۇم هەسەن. ئو-غۇلبالا بولغاندىكىن نېنىڭنى خەقنىڭ قولىدىن ئېلىپ يەيدىغان بۇنداق تايىنى يوق ئىشنى قىلماي، ئۆزۈڭ بىر ئىش قىلساڭ نېمە بولار، ماشىنا ئېلىپ بىرەي دېسەم تېخى ئۇنىمايسەن، يا مەن بىلەن ئېتىزدا دېھقانچىلىق قىل دېسەم تېخى ئۇنىمايسەن. مۇشۇمۇ كونىمۇ ساڭا. بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق هاراقكەشلەرنىڭ چا-پانچىلىقىنى قىلىپ ئۆتۈپ كېتەرسەنمۇ.
— ئۇنداقمۇ بولماس، رەسمىيلىشىۋالسام...
— ۋاي تاڭ، بۇ خەق مۇشۇنداق دانلىتىپ يۈرۈپ قېرىتىۋې-تەرمىكىن سېنى... ئوبدان ئويلان بالام، بىزنىڭ جەددى- پۇش-تىمىزدىن ئەزەلدىن خەققە بويۇن قىسىپ، رىزقىنى بىراۋنىڭ قاپىقىغا قاراپ ئېلىپ يەيدىغان ئادەم چىقمىغان، نامرات بولساق-مۇ مەيدىمىزنى كېرىپ يۈرىدىغان ئادەملەرمىز، ئىشقىلىپ سېنى يوقىتىپ قويماي جۇمۇ مەن.
— مەن نەگە يوقاپ كېتەتتىم دادا.
— گېپىمنى چۈشەنمىدىڭ، يوقاپقۇ كەتمەيسەن، بىراق قا-سىم دورغىنىڭ بالىسىغا ئوخشىماي قالساڭ يوقاپ كەتكەن بىلەن ئوخشاش، يالغۇز ئوغۇل دەپ ئەتىۋارلىغىنىم بىر تىيىن بولمى-سۇن.
هەسەن كىچىك قىزىل مۇنارنىڭ ئالدىغا بارغاندا رەيهان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



سەتەڭ سابىر ھوقۇشنى يۆلەشتۈرۈپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرغانىكەن.

— قېنى، سابىرنى يۆلەڭ، تېز بولۇڭ، ماشىنىغا چىقىرايلى.

ھەسەن كىچىك سابىر ھوقۇشنىڭ بەكلا ئېغىر ئادەملىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. رەيھان سەتەڭ بىلەن ئىككىسى ئۇنى ناھايىتى تەستە ماشىنىغا چىقاردى.

— قۇربان باشلىق ماڭا... ماڭا ئوڭ كۆزىدە قا... قاراپ قويىدىغان بولدى... بەزى ئادەملەرنىڭ مېنى يىقىتىمەن دېيىشى ئۇ... ئۇخلاپ چۇ... چۈشى... سە... سەن بۈگۈن ئۇ... ئۇنىڭغا ھەمراھ بول...

— ياق، مەن بارمايمەن، ئېتمۇ يالىقىدىن قىزغىنىدۇ. سىزمۇ ئادەممۇ.

— بۇنداق تايىنى يوق گەپلەرنى قوي، يېڭى ئالغان ئۆيىنىڭ بېزەش ئىشلىرى پۈتسە سىنىڭ نامىڭدا رەسمىيەت بېجىرگۈزۈپ بېرىمەن... گېپىمنى ئاڭلا... ئىچىمنى پۇشۇرما.

— يەيدىغىنىڭىز، ئىچىدىغىنىڭىز كەم ئەمەس، پۇل دېسە يەتكۈچە بار... خەققە ئىتتەك يېلىنىپ نىمە كۈن سىزگە... سىزنىڭ يوق قورساق مېھمانلىرىڭىزدىن جاق تويدۇم...

— سە... سەن پو... پوقنى بىلەمسەن... ھا... ھازىرقى ئورۇنۇمدىن چۇ... چۈشۈپ كەتسەم ئۆ... ئۆلگىنىم شۇ...

سابىر ھوقۇش يېرىم يولغىچە بىرنېمىلەرنى دەپ ماڭدى، بارا ـ بارا ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇققىلى بولماي قالدى.

ئۇلار سابىر ھوقۇشنى مىڭ بىر جاپادا رەيھان سەتەڭنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ جايلاشتۇرۇپ بولغاندا يېرىم كېچە بولـ غانىدى.

— بۈگۈن كەتمە. ھەسەن...

ھەسەن كىچىك رەيھان سەتەڭنىڭ مۇشۇ ھاياجانلىق، تىتـ رەڭگۈ ئاۋازىنى ناھايىتى ئۇزۇنغىچە ئۇنتۇيالمىدى. قۇلاق تۈۋىـ دىن كەتمىدى. ھەرقېتىم ئۇنىڭ ئاشۇ ئاۋازىنى يادىغا ئالغىنىدا

ۋۇجۇدىنى شېرىن بىر تۇيغۇ قاپلايتتى.

ھەسەن كىچىك بىرنېمە دەپ بولغۇچە رەيھان سەتەڭ ئىسسىق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ باغرىغا باستى.

— سا... سابىركام...

ھەسەن كىچىك ھاسىراپ، قورقۇپ ـ تىترەپ تۇرۇپ دۇدۇقلىدى.

— ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلىساڭ بولىدۇ، ئۇ ئەمدى مۇشۇ ياتقانچە ئەتە چۈشكىچە مىدىرلىمايدۇ.

— مە... مەن. قورقىمەن...

— قورقما... قېنى بۇ ئۆيگە كىر...

ھەسەن كىچىك تاڭ يورۇغاندا دەرۋازىنى پەم بىلەن ئېچىپ كىرگەندە ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇرغان دادىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— نەگە باردىڭ؟

— مەن...

دادىسىنىڭ تاشتەك قاتتىق، مۇزدىن سوغۇق ئاۋازى يوغان ئايۋاندا تۇگمەن گۈرۈلدىگەندەك ئاڭلىناتتى.

— سەن بىر پاسكىنا ئادەمنىڭ كەينىگە كىرىپ قالدىڭ. مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ كېرەكتىن چىقىپ كېتىدىغان بولدۇڭ... سابىر تازنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ... مەن ئۇنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇستىخىنى ھارامدىن پۈتۈلگەن، ئولتۇرسا ـ قوپسا ھارام بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئاشۇ تازنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يەتتە پۈكلىنىپ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ يۈرسەڭ مېنى تىرىك ئۆلتۈرىسەن بالام. سەندىن خۇش بولاي، ئۇنىڭدىن قولۇڭنى يۇيۇۋەت، كېيىن پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالارمىز...

— مەن...

ھەسەن كىچىك خىيالدىن سەگىگەندە سابىر ھوقۇش كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۇخلاپ قالغاندەك جىمجىت ئولتۇراتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلغان ئادرېسى



# 5

مالغۇنسايىنىڭ مەڭگۈ توختىمايدىغاندەك بىلىنىدىغان ئىز-غىرىن شامىلى بىپايان سايدا چاڭ ئۆرلىتىپ، خۇددى پۈتۈن دۇنيا يۇمشاق قۇمنىڭ چاڭلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەندەك تەسىر بېرەتتى، شۇ ھالدا كۆككە ئۆرلىگەن مانان، تاغلار ھەم بىپايان مالغۇنساي تۇتىشىپ كەتكەندەك، بۇ چەكسىزلىكتە سوغۇق ھەم قۇدرەتلىك بىر كۈچ يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك قىلاتتى.

— بايا يول توسقان ئادەم كىم سابىركا؟...

— ئامان تەلۋە... مۇشۇ يەرلىك سارالاڭلارنىڭ بىرسى، بۇرۇن يايلاق قوغدايدىغان ئىشنى قىلاتتى، بايىقىدەك قالايمىقان يول توسۇپ يۈرۈپ چوڭلاردىن بىر- ئىككىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، جاڭگالنى قوغداپ جان باقىدىغان ئىشىدىنمۇ قۇرۇق قالدى، بىراق يەنە مۇشۇنداق سارالڭلىق قىلىپ يول توسۇپ يۈ-رىدۇ، بۇ بىرنېمىدىن قۇتۇلالماي ئاخىرى نەشىگە كۆندۈرۈپ ئەپ-لەيدىغان بولدۇق.

— ھېلىقى سىرىق قويۇن دېگىنىڭىز...

ھەسەن كىچىك سابىر ھوقۇشىنىڭ كەيپىياتىنىڭ سەل ياخ-شىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى-بۇنى سورىغۇسى كەلدى.

— ئۇ مالغۇنسايدىكى چىل بۆرىلەرنىڭ پادىشاھى... قارد-ساڭمۇ كىشىنى سۈر باسىدۇ... ئەقلىم يەتمەيدۇ، يىرتقۇچ دېگەن ئۆۋنى ئوۋلاپ، ئادەمنى كۆرسە قاچاتتى، بۇ پەسىلدە بىز يې-قىنلاشقاندا ئۆۋنى ئۆركۈتۈپ قاچۇرۇۋېتىدۇ، ياردار قىلغان ئوۋ-لىرىمىزنى ئېلىپ قاچىدۇ. بەك ھىيلىگەر، ئاتاي دېسەك توت تامغا يىرقىراپ يۈرۈپ قارىغا ئالدۇرمايدۇ... ئىشقىلىپ ئادەمنى جىلە قىلىپ ئۆلتۈرىدىغان يىرتقۇچ... ئاشۇ سىرىق قويۇننى بىر جايلىۋەتسەم كۆڭلۈم تىناتتى. ئىشقىلىپ ئۇ ئۇچراپ قالمىسۇن، بولمىسا ئوۋ قىلمىقىمىز تەس...

مالغۇنساينىڭ ئىككى يېقىدىكى ھەيۋەتلىك تاقىر تاغلار كىشىگە سۇرلۇك ھەم سىرلىق تۇيۇلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان سۇرلۇك ساي ھەر يىلى ئالتىنچى ئايدا بىر قېتىم كېلىدىغان زور كەلكۈندىن كېيىن يىل بويى قۇياش نۇرىدا يا- لىلداپ غىلاڭ تۇرىدۇ، نەدىن قوشۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدى- غان قاچقان - تايغان سۇلاردىن ھاسىل بولغان بىر ئېرىقچە كې- لىدىغان سۇ چار تاشلار لىقمۇلىق تولغان سايدا ئاستا ئېقىپ تۇرىدۇ، يەتتىنچى ئايدىن باشلاپ شۇ سۇمۇ توختاپ مالغۇنساي پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىدۇ، بۇ يەردىكى مالغۇن، چاكاندا، ئېشەك قومىچى دېگەندەك ئۆسۈملۈكلەر يامغۇر، قارنىڭ سۈيى بىلەن ياشىرىدۇ، يامغۇر، قار ياغمىسا تاكى كېلەر يىلى 6-ئايدا كې- لىدىغان كەلكۈن سۈيىگىچە ساقلايدۇ.

چاڭ-مانانلار ئارىسىدا كەلكۈن ئېقىتىپ كەلگەن غايەت زور قورام تاشلار ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

مالغۇنساينىڭ كەڭرى كەتكەن چۆللىرىدە تولا قاتراپ ھار- غىنلىق يەتكەن بىر جۈپ چىلبۆرە، جەرەن - كېيىكلەرنىڭ سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئەپلىك يەر تاللاپ چىقىپ - چۈشۈشىدىن ھاسىل بولغان تار چىغىردىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ، تىك ياردائىنىڭ ئۇستى- گە چىقىپ بىرنېمىنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك بۇرنىنى تۇرۇپ غىڭ- شىپ قويدى. يوغان ئەركەك بۆرىنىڭ ئۆسكىلەڭ يۇڭلىرى شا- مالدا ئىككىگە ئايرىلىپ قالاتتى. ئەركەك بۆرە ھاۋانى تىمىسىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن يېنىدىكى ھەمراھىغا قاراپ قويۇپ ئۆز يۇرۇشى بىلەن شىمالغا قاراپ ماڭدى. جورىسى ئۇنىڭدىن قې- لىشماي تاپ باستۇرۇپ بىللە ماڭدى.

— مەنزىلگە يېتەي دەپ قالدۇق، يەنە يېرىم سائەت ماڭ- ساقلا بارىمىز، تويغۇن بولايلى. جەرەنلەر گاھىدا يېنىمىزدىنلا قېچىپ كېتىدۇ، ھەربىر شەپىگە دىققەت قىل، ئىمكان بولسا قاتتىق - يىرىك ئاۋازمۇ چىقارما.

ھەسەن كىچىك يېنىك تىنىدى، ئۇنىڭغا بۇ سەپەر بەك ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



زۇن، بەك زېرىكىشلىك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سابىر ھوقۇش- نىڭ ئاز قالدۇق، دېگىنىنى ئاڭلاپ ئەتراپقا قىزىقىپ قارىدى. بۇ غىلاڭ سايدا جەرەن - كېيىك بار دېسە ئىشەنگىلى بولمايدىغان- دەك قىلاتتى.

— بۇ چۆلدە ياۋايى ھايۋانلار نېمە يەيدىغاندۇ؟

ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ مېڭىۋاتقان ھەسەن كىچىك سابىر ھوقۇشقا بۇرۇلۇپ سورىدى.

— ئوت-چۆپ يەيدۇ، قانداق دەيسەن؟

— ھېچ بىر ئوت-چۆپ يا سۇ دېگەندەك نەرسە يوقتەك قى- لىدىغۇ.

— ساڭا شۇنداق كۆرۈنگىنى بىلەن چۆلدىكى ھايۋانلار يې- گۈدەك نەرسە بۇ يەردە كۆپ، بولمىسا جان باقالامدۇ. خۇدا بۇ جا- نىۋارلارنىڭ رىزقىنى كەڭ ياراتقان، ئەڭ مۇھىمى بۇ نىمىلەرنىڭ جېنى بەك چىڭ، ئىغىلدا باققان قوي - ئۆچكىلەرگە يەم -بو- غۇزنى كەم قىلماي ئالدىدىن ئاشۇرۇپ بەرسەڭمۇ ئورۇقلاپ ئەتى- يازدىن چىقالماي ئۆلۈۋالغىلى ئاران تۇرىدۇ. بىراق بۇ جاڭگال- نىڭ ماللىرى ئۇنداق ئەمەس، مۇشۇ قۇرۇق سايدىن يەيدىغىنىنى ئۆزى تېپىپ يەپ يەنە شۇنداق يامان، ئاران قالىدۇ مىلتىققىمۇ بوي بەرمىگىلى.

سابىر ھوقۇشنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك قىلات- تى. بايىقىدەك گەپمۇ قىلماي، قاپىقىنىمۇ ئاچماي پۇشۇلداپ ئولتۇرۇۋېلىشلىرى تۈزەلگەندەك ئىدى.

ھەسەن كىچىك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ باشقا گەپ قىل- مىدى. ئۇنىڭغا ئۇۋچىلىق دېگەن تازىمۇ بىمەززە، تايىنى يوق ئىشتەك بىلىنىدى. نەچچە يۈز كىلومېتىر يولنى بېسىپ ھېرىپ، ئېچىپ كەلسە ئوۋ ئۇچرىسىغۇ ئۇچرىدى، ئۇچرىمىسا شۇنچە جا- پا بىكارغا كېتىدىغان ئىشكەن بۇ. يەنە كېلىپ ئوۋ ئۇچرىدى دېگەندىمۇ ئۇنى ئوۋلىغىلى بولۇش - بولماسلىقى يەنە بىر ئىش.

تۆت ئەتراپنى كۆزىتىپ مېڭىۋاتقان سابىر ھوقۇش بىردىن

جانلىنىپ ۋارقىرىۋەتتى.

— سىرىق قۇيۇن، سىرىق قۇيۇن دېگەن ئاشۇ شۇ... — سابىر ھوقۇش چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قويدى، — بۇ گۇيىنىڭ جاجىسىنى بىرىپ مېڭىسىدىن تۆشۈك ئاچسام بولاتتى.

ھەسەن كىچىك ياردانىڭ ئۈستىدە مۇشۇ تەرەپكە قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان چىلبۆرىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. ئۇنىڭغا شۇ مىنۇتتا نىمىشقىدۇر بۇ بۆرىنى يەڭگىلى، ئۇنىڭغا تەڭ كەلگىلى بولمايدىغاندەك، ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان بىر ماتانەت باردەك سىزىلىپ كەتتى.

— دىمىسىمۇ قالتىس سۆلەتلىك بۆرىكەن بۇ.

— مەن بۇ يىرتقۇچنى كۆپ يىللاردىن بۇيان بىلىمەن، ئۇمۇ مىنى بىلىدۇ، ئىلگىرى ئۇنىڭ بىز بىلەن كارى بولمايتتى، بىزنى كۆرسە قاچاتتى، مۇشۇ بىر-ئىككى يىلنىڭ مابەينىدە خىرىس قىلىدىغان بولۇۋالدى.

— بۇ مەن تىلبۆرىزوردىن كۆرگەن بۆرىگە ئوخشىمامدۇ- نىمە؟

— سىنىڭ كۆرگىنىڭ بۆرە، مۇنۇسى چىلبۆرە، بۆرىدىن نەچچە ھەسسە ۋەھشىي، نەچچە ھەسسە ھىيلىگەر نىمە بۇ...

سىرىق قۇيۇن توم بويۇنلىرىنى ئىگىپ ئاستا كۆككە قارىدى ۋە سوزۇپ ئۇزۇن ھۇۋلىدى.

سىرىق قۇيۇننىڭ سۇر، ۋەھىمە تۆكۈلۈپ تۇرغان ئەپتىدىن ھەسەن كىچىكنىڭ تېنى تىكەنلەشكەندەك بولدى. ئۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن سابىر ھوقۇشقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ دېدى:

— بىزگە خىرىس قىلسا خەتەرلىك ھايۋانكەن بۇ، ئۇنى جايلىۋەتسەك بولغۇدەك.

سابىر ھوقۇش ھەسەن كىچىككە قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى.

— جايلىۋېتىشنى كىم ئويلىمايدۇ، بىراق تەس-دە، سىرىق قۇيۇن تۈلكىدىن بەتتەر ھىيلىگەر، خۇددى مەشىق كۆرگەن

www.uyghurkitap.com

ئەسكەردەك ئۆزىنى ئوقتىن قاچۇرۇشنى، ئادەمنى گوللاشنى، يەنە كىشىنىڭ رىزقىنى قانداق يەۋېلىشنى بىلىدىغان نېمە بۇ.

— شۇنداقمۇ.

— ئالدىنقى يىلى مىڭ بالالىقتا بىر جەرەننى ئاتتىم. جەرەن يارىلىنىپ قاچتى، ئوق ئۆلىدىغان يېرىگە تەگمەپتىكەن، تۇتۇق بەرمەي سايدىن ئۆتۈپ قۇملۇق تەرەپكە قېچىپ كەتتى، قۇمغا قاراپ قاچقان ئوۋنىڭ جاپاسى بەك يامان، ماشىنا بىلەن قوغلىيالمايسەن، بىراق ئوۋنىڭ شۇنداق بىر ئىشقى بار، ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئوۋنى قولدىن بەرگۈسى كەلمەيدۇ. كەينىدىن قوغلاپ بارسام بىر يەرگە بارغاندا قاننىڭ ئىزى يوقاپ كەتتى، زەن سالسام بۆرىنىڭ ئىزى، سىرىق قويۇندىن گۇمان قىلىپ ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسام، بايا گېپىنى قىلغان سىرىق قويۇن ھەمراھلىرى بىلەن مەن ئاتقان جەرەننى خام تالاش قىلىپ يەۋېتىپتۇ، مېنى كۆرۈپ خىرىس قىلىپ داپشىۋاتىدۇ، قولۇمدا مىلتىق بار ئىدى، قارىسام ئۆلگۈرەلمەيدىغاندەك قىلىدىمەن، شۇنىڭ بىلەن كەينىمگە يېنىپ بەدەر قاچتىم، شۇ چاغدا پۇرسەت قولدىن كېتىپ قاپتىكەن، گۇملا سوققان بولسام قالتىس ئىش بولاتتى... گۈينىڭ ئوشۇقى بىلەن تېرىسىنى چوڭامدىن بىرەرىگە بەرگەن بولسام مەندىن رازى بولاتتى... قامچىسىنى ئېلىۋالغان بولساققۇ تېخى...

— ئۇنى نېمە قىلىدۇ؟

— نېمە قىلاتتى، ئۇ ئوغۇل بالىغا يىلىك بولىدىغان دورا، چوڭلارنىڭ ئىچىدە ساندا بار ساپادا يوقلىرى تەڭلىك قىلسا ئىتتىنىڭكىنى بېرىپ خۇش قىلىپ قويىمىز، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ چىقمىغاندا بۆرە قامچىسىغا ئېرىشكىلى بولامدۇ دەيسەن.

## 6

مالغۇنساينىڭ ياقىسىدىكى شىغىللىق ياردىڭلارنى بويلاپ

كېتىۋاتقان ئىككى بۆرە يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن شىمالغا قاراپ كېتىپ باراتتى. بۆرە، قوي، ئۆچكە ھەم باشقا چۆل جاندارلىرىنىڭ مېڭىشىدىن پەيدا بولغان تار چىغىردا قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ بۆرە خىيالغا چۆككەندەك، خىيالىنىڭ باش-ئاخىرىنى بىلىپ بولالمىغاندەك، بىرنېمىگە ئاچچىقى كېلىپ قالغاندەك، قانداقتۇر بىرنەرسىگە قېيداۋاتقاندەك بىرھالدا سوكۇلدىشىپ كېتىپ باراتتى.

ئۇلار پات-پات توختاپ مالغۇنساينىڭ يىراق چەتلىرىگە قاراپ قوياتتى، نېمىدۇر بىرنەرسىنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك ياكى قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ ھىدىنى ئىزدەۋاتقاندەك بۇرنىنى كۆتۈرۈپ شامالنى ئىچىگە تارتىپ تۇرۇپ قالاتتى، ئاندىن يەنە مېڭىپ كېتەتتى.

ئۇلارنىڭ سوكۇلداپ ئۆزىنىڭ يورغىسىدا مېڭىشى ناھايىتى سىلىق، ناھايىتى ئېغىر-بېسىق، ۋەزمىن ئىدى. ئىككى بۆرە قانداقتۇر مۇھىم بىر ئىشتا بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك، شۇ ئىشنى زادى قىلمىسا بولمايدىغاندەك سۇبات ھەم سۇلكەت بىلەن كېتىپ باراتتى.

— قولۇمدىن كەلسە بۆرە دېگەننى تۇخۇمىدىن قۇرۇتۇۋەتسەم دەيمەن.

يىگىرمىدىن ئارتۇق قويى بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن مالچى توختەم ھەسرەت بىلەن يىغلىغاندا باياتىن بېرى گەپ قىلماي تۇرغان ئامان تەلۋە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزايدى. ئۇ يىغلاۋاتقان توختەمنىڭ مۈرىسىگە ئاستا شاپىلاقلاپ قويۇپ:

— ئۇكام، نۇرغۇن ئىشلار تەقدىردىن بولىدۇ، دەيمىز. بۇنىڭدا ئۆزۈڭدىن كەتكەن يەرلىرىمۇ بار، چارۋا دېگەنگە ۋاقتىدا قارىماي خۇدانىڭ جاڭگىلىغا قويۇۋېتىدىغانمۇ ئىش بولامدۇ...

— قويغىنا، ئىچىم پۇشۇپ تۇرغاندا نېمە دەيسەن سەن...

ئامان تەلۋە كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇماي تۇرغان توختەمگە قاراپ كۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئەگەر بۆرە بولمىسا سەن بىر ھەپتىدە ئەمەس، گۆش لازىم بولمىسا قويلىرىڭنى بىر ئايدا، ھەتتا بىر يىلدىمۇ بېرىپ بوقلىمايسەن.

— يوق گەپنى قىلما، مال دېگەننى بىر يىلدىمۇ يوقلىمايدىغان ئىش بولامدۇ.

— بۆرە بولمىسا، سېنى سەگەكلەشتۈرىدىغان، ساقا تەھدىت سالىدىغان بىرنېمە بولمىسا سەن قاچانلا قارىسا مۈگدەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالىسەن.

— ئامانكا، زەردەم قايناپ تۇرغاندا بىمەنە گەپنى ئاز قىلغىنا، ئاغزىمدىن سەت گەپ چىقىپ كېتىپ ئازارلىنىشىپ قالمىز بىكار، بىر يەرلىرىڭدىن سەن بۆرە تەرەپ بولۇپ كەتكەندەكلا گەپ قىلىسەنغۇ... بۆرە بىلەن تىلىڭ بىرمۇ نېمە سېنىڭ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، يا مەن بۆرىنىڭ تىلىنى بىلمىسەم. ئېشقىلىپ بايا مەن دېگەن گەپنى نادىر ئەپەندى قىلغان، ئۇ كىشى خاتا گەپ قىلمايدۇ، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن چۈشەنگىنىمنى ساڭا دەپ بېرىۋاتىمەن.

— قويغىنا شۇ ئەپەندى دېگەننىڭ گېپىنى، ئېشەك ئۆلسە بىر يېرى غېجەك تارتىپتۇ دېگەندەك، ما يەردە ئادەمنىڭ ئىچى پۇشۇپ تۇرسا پالاڭ باسمايدىغان گەپنى قىلماي...

— بىراق بۇ گەپنى نادىر ئەپەندى دېگەن تۇرسا...

— كىم دېسىمۇ ئاغزىغا ئۇرىمەن. زۇۋانىڭنى يىغ...

مالغۇنساينىڭ ئايغىدىكى بىر ئوتاقتا شۇنداق ھەسرەتلىك يىغا بولۇۋاتقان چاغدا بىر جۈپ بۆرە ئۆز يۇرۇشى بىلەن سىرتقا كۆلداپ، يورغىلاپ كېتىپ باراتتى، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە قانداق ھەسرەت بارلىقىنى، قانداق خوشلۇق ۋە غەزەپ بارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بىراق شۇ ھالدا مالغۇنساينىڭ بۇ بىر جۈپ بۆرىسىنىڭ دائىمقىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، يۈرۈش - تۇرۇشىنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالىغان بىرمۇ جانلىق بولمىدى.

# 7

يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلۇپ ياتقان مالغۇنساي ھەم ئۇنىڭ چېتىدىكى ھەيۋەتلىك تاغلار، ئاقۇش بۇلۇتلار، چاڭ-توزانغا كۆمۈلگەن كەڭ ئاسمان كۆز يەتمەس بىر جايدا تۇتىشىپ، قوشۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. كىشى نەزەرىگە سىغىپ بولالمايدىغان بۇ چەكسىز بارلىق كەڭلىكىدىن، ئۇزۇنلۇقىدىن، باش-ئاخىرىنى بىلگىلى بولماسلىقىدىن سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق كۆرۈندۇ. مالغۇنسايدا زېرىكىشلىك جىملىق ھەم ھاياتلىقنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈچەپ تىپىرلاۋاتقىنىدەك بىرھال داۋام قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مالغۇنساي يىراقلارغا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

بىپايان ئاسماندا قاناتلىرىنى يەڭگىل قېقىپ ئۇچۇپ يۈرگەن قارا بۈركۈت ئاق، قارا، چارتاشلار يېيىلىپ ياتقان مالغۇنسايدا كەينى كوزۇپىغا ئالىبالداق يالتىراق يېپىلغان كىچىك ماشىنىنىڭ سىلكىنىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. بۇ ماشىنا ئۇنىڭغا ئېزىپ قالغاندەك، يول تاپالمىغاندەك، يولىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك، ئۆلۈمدىن قېچىۋاتقاندەك، ئۆلۈمگە كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

قارا بۈركۈت كۆك قەھرىدە تۈرۈپ ماشىنىغا قاراپ ئاستا-ئاستا پەسلەپ ئۇچۇشقا باشلىدى. قارا بۈركۈت ماشىنىنى، ماشىنىدىكى ئىككى ئادەمنى، يەنە بۇ ئىككى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى، روھىنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ماشىنىدىكى ئىككى ئادەم قارا بۈركۈتكە ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك قەلبىدىن يوقاپ كەتكەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىزدىمەيدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۇلار ۋۇجۇدىدىن، روھىدىن يوقاپ كەتكەن نەرسىلەرنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلار يوقاتقان نەرسىلىرىنى ئۆزلىرىگە لازىم بولمىغىنى ئۈچۈن ئەمەس، لازىملىقىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن يوقىتىپ قويىغاندەك قىلاتتى.

ئۇلارغا يوقىتىۋەتكەن نەرسىلىرىنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، يوقىتىپ قويسا بولمايدىغانلىقىنى ھېچكىم ئەسكەرتمىگەن بولسا كېرەك.

قارا بۇركۈتنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى چوغدەك ياناتتى. ئۇ چاڭ ـ مانان قاپلىغان كۆكتە، ئىزغىرىن شامال كۈچلۈك سوقۇپ تۇرغان ئاسماندا ئاستا ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

توساتتىن ماشىنىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قان تىقىلدى.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە دۇنيا قان رەڭگىدە كۆرۈندى.

ئالدى تەرەپتىن بەش-ئالتىگە يېقىن جەرەن چاڭ توزۇتۇپ جان ـ جەھلى بىلەن قېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار شىددەت بىلەن، ئەلەم بىلەن بارچە كۈچىنى سەرپ قىلىپ ئالغا تاشلىناتتى، ئىتىلاتتى. ھەسەن كىچىك ھاياتلىقنىڭ جان قايغۇسىدىن ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالمىغاندا، جېنىنى ئېلىپ قاچقاندا مۇشۇنداق تېز، مۇشۇنداق ماتانەت بىلەن، مۇشۇنداق زور كۈچ بىلەن يۈگۈرىدىغانلىقىنى قورقۇنچ ھەم قىزىقىش ئىچىدە ھېس قىلدى.

— خۇدايىم بەردى، ئالدىمىزدا جەرەن كېلىۋاتىدۇ، مىلتىقنى ئال، چاپسان بول... چاپ... سان...

ھەسەن كىچىك شۇ ھالدا سابىر ھوقۇشنىڭ كۆزىنىڭ، بۇرنىنىڭ، مەڭزىنىڭ، پېشانىسىنىڭ قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ھاياجاندىن ۋۇجۇدىنىڭ ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۆزىمۇ تەمتىرەپ قالدى.

— تېز بول، پالاكەتلىك قىلما، جەرەن بىزنى ئىتتىۋالسۇن دەپ قاراپ تۇرمايدۇ. تېز بول دەيمەن.

بىرنەچچە جان ھاياتلىق ئۈچۈن، ھاياتنى قوغداش ئۈچۈن بىپايان دالىدا، مالغۇنساينىڭ تاشلىقلىرىدا شىددەت بىلەن تاقلاپ، ئۇچقاندەك ئالغا ئىتىلىپ كېتىپ باراتتى.

ئۇلارنىڭ يۈرىكى قورقۇنچتىن يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ قانلىرى ۋەھىمىدىن پورۇقلاپ قايناۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ جېنى بەدىلىگە، ئۇلارنىڭ شىرىلداپ ئاققان قىزىل، ئىسسىق قانلىرىنىڭ ھېسابىغا خۇشلۇق تاپىدىغان يەنە ئىككى جاننىڭ يۈرىكىمۇ تەمتىرەش، ئالدىراش، جىددىي ھاياجاندىن ئەنسىز تېپىرلاۋاتقاندەك ئىدى.

سابىر ھوقۇشنىڭ كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلدى.

ھەسەن كىچىكنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ سەت ئالىيىپ كەتتى.

چاڭ ـ توزان توزۇتۇپ كېلىۋاتقان جەرەنلەرنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان بىرنەچچە چىلبۆرىنى كۆرگەن سابىر ھوقۇش دەماللىققا ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالدى. كۆزلىرى ئەلەمدىن يۇمۇلۇپ كەتتى.

«سىرىق قويۇن... ھۇ ئۆلگۈر... يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق».

ئۇ نەچچە دەقىقە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دەرھال ھوشىنى يىغىپ جەرەندىن بىرنى قارىغا ئالدى. ئەڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنى ناھايىتى ساغلام، بەردەم ھەم تېتىك كۆرۈنەتتى.

پاڭ!

دەھشەتلىك ئاۋاز چۆل ھاۋاسىنى چالغىتىپ يەر باغرىنى سىلكىتكەندەك بولدى.

شىددەتلىك ئوق ئاۋازى بۆرىلەر بىلەن جەرەنلەر ئارىسىدىكى رەھىمسىز ئېلىشىشنى قاپ بەلدىن ئۈزۈپ قويغاندەك قىلاتتى. ئۇشتۇمتۇت ياڭرىغان مىلتىق ئاۋازى بۆرە بىلەن جەرەنلەر — چۆل ئەركىلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتلىق تىركىشىشلىرى روي بېرىۋاتقان چۆلنى زىلزىلىگە سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پاڭ! پاڭ!
ئىككى پاي ئوق تاشقا تەگكەن بولسا كېرەك، چۇۋۇلدىغان
ئاۋاز چىقتى.
مىلتىق ئوقىنىڭ دەھشىتىدىن چۆچۈگەن بۆرىلەر جايىدا
توختاپ نەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالدى ــ دە، دەرھال نىشاننى ئۆز-
گەرتىپ نېرىدىكى قۇمدۆڭگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇلار-
نىڭ يۈگۈرۈشى بايا كېيىك قوغلىغاندىنمۇ تېزدەك قىلاتتى.
يارىلانغان جەرەن ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندى،
شۇنداقتىمۇ ئۇ جان تىكىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.
— يەنە ئاتايلى، جان يېرىگە تەگمەپتۇ.
— چاپسان قوغلايلى، بولمىسا يارىلانغان جەرەن سېرىق قۇ-
يۇن دېگەن قاراقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، تېز بولايلى.
ئىككىيلەن جىنىنىڭ بارىچە يارىلانغان جەرەننى قوغلاپ
ماڭدى. جەرەننىڭ بېقىنىدىن ئاققان قان قۇياش نۇرىدا شۇنداق
چىرايلىق جۇلالايتتى، جەرەننىڭ قاپقارا كۆزلىرىدە، تارام ــ تارام
پاكىز ھەم يالتىراق مۆڭگۈزلىرىدە قۇياش نۇرى جىلۋە قىلاتتى.
ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدە ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىككى ئادەم...
يەنە ئىككى بۆرە.
جەرەنلەر بۆرىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تەبىئىي قوۋۇتىگە تايىنىپ
مەردانىلەرچە تۇتۇپ يەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار يەنە ئادەم-
لەرنىڭ ئۆزلىرىنى ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى،
يەنە ھىيلە ــ نەيرەڭ بىلەن يەيدىغانلىقىنى، ھىيلە ـ نەيرەڭ بىـ-
لەن ئۆز ئىشلىرىنى قاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.
جەرەنلەرنىڭ نەزەرىدە ئادەم بىلەن بۆرىنىڭ پەرقى يوق ئىدى.
جەرەنلەر ھىيلە ـ نەيرەڭ دېگەن بۇ نەرسىنىڭ بەك يىر-
گىنچلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەڭ پەسكەش يۈرەكلەردە ئۇ-
ۋلاپ، كۆپىيىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.
جەرەنلەر يەنە ئادەملەر ئارىسىدا بىلىپ ـ بىلمەي پەسكەش-
لىككە، ھىيلە ـ نەيرەڭگە ئالقىش قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىـ-

قىنى بىلمەيتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشكە ئامراق، يېيىشكە خۇمار ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى يېيىشىنىڭ قورساق ئاچلىقى ئۈچۈن، دورا بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، جەرەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ پاكىز بولغانلىقى، ئادەملەردىن يىراق، تەبىئەتكە يېقىن بولغانلىقىدىن، ۋۇجۇدىنىڭ، جىنىنىڭ، روھىنىڭ پاكىز بولغانلىقىدىن ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى يېيىشكە ئامراقلىقىنى بىلمەيتتى. ئادەملەرنىڭ ھەممىنى بۇلغاشقا كۆنۈك بولسىمۇ يەنە پاكىز نەرسىلەرگە ئامراقلىقىنى بىلمەيتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئادەم ۋە بۆرىدىن قورقۇپ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قاچاتتى. ئۇلار ئادەملەرنىڭ بۆرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، بۆرىنىڭ قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن، ئۆز ھاياتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى، تۇتۇپ يەيدىغانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى تۇتۇش، ئۆلتۈرۈش مۇددىئاسىنىڭ بۆرىلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ تىرىك نەرسىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە، قىيناشقا، قېنىنى تۆكۈشكە، جان قىيىشقا ئامراقلىقىنى، كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن، زېرىككىنىنى تۈزۈش ئۈچۈن، قىلغىلى ئىش تاپالماي بىكارچىلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئۇلار بۆرىدىن، ئادەملەردىن قورقۇپ، جېنى ئاغزىغا كەپلىشىپ، ئىسسىق جېنىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن يۈرىكىنى پارە-پارە قىلغان قورقۇنچ ئىچىدە قاچقانلىرىدا، ئۆزىنى مۇشۇ كۈنگە قويغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى، ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشتە ھېچقانداق دۈشمەنلىك غەرىزىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەمما ھەرقانداق دۈشمەندىنمۇ يامان، ھەرقانداق دۈشمەندىنمۇ ۋەھشىي، خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئادەملەرنىڭ بۆرىدىن، ئېيىقتىن قورقىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنى بولسا ئەمەك قىلىپ ئۆلتۈرۈپ ئوينايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



جەرەن جىق نەرسىلەرنى بىلمەيدۇ.
پالڭ! پالڭ!
بىر جەرەن يىقىلدى. ئوتتەك قىزىق بىرنەرسە ئۇنىڭ بىقىنىدىن كىرىپ كۆكرىكىدىن ئالقاندەك يەرنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. جاھان پىرقىراشقا باشلىدى. ئالەم قىزىللىققا، قويۇق قىزىل مانان ئارىسىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. دۇنيانى كۈچلۈك بىر چىرقىراش ئىلكىگە ئالدى. كېيىك ئاسماننىڭ شىددەت بىلەن پىرقىراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ خارتىلداۋاتقانلىقىنى، پۇتلىرىنىڭ تاشلىق يەرنى ئاچچىق بىلەن، ماتانەت بىلەن تىلغاپ، تاشلارنى ھەريان ئۇچۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.
چىدىغۇسىز ئاغرىقتىن ئەسەبلىرى ئۈزۈلگەندەك ھالغا يەتتى.
ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنى، بىرسى پىچاق، يەنە بىرسى مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان، ئۆزى تەرەپكە توپا توزۇتۇپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان قان رەڭلىك ئىككى ئادەم بولدى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بۆرىدىن ۋەھشىي، بۆرىدىن ئەقىللىق، بۆرىدىن نەچچە ھەسسە نەپسى يامان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى.
ئىككىيلەن ھاسىراپ يۈگۈرۈپ بارغاندا جەرەننىڭ چىرايلىق كۆزلىرى كەينىگە تارتىشىپ جىممىدە يېتىپ قالغانىدى.
— بوغۇزلامدۇق؟
— ھە، تېز بول...
ھەسەن كىچىك پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي جەرەننىڭ يېنىغا ئولتۇردى.
— بۇنىڭ جېنى چىقىپ بوپتۇ. ھارام بولۇپ قالدىمىكى...
— ئوۋ دېگەننى ھالال ـ ھارام دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايمىز، چاپسان تېرىسىنى سويايلى.
ئىككى بۆرە ئۇن يېتىم يەردىكى قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارغا قاراپ تۇرۇشتى، ئاندىن بېشىنى كۆككە قىلىپ جان ـ جەھلى بىلەن ھۇۋلىدى.

— ئاناڭنى، تېخى مەندىن ئۇۋ تالاشقۇچى بولدۇڭمۇ.

سابىر ھوقۇش نېرىدىكى سېرىق قۇيۇن بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھىغا قاراپ قويۇپ مەغرۇر بىر ئاھاڭدا ۋارقىراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆلكىسىدە غەلىبە تەنتەنىسى، ئۇتۇۋالغۇچىدا بولىدىغان ئۆزىنى كۆچلۈك سېزىش تۇيغۇسى ۋە زىيادە ئىشەنچىنىڭ قارا كۆلەڭگىسى بار ئىدى.

— سەن ماڭا تەڭ كېلەلمەيسەن. ئوۋچىلىققا كەلگەندە مەن ساڭا ئۇستاز بولىمەن... يوقال. ھۇ ئىپلاس قاراقچى...

سابىر ھوقۇش ئۆزلىرىگە قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر جۈپ بۆرىگە قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇلارنىڭ ھۇۋلىشىنى دوراپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. سابىر ھوقۇشنىڭ ۋارقىرىشى توختىشى بىلەن سېرىق قۇيۇن ئاسمانغا قاراپ دەھشەتلىك ھۇۋلىدى. ئۇنىڭ ھۇۋلىشىدىن ھەسەن كىچىكنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. سېرىق قۇيۇننىڭ ھۇۋلىشى بىلەن كۆز يەتكۈسىز، قورقۇنچلۇق مالغۇنسايىنىڭ چەكسىز باغرىغا، مالغۇنسايىنىڭ چاڭ-توزان قاپلىغان ئاسمىنىغا يۈرەكنى بىغىش - بىغىشىدىن ئاجرىتىۋېتىدىغان سوغۇق، يىرىك بىر ۋەھىمە شۇۋۇلداپ تارقىلىپ كەتتى.

— ئەمدى ئالدىرىماي سويايلى بۇنى، گۆشىنى بىر ياقلىق قىلىۋېتىپ يەنە ساقلايلى، جەرەن يەنە كېلىدۇ.

— ماشىنىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ سويامدۇق يا مۇشۇ يەردىلىمۇ؟

— بولدى، مۇشۇ يەردىلا سويايلى، سويۇپ ئىچ باغرىنى تاشلىۋەتسەك يەڭگىللەيدۇ، بولمىسا بەك ئېغىر بىرنېمە بۇ.

سابىر ھوقۇش قورالىنى ئوقلاپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى، ئاندىن تاماكىسىنى چىقىرىپ چاقمىقىنى ياندۇردى. چۆلنىڭ ئىزغىرىن شاملىدا چاقماقىنىڭ ئوتى ھەدېسە ئۆچۈپ قالاتتى. ئۇ تاماكىسىنى تەستە تۇتاشتۇرۇپ كۈچ بىلەن شورىدى...

ھەسەن كىچىك قولاشمىغان بىر ھەرىكەت بىلەن قاپقارا كۆزلىرىدە بۇ دۇنيانىڭ مىڭلارچە ھەسرىتى ئۇيۇپ قالغان جە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رەڭنى تارتقۇچلاشقا باشلىدى. جەرەننىڭ ئاپئاق تىلى ئاغزىنىڭ بىر تەرىپىگە قىسىلىپ قالغانىدى. ئۇ تاتلىق جېنىنى، ئىسسىق جېنىنى، كەڭ ئالەمگە قانمىغان، كەڭ ئالەمگە پاتمىغان جېنىنى ناھايىتى تەستە بەرگەندەك قىلاتتى.

— ھەي، سەن مال سويۇپ باقمىغانمۇ- نېمە؟...

— سويغىنىنى كۆرگەن، سويۇپ باقمىغان.

— بەك پەلىپەتىش نېمىكەنسەن، بولدى، مۇشۇنداق سويۇپ ئۆگەن، تېزرەك بول.

ھەسەن كىچىك تەرلەپ - پىشىپ جەرەننى ناھايىتى تەستە سويۇپ بولدى، جەرەننىڭ ئۈچىيى ئۈزۈلۈپ كېتىپ قولىغا ژىن چاپلىشىپ قالدى، جەرەننىڭ ئىچ قارنىدىن چىققان ئىسسىق بۇس بىلەن قولىدىكى ژىننىڭ ھىدى بىر بولۇپ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىۋەتتى.

— تەمەچ تېرىپ قوۋۇرغىسىدا كاۋاپ قىلايلى، بەك يېيىشلىك، يەپ تويمايسەن. تۇز بىلەن زىرىنى ئالغاچ كەلگەن بولغىيدىڭ، ساڭا ئاتايىن تاپىلىغانىدىمغۇ.

ئۇن يېتىم يەردە زوكزىيىپ ئولتۇرغان بىر جۈپ بۆرىنىڭ چوغدەك يانغان كۆزلىرى مالغۇنسايىنىڭ بىپايان باغرىدا ھاسىراپ، ھۆمۈدەۋاتقان ئىككى ئادەمگە تىكىلگەنىدى. ئۇلار شۇ پېتى بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ سايىنىڭ ياقىسىدىكى دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. يۇمشاق قۇم ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئۇششاق تاپان ئىزلىرى قالدى.

— بۆرىلەر كۆرۈنمەيدىغۇ سابىر كا؟

— سىرىق قۇيۇن ئۇمىدىنى ئۈزگەن بولسا كېرەك، يېڭىلگەننىنى تەن ئالغان بولسا قۇيرۇقىنى قىسىپ يوقالغاندۇ ھەقچان.

ئىككىيلەن يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەسەن كىچىك جەرەن گۆشىنى دولىسىغا سىلىپ ماڭغانىدى. جەرەننىڭ پەسكە ساڭگىلىغان باشسىز بوينى بىلەن تىزدىن ئۈزۈۋېتىلگەن ئالدى پۇتلىرى ھەسەن كىچىكنىڭ مېڭىشىغا

ماس چايقىلىپ كېلەتتى.

— هوي، بۇرنۇمغا بېنزىن پۇرايدىغۇ، ماشىنىنى چاپسان تەكشۈرۈپ باق...

ھەسەن كىچىك ئالدىراپلا جەرەن گۆشىنى كوزۇپقا تاشلاپ ماشىنىنىڭ ئاستىغا ئېڭىشتى، تۆكۈلگەن بېنزىندىن ماشىنىنىڭ ئاستىدىكى كىگىز ئورنى يەر قارىداپ، لاي بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئاپلا، نېمە بولغان ئىش ئەمدى بۇ... ماي تۇرۇبىسى ئاجراپ كېتىپتۇغۇ.

ھەسەن كىچىك ماشىنىنىڭ چۆرىسىنى نەچچە پىرقىرىۋەتتى، ماڭغان يولىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ ئۇنىڭ پېشانىسىدىن بۇژ-ژىدە تەر ئۆرلىدى. بۇ ئوتتۇردا ئۇلارغا ماي بەرگۈدەك ماشىنا ئەمەس، سۇ بەرگۈدەك ئادەممۇ يوق.

— نېمە... ما ئىشنى... ئازراق بولسىمۇ باردۇ، ئوبدانراق قارا.

— ھېچنېمە قالماپتۇ، زاپاس مايمۇ تۈگەپتۇ.

— ما نەسچىلىكنى قارىمامدىغان... بىر ئوبدان ماشىنىغا نېمە بولغاندۇ.

ئىككىيلەننىڭ بېشى قېيىپ جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى. نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ قارا جاڭگالدا قېپقالسا قانداق قىلغۇلۇق.

سابىر ھوقۇشنىڭ سېمىز يۈزى پوكاندەك ئېسىلىپ، چېپ-قىر كۆزلىرى سوغۇق چاقناپ كەتتى. ئۇنى قورقۇنچ بېسىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— تېلېفون بەر، بىرەرسى كېلىپ بىزنى ئەكەتسۇن.

— بۇ يەردە تېلېفون ئىشلىمەيدىكەن.

سابىر ھوقۇش تۆت ئەتراپىدا يۇمشاق قۇملار ئۇچۇپ يۈرگەن سايغا ئۇزاق قاراپ كەتتى. مالغۇنسايىنىڭ يىراق بىر يەرلىرىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان بەھەيۋەت تاغلار بىلەن بېشىنى يا ئايدىغىنى كۆرگىلى بولمايدىغان سۇرلۇك ساي ۋەھىمە بىلەن كۆزگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تاشلىناتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ ھەسەن كىچىككە قارىدى، ھەسەن كىچىك دادىسىدىن ناھەق تاياق يېگەن كىچىك بالىدەك مەيۈس بىرھالدا ھاڭقىيىپ تۇراتتى. ئارتۇق بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. سابىر ھوقۇش ھەسەن كىچىكنىڭ جانسىز ھەم بىچارە ھالىنى كۆرۈپ ئىچىدە ئۇنى بىرمۇنچە تىللىدى. ئۇ مۇشۇنداق چاغدا ئۆزىنىڭ كەسكىن بىر قارارغا كېلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئاچچىق بىلەن يەرگە تېپىپ قولىنى سىلكىدى:

— بولدى، مېڭ قاقشىغان بىلەنمۇ بىكار، ئەمدى قورساقنى توقلاپ ماڭايلى، پىيادە ماڭساق ئۈچ كۈندە ئادەم بار يەرگە بارىمىز.

ھەسەن كىچىك سابىر ھوقۇشقا بىچارىلەرچە قاراپ قويۇپ غودۇڭشىدى.

— ھېلى قارىدىم، نان - ئوزۇقلىرىمىزمۇ يوق تۇرىدۇ.

— نېمە دېدىڭ... بۇ قانداق گەپ؟

ھەسەن كىچىك ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك دوڭغىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جېنى چىقىپ كەتكەندەك زۇۋانى تۇتۇلۇپ، ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ھالغا كېلىپ قېلىشى سابىر ھوقۇشنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ ئىككى تاقلاپ كېلىپلا ھەسەن كىچىكنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

— ماشىنىغا بىتاھارەت چىققانمىدىڭ؟

— ياق...

— ئەمىسە نېمىشقا بۇنداق نەسچىلىك بولىدۇ؟ سېنىڭدەك بويتاق نېمىلەردىن ھەزەر ئەيلىمىسە بولمايدۇ، سەنلەر سازلىقتىن خالىغان ئىشەكنى تۇتۇپ مىنگەندەك، كوچىلاردا ئىتنىڭ قۇرتىدەك كۆپىيىپ كەتكەن شاپاقچىلارنى تارتىشتۇرۇپ يۈرۈۋېرىشىسەن... ئاندىن مانا مۇشۇنداق... پېشكەلچىلىك بولىدۇ. سومكىنى ئەكىلە، نان - چايلار شۇنىڭ ئىچىدە.

ھەسەن كىچىك ئاران ئاڭلانغۇدەك زەئىپ ئاۋازدا غودۇڭشىدى:

— سۇ، نانلىرىمىزمۇ يوق تۇردۇ.

سابىر ھوقۇشنىڭ يوغان ئاغزى تۆت چاسا بولۇپ، سارغايغان چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى. مالغۇنسايىنىڭ ئاسمىنىدا چاڭ-توزانلار نىشانسىز ئۇچۇپ يۈرەتتى. يۇمشاق قۇملار مالغۇنسايىنىڭ كۆز يەتكۈسىز باغرىدىكى قارا، ئاق، چار تاشلارنى يالاپ يەنە كۆز يەتكۈسىز بىر يەرلەرگە توزۇپ كېتەتتى. چۆلنىڭ قۇرغاق، كىشى كۆڭلىنى غېرىبلىققا پاتۇرىدىغان ھاۋاسى شامالنىڭ توختاۋسىز سوقۇشى بىلەن كۆڭۈلنى تېخىمۇ غەش قىلاتتى.

سابىر ھوقۇش ئۆڭ قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. مەھكەم تۇتۇۋالغان مىلتىقى قولىدىن ئاجراپ ئاستا قىيشىيىپ سىڭايان بولۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئوبدانراق قارىساڭ بولمامتى پالاكەت... نىڭ بالىسى... نەدە چۈشۈرۈپ قويدۇڭ، نان - سۇيىمىز بولمىسا بىز بۇ چۆلدە ئۆلەمدۇق ئەمدى. سەن چۈشۈرۈپ قويۇپسەن...

سابىر ھوقۇشنىڭ ئەپتىنىڭ يامانلىقىدىن ھەسەن كىچىكنىڭ چىرايى ھەمساتتا تاتىرىپ كەتتى.

— چۈشۈرۈپ قويمىدىم، مەن بايا ماشىنىنى مۇشۇ يەرگە توختىتىپ بولۇپ سومكىدىن بىر قۇتا سۇ ئېلىپ ئىچكەن، مانا قۇتىسى مۇشۇ يەردە تۇرۇپتۇ، سۇنى ئېلىپ بولۇپ سومكىنى ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قويغانىدىم.

سابىر ھوقۇش ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى سۆرەپ كوزۇپنىڭ يېنىغا باردى.

— ھۇ ئاناڭنى...

سابىر ھوقۇش جان ئاچچىقىدا يەرگە نەچچىنى تېپىۋەتتى.

چۆل قۇياشى بىپايان كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى. ۋاقىت سۆرۈلۈپ ئۆتۈۋاتاتتى. سابىر ھوقۇش ماشىنىنىڭ يېنىدىكى ئۇششاق قارا تاشلار ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇ كۆكتە ئاستا قېيىپ يۈرگەن قارا بۈركۈتنى كۆردى. بۈركۈت ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە ئۇچۇپ، ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ئۇ شاقىقىدە ئورنىدىن تۇرۇپ غالىلداپ تىترەپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، شاقىقىدە بۇرۇلۇپ ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى ئاستا ئايلىنىپ ئەتراپنى ئىزلاشقا باشلىدى.

— ھۇ ئاناڭنى... نان ـ سۇلىرىمىزنى سېرىق قويۇن دېگەن ئىپلاس قاراقچى ئېلىپ قېچىپتۇ... خەپ... بايىقى ئوقنى جەرەنگە ئەمەس، ئاشۇ جەلىگۈرگە ئاتىدىغان ئىشكەن... خەپ جۇمۇ، خەپ... ئەجەب چىشىمنى قېرىشتۇردىغۇ، بۇ پەسەندىنىڭ مەن بىلەن ئۆچەكىششى بىر يا ئىككى قېتىملىق ئىش ئەمەس، ئىلگىرىمۇ نەچچە قېتىم بىر ئوبدان سويۇپ كوزۇپقا تاشلاپ قويغان كېيىك، جەرەنلەرنىڭ گۆشىنى ئېلىپ قاچقان بۇ خۇنپەر. دائىم مۇشۇنداق يا قارىغا ئېلىپ تەييار بولغان ئوۋنى ئۈركۈتۈۋېتىدۇ، يا بولمىسا يارىلانغان ئوۋنى مەندىن چاققان چىقىپ ئېلىپ قاچىدۇ... ئىلگىرى بۇنداق ئىش جىق بولغان... خەپ...

سابىر ھوقۇشنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ بارغانسېرى ئىنچىكىلەپ ئايال كىشىنىڭ يىغلىغىنىدەك چىقىپ كەتتى.

— ھۇ تەييارغا ھەييار كىسپۇرۇش، دەلتە... ھارامدىن بولغان خۇمسى... بۇ جاھاندا ئادەمدىن تارتىپ ھايۋانغىچە ھەممىنىڭ مېنىڭ رىزقىمغا چاڭ سېلىشامسەن زادى. تايىنى يوق مەينەت. ھۇ ئاناڭنى...

سابىر ھوقۇشنىڭ پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تەر ئۆرلەپ، يۇز ـ كۆزلىرىدىن ئاققان قارا تەرلەر ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان شالۋاقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئەسەبلىرى ئۈزۈلگەندەك ھالغا يەتكەنىدى. جاھاندىكى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن سېرىق قويۇننى تىللاۋېتىپ بىردىنلا يېنىدىكى ھەسەن كىچىككە بۇرۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— مەن ساڭا نەچچە دېدىم، ئۇۋ دېگەنگە نىيەتنى دۇرۇس تۇ-

تۇپ، تاھارەتنى كامىل ئېلىپ چىقىش كېرەك. مانا كۆردۈڭمۇ، نەدە بىر پاسكىنىلارنىڭ قويىنىدىن سۇغۇرۇلۇپلا چىققىنىڭنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇ كۈنگە قالدۇق.

— مەن... مەن ئۇنداق قىلمىغان... ئەزبىرايى...

— ئاغزىڭنى يۇم... مەن بۈگۈن بىر بولسا سېنىڭ، بىر بولسا رەيھان دېگەن پاسكىنىنىڭ پالاكىتىگە كەتتىم، ئۇ مەندىن باشقا بىرنى ئەمەس، نەچچىنى بىر-بىرىگە ئۇچراشتۇرماي شاپاقچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، خوتۇن كىشى يولدىن چىقسا ئەر كىشىگە ياخشىلىق يوق... ماڭا دېگىنە، سەن قاچاندىن باشلاپ رەيھاننىڭ كەينىدىن كۈرسۈك ئىتتەك لەكىلدەپ يۈردۈڭ؟

ھەسەن كىچىكنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ نېپىز كالپۇكلىرى تىترەپ سابىر ھوقۇشقا ئايانچلىق قاراپ قويدى.

— جان تۇمشۇقىقا كەلگەندە بۇ گەپلەرنى قىلىپ نېمە قىلىسىز، سابىركا، مەن قورقۇۋاتىمەن...

— قورقۇۋاتىمەن؟ تېخى ئەمدى قورقۇۋاتامسەن؟ مەن سېنى بۇ يەرگە بىكارغا ئەكەلمىگەن. مەن ھەممىنى بىلىمەن، رەيھان مېنىڭ پۇلۇمنى ئېلىپ ساڭا خەجلەپ بېرىدۇ. ئۇ ساڭا يانفون ئېلىپ بەرمەكچى بولدى، رېستوران، قاۋاقلاردىكى نېسىگە يەپ-ئىچىپ قىلغان قەرزلىرىڭنى تۆلىدى، پۇلنى جاپا-مۇشەققەت تارتىپ مەن تاپىمەن، ئۇنىڭ راھىتىنى ئىككىڭ كۆرۈپسەن. مۇشۇ چاغقىچە مەن خەجلىگەن پۇل، يېگەن كاۋاپ، ئىچكەن ھاراقلىرىم نەدىن كەلگەندۇ، بۇ خوتۇن بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى نەدىن تاپىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟

ھەسەن كىچىك ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزى كۆرۈشتىن، كاللىسى ئىشلەشتىن توختاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى، يا بولمىسا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ راستلىقىنى بىلەلمىگەندەك ھاڭقىيىپلا قالغانىدى. بىپايان چۆل ئۇنىڭغا قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



سابىر هوقۇش ئەقلىدىن ئازغاندەك ۋارقىرايتتى، بايا كۆزدىن ئاققان ياش، ئىغىزىدىن ساقىپ چۈشكەن شالۋاقلىرىغا مالغۇنسايىنىڭ توختىماي تۇزۇپ، ئۇچۇپ يۈرىدىغان ئۆلۈك توپىسى يۇقۇشۇپ، چىرايىنى قارىغۇسىز بىرھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. شۇ ھالدا بۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ يۈرىكى ئەلەم ـ ھەسرەتتىن لەختە بولغانىدى.

ــ ئۇ... ئۇنداق ئەمەس سابىركا... خۇدا ھەققى...

ــ خۇدانى ئاغزىڭغا ئېلىپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلما. سېنى مۇشۇ يەردە ئېتىۋېتىپ نىمە كۈن كەلسە شۇنى كۆرىمەن بىكار... ئىقرار قىل... رەيھان بىلەن قاچاندىن باشلاپ ئىلىنىشىپ قالدىڭ ماز گۇي...

ــ مەن... مەن.

ھەسەن كىچىك لاسىدە بولۇپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەندەك بولدى، هارغىنلىق بىلەن قورقۇنچ بىراقلا بېسىپ كېلىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى، روھىنى ئۇلاقتۇرۇپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتى.

ــ سەنلەر ھەپتىدە نەچچە قېتىم خۇنەنلىك لوۋاڭنىڭ مېھمانخانىسىدىن ياتاق ئاچقۇزۇشىسەن، پۇلىنى رەيھان تۆلەيدۇ، سەن ئالدى ئىشىكتىن كىرىپ، كەينى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىسەن، ئۇ كەينى ئىشىكتىن كىرىپ، ئالدى ئىشىكتىن چىقىدۇ، مەن بىلىمەن، تېنىۋالالمايسەن...

ھەسەن كىچىك ۋەھىمە، ئەلەمدىن ھالسىزلىنىپ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، سابىر هوقۇش شۇ ھالدا ئۇنى ئېتىۋېتىشتىن يانمايدىغاندەك قىلاتتى.

ــ خۇدانىڭ ھەققىدە سابىركا... مېنى... مېنى... ئەپۇ قىلىڭ...

ــ مەندىن يالاق تالاشقان ئىتنى كەچۈرىدىغان قائىدە مەندە يوق، سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، ئەمما بىرىنچى بولۇپ خىزمىتىڭدىن ئايرىلىسەن، داداڭ يەرلىرىدىن قۇرۇق قالىدۇ، ئاچاڭنىڭ خىزمىتى يىراق يېزىغا يۆتكىلىدۇ، يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار، مۇشۇ-

نىڭغا ئىشىنەمسەن... سەن مېنى بۇنداق قىلالمايدۇ دەپ ئويلاۋا-
تىسەن، ئەمما مەن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، مېنىڭ قولۇم ھەم-
مە يەرگە يېتىدۇ، بىزنىڭ يۇرتتا سابىر توختىنىڭ قولىدىن
كەلمەيدىغان ئىش يوق.

ھەسەن كىچىك سابىر ھوقۇشنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتى-
نالماي يەرگە قارىۋالدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە سابىر ھوقۇش-
نىڭ كۆزلىرىنىڭ، ئىككى كۈندىن كېيىن كۆز ئالدىدىلا سابىر
ھوقۇشنى يەپ كەتكەن بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆتە ۋەھشىيانە
چاقناپ كەتكەنلىكىنى خەقلەرگە دەپ بەرمەكچى بولۇپ يەنە دې-
يەلمىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ھەسەن كىچىكنىڭ گاچىلىشىپ دېيە-
شىچە، شۇ چاغدا سابىر ھوقۇش ھەسەن كىچىكنى، مالغۇنسايىنى،
ئۆزىگە پۇتلاشقان تاشلارنى، يەنە كۆزى كۆرگەنلىكى نەرسىنىڭ
ھەممىسىنى ناھايىتى سەت گەپلەر بىلەن تىللاپتىمىش، قوللى-
رىنى جونۇپ، يەرنى تېپىپ ھەريان پىرقىراپ، بىركىملەرنى
تىللىغان سۆزلىرىنى پەقەت ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىكەن.

ھەسەن كىچىك جاھاندا ئادەم تىللايدىغان بۇنچىۋالا جىق
گەپلەرنىڭ بارلىقىنى تۇنجى قېتىم سابىر ھوقۇشنىڭ ئاغزىدىن
ئاڭلىدى.

سابىر ھوقۇش ئۆزىنى تۇتالماي، بىتاھارەت ئوۋغا چىققان
ھەسەن كىچىكنى، قېچىپ كەتكەن جەرەننى، ئۆزىدىن ئوۋ تالاش-
قان بۆرىلەرنى، تەلەي كەلمىگەن مۇشۇ نەس باسقان كۈننى،
تاغلارنى، تاشلارنى، دەل - دەرەخ، ئوت-چۆپلەرنى جان -جەھلى
بىلەن تىللاۋېتىپ بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى
بىر نۇقتىغا مىختەك قادىلىپ قالدى. ئاغزىدىن بۇژۇلداپ كۆپۈك
ئۆرلىدى. سابىر ھوقۇشنىڭ بىردىنلا جىم بولۇپ قالغىنىنى
سەزگەن ھەسەن كىچىك دەسلەپتە سابىر ھوقۇشقا، ئاندىن ئۇ
قارىغان تەرەپكە بۇرۇلۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئەللىك
قەدەمچە نېرىدا بايا كۆرگەن سېرىق قويۇن زوكزايغىنىچە ئۇلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com


قاراپ جىمىمدە تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەمراھى ئېڭەكلىرىنى تاشلىق يەرگە تىرەپ، كۆزلىرىنى ئادەملەردىن ئۈزمەي قاراپ ياتاتتى.

سابىر ھوقۇش ئەلەڭلەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغا قارىغان ئادەم شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتالمايۋاتقانلىقىنى، ئورنىدىن تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

— ھە، ئەجەب ئوبدان كەپسەن، كېلە كىسپۇرۇش، ئانا-ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرستىمەن. بۇ دۇنيادا مەن بىلەن نېسىۋە تالاشقانلارنى مەن پارە - پارە قىلىۋېتىمەن. تېخى مېنىڭ نان، سۇيۇمنى ئوغرىلاپ مېنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرمەكچىمىدىڭ، مېنىڭ رىزقىمنى تارتىۋاپسەن، يا مەن سېنىڭ يەيدىغىنىڭنى يەۋالمىسام... جايىڭدا مۇشۇنداق تۇر... مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن سېنىڭ... ئەتىمنى ئالماي قويمايمەن.

سابىر ھوقۇش جان جەھلى بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەۋاتقاندا بۆرىنىڭ دەھشەتلىك ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قورقۇپ قالمايمەن، سەن ھۇۋلاۋەر، بۈگۈن مەن سېنىڭ ئۇنۇڭنى مالغۇنسايدىن ئۆچۈرۈۋەتمىسەم ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن.

— پاڭ!

سىرىق قوييۇننىڭ يېنىدىنلا توپا-چاڭ كۆتۈرۈلدى. بۆرە قەمىر قىلماي، بايىقى پېتىنى بۇزماي قاراپ تۇراتتى.

— ئەگىمگىنىنى ما گۆينىڭ ئوقىنىڭ...

سابىر ھوقۇش غالىلداپ تىترەيتتى. پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تەر قويۇلاتتى.

— مانا ئەمىسە...

ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان ئوقلار سىرىق قوييۇننىڭ يېنىدىكى چار تاشلارغا تېگىپ ۋىچىرلىغان ئاۋاز چىقاتتى.

— ما گۆينىڭ ئوقلىرى نېمىشقا تەگمەيدىغاندۇ ئەمدى...

سابىر ھوقۇش بايىقىدىنمۇ بەكرەك غالىلداپ تىترەپ كەتكەندى. چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك سارغىيىپ كەتكەن ھەسەن

كىچىك ئۆيىنىڭغا بىرىنىمە دېيىشكە پېتىنالماي قورقۇمسىراپ تۇراتتى.

— يوقىلىشە ھۇ ئۆلگۈرلەر... ئاناڭنى تۇتۇپ...

مىلتىقتىن پاس قىلغان ئاۋاز چىقىپ سابىر ھوقۇش جايىدىغا گۈپپىدە يىقىلدى. ئۇ ئىغىر تىناتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپ ـ ئەلەمدىن، قورقۇنچتىن تىترەيتتى.

ئۇ شۇنداق بىردەم ياتقاندىن كېيىن چاچراپ قوپۇپ يېرىم ئۆرە بولۇپ قوللىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ ئۇزۇنغىچە يىغلىدى.

ئوق تۇگىدى.

ھەسەن كىچىكنىڭ شۇ چاغدا كۆرگىنى ھەم بۇزۇلۇپ كەتكەن ئەس خاتىرىسىدە قالغىنى «ئوق تۇگىدى» دېگەن گەپ بولدى. بۇ گەپنى سابىر ھوقۇش دېدىمۇ، يا ئۆزى دېدىمۇ، يا غايىبتىن شۇنداق بىر ئاۋاز ئاڭلاندىمۇ ئۇمۇ بىلەلمىدى، قانداقلا بولسۇن شۇ چاغدا ئوق تۇگىدى، دېگەن بىر سادا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپتۇ. بۇ يەردە مۇشۇنداق بىرھالدا، ئادەم بىلەن بۆرە دوقۇرۇشۇپ تۇرغان، قورالدا ئوق تۈگىگەن، ئادەم بىلەن بۆرىلەر تەڭ ئەسەبىيلەشكەن، غالجىرلاشقان، ئادەم بىلەن بۆرە بىر ـ بىرىگە روبىرو تۇرغان شۇ دەمدە ئوق تۇگىدى، دېگەن سۆز ئاڭلىنىپتۇ، مۇشۇنداق چاغدا بۇ سۆز خۇددى قىيامەتنىڭ دەرۋازىسىنىڭ غىچىرلىشىدىنمۇ بەتتەر ۋەھىملىك ئاڭلىنىدىكەن.

— ساڭا بوزەك بولغان جاننى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن...

سابىر ھوقۇش خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ مايماق بولۇپ قالغانلىقىنى، ئاغزىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ مايماقلىشىپ، كۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىدى. شۇ ھالدا ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىۋاتقان ھەسەن كىچىكنىڭ بىرنېمىگە قارىغۇدەكمۇ ھالى قالمىغاندەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىرى
www.uyghurkitap.com



باش ـ ئاخىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان مالغۇنساي كەچكى قۇياشنىڭ ھارغىن نۇرلىرىغا كۆمۈلۈپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. سار-غۇچ تۇمانلار سوغۇق شامالنىڭ ئىختىيارىدا يىراق بىر يەرلەرگە ئۇچۇپ، توزۇپ يۈرەتتى.

ئالاھازەل بىرەر سائەتتەك ھوشىنى يوقاتقان سابىر ھوقۇش ئاستا ـ ئاستا ئەسلىيگە كەلدى. ئۇ يېنىدا ئۆلۈكتەكلا سوزۇلۇپ ياتقان ھەسەن كىچىكنى پۈتى بىلەن تۈرتۈپ ۋارقىرىدى.

— ئورنۇڭدىن تۇر، ئۆلۈمتۈك، مۇشۇ ھالىڭغا ئۆزۈڭنى ئەر چاغلاپ يۈرەمسەن؟ سەن نوچى ئىدىڭغۇ... تېخى سەتەڭلەرنىڭ كەينىدىن سوكۇلدايسەن... قارىغىنا ئەپتىڭگە، تۇر، ماڭمىساق، قاراڭغۇ چۈشكىچە بۇ يەردىن كەتمىسەك، كېچىچە بۆرىلەرنىڭ يېمىگە ئايلىنىپ كېتىمىز.

ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۈچ قالمىغانىدى. سابىر ھوقۇشمۇ، ھەسەن كىچىكمۇ خۇددى كىچىك بالا تەمتىلەپ ماڭغاندەك ئۆز-لىرىنى يىقىلىپ كېتىشتىن ئاران ساقلاپ ناھايىتى تەستە كې-تىشىۋاتاتتى.

ئۇلار ھارغىنلىقتىن، ماغدۇرسىزلىقتىن سۆرۈلۈپ ناھايىتى تەستە كېتىشىۋاتاتتى. ئىككى يۈز قەدەمچە ماڭار ـ ماڭمايلا ئىككى بۆرە ياندىن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— بۇ ھايۋانلار بۇگۈن مەن بىلەن ئېلىشماقچىكەن ـ دە... خەپ...

سابىر ھوقۇشنىڭ جېنى چىقىپ كەتكۈدەك ۋارقىراپ يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى، قانداق ۋارقىرىغانلىقىنى، قولىغا تاش ئېلىپ بۆرىلەرگە ئاتقانلىقىنى، كىملەرنىڭدۇ ئانىسىنى، يەنە كىملەرنىڭدۇ خوتۇنىنى تىللىغانلىقىنى، يانچۇقىدىن بەش يۈز سوم پۇلنى ئېلىۋالغان ئون بەش ياشلىق ئوغلىنىڭ ئۆزىنى سو-رۇۋەتكەنلىكىنى دەپ، ئاشۇ بالىسىنى ھارامدىن بولغان دەپ تىل-لىغانلىقىنى، ئۆزى ئاپارغان بىر پاتمان پۇلنى ئېلىۋېلىپ ئۆزد-

نى ئۆستۈرۈپ قويمىغان قايسى بىر باشلىقنى جاھاندىكى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىگەنلىكىنى ھەسەن كىچىك پەقەت ئەسلىيەلمىدى. سابىر ھوقۇش جان ئاچچىقىدا ۋارقىراۋاتقاندا ھەسەن كىچىك:

— مەن تېخى خوتۇن ئالمىغاندىم... — دەپ يىغلامسىرىدى.

كانىيى يىرتىلىپ كەتكۇدەك ۋارقىراپ مالغۇنسايىنى، سېرىق قويۇننى، ئۆزگە كۆيۈنمەيدىغان خوتۇننى، ساتقىنلىق قىلىپ تەڭ بۆلۈشمەكچى بولغان پايدىنىڭ جىقراقىنى ئۆزىنىڭ قىلمۇالغان كاسسىرنى قېتىپ قوچۇپ بەكمۇ سەت گەپلەر بىلەن تىللاۋاتقان سابىر ھوقۇشنىڭ قۇلىقىغا ھەسەن كىچىكنىڭ يىغلامسىرىشى ئاڭلىنىپ قالدى. سابىر ھوقۇش ھەسەن كىچىككە ئالايدى. ھەسەن كىچىك ئۇنىڭ چىرايىنى، بولۇپمۇ چاچراپ چىقىپ كەتكۇدەك غەلىتە بىرھالدا يوغان ئالىيىپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ، بۇ ئادەم چوقۇم ساراڭ بولۇپ قالغۇدەك، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ قورقۇنچ ھەم ئەلەمدىن تارتىشىپ قالغان ئەسەبلىرى تېخىمۇ چىڭىپ، ئۇ ساراڭ بولۇپ بوپتۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— خوتۇن ئالمىغان... خوتۇن ئالمىغان دە... سەن خوتۇن ئالالمايسەن... ئەمدى خوتۇن ئالالمايسەن. مەن سېنى خوتۇن ئالغۇزمايمەن... سەن رەيھاننى بۇزدۇڭ... ئۇ تېخى مېنى گوللاپ، ھەسەننى مەن ئۆزۈم يولدىن چىقاردىم دەيدۇ... تاياق ئاستىدا ئۆلىدىغان رەپرەپ... بانكىدىكى پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى مەخپىي نومۇر قويۇپ قەرەلسىز سېلىۋەتكەن، پۇلۇمنى ئېلىۋالىمەن دەپ خام-خىيال قىلمىسۇن ئۇ قانجۇق... ئالدىنقى قېتىم ئۇرۇمچىگە ئەۋەتكەن بۆرە ئوشۇقىنى ساختىكەن دەپ بىرمۇنچە تىل ئىشتەتتىم... ئۇنى چوقۇم ھېلىقى ھارامدىن بولغان شوپۇر ئېتىنىكىدەگە تېگىشىۋالغان گەپ... تامغىنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن... ئۇ ئۈچ يۈزمىڭنى يالغۇز مەنلا ئىگىلىۋالمىغان، تا شۇجى يېرىمىنى ئالغان، گېپىڭ بولسا ئۆزگە بېرىپ دېمەمسەن؟ تاماقا شوخلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى



سالغان قايسىڭ؟ مېنىڭ بۇ بىرنېمىنى يېمەيدىغانلىقىمنى بىلمىشمەمسەن؟

سابىر ھوقۇش ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن ئۇششاق تاشلار ئارىلاشقان توپىنى ئاچچىق بىلەن تىلغاپ تۇرۇپ ھەسەن كىچىككە يەۋەتكۈدەك ۋارقىراپ دىرىلداپ تىترەيتتى، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاي دېگەن ھەسەن كىچىك نېمە قىلارىنى بىلمەي ھاڭۋاققىنىچە قاراپ قالغانىدى.

— كىمنى دەۋاتىسەن، كىم ساراڭكەن؟ ساراڭ دېگەن ئۆزۈڭ... مېنى تىللىما جۇمۇ ھەسەن ئابدال...

ئۇ بىرلا شوخشۇپ ھەسەن كىچىكنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ۋارقىرىدى.

— مە... مەن تىللى... تىللىمىدىم...

— ئەمىسە ھازىر مېنى ساراڭ دېگەن كىم؟ تەخسىكەش كۆتۈرمىچى دېگەن كىم؟ ئېتىنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلىدىغان پەسەندە دېگەن كىم؟ رەيھان سەتەڭنى سەن باقىسەن، مېغىزىنى مەن چاقىمەن دېگەن كىم؟ سەن بولماي كىم؟ دېگىنە... سېنى ئاتىمەن. خوتۇنۇم بىلەن ئاجرىشاي دېسەم نەچچە يۈزمىڭغا يارايدىغان مولۇكۇمىنىڭ يېرىمىنى ئۇ ئۆلۈمتۈككە بۆيرۈپ بېرىدۇ. مەن نېمانداق تەتۈر پېشانە، ھەممە ئادەم ئاجرىشالايدۇ، مەن ئاجرىشالمايمەن، رەيھاننى ئۆزۈم ئالاتتىم. ھەر يىلى توشۇپ بارغان جەرەن بىلەن ئۇلاينى، زەھەردىن قىممەت ئالغان بۆرە قامچىسىنى يۇقىرى ئورۇنلاردىكى چوڭلارغا بېرىمەن... مەن ھەممىسىنى يەپ بولالمايمەن... ئەمدى يەنە تىللىساڭ ئېتىپ تاشلايمەن... رەيھان دېگەن شاپاقچى ھازىر چوقۇم يەنە بىر ئاشنىسىنىڭ قۇچىقىدا... بۇنداق ئەتىۋارى يوق جاندىن تويدۇم.

ئەللىك قەدەمچە نېرىدا بىر جۈپ بۆرە ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ياتاتتى، چۆلنىڭ يۇمشاق توپىلىرى ئۇچۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن مانان بولۇپ ئۇچاتتى. بۆرىلەرنىڭ كۆزلىرىدىكى رەھىمسىز سوغۇق چېقىن مالغۇنسايىغا مۆزدەك سىزىم تارتىپ

كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. ھەسەن كىچىكنىڭ كېيىنچە ھوشى سەل جايىدا قوپقان كۆنلىرى دېيىشىچە، شۇ چاغدا ئۇ غا- لىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ، بۇ تىترەكنىڭ قورقۇنچتىن يا سو- غۇقنىڭ تەسىرىدىن بولغىنىنى ئۆزىمۇ تازا بىلىپ كەتمەيدىكەن. ئۇ يەنە كۆز ئالدىدىلا ئېلىشىپ قالغان بىر ئادەم بارلىقىنى، جاندىن تويغان، ناھايىتى كۈچلۈك ساراڭنىڭ يېنىدا تۇرۇش، ئۆ- لۈكنىڭ يېنىدا تۇرغاندىنمۇ ۋەھىمىلىك بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈردى.

— بۇلار بىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، بىزنى ھاردۇرۇپ ئاچ- لىقتىن ئۆلتۈرۈپ ئاندىن يەيدىغان بولدى، مەن سەن ئىپلاسلار- نىڭ پالاكىتىگە كېتىدىغان بولدۇم.

سابىر ھوقۇش ئۆزىنى كاچاتلاپ، بالىلىرىنىڭ، خوتۇنىنىڭ، ئۆزىگە قەرزدار بولغان ئادەملەرنى، يەنە ئۆزىگە قەرز بەرگەنلەرنى ئىسمىنى ئاتاپ تىللاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەيتتى.

— ئاھ خۇدا.

سابىر ھوقۇشنىڭ قەھرى بىلەن ۋارقىرىشى مالغۇنساينىڭ بىپايان باغرىغا تاراپ كەتتى، ئۇنىڭ ۋارقىرىشى نېرىدا ئۆلۈم ھىدى پۇرقۇپ ياتقان بىر جۈپ بۆرىنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى، كۆك قەھرىدە كۆزلىرىدىن چوغدەك قىزىق، نەشتەردەك سانجىلىدىغان نۇر چاقنىتىپ، چىرقىراپ يۈرگەن بۈركۈتنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشتى. بۇ ۋارقىراشتىن ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتمەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى پەقەت قالمىغان ئادەمنىڭ نالىسىنى بىلگىلى بولاتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ھەسەن كىچىكنىڭ ئوك ـ تەتۈر گەپلىرى ئارىسىدىن مۇشۇ ئىشلارنى ئىلغا قىلىپ ئاڭلىغان نۇرغۇن ئا- دەملەر، سابىر ھوقۇشنىڭ دوستلىرى، ئاتا-ئانىسى، قول ئاس- تىدىكى ئادەملىرى ھەم خوتۇنى سابىر ھوقۇشنىڭ ئەزەلدىن خۇدانى تىلغا ئېلىپ باقمىغىنىنى ھەم بىركىملەرنى بۇنداق سەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



گەپلەر بىلەن تىللىغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى يادىغا ئېلىـ ـشتى.

# 7

ئامان تەلۋىنىڭ مالغۇنساينىڭ قۇرۇق شاملى بىلەن زەھەر ـ دەك ئاپتىپىدا مىستەك قارايغان چىرايىدا جىددىيلىك بار ئىدى. ئۇ ئالىقانلىرىنى پىشانىسىگە قويۇپ كۈننى توسۇپ مالغۇنساي تەرەپكە قارايتتى. چاڭ ـ توزان، مانان ئارىسىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان يوغان ـ يوغان قورام تاشلاردىن بۆلەك باش ـ ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان چەكسىز سايدا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ نېرىدىكى پاكار دۆڭنىڭ يېنىدا ئىس ئۆرلىتىپ كاۋاپ پىـ ـشۇرۇۋاتقان نەۋرىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ يۇمشاق توپىدا ئولتۇردى.

— پىشتىمۇ؟

— پىشتى، ھە مانا، ئۆزۈڭ ئامراق قوۋۇرغىسىنى ساڭا پىـ ـشۇرۇپ قويدۇم، قېنى يېگىن.

يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بالا ئۇنىڭغا جەرەننىڭ قوۋۇرغىسىدىن قىلىنغان كاۋاپنى ئۇزاتتى، ئامان تەلۋە كاۋاپنى تارتىشتۇرۇپ ئاززاقلا چايناپ بېقىپ بالىغا ئالايدى:

— نېمانداق لاۋزا كاۋاپ بۇ، تۇز سالماپسەن ھە كىسپۇرۇش.

— تۇزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئەتىگەندە تولا ئالدىرىتىپ ھا ـ لىمنى قويمىدىڭ.

— ئالدىراتمىسام قاچان كېلەتتۇق بۇ يەرگە، سابىر تاز ئۆۋ ـ تۈپ كەتسە بولمايدۇ ـ دە.

— يېرىم كېچىدە ماڭدۇق ھېلىمۇ.

ئامان تەلۋىنىڭ نەۋرىسى ئىس ئۆرلەپ تۇرغان گۇلخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىدى. ئامان تەلۋە نەۋرىسىنىڭ ئەسنەشلىرىگە قاراپ ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەي، ئېڭىكىڭ چۈشۈپ قالدۇ، ئەسنىگەندە قولۇڭنىڭ

كەينى بىلەن ئاغزىڭنى توسۇپ ئەسنە.

— ئەمدى مۇشۇ ئەسنەشنىڭمۇ قائىدىسى بارمۇ چوڭ دادا. كېچە ئۇخلاتماي يېرىم كېچىدە ئويغاتتىڭ، ئۇيقۇم قانماي ئەسنىسەم بۇنىڭغىمۇ چېپىلساڭ...

— يېرىم كېچە ئەمەس، تاڭ ئاتاي دېگەن چاغ ئۇ، سېنىڭ تولا ئۇخلايدىغان خۇيۇڭغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم، نادىر ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، تولا ئۇخلىغان، تولا ياتىدىغان ئادەملەر دۆت، كالانپاي بولۇپ قالىدىكەن، نادىر ئەپەندى بىر كۈندە ئادەم ئالتە سائەت ئۇخلىسا بولىدۇ، دېگەن، سەنچۇ، سەن ئون ئالتە سائەت ئۇخلايسەن، شۇڭا ياش تۇرۇپ چىرايىڭدا نۇر يوق، دۇمچىيىپ ماڭىدىسەن، تۈز يولدا كېتىۋېتىپ پۇتلىشىپ يىقىلىسەن. ئىشقىلىپ دېگىلى تۇرسام سەندە ئەيىب جىق.

نەۋرە بالا ئامان تەلۋىگە پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ قولىنى سىلكىدى.

— ئۇخلىغانمۇ يامان بولامدۇ ئەمدى، نېمىلا گەپ بولسا نادىر ئەپەندى ئۇنى دېگەن، نادىر ئەپەندى بۇنى دېگەن دەپلا يۈرىدىكەنسەن، ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى قىلە، بولدى.

— هاڭۋاقتى، نادىر ئەپەندى دېگەن ئالىم ئادەم ئىدى، ئەگەر ھېلىغىچە نادىر ئەپەندى كەتمىگەن بولسا قالتىس ئىش بولاتتى، مەنمۇ خېلى ئۆلىما بولۇپ قالاتتىم. ئەسلىي نادىر ئەپەندى يۇرت سورايدىغان ئەمەلدار بولغان بولسا بەلەن بولاتتى-دە، ئالىم كىشىلەر ئىشقا باش بولسا خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ.

ئامان تەلۋىنىڭ نەۋرىسى ئىشتان يانچۇقىدىكى تاماكىسىنى سىقىمداپ قويدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىنى يا بىر تەرەپكە بىردەم كېتىپ تۇرۇشىنى تىلىدى، لېكىن بوۋاي ئۇنىڭ خىيالىدىن بىخەۋەر ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى. ئامان تەلۋە يەنىلا نادىر ئەپەندىدەك ئادەملەر ئەمەل تۇتسا ياخشى بولاتتى، دېگەن گېپىنى چۈشەندۈرۈپ ئاۋارە ئىدى.

— ئۇنىڭدەك كىتاب خالتىسىغا يۇرت سورايدىغان ئەمەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



بەرسە قاملاشمايدۇ.

نەۋرىسى كۆسەي بىلەن ئۆچۈپ قالاي دېگەن ئوتنى بىر يەرگە يىغىپ بولالماي غودۇڭشىغاچ شۇ گەپلەرنى دەپ قويدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ قانداق نېمىسەن؟

— مەتقۇۋان مۇدىر تولا كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەملەرنى ساراڭقىپتىش كېلىدۇ، ئۇنداقلاردىن ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدۇ، دېگەن.

نەۋرىسىنىڭ پەرۋاسىزلا دېگەن گېپى بوۋاينىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى.

— ئىلىپنى تاياق دېيەلمەيدىغان ئۇ كالكومشا، دەلتە نېمىنى بىلىدۇ. ئاغزىغا ئۇرساڭ بولمامدۇ ئۇنىڭ... نادىر ئەپەندىدەك ئادەم ئەمدى بىزنىڭ بۇ يەرلەرگە كەلمەيدۇ جۇمۇ، قالتىس ئادەم ئىدى، شۇ ئادەم كەتمىگەن بولسا...

— ئۇ قاچان كەتكەن؟

— سەن تۇغۇلغان يىلى، ھېلىقىدەك ئالىم ـ ئۆلىمالارنى ئۇرۇپ، تىللايدىغان ئىشلارمۇ شۇ يىلى تۈگىدى، بولمىسا ئۇ ھېلىغىچە بىز بىلەن بىللە بولاتتى، سېنى ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا تۇتۇپ بەرگەن بولسام قالتىس بولاتتى ـ دە.

نەۋرىسى تەسكەن ئوتۇندىن ئۆرلىگەن كۆكۈش ئىستىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بولالماي، قولى بىلەن ئىسنى يەلپۈپ دېدى:

— بولدى قىل چوڭ دادا، كاۋاپ سوۋۇپ قالدى، بىز بۇ يەردە نېمىنى ساقلايمىز، كەتسەك بولاتتى.

— سابىر تازنى ساقلايمىز، سابىر تاز پېشىنگىچە يېتىپ كەلسە ئۇۋلىغان جەرەنلىرىدىن بىر ـ ئىككىنى سوقۇۋالىمىز، كەلمەي قالسا ئىزدەپ بارىمىز. سەن قارچىغا دۆڭگە چىقىپ قاراپ باقامسەن ـ يا.

— چىقمىسامۇ بولار، سابىر تاز كەلگەن بولسا كەينىگە يېنىپ كەتمەيدۇ.

— ئەنسىرەپ قالدىم. كۆڭلۈمدە بىر ئەندىشە بار، كۆتمە-

گەندە سابىر تازلار سىرىق قۇيۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا... ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغىنى ياش بالىكەن.

— قاچان قارىسا مۇشۇ بۆرىنىڭ غىمى، يا ھۆكۈمەت ھەمـمىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتمىدى بۇ بىرنىمىنى.

— ئۇنداق دىمە، نادىر ئەپەندى بۇ دۇنيادا ئارتۇق-تۆشۈك بىرنىمە يوق، پاشا-كۇمۇتىدىن تارتىپ تۈلكە-بۆرىلەرگىچە ھەمـمىسى مۇھىم، زىيانداشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇلارمۇ بولمىسا بولمايدۇ، دىگەن.

— بۇ نىمە دىگىنى ئىكەن ئۇنىڭ؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن، مۇشۇ گىپىنىڭ سىر - ئەسراسىنى سورىۋالماپتىكەنمەن...

— قانداق نادىر ئەپەندى ئۇ، بۆرە-چۈگە، چىۋىن-كۇمۇتا دىگەننىڭ تۇرغان-پۈتكىنى ئادەمگە زىيانلا سالىدىغان نىمىلەر تۇرسا، سىنىڭ ئۇ ئەپەندىمىڭنىڭ بىشى ئايلىنىپ قاپتىكەن...

— ئاغزىڭنى يۇم، نادىر ئەپەندىنىڭ دىيىشىچە، جاندارلارنىڭ كۆشەندىسى بولمىسا ھەممىسى بىخۇد، گومۇش بولۇپ ئاخىرى ئۆزلۈكىدىن كىسەل چىرماپ يوقىلىدىكەن... ئاندىن...

— ئاندىن نىمە؟

— بىلمەيمەن... ئىشقىلىپ مەنمۇ جىق بىرنىمە بىلمەيمەن، نادىر ئەپەندى بار چاغدا سورىۋالماپتىكەنمەن، كىيىن بىزنىڭ بۇ يەرگە ئاۋۇسى ئاق، ماۋۇسى قارا دىگۇدەك بىرەر ئادەم كەلمـدى... ھەتتا نادىر ئەپەندىنىڭ گىپىنى قىلىپ بەرسە ئاڭلايدىغان ئادەملەرمۇ قالمىدى... مەنچە مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ھەممە نەرسە ئىچىدىن سىسىپ، تۈگەپ كىتەرمىكى دەيمەن...

— نىمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ يەنە يوق ئىشلارنى سۆزلىگىلى تۇردۇڭ.

— ماڭا شۇنداق تۇيۇلىدۇ، جىق نەرسىلەر مەن كىچىك چاغدىكىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى...

— ھازىر جاھان تەرەققىي قىلدى، ئوخشىمايدۇ ھەم سىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



زامانىڭغا ئوخشىمىسۇن، قالاق جەمئىيەتقۇ ئۇ. بۇرۇنلاردا مىنە-دىغىنىڭلار ئات بىلەن قوتۇر ئېشەك، يەيدىغىنىڭلار تېرىق بىلەن ئارپا، ھازىر موتو، ماشىنا بىلەن جاھاننىڭ بىر چېتىگە بىردەم-دە بارالايدىغان بولدۇق، ھەممە ئىشنىڭ مۇشۇنداق ئاسان، يەڭ-گىل بولغىنى خوپ ئەمەسمۇ... ھازىر جاھان بەك ياخشى...

— كاللا دېسە پاقالچەك دەيدىغان نېمىكەنسەن، مەن ئۇنى دېمىدىم، مەن كىچىك ۋاقتىمدا مالغۇنسايدا ئۇلۇغ سۇ ئاقاتتى، ھەممە يەر يېشىللىق ئىدى، تۈرلۈك ئوت-چۆپلەر بار ئىدى، ھا-زىر سۇ يوق قۇرۇقچىلىق بولۇپ كەتتى، يايلاقلاردىمۇ ئوت-خەسنىڭ تايىنى قالمىدى... نادىر ئەپەندى، ئادەملەر ئوساللىشىپ كەتسە يەر ـ جاھاننى پالاكەتچىلىك باسىدۇ، دېگەن، ھەممە يەر بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قېلىۋاتىدۇ.

— ئۇ ئوخشىمىدى، بۇ ئوخشىمىدى دەپ قاقشايسەن، ئوخ-شىمىسا بۇنىڭ بىز بىلەن نېمە ئالاقىسى، نېمىلا بولسۇن ھازىر بۇرۇنقىدىن ياخشى. سېنىڭ ئۇ نادىر ئەپەندى دېگىنىڭ خىيالىغا كەلگەننى دەيدىغان بىر ئادەمكەن.

— سەن ھاڭۋاقتى نېمە بىلىسەن؟ يا سەن مەن كۆرگەننى كۆرمىسەڭ. ھازىرنىڭ بۇرۇنقىدىن ياخشىلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن، بۇرۇنلاردا بىزنىڭ مۇشۇ مالغۇنسايدا يۈز ياشقا كىرگۈچىمۇ باش-قا يۇرتقا بېرىپ باقماي، قېرىپ جاھاندىن كېتىدىغان ئادەملەر بار ئىدى، ھازىر خالىساڭلا جاھاننىڭ نەرىنى كۆڭلۈڭ تارتسا بېرىپ كېلىسەن، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، ئەمما بەزى نەرسىلەر ماڭا يىلتىزى يوق قامغاقتەكلا بىلىنىدۇ، نادىر ئەپەندى بولغان بولسا...

ئامان تەلۋە قولىدىكى كاۋاپنى ئۇنتۇپ قالدى، چۆلنىڭ يۇمشاق قۇملىرى ئۇچۇپ كېلىپ كاۋاپقا چاپلىشاتتى، ئۆچەي دەپ قالغان گۈلخاندىكى سۆكسۆك، تەسكەن دېگەندەك نېمىلەرنىڭ چوچولىرىدىن سۈس ئىس كۆتۈرۈلەتتى. ئامان تەلۋە نەۋرىسى-نىڭ يېنى يېتىپ ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتكىنىدىن بىخەۋەر نا-

دىر ئەپەندىنىڭ گەپلىرىنى سۆزلەيتتى. ئامان تەلۋە نادىر ئەپەن-دىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە بولغاندا، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۆ-زىنىڭ يەنە ئۆزىنى يارىتىشىدىن بولىدىغانلىقىغا ئۆزىنىڭ كال-لىسىغا كەلگەنلىرىنى قوشۇپ سۆزلەۋاتقاندا نەۋرىسى يېنىك تى-نىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئامان تەلۋە پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان نەۋرىسىگە ئەلەم بىلەن تىكىلىپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە سۆزلى-گەندەك شىۋىرلىدى:

— مالغۇنساي قۇرۇپ كەتتى، نادىر ئەپەندى ئۆلۈپ كەتتى، مەن كېرەكسىز بىر ئادەمكەنمەن، سەن بولساڭ ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەيسەن، مۇشۇنداق يېتىۋەرسەڭ بېشىڭغا چاقماق چۈشى-دۇ سەن كىسپۇرۇشنىڭ...

ئامان تەلۋە ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ سەل نېرىدىكى داڭگال بولۇپ قالغان مالغۇن تايىقىنى سۇندۇرۇپ نەۋرىسىنىڭ دۈمبىسىگە ئاچچىق بىلەن ساۋاشقا باشلىدى.

شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن نەۋرىسى ئۆندەرەپ، چۆچۈپ ئورنى-دىن تۇردى.

# 8

گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ ياتقان سابىر هو-قۇش هوشسىز ياتقان هەسەن كىچىككە نەپرەت بىلەن تىكىلدى. سابىر هوقۇشنىڭ بەتبۇي هىدتىن دىماغلىرى ئېچىشىپ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ هاجەت قىلغۇدەكمۇ مادارى قال-مىغانلىقىنى، سەل نېرىغا بارغۇدەك، ئىشتىنىنى سىلىپ زوڭ-زىيىپ ئولتۇرغۇدەك جېنى قالمىغانلىقىدىن كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

بىر جۈپ بۆرە نەچچە قەدەم نېرىدا ئۇلارغا قاراپ ياتاتتى. ئۈچ كۈندىن بۇيان بۆرىلەر هەر كۈنى نەچچە قەدەمدىن پات-پات

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئالغا سىلجىپ ئۇلارغا يېقىنلا قالغانىدى.

سابىر ھوقۇش ئۆزىنى مۈشۈ ھالەتتە نەچچە يىل ياتقاندەك، ناھايىتى ئۇزۇندىن بېرى مۈشۈنداق جېنى بار بىلەن يوقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

ئۇ ئۆزىگە ناھايىتى يېقىنلا قالغان، ھەتتا يېنىك ھاسىراش-لىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان بۆرىلەرنىڭ سوغۇق كۆزلىرىگە يىلىن-غاندەك قاراپ قويۇپ، ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى.

قۇياش كۆك قەھرىدە ئېسىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆڭۈلسىز نۇرلىرى مانان، چاڭ باسقان ئاسمان بوشلۇقىدا كۆز چاقاتتى، قاناتلىرىنى كەڭ يايغان قارابۇركۇت ئىككى بۆرىنىڭ بىر ئادەم-نى تارتقۇشلاۋاتقان مەنزىرىسىگە ئۆتكۈز نەزەرىنى ئاغدۇراتتى. بۇركۇت شامال قەھرلىك شۇۋۇلداپ تۇرغان سوغۇق ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ جەھلى بىلەن چىرقىرىدى. ئۇنىڭ يۈرەككە ۋەھىمە سالىدىغان ئەنسىز چىرقىرىشى مالغۇنسايىنىڭ بىپايان ئاسمىنىنىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرىگە تاراپ كەتتى. قارا بۇركۇت ئەزەلدىن بۆرىنىڭ ئادەم يېگىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

## 9

— مەمتىلى، قېچىرنى توقۇپ يۇلغۇندۆڭگە بارىمىز.

— يۇلغۇندۆڭگە، ۋاي ئانام، نېمىشقا بارىمىز؟ توغرا ئىككى كۈنلۈك يولغۇ ئۇ.

— چاپسان بول، سابىر تاز ئۆتۈپ كەتكىلى ئىككى كۈن بولدى، تېخىچە يوق، سېرىق قۇيۇنمۇ كۆرۈنمىدى، بىر ئىش بولدىمىكىن دەيمەن.

— نېمە ئىش بولماقچىدى، يا باشقا يولدىن كەتكەندۇ.

— نەدە باشقا يولدىن كېتىدۇ، قانات ياساپ ئۇچۇپ كەتسە بىر نۆرى، بولمىسا مۈشۇ يەردىن ئۆتمەي ئامالى يوق.

— سابىر ھوقۇشقا ئۆچ ئىدىڭ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن قالدىڭ.

— سابىر تاز ئۇۋلاپ كەلگەن جەرەندىن بىر-ئىككىنى سو-قۇۋالارمەن دېگەنىدىم، بىراق بۇ تاز قايتىپ كەلمىگەنسېرى بىر ئىش بولدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

— ئۆزۈڭ ئۆچ كۆرۈدىغان ئادەمدىن ئەنسىرەپ نېمە قىلار-سەن.

— ھەرقانچە ئەسكى بولسىمۇ يەنىلا ئادەم، ئادەم دېگەن بىر-بىرىڭ بىلەن قان بولۇشۇپ كەتسەڭمۇ باشقا كۈن چۈشكەن-دە قاراپ تۇرسا بولمايدۇ، دۈشمىنىڭ بولسىمۇ يارغا چۈشۈپ ئۆلگىلى قوپسا قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئاندىن ئۇرۇشقۇلۇق.

— راستلا مەرد ئادەم -دە، سەن.

— قويغىنا، مەرد بولغۇم بار ئىدى، ئەمما بولالمىدىم، شۇنچە يىللاردىن پاكىز ياشاپ، قېرىغاندا خۇمسى مىجەز بولۇپ قېلىۋاتىمەن، نېمىشقا دەمسەن؟ مالغۇنسايدىكى ياۋىلارنى قوغداش مېنىڭ نىيەت-ئىقبالىم ئىدى، ئەمما سابىر تاز ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىرەر كاللەك نەشە يا شۇنىڭغا ئوخشاش بىرنېمە-لەرنى بەرسە ئۇلارغا يول ئېچىپ بەردىم، شۇلار كەلسە نېمە ئال-غاچ كەلگەندۇ، دەپ قولىغا تەلمۈرىدىغان بولۇپ قالدىم، بەزىدە بۇ ئىتنىڭ جېنىدىن بەكلا نومۇس قىلىمەن. شۇنداقتىمۇ يولنى قاتتىق توسىمەن، بىراق بىرنېمە بەرسە يەنە قويۇۋېتىمەن، يول توسۇشۇم ياۋىلارنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇشۇم ئۈچۈنمۇ يا ئاشۇلارنىڭ ئىتقا سۆڭەك تاشلاپ بەرگەندەك ئىككى توك-توك بىرنېمىسى ئۈچۈنمۇ، ئۆزۈممۇ ئاڭقىرىپ بولالمايۋاتىمەن. سەن ھەرگىز مەن-دەك ئادەم بولۇپ قالما.

— بۇمۇ قىزىق بىر ئىشكەن.

— بۇ قىزىق ئىش ئەمەس، تىللايدىغان، تۈكۈرىدىغان، قو-لىدىن كەلسە ئۇرۇپ يانجىيدىغان ئىش، خۇمسىلىقنى، نامەرد-لىكنى قىزىق ئىش دېگىلى تۇرسا قانداق بولىدۇ. مەنمۇ تۇگەش-تىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— ئۆزگە خىيانەت قىلغان ئادەم تۇگىشىدۇ.
— گەپلىرىڭنى چۈشەنمىدىم.
— سەن چۈشەنمەيسەن، مېنىڭ گەپلىرىمنى خېلى-خېلى ئادەملەر چۈشەنمەيدۇ، كونا چاپان ئىچىدە يۈرسەم، گەپنى تولا قىلسام، خىيالىڭدا بوۋام ئالجىپتۇ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدى-غان بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلىما، مەن دېگەن پەرىشتىدەك بىر ئا-لىمنىڭ ئون يىل خىزمىتىنى قىلغان ئادەممەن.
— يەنە شۇ نادىر ئەپەندىنىڭ گېپىغۇ.
— شۇنىڭ گېپى بولسا نېمە بوپتۇ، ئالىم - ئۆلىمانىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ، نامىنى يادلاشمۇ كاتتا ئىش، ھېلىقى بىر يىللىرى بۇ يەرگە كاتتا بىر ئالىمنى پالاپتىكەن، ئۇنى ماڭا تۇتۇپ بەرگەنىدى، ئۇ بىر ئاجايىپ ئادەم ئىدى، ئىككىمىز ئاغى-نە بولۇپ قالدۇق، شۇ يىللاردا بۇ ئوتتۇرىدا خېلى يۈزۈم بار ئى-دى، بۇ يەردىكى رودۇپايلارنىڭ ئۇنى كۆرەش قىلمىز، تارتىپ چىقىرىمىز دەپ ئۇۋال قىلىشىدىن ساقلايمەن دەپ، تىلىمدىن خەت بېرىپ ئۇنى قىشلىق يايلاققا ئاپىرىۋەتتىم، ئۇ قالتىس ئا-دەم ئىدى، ئاسماندىكى ھەربىر يۇلتۇزنىڭ ئىسمىنى بىلەتتى، يەر يۈزىدىكى جىمى ئوت-خەسلەرنىڭ، ئۇچالىق، تىنالىقلارنىڭ ئۆسۈش، قۇرۇشلىرىدىن تارتىپ تۇغۇلۇش - ئۆلۈشلىرىگىچە ھەممىنى بىلەتتى، مەن ئون يىل ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈردۈم. گەپنى ئوقشاپ قىلالمايمەن، بىراق نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى، نېمىنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىمەن، مېنىڭ دى-لىمنى شۇ كىشى يورۇتقان، ئۆزۈمنىڭ ئادەملىكىمنى شۇ كىشى ماڭا بىلدۈرگەن.
— بۇمۇ بىر گەپ بولدى، سېنىڭ ئادەملىكىڭنى نادىر ئە-پەندى دەپ بەرمىسىمۇ ھەممە ئادەم بىلىدۇ.
— مەن ئادەم، دېيىشنى بىلگەن بىلەن، ئۆزىنىڭ قانداق ئا-دەملىكىنى، قانداق قىلغاندا ئادەم بولغىلى بولىدىغانلىقىنى

بىلسە ھېساب. نادىر ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرىم ئۇ-زۇمنى كەڭ بىر ئالەمگە چىقىپ قالغاندەك سېزەتتىم. تۇرغۇن نەرسىنىڭ سىر - ئەسراسىنى بىلىۋالغاندىم. ئاۋۇ تاشلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— خۇدا ياراتقان.

— خۇدا ياراتقان دېيىشنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بىراق خۇدا ياراتقان شۇ نەرسىنىڭ قانداق پەيدا بولغىنىنى، نېمە ئۈچۈن پەيدا بولغىنىنى بىلسە ھېساب. مەسىلەن، بىزنىڭ مالغۇنساي بو-رۇنقى ئالەمدە ناھايىتى چوڭ دېڭىزكەندۇق. دېڭىزنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن.

— دېڭىز دېگەن چەكسىز سۇ، باش-ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان سۇ، دېگەن گەپ...

— ئەمىسە بىزنىڭ ئاق قوتاز كۆلى دېڭىز ئىكەنغۇ؟

— سېنىڭ ئۇ ئاق قوتاز كۆلى دېگەن قانچىلىك نېمە ئۇ، ئۇ كىشىنىڭ ماڭا دەپ بېرىشچە، ئاق قوتاز كۆلى دېگەن دېڭىز-نىڭ ئالدىدا بىر پىيالە سۇچىلىك بىر گەپكەن.

— ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر گەپكەن بۇ.

— شۇ، سېنىڭ ئەقلىڭ يەتمەيدىغان ئىشلار تولا، مۇشۇ تاغ-تاشلار قانداق پەيدا بولغان دېسە، بىزنىڭ مالغۇنساي دېڭىز ۋاقتىدا خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاشۇ باش-ئاخىرى يوق دېڭىز-نىڭ تېگىدە تۇرغان بىرنەرسىلەر ھەرىكەتلىنىپ، زېمىن سىلكى-نىپ بىر-بىرى بىلەن سوقۇلۇپ، ئىتتىرىشىپ يۇرۇپ مۇشۇنداق ھەيۋەت تاغلار پەيدا بولۇپ قالغان گەپكەن.

— ئەمدى ھېلىقى دېڭىز دېگىنى نەگە كەتتى؟

— ئۇ دېڭىز دېگەننىڭ سۇلىرىنىڭ تۇرىدىغان يېرى بولمى-غاندىكىن ھاۋاغا تارقاپ، بۇلۇتقا ئايلىنىپ كېتىدىكەن، بۇلۇت دېگەننىڭ نەدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— ياق.

— دەل شۇ دېڭىزدىن پەيدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ھېلى تېخى دېڭىز دېگەننى قورۇپ كەتكەن دەۋاتاتتىڭغۇ؟
— كالۋا، بۇ يەردە بولمىغىنى بىلەن باشقا يەردە بار تۇرسا.
— توۋا قىلدىم.
— نادىر ئەپەندى ئاق قوتاز كۆلى شۇ زاماندىكى دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرى بولۇشى مۇمكىن دېگەندى، ھازىر يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقان نېفىت دېگەن نېمىسىنى مۇشۇ يەرلەر دېڭىز ۋاقتىدا، دېڭىزدا چىرىپ كەتكەن ئوت-چۆپ، بېلىق، كىت دېگەندەك نېمىلەرنىڭ جەسەتلىرى سىڭىپ پەيدا بولغان دەيدۇ. مەن ئون يىلدا ئۆگەنگەننىڭ يېرىمىنى ساڭا بىردەمدە دەپ بولدۇم. قالغان گەپلەرنى كېيىن دەپ بېرىمەن.
— قايسى گەپلەرنى؟
— دۇنيادا نېمىشقا ئادەم، گۈل-گىياھ، ياۋايى ھايۋان بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن.
— ھازىرلا سۆزلەپ بەرسەڭ بولمامدۇ.
— مەن سەن خۇنپەرنىڭ خىيالىنى بىلمەمدىمەن، مېنى گەپكە سېلىپ قويۇپ يولغۇندۆڭگە بارىدىغان ئىشنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتىسەن. مەن مۇشۇنداق گەپنى باشلىۋالسام توختىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، بۇ قىرىلىق ساڭمۇ يېتىدۇ. مېنى زاڭلىق قىلما. تاياق يېمەي دېسەڭ قىچىرىقنى مىنىپ يولغۇندۆڭگە بېرىپ سابىر تازنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ كەل، تېز بول.

## 10

بىر جۈپ بۆرە مالغۇنساينىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تار جىلغىنىڭ بويىدىكى ئېگىز يارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان جىپ ماشىنىغا سوغۇق نەزەر سالاتتى. ئۇلار مالغۇنساينىڭ ئاسمىنىدا قەھرى بىلەن چىرقىراۋاتقان بورىكۈتنىڭ جانغا تەھلىكە بېرىدىغان ئاۋازىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدى.
مۇزدەك ھەسرەت يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرغان قارا بورىكۈت

بىر جۈپ بۆرىنىڭ تاغ قاپتىلىدا بىر توپ بولۇپ تۇرغان بۆرد-
لەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇلغانلىقىنى، ئارىسىدىن بىرنەچچە بۆرىنىڭ
سېرىق قۇيۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەردە يېتىپ يۇمىلاپ ئۇنىڭغا
ئەركىلىگەنلىكىنى، ئارقىدىن جىمى بۆرىلەرنىڭ سەپ بولۇپ
بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇستىنى قار قاپلىغان ئېگىز تاغ قاپ-
تىلىدىكى چىغىر يولدىن ئۆتۈپ يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ
تۇردى.

بىپايان مالغۇنساي چەكسىز جىملىق ئىچىدە سوزۇلۇپ يا-
تاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ۋاقىتسىز تۇغۇلغان ئادەم

جاھاننىڭ ئىشلىرى غەلىتە بولىدۇ...

ئەملىشىپ تۇرغان گىلاستەك لەۋلىرىگە چىمەلتەك بارمىقىنى تەگكۈزۈپ تۇرغان بىر قىزنىڭ رەسىمى ھۇجرا ئۆيۈمنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق خۇمار كۆزلىرىگە چۈشىنىپ بولمايدىغان ئاللىقانداق سىرلار يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. سىز ئاشۇنداق رەسىمگە سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ كەتكىنىڭىزدە بىراۋ كېلىپ «نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟» دەپ سورىسا، نېمىدەپ جاۋاب بېرەرسىز، ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم دېيىشىڭىز ياكى باشقا يالغان گەپلەرنى قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما سىزدە ئازراق سەمىمىيلىك بولغىنىدا ھېلىقىدەك سۆزلىرىڭىزنىڭ يالغانلىقىدىن ئۇيۇلۇپ، يۈزىڭىز قىزىرىشىمۇ مۇمكىن، ئەمەلىيەت-

تە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالغان ئەركەك يېزىشقا بولمايدىغان
ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزمەي قالمايدۇ. بىز ھەممىمىز ئاددىي
ئادەملەر، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۆزىمىزنىڭ ئاددىي، سەممىي ھەم
تەبىئىي خىياللىرىمىز، تۇيغۇلىرىمىزنى ئاشكارىلاشتىن قورقۇپ
كۆنۈپ قالدۇق، سىز ئاشۇ رەسىمگە تىكىلىپ قاراپ قالغىنىد-
ڭىزدا ئۆزىڭىزمۇ تۇيمىغان ھالدا: «ھەي، كاساپەت» دەپ سالىسى-
ڭىز، بۇ ئەمەلىيەتتە تەبىئىي بىر ئىش بولىدۇ.

شۇنداق بىر پارچە رەسىمنى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شەھەر
مەركىزىدىكى ئاۋات دۇكانلارنىڭ بىرىگە كىرگىنىمدە تامغا
چاپلاقلىق ھالىتىدە كۆرگەنىدىم. ھازىر بۇنداق رەسىملەر ئاۋۇپ
كەتتى، ھەتتا مېنىڭ ھۇجرا ئۆيۈمگىمۇ بىرى چاپلاپ قويۇلغان،
گۈزەللەرنىڭ رەسىملىرىنى شەھەر كوچىلىرىنىڭ ھەممىلا يېرى-
دىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ، كۆپ بولغانچە ئۇنىڭغا زەن سالىدىغان،
قارايدىغانلارمۇ شۇنچە كۆپ بولسا كېرەك، نەچچە ھەپتىنىڭ ئال-
دىدا رەستىلەرنى ئارىلاپ كېتىۋاتسام ساقال - بۇرۇتلىرىنى پا-
كىز قىردۇرغان بولسىمۇ، ئەمما مۈكچىيىپ قالغان بىر بوۋاي
چېغىدا بىر نېمىگە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ قارىغىلى
تۇرۇپتۇ. زەن سالسام ئۇمۇ بىز گېپىنى قىلغان سەتەڭلەرنىڭ
رەسىمگە قاراۋاتقانىكەن. بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئۆزۈمچىلا كۈلۈپ
سالدىم. بىر ئاغىنىمىز دائىم: «ھاڭگا ئېشەكنىڭ بۇرنى قېرى-
مايدۇ، ئەركىشىنىڭ كۆزى» دېگەن گەپنى تولا قىلىدىغان. بوۋاي-
نىڭ ھالىنى كۆرۈپ شۇ سۆزلەر يادىمدىن كەچكەنىدى.

ئۇنداق رەسىملەرگە قارىغانلارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولماس،
بۇنىڭ ھەم زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، ئەمما ئاشۇ كۆزلەردە ئەكس ئەت-
كەن خىلمۇخىل مەنىلەر ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ
كۆزلىرى ھەۋەس-ئىشتىياقتىن ئوتتەك يېنىپ كەتكەنىدۇ، بەزى-
لەرنىڭ كۆزلىرى خۇنۇكلەشكەنىدۇ...

ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلاردا، سودا دۇكانلىرىدا، شەھەر-
نىڭ مەينەت كوچىلىرىغا چاپلاشقان تار، ئىستىن قارايغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى
قاۋاقلاردىمۇ بۇنداق رەسىملەرنى ھامان ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇنداق رەسىملەرنىڭ كۆپىيىشىدىن نېمىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ؟ بۇ زامانىمىز كىشىلىرىدىكى گۈزەللىك تۇيغۇلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىمۇ ياكى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىمۇ ياكى بۇ بىر گۇزەللەر كىرىزىسىمۇ ؟

بىراۋنىڭ خۇشاللىقى ياكى خاپىلىقى بىلەن مۇتلەق مۇناسىۋىتى بولمىغان، ھامان كۇلۇمسىرەپلا تۇرىدىغان بۇ رەسىمگە كىشىلەرنىڭ گاھى ئامراقلىقى، گاھى ئۆچلۈكى كېلىدۇ. شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، توغرىسىنى دېگەندە، بۇ ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان بىر ئىش. بۇ رەسىمنى ئۆتكەن ئايدا ئەركىن ئېلىپ كەپتىكەن، «بولدى قىل» دېگىنىمگە ئۇنىماي ھۇجرا ئۆيۈمنىڭ كۈنچىقىش تېمىغا چاپلاپ قويىدى. ئۇ بۇ رەسىمدىن ئىككىنى ئاپتىكەن، بىرىنى ئاتايىن ماڭا ئېلىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ، نېمە مۇددىئا بىلەن ماڭا قىزلارنىڭ رەسىمىنى ئەكېلىپ بېرىدۇ. بۇ ئەركىن دېگەننىڭ بەزى گەپ-سۆزلىرىنى، قىلغان قىلىقلىرىنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. زاۋۇتتا ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ياخشى ئۆتىمىز، مېنىڭ ھازىرچە ئارىلىشىدىغان ئادىمىمۇ شۇ...

ئۇ رەسىمنى تۇجۇپىلەپ تامغا چاپلاپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ كۇلۇپ قويىدى.

— مۇشۇ رەسىمگە پات-پات قاراپ قوي، قىزلاردىن قورقمايدىغان بولىسەن، — دېدى ئۇ سىرلىق ھىجىيىپ.

ئويغاق تۇرغانلا ئادەم ھەر سېكۇنت، ھەر دەقىقە ئۆزى بىلىپ-بىلمەي ئۇنى-بۇنى خىيالىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرالمايدۇ. ھەرخىل ئادەملەرنىڭ ھەرخىل، ھەر تۇرلۇك خىياللىرىنى بىلگىلى بولسا ئالامەت بولاتتى، لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس. خىيال دېگەننىڭ ئېغىرلىقى يوق، بولمىسا بىز دەسسەپ تۇرغان زېمىن ئاللىبۇرۇن يېرىلىپ كېتەتتىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئا-

دەم دېگەننىڭ ھەرقاندىقىدا خىيال سۈرۈش، ئۇنى-بۇنى ئويلاش-تەك ھېچكىم تارتىنىۋالالمايدىغان بىر تەبىئىي ھوقۇق بار... بۇنداق گەپلەر ئەركىن دېگەنگە پەقەت ياقمايدۇ، ئۇنىڭغا ئايال كىشى توغرىلىق گەپ بولسىلا بولىدۇ.

ھېلىقى كۈنى ئەركىن بىلەن كوچا ئايلىنىپ كەلگەندىن بۇ-يان كۆڭلۈمنىڭ ئارامى بۇزۇلدى. تايىنى يوق ئىشلارغا تولا ئارد-لىنىشىۋالىدىغان بۇ ئاغىنەم مېنىڭ مۇشۇ كەمگىچە بىرەر قىز بى-لەن ئارىلاشماي، دەرۋىشلەردەك يۈرگىنىمگە بەك ئىچىنى پۇ-شۇراتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇ دۇنياغا ئەركەك بولۇپ يارىلىشنىڭ ئۆزىلا ئەڭ چوڭ ئامەت ئىكەن. ئەركەك بولغۇچىنىڭ قىز-ئا-ياللارسىز ئۆتكەن كۈنى ھارام ھەم مەنىسىزمىش، بىر ئەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئايال بىلەن بىللە ئۆتكەن بىر كۈنى ئۇنىڭ يېگانە ئون يىل ياشىغىنىدىن ئارتۇقمىش...

ئىككىمىز شۇنداق پەلىپەتىش گەپلەر بىلەن كوچىلارنى ئاي-لىنىپ، ئىككى قەۋەتلىك بىر سودا سارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇق. يەكشەنبە بولغاچقا بازاردا ئادەم كۆپ ئىدى. ئەركىن ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىز-ئاياللاردىن كۆزىنى ئۈزەل-مەيتتى. بەزىلىرىگە ھەتتا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بويۇنداپ قاراپمۇ كېتەتتى. مەن گاھى-گاھىدا ئۇنى نوقۇپ قوياتتىم. چاندۇرمى-غىنىم بىلەن مەنمۇ چىرايلىق قىزلار ئۆتۈپ قالسا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن سەپسېلىپ ئۇلگۇرەتتىم.

— ئاياللارسىز ياشاش بىر زۇلۇم، — دېدى ئەركىن يې-نىمدا ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كېتىۋېتىپ. ئاخشام كۆپ ئى-چىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئادەتتىكىدىن كۆپ، يەنە كېلىپ ئاياللار توغرىسىدىلا بولۇۋاتاتتى.

— بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، مەسىلەن، مەن تا ھازىرغىچە زۇلۇم ھېس قىلمىدىمغۇ.

— سەن ئەلۋەتتە ھېس قىلالمايسەن، ھەسەلنى تېتىپ كۆرمىگەن ئادەم ئۇنىڭ تەمىگە خۇمار بولمايدۇ-دە...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش سۇپىسى



مەن ئۇنىڭغا ئويدانلا بىر ئالىيىپ قويۇپ مىڭغۇەردىم، قارا بۇنى، تېخى ئۆزىچە مېنى مەسخىرە قىلىپ كەتكىنىنى، ئاچچىقىم تازا كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئېتىراپ قىلمىسام بولمايتتى، مەن ھەقىقەتەن گاھىدا ئۆزۈمنى سۇسىز قاقاس چۆلدە يالغۇز قالغاندەكمۇ ھېس قىلاتتىم. ئەمەلىيەتتە سۇسىز قاقاس چۆلدە ئەمەس، كۆل بويىدا، بۇلاق بېشىدا تۇرۇپمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ھالى قالمىغان ئادەم دېسەممۇ بولاتتى، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ناھايىتى ئاددىي، پەقەت ئۆزۈمدە قاچا بىلەن بولامدۇ، ئوچۇملاپ بولامدۇ، ئىشقىلىپ بىر ئامال بىلەن سۇ ئېلىپ ئىچكۈدەك جۈرئەت يوق ئىدى. ئەتراپىمدا ئاللىقانداق ئىشلار بىلەن ئالدىراپ يۈرگەن قىزلارنىڭ بىرەرسى بىلەنمۇ ئويدانراق تونۇشلۇقۇم يوق ئىدى. پەقەت ھېلىقى تومۇچۇق بىلەنلا ئۇچرىشىپ قالساق ئانچە-مۇنچە گەپلىشىپ قوياتتۇق، ئەمما مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئىزدىگەن نەرسىنى ئالالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيتتى.

— بۇنداق دېسەم خاپا بولما، ئۆزۈڭمۇ ھەممىدىن قېچىپلا يۈرۈيسەن... بايا دېگىنىمدەك ئاياللارسىز ياشاش بەك ئېغىر ئىش. تىرىك يۇتۇۋالغۇدەك قىزلارنى كۆرسەڭ يۈرەك ئوينىاپ كېتىدۇ. ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالغۇڭ كېلىدۇ. ئەمما ئۇنداق قىلالمايسەن، ئۇ سەن ياشاۋاتقان مۇشۇ يەردە، ئەتراپىڭدا بولسىمۇ شۇنداق، كۆڭلۈڭدە ھەسرەت، داغ قالىدۇ. ئەلەم چېكىسەن، مەيۈسلىنىپ قالىسەن. شۇنداق ئەمەسمۇ، مېنىڭ گېپىم شۇنىڭغا قارىتا ئېيتىلغان.

شۇ ئارىدا ئالدىمىزدىن قونچاقتەك ياسىنىۋالغان بىر قىز چىقىپ كەلدى. ئەركىن ئۇنى كۆرۈپلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، قىزنىڭ يېنىغا كەتتى. كونا تونۇشلاردىن بولسا كېرەك، كۆرۈشۈپلا پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇ قىز گىرىمنى بولۇشىغا قىلغان، لەۋلىرى قان يالىۋالغاندەك قىپقىزىل، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى سوغۇقى ئېششىپ كەتكەن ئادەمنىڭكىدەك كۆكىرىپ تۇراتتى. ئىككىسى خۇددى ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك قاقاھلاپ

كۆلۈشۈپ، مۆكۈدىشىپلا كېتىشتى، قىزنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشىدىن كوچا قىزلىرىغا خاس بىر قىياپەت چىقىپ تۇراتتى. كۆڭلۈم سەل بىرقىسما بولۇپ قالدى. مەن شۇنچىلىك بىرنېمىلەر بىلەن‌مۇ ئارىلىشىپ بولالماي يۈرىمەن... خەپ... مەن ئۇلارغا قاراپ قويۇپ نېرىغا كەتتىم. ئەركىنمۇ تازا شاللاق، سۆيۈق بىرنېمە، ئاۋۇ قىزمۇ شۇنداقتەك، «قاغىنىڭ يېيىشى نىجاسەت» دېگەن شۇ ــ دە... دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ ئويۇمدىن ئۇ ئىككىسىگە ھە‌سەت قىلغانلىقىم چىقىپلا تۇراتتى.

ئۇلارنى ساقلىماي ئاستا قەدەملەر بىلەن مال جاھازلىرىنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ماگىزىننىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى قاچا-قۇچا ساتىدىغان يەرگە كېلىپ قاپتىمەن. شۇنداق قارىسام، بىر قىز ئەينەك جاھازىنى سۈرتۈۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇ قەدەر چاققان، كېلىشىملىك، سىپايە ئىدى. مەن قىزغا شۇنداق قاراپلا ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا ھېس قىلىپ قالدىم. نەدە كۆرگەن بولغىيدىم. بىرەرسىگە ئوخشىتىپ قالدىمۇ- يا... بىرسىگە ئوخشاتقان بولسام كىمگە ئوخشاتقاندىمەن... قىز مېنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالدىمۇ ــ قانداق، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا لاپپىدە قارىدى ۋە بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى. شۇئان غەلىتە بىر تۇيغۇ مېڭەمگە ئۆرلەپ چىقتى، ئەسلىدىغۇ بۇ ئۇنچىلا ھاياجانلىنىپ كەتكۈدەكمۇ ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇشىمۇ ماڭا باشقىچە تەسىر قىلىپ كەتتى، قارىغاندا تېخى تازا ئالا كۆڭۈل بىر ئادەم ئوخشايمەن.

مەن بۇ يەردە قاراپ تۇرۇۋېرىشنى بىئەپ كۆرۈپ نېرىغا كەتتىم. كۆڭلۈم ئۆزىچىلا داۋالغۇپ تۇراتتى. ھېچنېمىدىن- ھېچنېمە يوق نېمە ئىش بۇ.

ــ بۇگۈنكى كەچلىك تاماشا پۈتتى، ــ دېدى ئەركىن بىر چاغدا يېنىمدا پەيدا بولۇپ.

ھېلىقى كاساپەتنى توغرىلاپ قويدۇم، قانداق، بولىدىغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلى ئادرىسى



قىزمىكەن؟

— تاڭەي، تازا زەن سالمىدىمغۇ... بولمىدىغاندۇ...

— دەۋاتقان گېپىنى، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن، بايا ئوغرى مۈشۈكتەك قاراپ كەتكىنىڭنى كۆرۈپ، كۈلۈپ سالغىلى تاسلا قالدىم.

— كۈلگۈڭ كەلگەن بولسا كۈلمىۋەر.

ئىككىمىز ماگىزىندىن چىقىپ يەنە كوچا ئايلىنىشقا باشلىدۇق، ئەركىن يەنە ئاللىنېمىلەرنى دەپ، ۋاتىلداپلا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ پەرقى بەكلا چوڭ. ئارىلىقىمىز بەك يىراقتەك ھېس قىلىپ قالدىم. بۇ خۇنپەر مال سودىسى قىلغاندەك نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئىشنى پۈتتۈرۈپ كەلدى، بۇنداق ئىشلار ماڭا قالسا... خىيالىمدا يەنىلا ھېلىقى مال ساتقۇچى قىز ئەگىپتى، ئۇنى نەدە كۆرگەن بولغىيدىم، بىر كىمگە ئوخشاتتىممىكىن دېسەم... ۋۇي، توغرا... ئۇ ھۇجرا ئۆيۈمگە ئەركىن چاپلاپ قويغان رەسىمدىكى قىزنىڭ ئۆزىكەنغۇ... تۇۋۋا ماۋۇ ئىشنى... ئەجەب ئوخشايدىكىنە...

— ئۇ ھېلىقى رەسىمدىكى قىزغا بەك ئوخشايدىكەن... — دېدىم مەن ئىختىيارسىزلا...

— كىم ئوخشايدىكەن، قايسى رەسىم ئۇ؟ — دېدى ئەركىن ئەجەبلىنىپ.

— ھېچنېمە... شۇنداقلا گەپ... — مەن تەمتىرەپ كېتىپ، دەرھال گېپىمنى توختىتىۋالدىم. ئەگەر ئەركىن مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالسا، مېنى يەنە مازاق قىلىدۇ، بۇ تەرىپى ماڭا ئايدىڭ.

شۇ كۈندىن باشلاپ بىر قىزنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ سىيما پەقەت خىيالىمدىن چىقمايتتى، ئۇ مەن كۆرگەن ھېچقانداق بىر قىزغا ئوخشىمايتتى، بەلكىم بۇنداق بىرسى بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستۇ ھەم ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپمۇ باقمىغاندۇ. گاھىدا ئۇنى ئوتتۇرا مەكتەپتە يو-

شۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەن بىرسىگە ئوخشىتىپ باقاتتىم. لېكىن بىر يەرلىرى يەنە ئەمەستەك، بەزىدە ھېلىقى كۈنى ماڭا ماگدىزىندا سىرلىق كۆلۈمسىرەپ، شۇنداقلا قاراپ قويغان مال ساتقۇچى قىزغىمۇ ئوخشىتاتتىم. لېكىن ئۇمۇ ئەمەس، بۇ قانداق ئىش بولدى، ھېچ بولمىسا خىيالىمدىكى بۇ قىز مەن كۆرگەن رەسىملەردىكى قىزلارنىڭ بىرەرسىگە بولسىمۇ ئوخشىسا كاشكى... تولىمۇ قاملاشقان چىرايلىق قامىتى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدىغان بۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمىدۇ، ھەممە ئىش جايىدا، ئۆز يولىدا بولغىنى ئوبدان. بۇ پەقەت ئاشۇنداق چىرايلىق، ئوماق قىزنىڭ ئۆزىگە ماسلاشقان ئىسمى بولۇشى كېرەك دېگىنىم.

ئۆزۈمگە بەكلا ئاچچىقىم كېلىپ كەتتى، بۇ قانداق بولغىنى، مەن قانداق ئادەم، نېمىدەپ مۇشۇنداق ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان، پەقەت بىر خىيالىي كۆلەڭگىدىن ئىبارەت بولغان بىرسى بىلەن يەنە شۇ خىيالىمدا نەدە بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەم قاملىشامدۇ. بۇ يەنە كېلىپ ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئالغاندا نورمال ئىش ئەمەس، ئۇ پەقەت بىر خىيالىي سىيما بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىلەن بولغان، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېغىزغا ئالغىلىمۇ بولمايدۇ. مەندە ئازراق بولسىمۇ ئەخلاق دېگەن نەرسە بولۇشى كېرەكتە... ئەگەر مېنىڭ روھىي دۇنيايىمدا يۈزبەرگەن ئاشۇنداق ناشايان ئىشلارنى ئەخلاقسىزلىق دېمىگەندە، ئەخلاق پەقەت كۆرۈنۈشتىلا مەۋجۇت بولىدىغان ساختا نەرسىگە ئايلىنىپ قالامدۇ. مېنىڭ ئويۇمچە ئەخلاقلىق ئادەملەر ھەتتا خىيالىدىمۇ يامان ئىشلارنى قىلماسلىقى، دائىم خىزمەت، ئائىلە، بالىلىرى ۋە دۇنيانىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرىنى ئويلىشى، پىكىر يۈرگۈزۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق دېيىلسە ياخشى ئادەملەرنىڭ، ئەخلاقلىق ئادەملەرنىڭ ئۆلچىمى ئېشىپ كەتمىسە كېرەك.

مۇشۇ كۈنلەردە غەلىتە بىر تۇيغۇ كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىدىغان بولۇپ قالدى، خىيالىمدىكى ھېلىقى قىز پەيدا بولۇپ قالغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئۇ كۈنسېرى مۇكەممەللىشىپ، مېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەسىر قىلىنغۇلغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىشىك-دېرىزىلەرنى مەھكەم تاقاپ ياتىدىغان بولدۇم، بۇ تولىمۇ قورقۇنچاق بولغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى بۇ ئۆيدە ھەقىقەتەن باشقىلار كۆرسە بولمايدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن ئىدى.

چىراغنى ئۆچۈرسەملا ھېلىقى قىز كۆز ئالدىمدا پەيدا بولاتتى، مەنمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆزۈمچە تولىمۇ چوڭ بىلىپ كېتىدىغان ئەخلاق، شەرم-ھايا دېگەنلەرنى بىرياقا قايرىپ قويۇپ قىز بىلەن ئىرماش-چىرماش بولۇپ كېتەتتىم. ماڭا نېمە كەپ-تۇ، مەندەك ساندا بار، ساپادا يوق بىرسىنىڭ ئەخلاقلىق بولۇپ كېتىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن، خۇددى ئۆزۈمنىڭ ھېچ-قانچە قىممىتى يوق ئادەم بولغىنىمغا ئوخشاش، مېنىڭ قىل-مىش-ئەتمىشلىرىمنىڭمۇ قىممىتى يوق، شۇڭا مەيلى ياخشى ئىش قىلاي ياكى يامان ئىش قىلاي، ماڭا ھەم باشقىلار ئۈچۈن بەرىبىر، پەقەت ئۆزۈمنىڭ تىرىك جان ئىكەنلىكىمنى بىلگەنلى-كىم ئۈچۈن ئۆز دائىرەمدە خالىغىنىمنى قىلسام بولىدۇ، ھېچ-كىم پۇتلاشمايدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈمدە يۈز بېرىۋاتقان بۇنداق ئىشلار باشقىلارغا ئاشكارا بولمىسىلا كۇپايە ھەمدە بۇنىڭ ئاش-كارا بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. قىلغانلىرىمنى ئۆزۈمچە يامان ئىش ھېسابلاپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەيىبلىگەن تەقدىردىمۇ بەزىبىر ياخشى تەرەپلىرىمنىڭ بارلىقىنى شىپى كەلتۈرۈپ ئۆ-زۈمنى ئاقلاشمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ، مەن زاۋۇتنىڭ تۈزۈمگە ئائىتلىق بويسۇنىدىغانلاردىن، شۇڭىمۇ زاۋۇت باشلىقى مېنى ھا-زىرغىچە ئىشتىن ھەيدەشكە ئورۇنلۇق سەۋەب تاپالماي كېلىۋاتى-دۇ. ئۇيقۇسىزلىقىمنى دېمىگەندە سالامەتلىكىممۇ ياخشى، بۇنداق ئارتۇقچىلىقىم ھېسابقا ئېلىنمىغاندىمۇ مەن يەنىلا ئۈمىدسىزلى-نىپ كەتمەيمەن، ئادەم دېگەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسە، ئە-زەلدىن ياخشى ئادەملەر كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئېرىشەلمەيدۇ، يامانلىقتا داڭق چىقارغانلار بولسا، ئازراقلا ئۆز-

گىرىپ ياخشى تەرەپكە ماڭسا كىشىلەرنىڭ ئىغىزىدىن چۈشمەي تەرىپلىنىپ كېتىدۇ، ئۇلارنى ئويلىسام ئەسكى، ئوسال ئادەم دەپ قارىلىشتىنمۇ قورقۇپ قالمايمەن.

كېچىلەرنى گاھ خۇشال خىيالىي تۇيغۇلار، گاھ بىئارام كۆ-ڭۈلسىز ھېسلار ئىچىدە ئۆتكۈزىمەن، قايسى چاغدا ئانام ئىشىك-نى بىرھازا مۇشتلايدۇ، شۇ چاغدىلا كۆزۈمنى ئېچىپ تەستە ئور-نۇمدىن تۇرىمەن، مېنى يەنىلا تونۇگۇنكى، ئۆلۈشكۈنكى، ئالدىنقى ئاي، ئالدىنقى يىللاردىكىگە ئوخشاشلا مەززىسىز ھاياتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە ئورنۇمغا كىرىپ يېتىۋالغۇم كېلىدۇ، لېكىن ئامال يوق، يەنىلا تۇرماي بولمايدۇ، بۈگۈنمۇ يەنە ئوخ-شاشلا بىرھال، تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالغانلىقىمدىنمىكىن، بې-شىم ئىغىر، كۆزۈمنى ھېچ ئاچالمايۋاتاتتىم.

بۈگۈندىن باشلاپ ئىشىك-تۈڭلۈكلەرنى تاقىماسلىقنى ئويل-لىدىم. باشقىلار بۇ ئۆيدە يامان ئىشلارنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بى-لىپ قالسۇن، مېنى يامان ئادەم دەپ گۇمانلىنىپمۇ يۈرمىسۇن، گۇمانخورلۇقمۇ ئازابلىق ئىش، گۇمانخورلار ئۈچۈنمۇ غەلىبە ھەم مەغلۇبىيەت بار، گۇمان قىلغان ئىشى توغرا چىقىپ قالسا، يو-غان ئىش قىلغان ئادەمدەك ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىدىن سۆيۈنۈپ، بېشى كۆككە يېتىدۇ، گۇمانى خاتا چىقىپ قالغۇدەك بولسا يەنىلا گۇماندىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىنىڭ توغرا ئە-مەسلىكىدىنمۇ گۇمانلىنىپ، ئەخمەقلەرچە ئىچ پۇشۇق ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

ئەسلىيدىغۇ مېنىڭدەك بىر ئادەمدىن قانداقتۇر بىر قىز-چوكانلار بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرسە كېرەك، دەپ گۇمان-لىنىشمۇ ئەخمىقانە بىر ئىش. مېنىڭ ئايال دوستلىرىم، قىز تونۇشلىرىممۇ يوق... ھە راست، ھېلىقى تۇمۇچۇق نەلەردە يۈ-رىدىكىن، چىرايىغۇ يامان ئەمەس بىر نېمە... خىيالىمدىكى ھې-لىقى قىز بىلەن كۆز ئالدىمدىكى ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەك چوڭ ئىدى، ئۇنىڭدىكى نازاكەت، مېھىر، تەلپۈنۈش، ئوتلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


بىقىشلارنى يەر يۈزىدىكى ئاياللاردىن مەڭگۈ ئىزدەپ تاپقىلى بولـ-مايتتى. ئەگەر كەمپۈت بىلەن تاتلىقلانغان ئېغىزغا جىگدە سىپ-لىپ قويسا، ئادەم بەكمۇ مەيۈسلىنىپ كەتسە كېرەك...

چالا-بۇلا ناشتا قىلىپ زاۋۇتقا يۈگۈردۈم، زاۋۇت باشلىقى-نىڭ زەھەرخەندە كۆزلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋىدى، تېنىم شۈركەنگەندەك بولدى، كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە خىيالىي مە-شۇقۇم ئەگىپ يۈرەتتى. مەن كالالامنى قاتتىق سىلكىپ، خىيا-لىمنى باشقا نەرسىلەرگە ئاغدۇرماقچى بولدۇم. كوچىدا كېتىۋاتـ-قانلار، كېلىۋاتقانلار، ئېلىپ-ساتارلار، ماشىنا-تىراكتورلار ناھا-يىتى كۆپ ئىدى، شۇنداقتىمۇ خىيالىي مەشۇقۇمنىڭ سىيماسى يەنىلا كاللامدىن كەتمىدى، ئۆزۈمچىلا ئۇنى كوچىدا كېتىۋاتقان خوتۇن-قىزلار بىلەن سېلىشتۇرغۇم كەلدى، گۈزەللىك، مۇكەم-مەللىك نۇقتىسىدىن كۆز ئالدىمدىكى ئاياللار بەكلا چۈكۈنەم، بىچارە بىرھالدا ئىدى.

بەك بالدۇر كېلىپ قالدىممۇ- نېمە، زاۋۇت قورۇسىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيدىغۇ ... ئەتراپقا ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇرسام، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا زاۋۇت باشلىقى كېلىپ قالدى.

مۇشۇ ئادەمنىڭ قايسى بىر ئالاھىدىلىكى بىلەن زاۋۇت باش-لىقى بولۇپ قالغىنىغا ھەيران ئىدىم. دوقا ماڭلايلىرىدىن تارتىپ چوققىسىغىچە تاقىر باش بۇ ئادەم ئۆزىدىكى بۇ باشنى ھېچكىمـ-دە يوق، دەپ ئويلامدىكىن، قىش - ياز بېشىغا ھېچنېمە كىيمەي پارقىرىتىپلا يۈرەتتى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ يا كۈل-گىنىنى ياكى ئاچچىقلانغىنىنى، بىرەر ئىشقا خۇش بولغانلىقىنى ياكى نارازى بولغانلىقىنى ھازىرغىچە بىلەلمەي كېلىۋاتاتتىم، مەن ئۇنى كۆڭلۈمدە ھېسسىياتسىز پور كۆتەك، دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ يېشىل ئۇچقۇن چاچراپ تۇرىدىغان ئورا كۆزلىرى-نىڭ ئىچىگە قانداق شۇملۇقلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىرلا خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

ئادەم دېگەن مۇشۇنداق بىر-بىرى بىلەن سەۋەبسىزلا ئۆچ-

لىشىپ قالامدىغاندۇ، راستىنى دېگەندە، زاۋۇت باشلىقى بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى سەۋەبسىزلا پەيدا بولغان دېگىلى بولمايتتى، سەگەك ۋاقىتلىرىمدا ئوبدان ئويلىنىپ كۆرسەم، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك قورقۇش بىلەن بويسۇنۇش مۇناسىۋىتى ئاستىدا شەكىللەنگەندەك قىلىدۇ. مەن بۇ ئادەمنىڭ ئورا كۆزلىرىدىن بەك قورقىمەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى-مۇ بىلىپ بولمايدۇ. بولمىسا ھەممە ئادەمدە ئىككىدىن كۆز بار، لېكىن مېنىڭ قورقىدىغىنىم مۇشۇ ئادەمنىڭ كۆزى.

مېھرىبانلىق، ياخشىلىق دېگەنلەرنى بۇ ئەبلەختىن مەڭگۈ ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم، شۇنداق ئويلىغانسېرى ئۇنى ھەر كۆرسەم شۇنچە شۇركىنەتتىم ھەم ئۇنىڭغا شۇنچە ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، بۇ ئادەمدىن بەكمۇ قورقاتتىم، مەن ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۆچ، ئۆچ بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قورقىمەن، قورققانلىقىمدىن يەنە ئۇنىڭغا ئۆچ، ئۆچ-لۈكۈمدىن ھەتتا گاھىدا شۇنداق بىر ئەسەبىي خىيالغا كېلىپ قالىمەنكى، پالانى يەردە بىرسى ئۆلۈپتۇ دېسە، نېمىشقىدۇر خى-يالىمغا بىزنىڭ مۇشۇ باشلىق كېلىۋالىدۇ. مەن ئەندىشە ھەم خۇشاللىق ئىچىدە: «ئىلاھىم، ئاشۇ تەلەي ئىگىسى بىزنىڭ پور كۆتەك بولسىكەن...» دەيمەن. ئەمما بۇ ئادەم بەكلا پېشانىسى ئوڭلاردىن بولسا كېرەك، ھامان بەخىرامان ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ بىرەر قېتىم زۇكامداپ قالغىنىنى ياكى يۆتىلىپ قالغىنىنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. مېنىڭچە، مەن ئۇنىڭغا ئۆچ بول-غاندىكىن، ئۇ ماڭا چوقۇم ئۆچ، گەرچە ئىككىمىز ئۆز ھېسسى-ياتلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزگە ئېنىق ئىپادىلىيەلمىسەكمۇ، بۇنى ئىچىمىزدە بىلىمىز. ئۇمۇ مېنىڭ بىرەر كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ، پرىنسىپقا ياتىدىغان خاتالىق سادىر قىلىشىمنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ بىرەر كۇتۇلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنى مەلۇم مەنىدىن ھايات-ماماتلىق كۈرەش دېسىمۇ ئەرزىمىدىكىن دەيمەن. ئىككىمىزنىڭ ئوخشاشلا ئەر بول-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



غانلىقىمىزدىن باشقا يەنە بىر ئورتاقلىقىمىز بار. بۇ تاقىر باش-مۇ ماڭا ئوخشاشلا بويتاق. مەن ئۇنىڭ شۇ يېشىغىچە بويتاق يۈرگىنىدىن ھەيران ياكى ئۇنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش خىيالدا بار، ئەمەلىدە يوق سەتەڭلەر بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئىشى بارمۇ تې-خى، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيادىكى ئورتاقلىقىمىز ئۈچ خىلغا يەتكەن بولىدۇ. بۇ بىرنىمە بەلكىم بويتاقچىلىقتا ئۆتكەن تۇرمۇشىدىن زېرىكىپ، كۆرپىسىنىڭ ئوي-لىمىغان يەردىن ئايالغا ئايلىنىپ كەتمىگىنىدىن ئاچچىقلاپ يۈرسە كېرەك. نېمە بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى، ئەمما ئەڭ قاملاشمى-غىنى مۇشۇ ئادەمنىڭ مېنىڭ باشلىقىم بولۇپ قالغىنى ئىدى.

ياشقا چوڭ ئىشچىلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىسام، بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىللار ئىلگىرى مۇشۇنداق باشلىقلارنىڭ تازا ئەدىپى-نى بېرىدىغان غەلىتە بىر ھەرىكەت بولغانىكەنمىش، ئۇقۇشۇمە-چە، بىزنىڭ بۇ باشلىق ئۇ زامانلاردا ئوبدانلا ئۇچۇقدالغانمىش، ئۇساللىقىدىن شۇنداق بولغان گەپ، دەپ ئويلىغۇدىم، ئەمما بۇ ئويۇم ئۇ زامانلاردا ساپلا ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆزۋالچىلىقىغا ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر بىلەن ئۇدۇل كەلمەي قالدى... نېمىلا بولسا مەيلى ئىدى، ئەگەر ئۇ زامانلاردا بولۇپ قالغان بولسام قانداق ياخشى بولار ئىدى، بۇ ئەبلەخنى پوخادىن چىققۇچە ئەدەپلىگەن بولار ئىدىم. تەقدىرىمنىڭ خاتالىقىدىن ئۇ كۈنلەردە مەن بولماي قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. نېمىشقا بۇ-رۇنراق تۇغۇلمىغان بولغىيدىم. مېنىڭ بۇنداق كېيىن تۇغۇلۇپ قالغىنىمغا كىم ئەيىبلىك، ئاتا-ئانامىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ بوۋىسى-نىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسىغىچە چېتىلىدىغان خاتالىقمۇ... مەن قانچىلىك ھەسرەت چەكمەي، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىۋەتمەي ئامال يوق.

— ئۇكا، يەكشەنبىدە نېمىشقا كەلدىڭ، بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنىغۇ...

باشلىقنىڭ قولىقىمغا ئەزەلدىن سەت ئاڭلىنىدىغان ئاۋازى

جېنىمنى بەكلا سىقىۋەتتى، تېنىم «جۇغىدە» قىلىپ قالدى. «يەكشەنبە؟! ماۋۇ ئىشنى قارىمامدىغان، نەس باستى-دە...» دەپ ئويلىدىم مەن. شۇنچە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بىرەرسىمۇ ماڭا بۇ-گۈننىڭ يەكشەنبە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويماپتۇ. شۇنىڭغا قا-رىغاندا، ماڭا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرەرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك، يەنە كېلىپ ئۇدۇللا مۇشۇ باشلىقتا ئۇچراپ قالغىنىمنى قارى-مامدىغان، ئاپامىمۇ سەھەرگە سېلىپ قويماپتۇ، يەكشەنبىدە زاۋۇت-قا كېلىشىمۇ يامان ئىش ئەمەس، ئەمما مېنىڭ يەكشەنبە ئىكەن-لىكىنى بىلمەيلا زاۋۇتقا كېلىپ قالغىنىمنى مۇشۇ باشلىق بى-لىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ مېنى سېپى ئۆزىدىن ساراڭغا چىقى-رىۋېتىشى مۇمكىن، نېمىلا بولسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىق قىلغىنىمنى چاندۇرۇپ قويماسلىقىم كېرەك.

— بۈگۈننىڭ يەكشەنبە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، زېرىكىپ قېلىپ كېلىپ قالدىم...

— مەن قارىسام، ئۇنداق ئەمەستەك قىلىدىغۇ...

ئۇھ، ئۇ بۇنى قانداق بىلىۋالغاندۇ، قارىغاندا، بۇ ئەبلەخ مې-نىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرىدىغان ئوخشايدۇ، رەقىبىم ئۇنداق-مۇنداق ئادەملەردىن ئەمەسكەن، بۇنىڭدىن كې-يىن ھەربىر قەدىمىمنى ئېھتىيات بىلەن باسقىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ.

— نېمىلا بولسۇن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز ياخشى بولدى، ئۆزۈممۇ ئادەم ئىزدەپ تۇراتتىم، مۇنۇ ھۆججەتنى قورۇ-لۇش شىركىتىگە ئاپىرىپ بەرگىن، بۇ ناھايىتى جىددىي ئىش...

ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ماڭا قورقۇنچلۇق تىكىلدى. ئىختى-يارسىز تېنىم شۈركىنىپ تىترەپ كەتتىم، شۇنچە تىرىشسامۇ ئۆزۈمنى ھېچ تۇتالمايۋاتاتتىم. ئۇ مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى سېزىپ قالدىمىكىن، بەلكى ئۆزىچە پەخىرلىنىپ «ئۇ مەندىن قورقۇۋاتى-دۇ...» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەن ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئۆچ، ئۆچ ئىكەنلىكىمنى بىلسە-بىلمىسە مەيلى، بېشىمغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كەلگەننى كۆرەرمەن...

ئۇ ئىغىر، كەڭ ئالقانلىرى بىلەن مۇرەمنى قىقىپ قويدى، چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ نېمىنى كۆزلەپ مۇشۇنداق قىلدۇ، مۇرەمنى ئۇرۇپ قويۇشىدىكى مەقسىتى نېمە، بۇ ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىمۇ ياكى دوستانىلىكىمۇ؟ ئىككىمىز ئەپلىشىپ قالايلى، بەربىر سەن ماڭا تەڭ كېلەلمەيسەن، دېمەكچىمۇ يا... ماڭا مۇنداق مۇئامىلىدە بولسا ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بار، نېمىلا دەيلى ئۇنىڭ چوقۇم بىرەر مۇددىئاسى بار، ھېس قىلىشىمچە، بۇ ئادەم ھەرقانداق ئىشنى بىرەر مەقسەت بىلەن قىلىدۇ، باشلىق بولغانلار ئۆزىچە ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدىكەن دېسە... خۇددى ئانىسىدىن ئادەم باشقۇرغاچ تۇغۇلغاندەك... ئۇ چوقۇم بۇ ئىشنى بىرەر غەرەز، مەقسەت بىلەن قىلدى. لېكىن زادى نېمە مەقسىتى بار... ئۇيۇمچە ئۇنىڭ بۇ ئىشى ھەرگىز ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغاندەك... بىزدەك ئادەملەر ئۇلارنىڭ نەزەرىدە تاشلىۋېتىلگەن تاماكا قالدۇقىدەك ئېتىبارسىز... ياكى بۇ ئەبلەخ بىرەر خۇشامەتچىنىڭ پولۇسنى يەپ قايتقان بولسا، مۇرەمنى تۇتقان بولۇپ، قولىنى سۈرتۈۋالدىمىكىن. بۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە بىرەر شۇملۇق يوشۇرۇنغان بولىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭ مۇرەمنى تۇتۇپ قويغىنىنى كۆرسە، ئۇنى تولىمۇ دوستانە ئىكەن، دەپ ئويلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا بىر يامان غەرەزنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كىم ئويلاپ يېتەلەيدۇ. نېمىدېگەن پەسكەش ئوسال ئادەم بۇ، مەن شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئالدىدا ئادەملىك سۈپىتىمنى قىلىپ، خۇشامەتچىنىڭ ئۆلگىسىگە ئايلىنىپ قالدىم. مەن مەڭگۈ مۇشۇنداق خورلۇقتا سۈكۈت قىلىپ ياشايدىغان ئادەم بولۇپ قالارمەنمۇ... سىنىڭمۇ ئەدىپىڭنى بېرىدىغان بىر كۈنلەر كېلەر ئىلاھىم...

تۇرۇپلا ھۆكرەپ يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى، ئۆزۈمنى يىگىلەپ، كىچىكلەپ، قۇرتقا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. ئادەمنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى دېگەن ئەجەب ئۇلۇغ نەرسە

ھە، ئۇ نەرسە پايخان بولسا كىچىكلىمەي، يىگىلىمەي، قۇرتقا ئايلانمامدۇ، نىمە ئىلاج... مۇشۇ ئىشنى دەپ بىر يەرگە ئەرز قىلغىلى بولامتى، ئەرز قىلغاندىمۇ بۇنداق ئىشلارنى سوراپ يۈ-رىدىغان سوتچى نەدە... دىگەندىمۇ، ئەرز قىلساڭ سەن ئۇتۇپ چىد-ۋالامتىڭ، سوتچى دىگەنمۇ مۇشۇنداق باشلىقلارنى ياقلايدۇ، باش-قىلار سىنى تازا چۇپەي نىمىكەن، دەپ مازاق قىلىدۇ. يە ئۆزۈڭ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەلمەيسەن، يا قانۇن بويىچە يوللۇق قاتاردا تۇرالمايسەن... دىمەك، سەن نەگە بارغىن، مەڭگۇ بىچارە... نەگە بارسا مۇشۇنداق دوقا ماڭلايلارنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىدۇ.

باشلىق ھېلىھەم بىر نىمىلەرنى دەۋاتاتتى، لىكىن ئۇنىڭ «بەك مۇھىم، جىددىي... دەرھال» دىگەندەك دائىم ئاڭلاپ ئادەتد-لىنىپ كەتكەن سۆزلىرىدىن باشقا گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىد-دى. قورقۇش، شۈركىنىش، خورلۇق ئىچىدە ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويايلا دىگەنىدىم.

بۇ ھارام تاماق بۇ دۇنياغا نىمىشقىمۇ يارالغان بولغىيدى، ھېچ بولمىسا مەن ئۆزۈم بۇ قۇرغۇرنى يەر يۇتقاندىن كىيىن تۇ-غۇلغان بولساممۇ مۇشۇ دىشۋارچىلىقلارغا يولۇقماس ئىدىم...

بىر چاغدا قارىسام باشلىق يېنىمدىن كىتىپتۇ، ئۇستۇمدىن ئېغىر بىر تاش ئېلىۋېتىلگەندەك يەڭگىل بىر تىنىۋالدىم. ئۇنىڭ ئېيىق تاپىنىدەك كەڭ ئالىقانلىرىنىڭ ئېغىرلىقى مۈرەمدىن ھېلىھەم يوقالمىغاندەك ئىدى. پۈراپ باقسام ماي پۇرىقىمۇ يوق. بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەجەبلەندىم، كاللام مۇجمەل خىياللار بىلەن تولۇپ ۋاڭشىپلا كەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى ئەسلىيدە ماي يۇقى ئە-مەسكەن، قولىنى سۈرتۈۋېلىش ئۇچۇن مۈرەمنى تۇتماپتۇ، لىكىن بۇنىڭدىنمۇ يامان نىيىتى يوق، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ شۇنداق خىياللار بىلەن بىر بىسىپ-ئىككى بىسىپ زاۋۇتنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدىم.

قارىسام بۇ جاھاندا ھېچنېمىدىن غېمى يوق ئادەمدەك بىر-ھالدا تايتاڭلاپ مېڭىپ ھېلىقى تۇمۇچۇق چىقىپ كېلىۋاتىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زاۋۇتتىكى باللارنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن قارىغاندا، بۇ كۆڭۈل قايتۇرمايدىغان ناھايىتى ئوبدان قىزمىش، شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنى ئىچىمدە مىڭنى تىللىغاندىم، ئېھتىمال ئۇ چاغدا ئۇ ماڭا نېسىپ بولمىغاچقا، چىدىماي قېلىپ شۇنداق تىللىغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن.

زەن سالسام، ئۇ ئوبدانلا ياسىنىۋاپتۇ، ئۇزايىدىن بىپەرۋالىق، ھېچنېمىنى پىسەنتىگە ئالمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، كاللامغا «لايىق تاللاپ يۈرسە كېرەك» دېگەن بىر خىيال كېلىپ قالدى. «لايىق تاللاش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان تەرىپى تاللاش. تاللاش دېگەن بۇ سۆز شۇ كىشىدە ئاز-تولا ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تاللاش بولمىسا لايىق دېگەن گەپنىڭ ئانچە مەززىسىمۇ قالمايدۇ. نېمىلا بولسۇن، ئەگەر ئويلىغىنىمدەك بولسا، ئۇ مەندىن ياخشىراق ئىدى.

زاۋۇت ئەتراپىدا ئۇنى پات-پات كۆرۈپ قالاتتىم، تېخى ئۆزىمىزچە كۈلۈمسىرىشىپمۇ قوياتتۇق. شۇنداق چاغلاردا مەن ئۆزۈمنى قويغىلى يەر تاپالمايلا قالاتتىم. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى ھازىرغىچە ئۆزۈممۇ چۈشىنىپ بولالماي يۈرىمەن. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيتتىم، بۇغۇ چوڭ ئىشمۇ ئەمەس، بىر كىمنىڭ ئىسمىنى بىلىشنىڭمۇ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق، ئىسمىنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم مەسىلە ئەمەس، چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى بىلەن ئىسمىنىڭ مۇتلەق مۇناسىۋىتى يوق. نۇرغۇن چىرايلىق ئىسىملىرى بار ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى شۇنداق سەت. ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن چىراي شەكلىنى ئەستە ساقلاپ قويسىلا كۇپايە...

ئۇنىڭ ئۇياتچان قىزلاردىن ئەمەسلىكى ئېنىق، ئۇنىڭ تۇغۇرىسىدا ئاڭلىغان گەپ-سۆزلەرمۇ بۇ تەرىپىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى، ئۇياتسىز قىزلارنىڭ دادىللىقى ئەركەكلەرگە جۇرئەت ئاتا قىلسا كېرەك. مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆزۈمدە ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سېزىپ،

ئىچ-ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. بۇ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان ئۆ-
زۈمدىن تۇنجى قېتىم رازى بولۇشۇم ئىدى، دېسەممۇ بولىدۇ.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىدۇ، قىزچاق؟ — ئاۋازىم شۇنداق سال-
ماق، تەبىئىي چىقتى... توۋا، ئەسلىدە مەن مۇشۇنداق ئادەمكەن-
مەن ئەمەسمۇ...

— باشقىلار بىلەن ئوخشاش، ھەممىيلەن ئوخشاش تۇرۇۋاتى-
مىزغۇ...

خېلى سۆزمەن نېمىكەن بۇ، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن
بىر تۈرلۈك ئامراقلىق پەيدا بولۇپ قالدى-دە، يۈرەكلىك ھالدا
بازارغا بېرىپ كېلەيلى، دېگەن تەكلىپنى بەردىم. ئۇنىڭ ماقۇل
بولۇش-بولماسلىقىنى مۆلچەرلىيەلمىگەنىدىم. ئەمما ئۇ خۇددى
شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دەرھال قوشۇلدى. مەن ھەيران قالغان
بولساممۇ لېكىن چاندۇرمىدىم. نېمىدېگەن تەبىئىي، ئوماق قىز
بۇ، ئۇنىڭ چىرايى ئادەتتىكىچە بولغىنى بىلەن كۈلۈمسىرەپ
تۇرغان ئۇزايىدىن جەلپكارلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇ جەلپكارلىق
يەنە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە، لەۋلىرىدە ئويناپ تۇرغان شاللاقلىق بى-
لەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

بۇ ئىنتايىن نورمال ھەم تەبىئىي بىر ئىش بولدى، ئۇ تو-
زۇت-تەكەللۇپسىزلا ماقۇل بولدى. بىرمۇنچە ئورۇنسىز باھانە-
سەۋەبلەرنىمۇ كۆرسەتمىدى. ئەركىندىن ئاڭلىشىمچە، بۇنداق
قىزلار تولىمۇ كۆز بوياپچى كېلىدىكەن، بىر يەرلەرگە بىللە
بارغۇسى، بىللە كۆڭۈل ئاچقۇسى بولسىمۇ، لېكىن ھە دېگەندە
ماقۇل بولماي، ئۇنداق ياكى مۇنداق باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسى-
تىپ تۇرۇۋالاتتىكەنمىش... ئۇنى باھانە-سەۋەب دېگەندىن كۆرە
غىلجىڭلاش دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ئۆزۈمنى خۇشال، يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم،
كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە يەنە بىر خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇ-
سىمۇ بار ئىدى.

بىردەم تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ ماڭدۇق. نەگە بېرىشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


مىزمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. بازارغا ماڭدۇق دەپلا ماڭغىنىمىز- غۇ... بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— نەچچە لايىقىڭ بار؟ — بۇ گەپنى دەۋاتقاندا كۆڭلۈمدە ھەسەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالدى.

— ئون بىر، سېنى قوشقاندا ئون ئىككى... — دېدى ئۇ بەخىرامان ھالدا. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن پەرۋاسىزلىق چىقىپ تۇراتتى. ئوھوي، قارا بۇنى، بىردەمدىلا مېنى ئون ئىككىنچى قا- تارغا تىزىپ قويۇپتۇ. بۇ تازىمۇ ئەركىن، ھېسسىياتقا باي قىز ئىكەن، لېكىن مەن بەك كىچىكىپتىمەن...

بىز مەن نامىنى بىلمەيدىغان بىر كوچىنىڭ بېشىدىكى كە- چىك بىر قاۋاققا كىردۇق، بۇ يەرگە كىرىشىمىز ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن بولغانىدى. بۇنداق بولارنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. بۇمۇ مەن ئۈچۈن بىر يېڭىلىق بولدى، مېنىڭ بىر قىز بىلەن كو- چىلاردا تونجى مېڭىشىم ئىدى. يەنە كېلىپ ئەمدى قىز بالا بى- لەن قاۋاققا كىرگىنىمچۇ... مۇشۇنداق بىر كۈندە مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ بولارنى چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەنىدىم.

بۇ قاۋاقتا پارچە ھاراق ساتىدىكەن، ئۇ بۇ يەرنىڭ كونا خې- رىدارى بولسا كېرەك، بىمالال سودا قىلىپ، ئۈستەلگە ئىككى ئىستاكان ھاراق ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى شۇنچە ئەركىن-ئازادە ئىدى... ھاياتتا ئاللىقانداق بىر ئىشلاردىن قو- رۇنماي-سىقىلماي يۈرۈش دېگەن ئەجەب ياخشى - ھە، مەن ئۇ- نىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆتكۈزۈپ، جىمجىتلا ئولتۇرۇپ قالدىم. كۆڭلۈمدە ئۆزۈمنى تولىمۇ قولايسىز بىرھالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۇ ماڭا باشقا گەپمۇ قىلماي، تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ قويۇپ، قولىدىكى ئىستاكاننى مېنىڭ ئىس- تاكانىم بىلەن سوقۇشتۇرۇپ قويۇپ ھارقىنى ئوتلاشقا باشلى- دى. دۇكاندار ماڭا قاراپ، ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئۇ ماڭا ئېھتىمال، خېلى نوچىلىقىڭ باركەن، دېمەكچى بولسا كېرەك، رومكا سوقۇشتۇرۇپ ھاراق ئىچىشتەك بۇ ئادەت

قايسى زاماندىن باشلاپ داۋاملىشىۋاتقان بولغىيدى، بۇنى بىلمەي-
مەن، ئۇ ئىستاكاننى پات-پات مېنىڭ ئىستاكانىمغا سوقۇشتۇ-
رۇپ ئالدىرىماي ئىچىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مېنى قاۋاقتا باشلىشى، مەن
بىلەن هاراق ئىچىشى مېنى هەيران قالدۇرۇۋاتاتتى، نېمە مۇددى-
ئا بىلەن مۇشۇنداق قىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ، هېچ جاۋابىنى تا-
پالمايۋاتاتتىم، لېكىن نېمىلا بولسۇن ئۇنىڭ مېنى ئۇلپەتلىككە
تاللاپ مەن بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇشى مەن ئۈچۈن شۇ
تاپتا ئەرزىگۈدەك ئىش ئىدى. سەل نېرىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇر-
غان بىرنەچچە هاراقكەش ئىككىمىزگە دىققەت بىلەن قاراۋاتاتتى،
ئۇلارنىڭ ئاچ كۆزلىرى ئالدىمىزدىكى قىزغا يەۋېتىدىغاندەك تىكى-
لىپ، پارقىراپ كەتكەنىدى، مەن قاۋاقتا كىرگەندىن كېيىن نې-
مە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغاندەك
هېس قىلىپ قالدىم. بۇ ئېھتىمال مەندىكى قورۇنۇش بىلەن ئۇ-
نىڭدىكى ئازادىلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن پەيدا بولغان
تۇيغۇ بولۇشى مۇمكىن.

هاراقكەشلەرنىڭ بىزگە تىكىلىپ قاراۋېرىشىدىن بەكمۇ
بىزار بولۇۋاتاتتىم، نېمانداق نېمىلەردۇ بۇ، ئادەم كۆرمىگەندەك
قاراۋەرگۈچە هارىقىنى ئىچىپ يولىغا ماڭسا بولمامدۇ... ئۇلارنىڭ
ئالدىمىزدىكى قىزغا تىكىلگەن قىزغىن، بەتبەشىرە كۆزلىرىدىن
يىرگىنىپ كەتتىم، كۆڭلۈمدە بىر تۇرلۇك كۇنداشلىق، قىزغى-
نىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىزغا قارا-
ۋېرىشى هەرگىز ئۆزىچىلا بولۇپ قالغان ئىش ئەمەس، غەرەز،
مەقسەت يوشۇرۇنغان ئىش ئىدى. مۇشۇنداق ئويلىغانچە مەندە ئۇ-
نىڭغا نىسبەتەن مەسئۇل بولۇش، ئىگىدارچىلىق قىلىش تۇيغۇ-
سى پەيدا بولۇپ، هېلىقىلارغا تېخىمۇ غەزىپىم تاشتى. شۇ ئارىدا
يېشى ئەللىكلەرگە تاقاپ قالغان، پور سېمىز بىر هاراقكەش بىر
رومكا هاراق كۆتۈرۈپ بىزنىڭ ئۈستەلگە كەلدى.

— كېلىڭە سىڭلىم، ئىككىمىز رومكىلىرىمىزنى بىر سو-
قۇشتۇرايلى... — دېدى ئۇ دەلدەڭشىپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ سۆزلىرى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



نى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن تىترەپلا كەتتىم. ئەمما قورقۇنچ ئىچىدە قالدىممۇ ـ قانداق، ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمىدىم.

پور سىپمىز بىلەن ئىككىسى رومكىلىرىنى سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋېتىشتى.

ــ بولمىسا بىزنىڭ ئۇستەلگىملا بېرىپ ئولتۇرايلى... سوقۇشتۇرىدىغان نەرسىلەر رومكا بىلەنلا تۈگەپ كەتمەس... ــ دېدى سىپمىز ھاراقكەش قىزغا بارغانچە يېقىنلىشىپ.

ــ بولمايدۇ، ئۇ ئەمدى ئىچمەيدۇ، بىز ھازىرلا كېتىمىز، ــ دېدىم مەن. قانداق كۈچ تەسىر قىلدىكىن، ئاغزىمدىن شۇ سۆزلەر چىقىپ كەتتى.

ھېلىقى ھاراقكەش ئاغزىنىڭ يېرىمىدا مەسخىرىلىك ھىجىيىپ قويۇپ ماڭا گۆلەيدى:

ــ ساڭا گەپ يوق، سەن ئۇنىڭ نېمىسى ئىدىڭ شۇنچە.

ــ بولدى ئاكا... ئىچىشۋالىدىغان كۈنلىرىمىز كېلەر، مەن سىزنى ئىزدەيمەن، ــ دېدى قىز ئۇنىڭغا ئەركىلىگەندەك...

ئۇنى-بۇنى دېيىشىپ يۈرۈپ مىلك تەسلىكتە قاۋاقنىڭ سىرتىغا چىقىۋالدۇق. شۇ چاغدىلا خۇددى ئۇستۇمدىن تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ قالدىم. بايام قاۋاقتا ئۆزۈمنى مەھكەم تۇتۇپ قورقماسلىقىم كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم ھەم قورقمىدىمغۇ، دەپ ئۆزۈمنى ئىشەندۈرگەنىدىم. قارىغاندا، قورققىنىم راست ئوخشايدۇ، سىرتقا چىقىپلا ئۇھ دېدىم.

ئۇ يېنىمدا كېتىۋېتىپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە ئۇدۇل قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ماڭاتتى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى سېزىپ تۇراتتىم، جۇدۇنۇم ئۆرلەپ تۇرسىمۇ، لېكىن چىش يېرىپ بىر نېمە دېيىشكە پېتىنالمايتتىم. ئەگەر ھۆرۈ-پۆرۈ دەيدىغان بولسام ئۇ مېنى تاشلاپ قويۇپ كېتىۋېرىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ مەيلى قانداق قىز بولسۇن، ئۇ ھالدا مېنى تاشلاپ كېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتىم. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن شېرىن تەلپۈنۈش ئويغانماقتا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن،

خەققە قارىسا قاراۋەرسۇن، ئۆزىنىڭ ئىشى، دەپ ئويلىساممۇ، لېكىن يەنىلا كۆڭلۈمدىكى غەشلىك ئاۋۇپ كېتىۋاتاتتى. يېنىدا مەن تۇرسام، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋاتسام ئۇنىڭ يەنە باشقا ئەركەكلەرگە كۆلۈمسىرەپ ئىلتىپات كۆرسىتىشى جېنىمغا تېگىۋاتاتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولماي نېمە؟ قاتتىق ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى. ئۆلۈمنىڭ كۇچى يەتمەيدىغان ھېلىقى باشلىق تېخى مېنى خورلىسۇن، ئەمدى كېلىپ سەنمۇ مېنى پىسەنتىڭگە ئالما، بۇ ماڭا ئەلەم قىلمامدۇ، ئادەم دېگەن ئەجەب ئاجىز بىر مەخلۇق ئىكەن. كەتسەڭ كېتىۋەر، قارىساڭ قاراۋەر، دەپلا ئويلىسام، ئۇ كەتسە، باشقىلارغا قاراۋەرسە، مېنىڭ قىلچە ئاچچىقىم كەلمىسە ھەم بۇ ئىشلارغا خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك كۆلۈپلا قويغان بولسام ھەم بۇ چىن مەنىسىدىن پىسەنتىگە ئالمىغانلىق بولسا، ئۆزۈمدىن قانچە رازى بولۇپ كېتەر ئىدىم... ئۇنىڭ كاچىتىغا راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالماقچىمۇ بولدۇم. بۇ ئېھتىمال نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئادەم ئۇرغىنىم بولۇپ قالار ئىدى. ئەمما مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ئۇنى ئۇرۇپ نېمە قىلاي، قارىسا قارىمامدۇ، بەلكىم ئۇ ئۇن ئۇچىنچى، ئون تۆتىنچىلەرنى ئىزدەۋاتسا كېرەك، ئۇ ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەرمۇ... بۈگۈنگۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋاتىمەن، ئەتە ھەممەيلەن ئۆز ئىشىمىز، ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن بولۇپ كەتسەك ئۇ نەدە، مەن نەدە، بىر-بىرىمىزنى ئىزدەپمۇ قويماسلىقىمىز مۇمكىن، خۇددى ئەزەلدىن بىر-بىرىمىزنى كۆرۈپ باقمىغاندەك ئۆز يولىمىزغا كېتىۋېرىمىز... بۇنداق قىزلارنى نۇرغۇن ئەركەكلەر بىردەملىك كۆڭۈل خۇشى ئۇچۇن ئىزدەپ يۈرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ھېچكىم ئۆمۈرلۈك جورام بولسۇن دەپ ئەتىۋارلاپ نىكاھىغا ئالمايدۇ... مەن بۇ يىل ئۆزۈمنى 22 ياشقا كىردىم دەپ ھېسابلايمەن، كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ نىكاھلىنىپ، خوتۇنلۇق، ھەتتا بالىلىق بولۇشۇممۇ مۇمكىن، ئەمما مەن ئالىدىغان قىز نەدە، چىراي شەكلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تارقاتقۇچىسى



قانداق... بويى ئېگىزمۇ، پاكارمۇ، مىجەزى كىيلىشەڭگۈمۇ ياكى تازا بىر كوت-كوت چىقىپ قالامدۇ... بالام بولسا ئۇ قانداقراق ئادەم بولار... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىر مەن ئۈچۈن تولىمۇ قاراڭغۇ بىر ئىشلار. ئادەم دېگەن شۇنداق بىرنەرسە بولسا كېرەك، ئەتە، ئۆگۈن نىمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى مەڭگۈ بىلەلمەيدۇ. شۇڭا ئادەمدە ئەتىسى ئۈچۈن ئۈمىد دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا كېرەك.

ئۇ بارغانچە كۆلگۈنچەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ھاراق ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتسا كېرەك، مەنمۇ بارغانسېرى يەڭگىللىشىپ قالغاندەك بولۇپ، گاھى-گاھىدا ئۇنىڭ كۈلكىسىگە جور بولۇپمۇ قالاتتىم. ئۇ كۆزۈمگە بارغانسېرى ئىسسىق كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭدىن ئاللىقانداق بىرنەرسىلەرنى تەلەپ قىلسام يولluق بولىدىغاندەك بىر ھېس ئىچىدە يەنە سەل جىددىيلىشىشكە باشلىدىم.

— خالىيراق يەر بولسا بىرىپ كەلمەيلىمۇ، — دېدىم مەن ئاخىرى كۆڭلۈمدىكى تەشۋىشلىرىمنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە بېسىۋېلىپ تۇرۇپ.

— نىمە ئىش قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ ئەركىلىگەندەك قاش-كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

تاتلىق ناز- كەرەشمىنىڭ سېھرىي كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئەرلەرنىڭ يۈرىكى ھامان مۇشۇ تۇزاقتا چۇشۇپلا تۇرسا كېرەك.

— ئاۋۋال بىرىپ باقمايلىمۇ... يا بىرىپلا قايتىپ كېلەرمىز، — كۆڭلۈمدە تۇرلۇك تەشۋىش، ئەنسىزلىك يەنە غەلىيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى. يۈرىكىم سىيلىپ، ھاياجاندىن تىلىممۇ ھىچ گەپكە كەلمەيۋاتاتتى.

ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن قويۇق بىر سۆگەتلىككە كىلىپ قالدۇق، بۇ پىنھان، خالىي بىر جاي ئىكەن، بۇككىدە ئۆسكەن سۆگەتلەر ئەتراپقا قاراڭغۇ سايە تاشلاپ تۇراتتى، بۇ ئېھتىمال ھىلىقىدەك مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۇۋا ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئارامگاھى

بولسا كېرەك. سۆگەتلەرنىڭ ئۇزۇن چىۋىقلىرى باش ئۇستىمىز-دە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئەتراپنى ئالىلقانداق بىر نەم، كۆچلۈك پۇراق قاپلىغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مەستخۇشلۇقتىن خۇمارلى-شىپ كەتكەنىدى... ئۇ ماڭا چاپلىشىپ دېگۈدەك يېقىن تۇرۇپ، تىرناقلىرى ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن بويۇنلىرىمنى، يۈزلىرىمنى سىلاشقا باشلىدى. تىرناقلىرى قىپقىزىل بويالغانىدى. ئۇ يۈز-لىرىمنى سىلىغاچ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ، ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى، مەن نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، ئەمە-لىيەتتە قاتتىق ھاياجاندىن تىلىم گەپكە كەلمەيۋاتاتتى، مانا شۇ چاغدىلا مەن ھەقىقىي مەست بولدۇم، بۇ ھاراق ئىچكەندىكى مەستلىككە ئوخشىمايدىغان، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ جاننى قاقشىتىدىغان شېرىن مەستلىك ئىدى. ئۇ بىردىنلا نېرى-غا بېرىپ تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ ھەرقاچان مېنىڭ ھېلىقىدەك خىيالىمنى بىلىپ قالغان بولسا، شۇنىڭغا خاپا بولۇۋاتامدۇ- يا؟ تەلۋە ھېسسىياتنىڭ مېڭەمگە ئۇچۇپ چىققان قىزىل ئۇچقۇنلىرى تىنىمسىز پىلىلدايتتى، قانلىرىم قايناپ تاشقاندەك، ۋۇجۇدۇم ئوت ئىچىدە قالغاندەك ئىدى. مەن ئۇنىڭغا مەقسىتىمنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا، ئۇنىڭ نېرىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالغىنى نېمىسى؟ دېمەك، ئۇ ئۇنداق ئىشنى خالىمايدىكەن - دە، قارىسام ھە دېسىلا ئۆزىنى تاشلاپ بېرىدىغاندەك قىلاتتى... ئۇنداقتىمۇ ئۇنداق ئاسان بول-دى قىلىغۇەتكۈم يوق ئىدى، بۇنداق پۇرسەت كۈندە كېلىۋەرمەي-دۇ - دە...

— دەرھال كېيىملىرىڭنى سال، بولمىسا... — دەپ ۋارقى-رىدىم. ئاۋازىم غەلىتىلا چىقىپ كەتتى، شۇنداق ۋارقىرىدىمىۇ قاتتىق قورقۇپ، ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالدىم. ئەگەر ئۇ مەندىن قورقماي تەلىپىمنى رەت قىلىدىغان بولسا، بۇ يەردىن ئىزا-ئاھانەت ئىچىدە قانداق كېتىۋېلىشىم بىر گەپ ئىدى. كاللام ۋاڭشىپلا كەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



— بوشراق ۋارقىرا، تېخى ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ بالا...
ئۇنىڭ مېنى بالا دېگىنى قانداق مەنىدە ئېيتىلغان گەپ؟ نېمە دېسەڭ دەۋەر، ئىشقىلىپ هازىر مېنىڭ ئويلايدىغىنىم بۇلار ئەمەس... بۇنداق ئىشلار قايسى زامانلاردىن باشلاپ مۇشۇنداق بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا، پىنهانلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغىيدى، بۇنداق ساۋاتلارنى تارىخىي كىتابلاردىن ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ، ئەخلاق چەكلىمىسى قاراڭغۇغا قىستاپ ئەكېلىپ قويغان بۇنداق ئىشلاردىن نېمىلەرنى چۈشەنگىلى بولار... ئادەمدىكى تەبىئىيلىك بىلەن ئەخلاق چىقىشالامدۇ- نېمە؟ ئەخلاق دېگەن بۇ نەرسىنى قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇدرىتى چەكسىز. ئەخلاق دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تۈپ نۇقتا ئىنسانىڭ قايسى ئالاھىدىلىكىدە؟... ئىنساندىكى ئەخلاقىي تۇيغۇ بۇنىڭدەك تەبىئىي، بولمىسا بولمايدىغان ئىشلارنى ئەبەدىي چەكلەپ تۇرسا كېرەك.

مەن دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇردۇم. يۈرىكىم ئوت بولۇپ ياناتتى، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا قارىيالمايتتىم، هاياجان ۋە شېرىن هارغىنلىقتىن تېنىم بوشاپ، راھەتلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇ خۇددى هېچ ئىش بولمىغاندەك مۇشۇ كۆنلەردە مودا بولۇۋاتقان بىر ناخشىغا غىڭشىپ، كىچىككىنە بىر ئەينەككە قاراپ قاش- كۆزلىرىنى تۈزەۋاتاتتى. ئۇ خېلى پىشىپ يېتىلگەن قىزلاردىن بولسا كېرەك.

مۇشۇنداق چاغدا، بولۇپمۇ نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا خەقلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغان بولسام قانچە ئۇياتقا قالار ئىدىم، ئەڭ يامىنى، مۇشۇنداق ئىشلارنى مۇتلەق ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان چارلىغۇچىلار... مەنغۇ تا هازىرغىچە ئۇنداقلارغا يولۇقۇپ باقمىدىم. يولۇققان تەقدىردىمۇ ئۇلار بىر نېمە دېگۈدەك ئىشنى ئەزەلدىن قىلمىغاندىم. بۇ پەقەت تونجىسى ئىدى، كىنولاردىن كۆرسەم ئۇنداق كىشىلەر ناهايىتى سۈرلۈك بولىدىكەن، قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن دەيمىز-دە. ئالدىراپ

خۇش بولۇپمۇ كەتمەي، ھەممە ئەھۋالنى بىرەرسى كۆزىتىپ تۇر-
غان بولسىچۇ... ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىۋاتقاندىلا ياخشى ئىش
قىلمايدىغانلىقىمىزنى سەزگەن بىرەرسى كەينىمىزگە چۈشۈپ
مۆشۈ يەرگىچە كەلگەن بولسا ھەم ھەممىنى كۆرۈپ كۆزىتىپ
تۇرغان بولسىچۇ... ئەگەر ئۇنداق بولسا تۈگەشكىنىم شۇ. ئادەم-
نى پالاكەت باسسا، تۈز يولدا كېتىۋېتىپمۇ پۇتلىشىپ كېتىش-
تىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ئەگەر بۇ ئىشنى ھەقىقەتەن بىرەر ئوت
قۇيرۇقى كۆرۈپ قالغان بولسا ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ، بۇنداق
ئىشنىڭ خاراكتېرى چوقۇم باسقۇنچىلىق، دەپ بېكىتىلىدۇ.
ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىيارى بويىچە بولغان دېسىچۇ، بۇنىڭ-
غا كىم ئىشىنىدۇ. بۇنداق ئىشنىڭ زادى بولمىغۇر ئىش ئىكەن-
لىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق قىلدىم. ئاۋۇ بىرنىمە ئېھ-
تىمال بۇنداق ئويلىمىسا كېرەك، بۇ ئەخلاق بىلەن قارشىلاشقان
بولۇپ ھېسابلىنارمۇ ... ئەمىسە نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ، نې-
مىشقا ئادەم دېگەن قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى تولا
قىلىدىغاندۇ، ئادەم دېگەندە بىرخىل تۇغما قارشىلىق بارمىكىن،
دەيمەن. چەكلەنگەنلا ئىش بولسا، خەقلەرنىڭ شۇ ئىشلارنى قىل-
غۇسى كېلىپلا تۇرىدۇ. مەن ئۆزۈممۇ شۇ، بىزنىڭ ھېلىقى باش-
لىق نېمىنى قىلما دېسە، مەن ئۇنىڭدىن شۇنچە قورقۇپ تۇر-
سامۇ، قىلما دېگەننى بىر قىلىپ باققۇم كېلىدۇ. ھەرقانچە
تەنبىھ يېسەممۇ يەنە شۇ. قىل دېگەننى ئۆزۈمگە پايدىلىق بول-
سىمۇ ئامالسىز ئەھۋالدا قىلمىسام تازا قىلغۇم كەلمەيدۇ. بۇ
تۇغما قارشىلىقنىڭ مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلى-
قىدىن بولسا كېرەك.

بېشىمنى قاماللاپ، كۆزۈمنى يۇمغانچە جىممىدە ئولتۇرۇپ
قالدىم. خىيالىمدىن ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىشلار ئەگىشكە باشلى-
دى. ئادەمدە خاس خاراكتېر بار دېيىلسە مەندىكىسى چوقۇم
قورقۇنچاقلىق. ھەرقانچە بىر ئىشلارغا قارشى تۇرۇپ بېقىشنى،
قورقماسلىقنى ئويلىسامۇ، لېكىن بىردەممۇ قورقۇنچتىن قۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تولالماي يۈرىمەن.

ئەس باستى! بۇنى ئەس باستى دېگەندىن كۆرە، تۇگەشتىم دېسەممۇ بولىدۇ. چىرايى بەتبەشىرە بىر ئەخمەق يەردىن ئۈنگەنـ دەكلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن سۇر-ھەيۋە يېغىپ تۇراتتى. كۆزلىرى ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەك تىكىلەتتى. چىرايىدا شادلىقنا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆرۈن كۈلۈمسىرەش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بايا ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىكەن-دە، ئۇ سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتۈپ، مېنىڭ قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇشۇمنى ساقلاپ تۇرغان بولسا كېرەك. مانا ئەمدى يوغان بىر ئىش قىلغاندەك، تەكەببۇرلۇق بىلەن ئالدىمدا گىدىيىپ تۇرۇشىنى دېسە ئۇنىڭ.

ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ-سۆز قىلماي يانچۇقىدىن كويزىنى ئالدى. بۇ ئۇنىڭ ئەمدى سىنىڭ بىرنېمە دېيىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەنلىكى بولسا كېرەك. ناھايىتى ھەيۋە بىلەن قولۇمغا كويزا سالدى. ئۇ بايىقى ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرغانمىدۇ؟ ماۋۇ سەتچىلىكنى، مانا ئەمدى مېنىڭ خالاش-خالىـ ماسلىقىم ئۇنىڭغا بەرىبىر، ئۇ مېنى ئاپىرىدىغان يەرگە ئاپىرىـ دۇ. ھەممە ئىشلارنى تولۇق سورايدۇ، ئاندىن قىلغۇسى كەلگەننى قىلىدۇ. نېمە دەپ مۇشۇنداق ئىشنى قىلغاندىمەن؟ ئەمدى مۇـ شۇكىنىڭ قولىغا چۈشكەن چاشقاننىڭ ئۆزى بولدۇم.

بۇ ئەبلەخ ماڭا نېمانچە ئالىيىدىغاندۇ؟ خۇددى كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئىشنى قىلغاندەك. بۇ ئەمەلىيەتتە ۋاي دەپ كەتكۈدەكمۇ بىر ئىش ئەمەس، ئەركىندەك نېملەر ھەپتىدە بىرـ نى يەڭگۈشلەپ تۇرسىمۇ قولغا چۈشۈپ قالمايدىكەن. مەن تېخى ئەمدى بىرىنچى قەدەمنى باسقاندىمغۇ... لېكىن بۇ ئادەمگە ئۇنداق دېگەنبىلەن قاملاشمادۇ... يا ئۇ مېنىڭ بايىقى ئىشلىـ رىمغا ھەسەت قىلىۋاتامدىكىن، بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا قارىسا بۇ قىزمۇ خېلىلا چىرايلىق...

— قولغا چۈشتۈڭ، ھەممىنى ئېيت، زادى نېمە ئىشلارنى

قىلدىڭ؟...

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق يېقىمسىز، سۇرلۇك ئىدى، قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. نېمە دېسەم بولار. بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە سوراپ نېمە قىلىدۇ. بۇنىڭ نېمە ھاجىتى، بېرىدىغان جازاسىنى بەرسىلا بولمامدۇ، ھەممىنى دېگەن تەقدىردىمۇ بۇ يەردىن ئەمدى چىقىپ كەتكىلى بولمايدىغاندەك، ياۋاشلىق بىلەن ھەممىنى دەپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ باقايمىكىن- يا. ماڭغۇ بىر نۇرى، قىز بالا بولغان ئۇنىڭغا سەت-دە، ئۇ بىر-نېمىگۇ بىرەر ئىشنى قېتىغا ئېلىپ قويىدىغاندەك ئەمەس، بەربىر بولىدىغان ئىش بولدى، دەۋەتسەممۇ بولاتتى، لېكىن بۇ ئادەمنىڭ سوئالى جاۋاب بېرىشكە بەكمۇ قولايسىز، سۆزلەشكە ئادەم ئوڭايسىزلىنىدىغان سوئال بولۇپ قالدى. بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا سورايدىغاندۇ؟ كۆرمىدى دېگەن تەقدىردىمۇ پىنھان جايغا جىممىدە كېلىۋالغان بىر ئەر بىلەن بىر ئايال زادى نېمە ئىش قىلماقچى ئىدى... ياكى ئۇ مېنىڭ يامان ئىش قىلغانلىقىمغا ئىشەنچ قىلالمىدىمىكىن، مۇشۇ قىزنى بەكمۇ ئىپپەتلىك ھېسابلاپ كەتتىمۇ- يا... نېمە دېسەم بولار...

— سەندىن سوراۋاتىمەن.

ئۇ ماڭا گۆلەيدى، ئوزايىدىن بىر تۇرلۇك ھەسەت، ئىچى قارىلىق چىقىپ تۇراتتى. نېمىگە شۇنچە چىڭ تۇرۇۋالىدىغاندۇ؟ كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتسىمۇ بولىدىغان ئىشلارغۇ بۇ. بۇنداق ئىشنى قانداق سۆز بىلەن چۈشەندۇرسە ياخشى بولار...

— ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئىش...

مەن ئۆز جاۋابىمدىن مەمنۇن بولۇپ، رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. قارىغاندا بەزى گەپ-سۆزلەرنى خېلى قاملاشتۇرۇپ قىلالايدىغاندەك ئىدىم.

شۇئان ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىدا غەزەپ ئالامىتى كۆرۈندى، چىرايى تۇتۇلۇپ، قوشۇلما قاشلىرى ئارىسىدا بىر تۇرۇك پەيدا

www.uyghurkitap.com



بولدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭدىن ئانچە قورقۇپمۇ كەتمىدىم. يۈز بىر-
رىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىش يۈز بېرىپ بولدى. ئەمدى پۇ-
شايمان قىلسامۇ، قورقسامۇ بەربىر ئىدى. مەندىن قورقتى
دەپ ئۇنىڭ ماڭا كەك قوللۇق قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ھىم...

ئۇ باشقا گەپ قىلماي چىرايىمغا ئۈنسىز قاراپ كەتتى. ئۇ
ئېھتىمال مېنىڭ بۇنداق جاۋاب بېرىشىمنى كۈتمىگەن بولسا
كېرەك. بەلكىم سەمىمىيلىكىمدىن تەسىرلىنىپ كەتكەندۇ. مەن
ھە دېگەندە ئۇنىڭغا گەپنىڭ راستىنى قىلغاندىم. بۇ ئۇنىڭغا
بولغان ھۆرمىتىمدىن ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنى ھۆرمەتلەپ نىمە
قىلىمەن، ئۇ ماڭا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردى. بۇ دېگەن
سورۇشتۇرۇپ، سوراپ يۈرمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئىدى. بۇ
قانچىلىك ئىش، بۇنداق ئىش دېگەن تولا، قايسى بىرىنى سوراپ
ئۆلگۈرىدۇ. مەن كۆڭلۈمدىكى ھەممە تۈگۈنلەر يېشىلىپ كەتكەن-
دەك بولۇپ يەڭگىل ئۇھ تارتىپ قويدۇم.

— قانداق، بەك ھېرىپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟... — قىز-
نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزۈمنى ئاچسام، ئۇ ھاياسىز كۈلكىسى
بىلەن چىرايىمغا قاراپ تۇرۇپتۇ. ھېرىپ كېتىپتىمىشمەن، سەن
نېمىنى بىلەتتىڭ ... دۆت... شۇ چاغدىلا مەن قورققىنىمدىن
ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم-دە، ئۇنىڭغا ۋارقىرىدىم.

— بۇ ئىشنى بىركىمگە ئېيتما جۇمۇ...

ئۇ ماڭا زاڭلىق قىلغاندەك قاراپ قويدى، ئاندىن شادىمان
ئاۋازى بىلەن كۈلۈپ كەتتى-دە، قوللىرىنى قاس چىقىرىپ
قويۇپ:

— ۋاييەي... بۇ ئىشنىڭ بىركىمگە دەپ يۈرگۈچىلىكى بار-
مىتتى... — دەپ قويۇپ، قىزىل سومكىسىنى مۈرىسىگە ئارت-
تى-دە، يېنىمدىن كەتتى. ئۇنىڭ قەددى دەرەخ شاخلىرى ئارى-
سىدا غايىب بولدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپلا
قالدىم. مېنى شۇنچە تەشۋىش، ئەندىشىگە سالغان بۇ ئىش ئۇنىڭ

نەزەرىدە كۆڭۈل بۆلۈشكىمۇ ئەرزىمەيدىكەن ئەمەسمۇ... خۇددى هېچ ئىش بولمىغاندەك ئەپتىنى قارا ئۇنىڭ. بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەن بىرنېمە بولسا كېرەك. ئەخمەق، خام-خىيال قىلما... مەن ھەرگىز ئۇن ئىككىنچى بولمايمەن ھەم بىرىنچى بولۇشنىمۇ خالىمايمەن...

تولىمۇ روھىم چۈشۈپ كەتتى، ھەممە ئىش جايىدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈمنى غەشلىك قاپلىغانىدى.

پەرىشان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئىشىكنى مەھكەم تا-قاپ، كارىۋىتىمغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ياتتىم. كارىۋات ھەر دائىم-قىدەك غىچىرلاپ كەتتى. كۆزۈمنى يۇمۇشۇم بىلەن تەڭ ھېلىقى خىيالىي مەشۇقۇم يەنە پەيدا بولدى. ئۇ يەنە شۇنداق بەرنا، شۇنداق تارتىملىق ئىدى. ئۇ خىيالىمغا كىرىۋالغانسېرى ئۆزۈمە-نى بەكلا بىچارە ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بۇ دېگەن نورمال ئەر-كەكتە بولىدىغان ئىش ئەمەس، بايىقى بىرنېمە بىلەن ھېلىقىدەك ئىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر شۇ چاغدىكى ھۇزۇر ۋە ھا-ياجاندىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. خىيالىمدىكى قىز ھەقىقەتەن مېنىڭ سۆيۈشۈمگە ئەرزىيتتى. ئۇنىڭدا مېنى مەسخىرە قىلىدى-غان، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولمىغۇر ئەيىبلەر يوق ئىدى... تۇرۇپلا ئۆزۈمنى تولىمۇ خاتا قىلغاندەك ھېس قى-لىپ قالدىم. كۆڭلۈمدىكى ناتىۋان گۈزەلىمگە يۈز كېلەلمەيدى-غاندەك ئىدىم. پەرىزىمچە ئۇ ھەممىنى بىلىدىغان، مېنىڭ نېمە قىلغانلىقىم، نېمە ئويلىغانلىقىمنى تۈيۈپ تۇرىدىغاندەك ئىدى. ئۇ ياكى تامغا چاپلاپ قويغان رەسىمگە ياكى باشقا بىرسىگە ئوخشىمايتتى، ئەگەر ئاشۇ رەسىم بىلەن خىيالىمدىكى قىز بىر-لىشىپ، بىر مۇكەممەل، جانلىق، ھەقىقىي قىزغا ئايلانغان بولسا ئەجەب ئوبدان بىر ئىش بولاتتى، لېكىن نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن...

ئەتىگەندە ئاللىقانداق بىر خىياللار بىلەن زاۋۇتقا ماڭدىم. تۈنۈگۈنكى ئىشلارنىڭ راستىنلا بولغان، بولمىغىنىنى ھېچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئاڭقىرالمايلا قالدىم. بۇ ئىش خۇددى بىر چۈشتەكلا، ھېچ بىر ئىزناسى قالمىغاندەكلا ئىدى. ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق ئىش بولغانلىقى تولۇق راست بولسا، ئىشقىلىپ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ-نىڭ بىلەن پات-پات ئۇچرىشىپ تۇرسامبۇ بولغۇدەك. ئەگەر يال-غان بولۇپ قالسا، بەكمۇ ئۆكۈنۈپ كەتكۈلۈكمۇ ئەمەس. بۇ دۇن-يادا خىيال قىلىپ، ئارزۇ قىلىپ، مۇرادى ھاسىل بولۇۋېرىدىغان ئادەم نەدە بار. خان ـ پادىشاھلارنىڭمۇ ھەممە ئۈمىد-ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىۋەرمەسە كېرەك.

شۇنداق كېتىۋاتسام بىرسى چاقىرىپ قالدى. زاۋۇتنىڭ دەرۋازىسىغىلا كېلىپ قالغانىكەنمەن. جايىمدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. بۇ چاقىرغان ئاۋاز ماڭا بەش قولدەك تونۇش ئىدى. ئا-تا-ئانامنىڭ ئاۋازىمۇ ماڭا بۇنچىلىك تونۇش ئەمەس ئىدى. بۇ ئاۋاز يۈرىكىمگە مىخ سانجىغاندەك تەسىر قىلىپ كەتتى، چاتاق چىقتى، ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن ئەمەسمۇ...

باشلىق ئالدىمدا كېتىۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پاي-پاسلاپ مېڭىۋاتاتتىم. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنسام-مۇ، يەنىلا يۈرىكىم سىلىپ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قىلىۋا-تاتتى. خۇدانىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدىم. بۇ ئۆلۈم تەگكۈر باشلىقتىن نېمانچە قورقىدىغاندىمەن. ئۆزۈمگە شۇنچە غەيرەت بەرسەممۇ ھېچ كار قىلار ئەمەس. قورقۇنچتىن پۇت-قوللىرىم تىترەپ، مېڭىشىممۇ ھېچ قولاشماي قېلىۋاتاتتى. قاد-لىرىم مۇزلاپ كەتكەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى سوغۇق بىر تۈيغۇ قاپساپ بارماقتا ئىدى. قورقۇنچ مېنىڭ قان-قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بولمىسا قورقماي دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە شۇنچە مەدەت بەرگىنىمنىڭ نېمىشقا رولى بولمايدۇ.

ـــ ھۆججەتنى نېمىشقا ئاپىرىپ بەرمىدىڭ؟

باشلىقنىڭ كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن، غە-زەپتىن چىرايى تۈمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئاچچىقلانغانلىقىنى ئىلگىرى پەقەتلا كۆرمىگەنىدىم. شۇ تۇرقىدا

يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپلا كەتكەن بولسا بۇ ئەبلەخ، راست، تېخى ئۇ ھۆججەتنى ئاپىرىپقۇ بەرمىدىم، ئۇنى نەدە قويۇ- غاندىمەن؟ ھۇ كاساپەت، تازىمۇ پېشكەل قېتىش بىر نېمە ئىكەن- غۇ ئۇ، نەدىن يولۇقتى، ئەگەر شۇ بىرنېمە بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىغان بولسام مۇشۇ ئىشمۇ يوق... بۇ باشلىق ھەممە ئىشىم- نى، تونۇگۇنكى ھېلىقى ئىشلىرىمنى بىلىۋالغاندىمۇ- يا، مې- نىڭدىن قوسۇر تاپالماي يۈرگەندە، قېنى قانداق قىلىدىكىن، دەپ كەينىمدىن پايلاپ بارغان بولسىچۇ، بۇنىڭدەك ئوسال كىشىلەر ھەرقانداق ئىشنى قىلىشى مۇمكىن، ھېلىقى قىزغا تېخى مۇشۇ ئەبلەخ كۆز تاشلاپ يۈرگەن بولسىغۇ ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ. بۇ ئادەم چوقۇم ھەممىنى بىلىپ بوپتۇ. بولمىسا مۇنچىلا ئاچ- چىقلاپ كەتمەستى. ئون بىرىنچى رەتنىڭ ئالدىدا ئۇمۇ بارمۇ تې- خى، يا بىللە كېتىۋاتقىنىمنى بىرەرسى ئۇنىڭغا چېقىپ قويىدى- مىكىن... ھەممىنى ۋاقتىدا ئىقرار قىلىپ، كەچۈرۈم سورايمى- كىن- يا... ئەمدى ئىككىنچىلەپ ئۇنى ئىزدىمەيمەن، كۆرۈشمەي- مەن، دەپ ۋەدە بەرسەم ئاچچىقى يېنىپ قالارمۇ... ئوڭچە تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولار... دېگىنىنى قىلماي بىر، تى- مىسقىلاپ يۈرگەن قىزنى تارتىۋېلىش ئىككى، ھەممىنى دەي، قۇتۇلۇپمۇ قالارمەن...

— مەن ئېيتاي، ئەسلىي ئۇ ئىش مېنىڭ خاھىشىم بىلەن بولمىغان، ئۇ ئۆزى مېنى باشلاپ يۈرۈپ... شۇنداق بىر ئىشلار بولۇپ قالدى، ئەمدى ئىككىنچىلەپ...

— ئاغزىڭنى يۇم! سەن تېخى مېنى كۆزگە ئىلمىغۇدەك بوپسەن-دە، ئىشلىتەي دېسەم سەندەك نېمىلەر ساماندەك، ماڭ! سەن بىلەن كېيىن ئوبدان ھېسابلىشىمەن !

ئۇ بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمەيلا قالدى. كالا پۇشۇلدىغاندەك ئې- غىر-ئېغىر تىناتتى. دېسەم-دېمىسەم چىرايى پوكاندەك ئېسى- لىپ، قىزىرىپ كەتتى بولغاي، مېنى كۆزگە ئىلمىدىڭ دەۋاتقى- نىنى، مەن بۇ بىرنېمىدىن قورقۇپلا يۈرۈۋاتقان ئادەم تۇرسام،

www.uyghurkitap.com



كۆزگە ئىلماسلىققا تىرىشتىم. ھەيدەۋاتقان ئاتنىڭ تاپ، دەپ قالسا قانداق قىلارمەن. ئىرۋام ئاجىزلاپ كەتمىگەندۇ، ئەركىن ئالدىنقى ھەپتە: «سەندىن گاھىدا ئەنسىرەپ قالىمەن، بەزى قىلىقلىرىڭ، گەپ-سۆزلىرىڭ ئىرۋىسىدىن كەتكەن ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ» دېسە بەكلا خاپا بولغانىدىم، ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست چىقىپ قالارمۇ... كۆزگە ئىلمىدىڭ... باشقىلار كۆزگە ئىلمىسا سېنىڭمۇ ئاچچىقىڭ كېلىدىكەن-دە... ئەگەر ھۆججەتنى مەن ئۇنتۇپ قېلىپ ئەمەس، ئۇنى پىسەنتىمگە ئالماي، سېنىڭ دېگەنلىرىڭ بىر تىيىن دەپ قويۇپ، قەستەن ئاپىرىپ بەرمىگەن ھەم بىلىپ تۇرۇپ تاشلىۋەتكەن بولسام- ھە، ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن ئۆز-ئۆزۈمدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن بولاتتىم.

چاتاقنىڭ چوڭى ئەمدى چىقىدىغان بولدى. كېيىن ھېسابلىشىمىز، دېگىنى ھازىرچە مېنىڭ ئەدىپىمنى بېرىدىغان چارىنى ئويلاشقا ۋاقتى يەتمىگىنى ياكى ئويلاپ تاپالمىغىنىدىن بولۇشى مۇمكىن. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ مېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ. ئۇنىڭ مەندىن زادى قانداق ۋاستىلەر بىلەن ئۆچ ئالماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسام ئوبدان بولاتتى. ئۇنىڭدا يېتەرلىك ۋاقىت بار. چارە تاپالايدۇ. نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايدۇ. «قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، ئىشقىلىپ مەن سەندىن قورقمايمەن...» بۇ خىيالىمۇ قورقۇنچۇمنى باسالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن ھودۇقۇش، گاڭگىراش ئىچىدە، ئېغىر تىنىپ ئولتۇرغان باشلىققا يەر تېگىدىن ئاران بىر قاراپ قويۇپ، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

سىرتقا چىقىشىم ئىشداشلىرىم قىزىق پاراڭلار بىلەن كۈلۈشكەچ ئىشلەۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ ھېچقايسىسى ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى، ھەيرانمۇ قالمىدى. ئۇلار مېنىڭ تۈنۈگۈنكى ئىشلىرىم، باشلىقنىڭ مېنىڭ تاناۋىمنى تارتقانلىقىدىن بىخەۋەر بولسا كېرەك. بۇ ئاغىنىلەرمۇ قىزىق، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى خوتۇنلار ئۈستىدىلا بولىدۇ. ئايال جىنسى چاپلاشقان نېمىلەركەن بۇ، يىل-ئاي مۇشۇنداق گەپلەرنىلا قىلىپ

يورۇشتىن زېرىكمەمدىغاندۇ؟ شۇنداق ئويلىساممۇ، ئۇلارنىڭ ئا-شۇ خوتۇنلار ھەققىدىكى گەپ - سۆزلىرىنى، چاقچاقلىرىنى ئاڭلاش ماڭا بەك ياقاتتى. بۇ ئاغىنىلەرنىڭ بۇنداق قىزىق گەپ-لىرىنى نەدىن تاپىدىغانلىقىغا زادىلا ئەقلىم يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار دۇنيادا قىلىدىغان باشقا گەپ يوقتەك ئايال-لار ھەققىدىلا پاراڭ سوقۇشاتتى، زاۋۇتتا بىرنەچچەيلەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشلىقتىن تارتىپ ھەممەيلەن بويتاق ئىدۇق. شۇڭا بۇ يەردە قىز-چوكانلار توغرىسىدا گەپ-سۆز جىق بولۇشى مۇم-كىن. بۇ يەردە ئەركەكلەر قاتتىق ئىچىرقاش ئىچىدە قالغاندەك، كۆڭلىدىكى تەلپۈنۈش، ھەۋەس-ئىشتىياقلىرىنى ئاشۇنداق چاق-چاقلارنى ھارماي سۆزلەش بىلەن ئىپادىلەپ يورۇۋاتقاندەك ئىدى. ھەتتا بۇ يەردە بىراۋنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرمۇ ئۆ-لۈم مەرىكىسىدە ھازا ئاچقان قىزنىڭ يىغا ئاۋازى ھەققىدە بولۇ-نۇپ، ئاستا-ئاستا يەنە خوتۇن كىشى توغرىلىق ئەپسانە پاراڭ باشلىنىپ كېتەتتى.

ھازىرمۇ يەنە شۇ كونا تېمىدىكى يېڭى پاراڭ، گەپ-سۆزلەر ئادەتتىكىچە ئەمەس، پىنھانلاردا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ نازۇك يەرلىرىگىچە بېرىپ تاقىلاتتى. ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئاغزى ئېچى-لىپ قالغۇدەك بۇنداق مۇكەممەل، ئىنچىكە تەپسىلاتلارغا ئىگە پاراڭ، لەتىپىلەرگە خېلى ئوبدانلا كاللا سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. پەرىزىمچە، مۇشۇ ئاغىنىلەرنىڭ ئەقلىنىڭ، زېھنىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاياللارنى ئويلاش ۋە ئۇلار ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر ئۈچۈن سەرپ بولۇپ كەتسە كېرەك. زاۋۇتىمىزنىڭ روناق تاپالماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ شۇ بولۇشى مۇم-كىن. يېقىندىن بۇيان خېرىدارلىرىمىز ئازلاپ، كونىمىز بىكار-چىلىقتا دېگۈدەك ئۆتۈۋاتاتتى. بىزنىڭ باشلىق ئېھتىمال مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئاچچىقنى مەندىن چى-قىرىۋالدى بولغاي. «ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك بىر ئىش بولدى. يەنە كېلىپ شۇنچە ئادەمنىڭ ئىچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇنىڭ بالاسىغا مېنىڭ قالغىنىمنى قارىمامدىغان. گاھىدا كۆڭ-لۈم قاتتىق يېرىم بولۇپ، مۇشۇ دۇنياغا ئادەم بولۇپ يارىلىپ قالغىنىمدىنمۇ ئۆكۈنۈپ قالىمەن. لېكىن يەنىلا ياشىماي بولماي-دۇ، ئامال يوق. ئارزۇسى دائىم كۆپۈككە ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئا-دەملەرمۇ شۇنداق خىياللارغا كېلىپ قالسا كېرەك.

— لەۋلىرى ئېچىلمىغان غۇنچىنىڭ ئۆزى، بەل تولغاپ مې-ڭىشلىرى كاساپەتنىڭ...

قىزلارنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى ئالما، غۇنچە، تال چىۋىق دېگەندەك نىمىلەرگە ئوخشىتىپ ھېكايە توقۇش يازغۇچىلارنىڭ ئادىتى. ھېلىقى گەپلەرنى قىلغان ئاداش دائىم مۇشۇنداق سۇ-رۇنغا ماس كەلمىسىمۇ كىتابلاردىن ئوقۇپ ئۆگىنىۋالغان گەپ-لەرنى دەپ يۈرىدىغان بىرنېمە ئىدى. ھازىرقى گېپىمۇ يەنە شۇ. ئۇمۇ ئېھتىمال كۆڭلىدىكى ئاچارچىلىقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇھەببەت رومانلىرىنى تولا ئوقۇپ شۇنداق سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغاندۇ. ھېكايە-رومانلاردىكى قىز-ئاياللار باشقا بىر دۇنيانىڭ ئادەملىرى، ئۇ كىتابلاردىكى گۈزەللەر سەممىمىي، مۇلايىم. ئۇنداق قىزلار كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيادا مەۋجۇت بولمىسا كېرەك. مەن بۇلارنى خېلى بۇرۇنلا ھېس قىلغانىدىم. بۇنىڭغا قارىغاندا يازغۇ-چىلار كۆز ئالدىدىكى گۈزەللەردىن رازى بولماي، ئۆز تەسەۋۋۇ-رىدىكى ئەڭ ئېسىل نازىنىنلارنى سىزىپ چىقىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلاپ يېتەلەيدىغان، تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان دۇنياسىدا ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ شوخ، جەلپكار، جاننى ئېلىپ ياندا قويىدى-غان ئاياللار بار. بۇ يازغۇچىلارنىڭ گۈزەللىككە ئەڭ ھېرىسمەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەمدۇ؟ دەپ كەلسە گۈزەللىكمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان بايلىق. گۈزەل بولۇپ يارىلىپ قالغان ئاياللارنى بەختلىك دېمەي كىمنى دېگۈلۈك. بەخت بىلەن گۈزەل-لىك بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىرىدىن يەنە بى-رىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىلەر بىزلەرگە نېسىپ بول-مىدى. كېيىنچە نېسىپ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

خۇدا، بەرگەن كۇنۇڭ مۇشۇكەن دەپ شۇكۇر قىلماي ئىلاج يوق. ئادەم گاھىدا شۇكۇرنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۆزىگە ئازاب تېپىۋېلىشقا كۆنۈپ كەتكەن.

مەن ئىشداشلىرىمنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە ئانچە ئارىلاشمايتتىم. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىزارمەن، دېگەنلىكىم ئەمەس. مەن تېخى كۆڭلۇمدە بۇنداق پاراڭلارنىڭ تۇگىمەسلىكىنى، تېخىمۇ قىزىق، تېخىمۇ ئىنچىكە گەپ-سۆزلەرنىڭ بولۇشىنى ئۇمىد قىلاتتىم. قىزىشىپ سۆزلەپ كېتىشكەن بۇ ئاغىنىلەر مېنى ئۇنتۇپ قېلىشاتتى. بەزى چاغلاردا ئۇشتۇمتۇت يادىدىن كېچىپ قالىدىغاندەك، قايسى بىرلىرى مېنى مازاق قىلىپ: «ھەي، مۇشۇنى دېسەڭلار، ئۆزىنىڭ قىز بالا ئەمەسلىكىنى بىلمەيلا جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى-دە» دېيىشىپ قوياتتى، بۇنداق چاغدا مەن نېمىشقىدۇر قىزىرىپ كېتەتتىم. مەندىكى بۇ قاملاشمىغان ئۆزگىرىش ئۇلارغا بولۇپلا بېرەتتى. ئاندىن يەنە مېنىڭ توغرامدا مازاق باشلىناتتى. مەنمۇ خاپا بولۇپ كەتمەيتتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مېنىڭ نامەلۇم قىزلار توغرىسىدىكى لەپە-پاراڭلاردىن ئۆزلىرىدىنمۇ بەكرەك لەززەت ئالىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتى.

ئۆزۈمنى بىلىپ - بىلمەي ئاشخانىغا بارىمەن دەپ، مۇنچىغا كىرىپ قالىدىغان ئادىتىم قاملاشمايۋاتاتتى. بۇ مەندىكى ئۇنتۇغاقلىقمۇ ياكى پەرۋاسىزلىقمۇ، بۇنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالمايۋاتاتتىم. مەيلى قايسىسى بولسۇن، مەن ئۇچۇن پايدىسىز ئىدى. مۇشۇنداق ئەيىبىم سەۋەبلىك ھە دېگەندە مەندىن قۇسۇر ئىزدەپلا يۈرىدىغان باشلىقنىڭ ئالدىدا كەتكۈزۈپ قويۇۋاتاتتىم. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ئۇنىڭ مېنى بابلايدىغان باھانىلەرنى تېپىۋېلىشى چوقۇم ئىدى. ئاخىر تەقدىرىم نېمە بولۇپ كېتەر؟ تەقدىر دېگەنمۇ ئادەم ھەر سېكۇنت، ھەر دەقىقە كونتروللۇقىدىن چىقىپ كەتكىلى بولمايدىغان نامەلۇم ھايات يولى، دېيىشىدىكەن، بۇ گەپكە مېنىڭ تازا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. يامان كۇنگە قېلىش، ئاچ-زې-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلى ئادرېسى



رىنلىق، نامراتلىق دېگەننى ھېچكىم خالىمايدۇ. شۇنداق كۆڭگە قالغانلار شۇنداق تەقدىرنى ئۆزى يارىتامدۇ؟ خالىمايدىغان، ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ ئەكېلىدىغان كىم بار؟ شۇنداق كۆڭگە قىلىشقا ئۆزۈڭ سەۋەبكار، ئۆزۈڭ بولۇمسىز، شۇڭا شۇنداق لەنتى كۆڭگە قالىسەن دېيىلسە، خېلى ئەقىللىق، نوچى ئادەملەرمۇ يامان كۆڭگە قىلىۋاتامدۇ؟ قانداق قىسمەتلەرگە يولۇقۇش، قانداق كۈن كەچۈرۈشنى باشقىلار بەلگىلەيدىغان، مۇنداقچە دېگەندە تەقدىرىڭنى بىراۋلار بەلگىلەيدىغان ئىشلارنى قەدەمدە بىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. مېنىڭ تەقدىرىم قانداق تەقدىردۇ؟ ئېھتىمال ئۇ باشلىقنىڭ قولىدا بولۇشى مۇمكىن، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مەندىن ئۆچ ئالىدىغان چاغدا ماڭا ھەممىنى چۈشەنگۈدەك دەرس ئۆتۈپ قويسا كېرەك.

بەلكىم بۇنىڭدىن يۈز يىل كېيىن ياكى يۈز يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولسام ئىش باشقىچە بولارمىدىمىكىن... ئۇ چاغدىكى دۇنيا ھازىرقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ھەممە ئىش مېنىڭدەك قەدەمدە بىر پالاكەت بېسىپ تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ بەختى ئۈچۈن بولۇپ كېتەرمىدىكىن. تەتۈر پېشانىلىكىمدىن 2100-يىلى تۇغۇلمىغان ئادەم بولسام كېرەك. ئۇ زامانلاردا تۇغۇلغانلارغا قانداق بەخت قۇچاق ئاچار؟ ئۇ زامانلار كەلگەندە بىزنىڭ باشلىقتەك ئۇسال ئادەملەرگە زاۋۇت باشلىقى بولۇپ، باشقىلارنى قورقۇتۇش نېسىپ بولماس دەيمەن. مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ يۈرۈۋېرىپ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ساراڭ بولۇپ قالارمەنمۇ... ئەگەر ھازىرقى ھالەت داۋام قىلىۋەرسە ھەرنىمە بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن...  تەلەيسىزلىكىمدىن ئېھتىمال مەن بۈگۈن ساراڭ بولۇپ قالسام، بىزنىڭ مۇشۇ باشلىق ئەتىسىلا ساراڭلار دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا كارامەتنى كۆرۈڭ، ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا، مەن يالغاندىن ساراڭ بولۇۋېلىپ ئۇنىڭ ماڭا قانداق زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى، مېنى ساراڭ، ئۇقمايدۇ دەپ تامىقىمغا قانداق زەھەر سې-

لىپ قويۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆزىتىمەن. ئۇنى پاكىت بىلەن
قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىد-
لىپ، راسا ئەنتىمنى ئالىمەن. ئۇ شۇ چاغدىلا مېنىڭ كىملىد-
كىمنى، ئۇنىڭغا بوزەك بولۇپلا ئۆتىدىغان ئادەم ئەمەسلىكىمنى
بىلىپ قالار... مېنىڭ ئىشلىرىمۇ تەتۈر كېلىۋەرمەس، ئەگەر
يەنە ئوڭ كەلمىسچۇ... هەي تاڭ، مەن ئەرز قىلىدىغان چاغدا ئۇ
يەنە خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ سوتچى بولۇپ قالارمىكىن دەي-
مەن. هەرقانچە قىلسامۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغان ئوخشاي-
مەن. ياخشىسى ئۆزۈمگە پۇختا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇۋەتمەس-
لىك ئۈچۈن تىرىشسام بولغۇدەك. ئامال بار هەربىر قەدەمنى
ئېهتىيات بىلەن باسقىنىم تۈزۈك. دائىم بىراۋلارنىڭ يىقىلىپ
كېتىشىنى ئارزۇ قىلىپ يۈرىدىغان ئادەملەر ئوي-چوڭقۇر يولدا
كېتىۋاتقانلارغا بەك دىققەت قىلىدۇ. يەنە هەممە ئادەمنى تېيىلد-
غاق يولدا ماڭسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. مەن دەل ئاشۇنداق خە-
تەرلىك يولدا كېتىۋاتىمەن. مۈدۈرۈپ-چوقۇرۇپ يۈرۈۋاتىمەن،
يولۇم داغدام ئەمەس. باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىپ يۈر-
سەممۇ قاملاشمايدۇ. ئۆزۈمگە خاپىلىق تېپىۋالسام تېخىمۇ بول-
مايدۇ. باشلىق تېخى مەن بىلەن هېساپلاشماقچى. ئۇ قانداق
ۋاستە بىلەن، قانداق ئۇسۇلدا هېساب ئېلىش كويىدا باش قاتۇ-
رۇپ يۈرسە كېرەك...

— ئاق قۇ سودا سارىيىنىڭ 2-قەۋىتىدە بىر قىز بار ئىد-
كەن. ئەجەب چىرايلىق نېمىكەن ئۇ... چىنە-تەخسە دېگەندەك
بىرنېمىلەرنى ساتىدىكەن... چېكىپ باقسام ئىندەككە كېلىدىغان-
دەك قىلىدۇ...

بۇ ئارىمىزدىكى بىرەيلەننىڭ يېرىم سائەت ئىلگىرى قىلغان
سۆزى. ئۇنىڭ بۇ گېپى مېنى قاتتىق ئەندىكتۈرۈۋەتتى. بىر
تۇرلۇك قىزىقىش هەم ۋەسۋەسە يۈرىكىمنى تاتىلاپ زادىلا ئارام
بەرمەيۋاتاتتى، ماۋۇ ئىشنى قارا، ئۇنىڭ دەۋاتقىنى ئەركىن بىلەن
كوچا ئايلانغان كۈنى ماڭا قاراپ سىرلىق كۈلۈمسىرەپ قويغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


قىز شۇ ئەمەسمۇ... كۆڭلۈمدە ۋەسۋەسە پەيدا قىلىپ يۈرگەن خىيالىي مەشۇقۇمنىڭ تىرىك سىيماسى شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە. توۋا، ئەجەب شۇنچە كۆڭلەردىن بۇيان مۇشۇ تونۇشلۇق تۇيغۇ بىلىنمەي بولۇپ كەتكەن... ئۇ قىز ئۆيۈمدىكى رەسىمگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىكەن... كۆڭلۈمدىكى ھېلىقى قىز شۇ بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن... ھېلىقى ئاداش ئاق قۇ سودا سارىيى ھەققىدە، ھېلىقى قىز ھەققىدە سۆزلىمىگەن بولسا، مەن ئۆزۈم ئىزدەشكە تېگىشلىك ئۇ قىزنى ئۇمۇر بويى يادىمغا ئالالماي يۈرەتتىكەنمەن. ئامەت دېگەن ئويلىمىغان يەردىن كېلىدىغان نەرسە، كېتىدىغان ۋاقتىنىمۇ بىلىپ بولمايدۇ.

ئەگەر تاسادىپىي ئامەت مېنى ئاشۇ قىزغا ئېرىشتۈرگۈدەك بولسا تازا ئوبدان ئىش بولاتتى. مۇنۇ ئەخمەقلەرگە ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياتتىم. ھەممىسى ئاغزىنى ئېچىشىپلا قالار... يامان يېرى، ئۇ كۆڭلۈمدىكى قىزنىڭ دەل ئۆزى بولغاندىمۇ ھازىرچە مېنى تونۇمايدۇ. كۆرمىگەن، تونۇمىغان بىرسىگە تەرەپبال ئېغىز ئېچىشمۇ قىيىن بىر ئىش. يادىدا ساقلىنىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىنغۇ. نېمىلا بولسۇن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي، ئەمما زە، ئۇ دەماللىققا تەلپىمنى رەت قىلسا قانداق بولار. ئۇ چاغدا قانچە ئازابلىنىپ كېتەرمەن...

كېچىچە ئاللىقانداق خىياللار بىلەن تۈزۈكمۇ ئۇخلىيالمىدىم. خىيالىمدىكى ھېلىقى بىلەن مال ساتقۇچى قىز بارا-بارا بىر-بىرىگە بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىۋاتاتتى. تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرگۈسىز دەرىجىدە ئوخشاشلىقتا ئىگە بولۇپ قالدى. مەن بۇنىڭغا قاراپ ئويلىدىمكى، ئەسلىدە خىيالىمغا كىرىۋېلىپ مېنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقىنى ئەسلىدە شۇ قىزنىڭ سىيماسى ئىكەن، ئۆتتەك بىر قىزنىقىش كۆڭلۈمنى يورۇتتۇەتتى، چوقۇم ئاشۇ مال ساتقۇچى قىز بىلەن ئىككىمىز ئارىسىدا تەقدىر تەرىپىدىن ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغان بىر باغلىنىش بار. ۋاقتى-سائىتى يېتىپ كەلگەندە ئۇ-

نىڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇتتۇرىسىدىكى بۇ باغلىنىش چوقۇم ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاقتى-سائىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىركىم ماڭا دەپ بەرمەيدۇ، ئۆزۈم دادىل بولۇپ تۇنجى قەدەمنى باسقىنىم تۈزۈك...

ئەتىگەندىلا ئاق قۇ سودا سارىيىنى نىشان قىلىپ ماڭدىم... كوچىدا كېتىۋاتىمەن، ئاشۇ مەقسىتىم ئۈچۈن بېسىلغان ھەربىر قەدىمىم ئۆزۈمگە شۇ قەدەر ھوزۇرلۇق بىلىنىۋاتاتتى. مېنىڭ ھەرىكىتىم شۇ ھالدا بىر تەۋەككۈلچىلىك ئىدى. تەۋەككۈلچىدىلىكمۇ ئادەمدىن غەيرەت-شىجائەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش. تەۋەككۈلچىلەر ئۆزىنىڭ ئەتىسى-ئۆگۈنى ھەققىدە ئۇششاق خىياللارنى تولا قىلماي، ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدىغان ئادەملەر، مەن ھازىر ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ بولدۇم. ئىچ-ئىچىمدىن بىر خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمگە بوگۇنكىدەك ئىشەنچ قىلىپ باقمىغانىدىم. كاللامدا شۇ تاپتا تەشۇش، ئەندىشە دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئىلگىرى بىر ئىشلارنى قىلار بولسام دائىم قورقۇش، تەشۇش ئىچىدە قىلاتتىم، ئۆزۈمدىكى مۇشۇ ئاجىزلىقىم سەۋەبلىك ئۆزۈمنى كەچۈرگۈم كەلمەيدۇ. ئۆزۈم خالاپ تۇرۇپ قىلغان ئىشلاردا قورقۇپ نېمە قىلىمەن. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئىشلاردا قورقۇپ يۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

بۇ شەھەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان، كوچىلاردا ئەڭ كۆپ كۆزگە چېلىقىدىغىنى ئادەم. ئادەم بولماق ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئىش. ئەمما شۇنىڭغا قارىماي ھازىر دۇنيادا ئەڭ كۆپ نەرسە ئادەم. ئاز نەرسىنىڭ قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ، قەدەمدە بىر پۈتلىشىپ يۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئېتىبارى تۆۋەن بولىدۇ. ئالتۇن بىلەن شېغىلنى قىممەت جەھەتتىن مەڭگۈ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئالتۇن ئاز، كەم ئۇچرايدىغان نەرسە بولغاچقا، قىممىتى ئېشىپ، ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ئوت-پىراقىدا كۆيدۈرۈپ ساراڭ قىلىۋېتەي دەپ قالدى... شېغىلنىڭ قىممەت-ئېتىبارى تۆۋەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سەۋەبى ئۇ بەك تولا. ئەگەر خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن زېمىندىكى بارلىق شېغىل تاش، قورام تاش... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇنغا ئايلىنىپ كەتسە، ئۇ چاغدا ئادەملەر بۇ نەرسىگە تويۇپ كېتەرمۇ؟ بۈگۈنكى دۇنيادا ئادەم پۈتۈن جانلىقلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ سانلىق ئىگىلىسە كېرەك. ئادەم دۇنيانىڭ گۈلتاجى دېيىلەمسىمۇ، كۆپىيىۋەرسە قىممىتى تۆۋەنلەپ، دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن... ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا... بۇنداق پاجىئەنىڭ يۈزبەرگىنىنى كۆرگەندىن ئۆلۈپ تۈگەشكەنمۇ ئەۋزەل. لېكىن ئۆلۈمنى تاللىۋېلىش، ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىش ئۇنچىلا ئاسان ئىش ئەمەس، مەندەك ئادەملەر ئۈچۈن بۇ مەڭگۈ مۇمكىن بولماسلىقى مۇمكىن.

— ئادەم ئۆلىدىغان بولدى...

بىرسىنىڭ ۋەھىمىلىك ۋارقىرىشى خىيالىمنى ئۈزۈپ قويدى. شۇنداق قارىسام، بىر ئادەم قولىدا ئۇزۇن پىچاق كۆتۈرۈپ، بىرەيلەننى قوغلاپ كېتىۋېتىپتۇ. قېچىۋاتقان ئادەم قېرىشقاندەك مەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. مەن قورققىنىمدىن جايىمدا مىدىرلىيالمايلا قالدىم. خۇددى پىچاق كۆتۈرۈۋالغىنى كېلىپلا مېنى بوغۇزلىۋېتىدىغاندەك، ۋەھىمىدىن تىنىقىممۇ توختاپ قالدى. قېچىۋاتقان كىشى كۆز ئالدىمدىن ھاسىراپ ھۆمۈدىگىنىچە يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پىچاق كۆتۈرۈۋالغىنىمۇ تاپ باستۇرۇپ يېتىپ كەلدى. شۇ دەقىقىدە قاتىللىق قىلماقچى بولغان بۇ كىشىنىڭ دەھشەتتىن قورقۇنچلۇق پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرى، چىرايىدىكى ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان يىرگىنچلىك غەزەپ مېڭەمگە يېڭىندەك سانجىلدى. ئۇ دەقىقىدە ئىچىدە ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما مەن ھېلىغىچە ئەسلىمگە كېلەلمىدىم. بىرسىنىڭ پىچاق كۆتۈرۈپ يەنە بىرسىنى قوغلىشى بۇ ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقى ئىدى. دوستانىلىق، بىر-بىرىگە بولغان مېھىر، ئامراقلىق ئادەملەر ئارىسىدا كۈنسايىن ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەملەر ئوت-

تۇرىسىدىكى دوستانىلىق ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ. دۈشمەنلىك كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەم دېگەن، ماڭىلا بولسا، دەيدىغان مەخلۇق، مۇشۇ شەخسىيەتچىلىك ئادەملەرنى ھامان مەنپەئەت نۇقتىسىدىن بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويۇپ دۈشمەنلىشىشكە ئېلىپ بارىدۇ. دۈشمەنلىكنىڭ ئۇرۇقى مەنپەئەتتە... ئۇ ئىككىسىگە نېمە بولغاندۇ؟ بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرمىسە بولمايدىغان قانداق زىددىيەت بار بولغىيدى. مەن شۇ تاپتا، پىچاق كۆتۈرۈپ قوغلاپ ماڭغانىكەن چوقۇم قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بېرىدىغان بولدى، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ھېلىمۇ مېنى خۇدايىم بىر ساقلىدى. بايامقى تەلۋە كەلگەنچە كېلىپ پىچاقنى دەل مېنىڭ يۈرىكىمگىلا تىقىۋەتكەن بولسا، تىنى تارتماي ئۆلەتتىم. مۇشۇنداق ئۇشتۇمتۇت بالا-قازادىن خۇدايىم ئۆزى ساقلار. شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ بەكمۇ پاجىئەلىك ئۆلۈم بولغۇدەك...

شۇنداق تۇراتتىم، ئادەمنىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى يەيدىغان سەت بىر چىرقىراش ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگنالى ئىدى. شۇئان كاللامغا ھېلىقى كۈنى سۆگەتلىكتىكى ئىش كېلىۋالدى. مەن شۇ چاغدا راستتىنلا جىنايەت ئۆتكۈزگەنمۇ؟ ئەگەر قولغا چۈشۈپ قالغان بولسام نېمە كۈنلەرنى كۆرەر ئىدىم. ھېلىقى تۇمۇچۇق شۇ تاپتا نەلەردە يۈرىدىكىن. يەنە ئاللىكىملەر بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلىپ يۈرىدىغاندۇ، تايىنلىق... قىزىل چىراغ توختاۋسىز پىرقىراپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ساقچى ماشىنىسىنىڭ چىرقىرىشى ھېلىھەم قۇلىقىم تۈۋدە ئىدى. نېمىدەپ مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق چىرقىرايدىغان ئەسۋاب ئورنىتىپ قويغاندۇ. بۇ سۈر-ھەيۋە پەيدا قىلىش، يۈرىكى پوك-پوك تۇرغان جىنايەتچىنى يەنىمۇ قورقۇتۇپ، ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈنمىدۇ- يا... بۇنىڭمۇ بەلكى مەن بىلمەيدىغان ئالاھىدە مەنىسى باردۇ...

مەن بۇنداق خىياللارنى كاللامدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئەتراپقا زەن سېلىشقا باشلىدىم. تېخى ھېلىلا ئادەملەر قاچ-قاچ-

www.uyghurkitap.com



قا چۈشۈپ كېتىشكەن، تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ قېچىشقانىدى. لېكىن ھازىر يەنە ھەممە ئادەم بىخەۋەر، ھېچ ئىش بولمىغان-دەكلا. بايىقى ئىككىسىنىڭ قېچىش، قوغلاشلىرىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغاندۇ، بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرگەنمىدۇ ياكى ئۇ-نىڭغىچە ساقچىلار بىرتەرەپ قىلغانمىدۇ...

بۈگۈن مەن ئۈچۈن ئالاھىدە بىر كۈن، مەن بۈگۈن قىز كۆرۈشكە، ئۆزۈم خالاپ قالغان بىر قىزغا كۆڭۈل ئىزھار قىد-لىشقا كېتىۋاتاتتىم. ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەۋەككۇلچى ھېسابلىغىنىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۆزۈمگە نىسبەتەن كۆڭلۈمدە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى بار ئىدى.

ياز ئايلىرى بولغاچقا ھەممىلا ئادەم يېنىك كىيىنىپ يۈرەت-تى. قىزلار مۇشۇنداق چاغلاردا ئۆز گۈزەللىكىنى تازا نامايان قىلىۋالسا كېرەك، ھە دېگەندە كۆزلىرىم ئۇياندىن بۇيانغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىزلارنىڭ كۆتۈرۈلگەن، قەددىمگە ماس لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسىگە، قىسقا يوپكىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يوت-لىرىغا تىكىلىپ قالاتتى. يۈزلىرىم ئوت بولۇپ ياندى. ئۇياتسىز-لىقىمدىن نومۇس قىلىپ كەتتىم. ئارقىدىن ئۇلارنىڭ بۇنداق كىيىنىۋېلىشى ئىسسىقلاپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىچىمدە كۈلۈپ قويدۇم.

بۈگۈنكى كۈندە ۋىۋىسكىلار ناھايىتى ھەيۋەتلىك ياسىلىدىغان بولۇپ كەتتى، شۇنىڭغا يارىشا نامىمۇ ھەم غەلىتە، ھەم ئۆزگە-چە. لېكىن كۆپىنچىسىنىڭ پەقەت مەززىسى يوق، نۇرغۇن ۋى-ۋىسكىلاردىكى خەتلەرنى كۆرگىنىمدە ئۆزۈمچە ئىچىم پۇشۇپ قالاتتى. مەن كۈچلۈك ھاياجان ۋە ئۈمىد بىلەن يېتىپ كەلگەن بۇ سودا سارىيىنىڭ يوغان ۋىۋىسكىسىغا «ئاق قۇ سودا سارى-يى»دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى. ئالدىنقى قېتىم ئەركىن بىلەن بىللە كەلگىنىمدە بۇنىڭغا پەقەت دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. بۇ ئىسىم ماڭا ياقتى، قۇلاققىمۇ ئۆزگىچە يېقىملىق ئاڭلىنىدىكەن. مۇشۇ ئىسىمنى تېپىپ چىققان ئادەمگە ئىچىمدە رەھمەت ئېيت-

تىم. سودا سارىيىنىڭ نامىنى ئوقۇپ تۇرۇپ، بۇ مەن ئۈچۈن ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

مەن ئاللىبۇرۇن پۈتۈشۈپ قويغان، ئەمما بىرىنچى قېتىم ئۇچراشماقچى بولغان، ئۆزۈندىن بويان كۆيۈپ-پىشىپ يۈرگەن بىرسىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقاندەك ھاياجان ئىچىدە پەلەمپەيگە قەدەم قويدۇم. مەن ئۇ قىزغا كۆڭۈل بېرىپ باققانمۇ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، سېغىنىپ باققانمۇ؟ ياق، لېكىن ئەمىسە نېمىشقا كېتىپ بارىمەن. ھازىر مۇھىم بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭ بىلەن قانداق يوسۇندا كۆرۈشۈش، قانداق تونۇشۇۋېلىش.

ھازىرغىچە مۇشۇ پەلەمپەيلەردىن مىڭلىغان ئادەملەر مىڭلىغان مەقسەتلەر ئۈچۈن چىقىپ-چۈشۈپ يۈرگەندۇ. ماڭا ئوخشاش ئاشۇ قىزنى كۆرۈۋېلىش، ئۇنى قوغلىشىش ئۈچۈن يۇقىرى-تۆۋەن قاتراپ يۈرگەنلەردىن قانچىسى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق مەقسەتتە كەلگەنلەر ئاشۇ قىزنى كۆرگەندە قانداق ھېسسىياتتا بولغاندۇ؟ نەچچىسىنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشقاندۇ، ئارمان بىلەن كۆزى ئارقىسىدا قېلىپ چىقىپ كەتكەنلەرمۇ خېلى باردۇ. ئەمما مەن بۇلارنى ئويلاپ نېمە قىلىمەن، باشقىلارنىڭ ئۇ قىزغا قانداق ھېسسىياتتا بولۇشى ھازىر مەن ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز بىر ئىش، ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزھار قىلغانلارنىڭ تۈنجىسى چوقۇم مەن بولۇپ قالىمەن. ئۆزۈمنىڭمۇ تۇنجىسى بولۇپ قېلىشىمنى شۇنداق ئارزۇ قىلىپ كېتىۋاتاتتىم. باشقىلار يوقتۇ، ھەممە ئادەم قىز ئىزدەپ ماڭا ئوخشاش ئاق قۇ سودا سارىيىغا كېلىۋەرمەس. جاھاندا قىز بالا دېگەن تولا گەپ، شۇڭا بەك تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ كېتىشىمنىڭمۇ ئورنى يوق…

مەن بىرىنچى باسقۇچتىن باشلاپ پەلەمپەيلەرنى ساناشقا باشلىدىم. ئىككىنچى قەۋەتكە يىگىرمە تۆت باسقۇچ بىلەن چىقىدىكەنمىز. بۇ پەلەمپەيلەر ئاچ قىزىل رەڭلىك چاقچۇقلار بىلەن بېزەلگەندى. سىلىقلىقىدىن ئادەم سەللا دىققەت قىلمىسا يىقىـ

www.uyghurkitap.com



لىپ چۇشكۇدەك. پەلەمپەيدە كەمپۈت قەغەزلىرى، گازىر شۆپۈك-
لىرى دېگەندەك نەرسىلەر چېچىلىپ ياتاتتى. سۇس قەدەم ئىز-
لىرى كۆزگە چېلىقاتتى. يېنىمدىن ئادەملەر چىقىپ ـ چۇشۇپ
يۈرۈشەتتى. ئۆزۈمگە سىلىشتۇرغاندا ئۇلارنى تولىمۇ ئاددىي ئا-
دەملەردەك ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇلار ناھايىتى كەلسە نەچچە
سوملۇق نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىشكەن، مەن
بولسام باشقا بىر ئىش ئۈچۈن، شۇ تاپتا بۇ ئالدىراش، جىددىي
ئادەملەر ئويلاپمۇ تاپالمايدىغان ئالاھىدە بىر ئىش ئۈچۈن بۇ يەر-
گە كەلگەنىدىم. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مېنى ئەتراپىمدىكى-
لەر بىلەن ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى... يەردە دەسسىلىپ
تۇرغان گازىر شۆپۈكلىرى كىملەرنىڭ ئېغىزىدىن چۇشۇپ، يەر-
دە چېچىلىپ ياتىدۇ. ئۇنى قايسى بىر جاپاكەش مېھنەت بىلەن
ئۆستۈرگەن بولغىيدى؟ ئۇنى تېرىغان ئادەم كىم، تۇرق-سىياقى
قانداق، بۇلارنى مەڭگۈ بىلىپ بولمايدۇ. گازىر شۆپۈكلىرىنىڭ
يەردە دەسسىلىپ ياتقىنىنى كۆلنى ئۈزۈپ، پۇراپ بولۇپلا تاشلى-
ۋەتكەن ۋاپاسىزلىق بىلەن ئوخشاش ئىش، دەپ ئويلاش بەك
كۈلكىلىك بولۇپ قالار... گازىر بىلەن گۈل ئوتتۇرىسىدا بۇگۇن-
كى كۈندە پەرق خېلى چوڭ، ئاپتاپپەرەسنىڭ خاس مەنزىرە ئۆ-
سۈملۈكى ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئەقىللىق فرانسىيەلىكلەر بىلىپ
يەتمىگەن بولسا، ئۇ ھېلىھەم گۈللۈكلەردە كۆڭگە قاراپ ئېچى-
لىشتىن باشقا رولى يوق بىر نېمە بولۇپ تۇرارمىدى.

ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپلا يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ، ئۆ-
زۈمنى بىرقىسملا سىزىشكە باشلىدىم. شۇنداقتىمۇ غەيرەت قى-
لىپ، ئالدى تەرەپتىكى بۇلۇڭغا، ئەينەك مال جاھازىسىغا لىققىدە
قاچا-قۇچا تىزىۋېتىلگەن يەرگە قارىدىم. قىز شۇ يەردە بىرنېمە
توقۇۋاتقاندەك بىر ھەرىكەت بىلەن بەخىرامان ئولتۇراتتى. شۇ
چاغدىلا بۇ ئىشىمنىڭ بىر ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى، ئەخمەقلىق
بولغاندىمۇ بەك ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەخمەقلىق
ئەمەلىيەتتە دۆتلۈك بىلەن قوشنا كېلىدۇ. دۆت ئادەملەر ئەخمى-

قانە ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلغانسېرى ئىشلىرى ئىلگىرى باسماي، پالاكەتچىلىكتىن قۇتۇلالماي يۈرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا مەن بۇ ئىشتا پالاكەتكە يولۇقىدىغاندەك ئىدىم... بىراق ئۇنداق بولماي چىقسىمۇ ئەجەب ئەمەس. ئۆزۈمنىڭ ئىشنى ئۆزۈم ئەخمىقانە ئىش بولدى، دېگىنىم بىلەن تېخى بۇ بىر ياخشى ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇشۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈم خېلى كۆتۈرۈلۈپمۇ قالدى. نېمە بولسا بولار، ئىشقىلىپ بۇ جان چىقىپ كېتىدىغان ئىش ئەمەسقۇ.

يىراقتىن قىزغا ئوبدانلا زەن سالدىم. ئۇ ھېلىقى تۇمۇچۇقتىن چىرايلىق ئىدى. خىيالىمدىكى قىز ئەسلىيدە مۇشۇكەندە، ئىلگىرى تازا ئوخشمايۋاتقاندەك قىلغان، ھازىر بولسا ئوپئوخشاش، دەسلەپ تازا ئوبدان ئىلغا قىلالمىغان بولسام كېرەك. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراۋېتىپ ئۇنى ماختاپ-ئۇچۇرغان ئىشداشلىرىمدىن رازى بولدۇم. كۆزى مال تونۇيدىغان ئاغىنىلەركەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. مال تونۇيدۇ دېگەنمۇ تازا قامالاشمىغان بىر گەپكەن، بىر يەرلىرى كۆڭلۈمگە ياقماي قالدى.

ئۇنى ھازىرلا تاشلاپ قويۇپ كېتىۋەرسەم قانداق بولار، گەرچە ھازىر ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا «تاشلاش» دېگەن گەپ مەۋجۇت بولغۇدەك مۇناسىۋەت بولمىسىمۇ، مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم. كېتىپ قالسام ئۇ قىزمۇ ھېچنېمىنى تۇيمايلا قېلىۋېرىدۇ. يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى قالىدۇ. ئەمما مەن نېمىشقا كەتكۈدەكمەن، كەلگەنىكەنمەن، ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى مۇناسىۋەتنى بولسىمۇ ئورنىتىۋېلىپ ئاندىن كېتىشىم كېرەك. خىيالىم ئەجەب بىر يەرگە تۈگۈلمەي كەتتىغۇ، مەندەك ئادەملەردىن ئەتراپىمدا قانچىسى باردۇ؟ ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي بىر-بىرىگە ئوپئوخشاش ئادەمنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس، ھېچكىم ھېچكىم بولالمايدۇ، ئارتۇقچە ئادەم، زورۇرىيەتسىز ئادەم دېگەنلەرمۇ مەۋجۇت ئەمەس، بۇ جاھاندا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنياسى بار. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، مەن بۇ دۇنيادا پەقەت بىرلا ئىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەممە جەھەتتىن ماڭا كەم ـ كوتىسىز ئوخشايدىغان يەنە بىر ئا ـ دەمنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئايرىم نۇقتىدىن شۇنداق. ئەمما ئادەملىك سۈپىتىمىز بىلەن ئەتراپىمىزدىكى كى ـ شىلەر بىلەن مەلۇم جەھەتتىن ئورتاقلىقىمىز بار. بۇ ئەسلى بار ئورتاقلىق بولماستىن، ياشاش زۆرۈرىيىتى مەجبۇرىي شە ـ كىللەندۈرگەن ئورتاقلىقلار. بۇ قىزغا ماڭا ئوخشاش تەلمۈرۈپ ئۆتكەن كىشىلەر بولغىيدى... ئۇ رەسىم ئەمەس، ھەقىقىي ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭغا رەسىمگە مۇئامىلە قىلغاندەك پوزىتسىيەدە بولغىلى بولمايدۇ. كىشىلەر رەسىمگە پەقەت گۈزەللىكتىن ھۇ ـ زۇر ئېلىش، روھىي جەھەتتىن قىزىقىش سەۋەبلىك قارىسا، بۇ قىزغا چوقۇم مەلۇم ئېھتىياجىنىڭ ئۆزىمۇ بىلىپ بولالمايدىغان ئالىلىقانداق تەلپۈنۈشلىرى سەۋەبلىك قارىشىدۇ. بۇ قىزنىڭ ئاشۇ يېرىم يالىڭاچ رەسىملەر ۋە خىيالىي مەشۇقۇم بىلەن بولغان پەرقىمۇ شۇ. مەلۇم جەھەتلەردىن باشقىلاردىن ئاشۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتىم، باشقىلار بىلىپ ـ بىلمەي ئۇنىڭغا ھېلىقىدەك مۇددىئا بىلەن قارىغان بولسا، مەن ئالايىتەن مەخسۇس مۇشۇ قىز ئۇ ـ چۈنلا كەلگەندىم.

مەن يىراقتىن ئۇنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئۇ بولسا ئۆزىگە بىرسىنىڭ زارىقىپ قاراۋاتقىنىنى سەزمىگەندەك، سەزسىمۇ قەستەن بىلمەسلىككە سېلىپ غادىيىۋالغاندەك بىرھالدا بەخىرا ـ مان ئولتۇرۇپ، پوپايكا توقۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ ھا ـ زىرقى ھالىتى ماڭا غادىيىۋالغاندەك، بىراۋنى كۆزگە ئىلمايۋاتـ ـ قاندەك تەسىر بەردى. بەلكىم كۆڭلىدە دىگۈدەك خېرىدار سۈپىتىدە كېلىپ، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، خۇشامەت قىلىدىغانلار كۆپ بولغاچ ـ قا شۇنداقتۇ، ئۆزىنى جاھاندا بىر ساناپ ئولتۇرۇپ كەتكەنلىرى ـ مۇ تېخى ئۇنىڭ. مەنمۇ يەنە ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرگىلى كەلگەن ئەرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالمىغىيدىم. ئەر ـ ئاياللار مۇ ـ ناسىۋىتىدە ئەرلەرنىڭ تەشەببۇسكار بولۇشى بىرخىل قائىدە. بۇ ئاياللارنىڭ ئەزەلدىن يۈزى تۆۋەن، ھايالىق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟

ئەمەلىيەتتە تەشەببۇسكارلىق جەھەتتە ئاياللار ئەرلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. كۆز قىسىش، كۈلۈمسىرەپ قويۇش، زور بىلەن قاراۋېرىش دېگەندەك ۋاسىتىلەر بىلەن ئەرلەرنى ئۆزىگە قارىتىدۇ. بىزلەر بولساق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ناھايىتى تەستە مەقسىتىمىزگە يېتىمىز.

ھازىرقى گەپ بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭغا نېمە دېيىش مەسىلىسى ئىدى. بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراش كېرەكمۇ ياكى خىزمىتىنىمۇ. خىزمىتىنى سوراشنىڭ ھاجىتى يوقكەن، بۇ ئېنىقلا تۇرمامدۇ، شۇنداق سوئال سورىسام بارار-بارمايلا ئۆزۈمنىڭ ھاماقەت ئىكەنلىكىمنى ئاشكارىلاپ قويىمەن، ئۇ مېنى تازا گوموش بىرنېمىكەن، دەپ ئويلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنداقتا بىرىنچى قەدەمدە زادى نېمىدەپ ئېغىز ئاچقاندا مۇۋاپىق بولىدۇ. بېرىپلا قاراپ تۇرۇۋەرسەم ياخشى بولمايدۇ-دە. ھەممىلا ئىشنى ئېغىزنى ئىشقا سېلىپ، گەپ بىلەن ھەل قىلىدىغان جاھان بولۇپ كەتتى بۇ، بىرسىنىڭ چىرايىغا قاراپلا مەقسىتىنى ئۇقالايدىغان قىزلار ھازىرقىدىن سەزگۈر ھەم ئەقىللىق، مۇلايىم ۋە كۆڭۈلچەك بولۇپ كەتسە مەندەكلەرنىڭ بەختى ئېچىلىپ كېتەر. قايسى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مۇنچىلا بالدۇر تۇغۇلۇپ قالغان بولغىيدىم.

نېمە قىلىشىمنى، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئىچىم سىقىلىش، تىت-تىت بولۇش، بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەن بۇ كۈنلەر قىسقىمۇ ئەمەس، دەل ئون كۈن. شۇنداق، ئون كۈن ئاق قۇ سودا سارىيىنى چۆرگىلەش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىمەن، چۈشىمەن، يەنە چىقىمەن، چۈشىمەن... مۇشۇنداق تەكرارلىنىش ئون كۈن داۋام قىلدى. ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىسامۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي كېلىۋەردىم. زېرىكمەي-تېرىكمەي سودا سارىيىنى چۆرگىلەپ يۈرۈۋەردىم. مېنى ھەممىدىن بەك قىينىغىنى قىزنىڭ پەرۋاسىزلىقى ئىدى. ئۇ ماڭا قىلچىمۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دىققەت قىلمىدى. بىرەر قېتىم بولسىمۇ ماڭا قاراپ قويمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاغرىنساممۇ بولمايتتى. ھەممىدىن بەك ئىچىمنى پۇشۇرغىنى ماگىزىنغا ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن ئادەملەر بولدى. ئەگەر مۇشۇ ئادەملەر بولماي ماگىزىن ئىچىدە قىز بىلەن ئىككىمىزلا قالغان بولساق، بەلكىم ھەممىنى ئېيتىپ، كېلىش مۇددىئايىمنى ئۇنىڭغا دېگەنمۇ بولاتتىم. لېكىن ماگىزىندا بىردەممۇ ئادەم سىيلىكمىدى. ھېچنېمىدىن-ھېچنېمە يوق بىكاردىن-بىكار ئۇنىڭ-بۇنىڭ باھاسىنى سوراپ قويۇپ يۈرىدىغان ئەخمەقلەرمۇ كۆپ ئىدى. ئادەملەر كۆپ بولغاچقا مەن تارتىنىپ-قورۇنۇپ دېگەندەك قىزغا پەقەت يېقىنلىشالمىدىم. ئارتۇقچە ئادەملەر جاھاندا بەكمۇ كۆپ ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. ھەتتا بەزىدە جىلچىلىكتە ئۆزۈممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن ئارتۇقچە ئىكەنمەن، دېگەن خىيالغىمۇ كېلىپ قالدىم. نېمىشقا ئادەم دېگەندە ئۆزگە ئوخشاشلا بىراۋلاردىن قورقۇش، ھېيىقىش دېگەندەك تۇيغۇلار پەيدا بولۇپ قالىدىغاندۇ؟ شۇنداق بولمىغاندا ئىدى، مېنىڭ بۇنچىلا ئىزتىراپ ئىچىدە قېلىشىم، تىت-تىت بولۇشۇم، ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىشىم ناتايىن ئىدى.

ئون كۈن بىر ماگىزىننى چۆرگىلەپ يۈرۈشمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن، مەن گاھىدا ماگىزىننىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى يۇملاق تۈۋرۈككە يۆلىنىپ، قوللىرىمدىن قاس چىقارغىنىمچە تۇرۇپ كېتەتتىم. گاھىدا مال ساتقۇچى قىز ماڭا قاراپ قويغاندەك تۇيۇلۇپمۇ كېتەتتى. ئەمما يەنە ئۇنداق ئەمەستەكمۇ قىلاتتى. شۇ تاپتا مۇشۇ كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن خېرىدارلار ئىچىدە مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشىنىدىغانلار بارمىدۇ؟ ئاۋۇ قىزمۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەندەكلا قىلىدۇ. مەن بۇ مال ساتقۇچى قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ؟ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن، لېكىن ياخشى كۆرمەيمەن دېيىلا پەشنى قېقىپ چىقىپ كېتىشكە بولمايتتى. نېمىشقىدۇر بۇ قىز بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بىرەر باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خىيال ئىچىمگە ئوت سالاتتى. كەلگە-

نىكەنمەن، قۇرۇقتىن-قۇرۇق كەتمەسلىكىم كېرەك، دېگەن بىر
ئويي كاللامغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى. كىشىلەرنىڭ بىرسى
چىقىپ كەتسە يەنە بىرسى ماگىزىنغا كىرىپ تۇراتتى. مەن
ئۇلارنى ئۇنىسىز قارغايتتىم، ئىچىمدە مىڭنى تىللايتتىم، مەيلى
ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە ئۇزۇلمەي كىرىۋېرىشى مېنىڭ قىزغا گەپ
قىلالماسلىقىمدىكى سەۋەب بولسۇن-بولمىسۇن، مەن ئومۇمەن
مۇشۇ دۇكانغا كىرگەنلىكى خېرىدارلارغا ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتات-
تىم. خۇددى بۇ يەرگە كىرگەنلەر مەن بىلەن ئۆچەكىشىۋاتقاندەك
تۇيۇلاتتى. كىشىلەرگە نەپرەت، ئۆچلۈك بىلەن تىكىلەتتىم. جا-
هاندا ماگىزىن دېگەن ئەڭ قاملاشمىغان يەركەن، دېگەنلەرنى ئويى-
لىدىم. شۇنداق ئويلىساممۇ مېنىڭ بۇ يەردىكىلەرنى قوغلىۋې-
تىشكە ئەسلا قۇربىم يەتمەيتتى.

بەزىدە تۆۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇپ، يەر تىگىدىن ئۆتكەن-
كەچكەنلەرگە قاراپ كېتىمەن، بۇنداقتا غەلىتە بىر كۆرۈنۈش
پەيدا بولىدىكەن، ھەرخىل، ھەر تۈرلۈك ئاياغلار، خىلمۇخىل
پۇتلار، چىرايلىق تولغان پاچاقلار، كونىرىغىنىدىن ئۇچى ئاس-
مانغا قاراپ قالغان ئۆتۈكلەر... سەل يۇقىرىغا قارىسا خىلمۇ-
خىل، گاھىدا قۇچاق يەتمەيدىغان پور سۆگەتتەك يوغان، گاھىدا
بىرتۇتام كېلىدىغان ئىنچىكە بەللەر... قارىسا ئادەمنى بىرقىسما
قىلىپ قويىدىغان چىرايلىق ساغرىلار... ئەمما بۇ ئويۇنمۇ ماڭا
ئانچە تېتىپ كەتمىدى. كۆزلىرىم ئايلىنىپ كېلىپ يەنە ھېلىقى
قىزغا تىكىلىپ قالدى. توۋا، مەن شۇنچە ئەلەم تارتىپ، بۇن-
چىۋالا تەپىتارتىپ كەتكۇدەك ئۇ قايسى پادىشاھنىڭ مەلىكىسى
ئىدى شۇنچە. نېمىشقا بىرىپ ئۇنىڭغا دەيدىغاننى دېمەيمەن، مەن
شۇ چاغدىلا قانداقتۇر ئۆزۈممۇ ھېس قىلالمايدىغان بىر كۈچنىڭ
تەسىرىدىن ئالغا ئۆمىتۇلۇپ قىزنىڭ ئالدىغا ماڭدىم. ھاياتىمدا
ئۆزۈمدىكى بۇنداق شىجائەت ئۇچۇن تۇنجى رەت ئۆز-ئۆزۈمگە
رەھمەت ئېيتتىم. نېمە بولسا بولار، بۇنداق چەكسىز كۈتىۋې-
رىشكە ئەمدى تاقىتىم يوق مېنىڭ...

www.uyghurkitap.com


مەن دەل قىزنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ ماڭا قاراپ بىر قىسما كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ بەلكى نەچچە كۈندىن بېرى ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگىنىمنى ئانچە - مۇنچە سەزگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بولمىسا ماڭا بۇنداق كۈلۈمسىرەپ قارىماس ئىدى. ئۇ-نىڭ شۇنچىلىك ئىلتىپاتىمۇ مەن ئۈچۈن ئاجايىپ زور تەسەللى ئىدى. شۇ مىنۇتتا ھاياجان، خۇشاللىق، يەنە ئاللىقانداق ھېيە-قىش، قورۇنۇش ئىچىدە پۇتۇنلەي گاراڭ بولۇپ كەتكەنىدىم. خۇدا نېسىپ قىلسا مۇشۇ قىز مېنىڭ خوتۇنۇم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ھەرنىمە دەپ بولمايدۇ. بۇ جاھاندا نى-نى تاسادىپىي-لىقلار بولۇپ تۇرىدىغۇ.

— بىرنەرسە ئالامتىڭىز؟

ئۇنىڭ ئاۋازى مەن ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىنمۇ بەكرەك يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتى. بەلكىم ماڭا شۇنداق تە-سىرات بېرىۋاتسا كېرەك، شۇنداق تۇيۇلۇپمۇ كەتكەنىدۇ. نېمىلا بولسۇن، ئۇ ئاۋۋال ماڭا ئېغىز ئاچتى. مۇشۇنچىلىك ئاددىي ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ، نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ يەردە ساھىلدەك چۆر-گىلەپ يۈرگىچە يۈرەكلىك بولۇپ، قېشىغا كېلىۋەرسەم بولماس-مىدى. ھەممىسى ئۆزۈمدىن ئۆتۈپتۇ، بۇمۇ مەيلى، سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پىشىدۇ، دېيىشكەن. ئۇ مېنىڭ نەچچە كۈندىن بۇ-يان ئۆزىنى ئەگىپ يۈرگىنىمنى سېزىپ تۇرغان بولۇشى مۇمە-كىن، ئۇ بىرىنچى بولۇپ گەپ باشلىغاندىكىن، ئەمدى ماڭا نېمە قورقۇش، بۇنداق ئىشتا ئەسلىي بىرىنچى بولۇپ قالماسلىق كې-رەك، بىرىنچى بولساڭ ئىش ئىشەنچىسىز چىقىپ قېلىپ، ئەپ-لەشمەي قالسا ئادەم خىجىلچىلىقتا قالىدۇ. كاللام گاراڭ بولۇپلا كەتتى، بۇ خۇشاللىقنىڭ تەسىرىدىن بولۇشى مۇمكىن، نېمىلا بولسۇن، بىر نېمە دېيىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ ھالدا ھېچ تىلىم گەپكە كەلمىدىغاندەك ئەمەس.

— مېنى دەمسىز، ھە... ئالسامۇ ئەمدى ئالارمەن. تونۇ-شۇپمۇ قالدۇق، بۇ ماڭا ئاسان توختىمىدى. سىز بۇ يەردە ئىش-

لىگىلى ئۇزۇن بولدى ھەقاچان، بۇ يەرگە ھەممىلا ئادەم بىرنەر-سە ئېلىش ئۈچۈنلا كەلمەيدۇ. ئۆزۈمنى دېسەم... سىز بىلمەسلىد-كىڭىز مۇمكىن، مۇشۇ قاچا-قۇچىلارنى سېتىۋالغانلارنىڭ ھەمە-مىسى ئۇنى چاي ئىچىش ئۈچۈن سېتىۋالىدۇ دەمسىز؟ ئۇنداق ئە-مەس، بەزى ئادەملەر توخۇ، كەپتەرلەرگە دان، سۇ بېرىدۇ. ئاچچىقى كېلىپ قالسا يەرگە ئېتىپ سۇندۇرىدۇ، يەنە بەزىدە تېخى...

— سىز زادى نېمە دېمەكچى؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ كەتكەن، چىرايىمغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغانىدى. بۇ ھالىتى كۆزۈمگە تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. نەدە بىر پەلىپەتىش گەپلەرنى قىلىپ سالدىمۇ- نېمە؟ نەچچە كۈندىن بۇيان نېمىلەرنى دېيىشمىنى شۇنچە ئويلاپمۇ تاپالمىغانىدىم. نېمىلا بولسىمۇ ئىشقىلىپ بىر زۇۋانغا كەلدىم. ئەمما دېگەنلىرىم پەقەتلا قاملاشماي قالدى، ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن، بىلەكلىرىمۇ ئاپئاق، ئۇزۇن چاچ-لىرى قوڭۇر... بىرەر چوڭ باشلىقنىڭ قىزىمىكىن، مۇشۇ يېرى قاملاشمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ چىقسا قانداق قىلغۇلۇق. بۇنى قويۇپ ئاساسىي مەقسەتنى دەۋالسام بولاتتى.

— ھە... سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟ مېنىڭچە، ناھايىتى چىرايلىق ئىسىملاردىنغۇ دەيمەن. مۇمكىن بولسا ئىككىمىز توي قىلساق بولاتتى... مېنىڭ تېخى...

ئاغزىمدىن چىقىۋاتقان گەپنى مەن ئەمەس باشقا بىرسى قىد-لىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئەسلىي بۇنداق گەپلەرنى دېمەكچى ئە-مەستىم.

— نېمانداق ئالىجوقا سۆزلەيدىغان ئادەم بۇ، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ مەن توي قىلىپ بولغان، بىرىڭ نېرى!

نېمە؟ توي قىلىپ بولغان؟ مەن ئۇجۇقۇپلا كەتتىم، تۇكۇ-رۈكۈم بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالغاندەك زادىلا يۇتالمايۋاتاتتىم. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى قۇلىقىمغا بەكلا قوپال، يېقىمسىز ئاڭلاندى. توي قىلىپ بولغان، شۇمۇ گەپمۇ. ئۇ ئالىبۇرۇن خەقنىڭ ئىد-

www.uyghurkitap.com



كىگە ئۆتۈپ كەتكەنىكەن-دە، مەن نېمىشقا شۇنچە كۆڭلەردىن بۇ-
يان بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۇ توي قىلىپ بولغان بولسىچۇ، دې-
گەنلەرنى ئويلاپ باقمىغاندىمەن، بىردىنلا سەپرايىم ئۆرلەپ، ئۆ-
زۈمنى زادىلا تۇتالمىدىم.

— توي قىلغان دەمسىز؟ مەن ئەجەب بۇنى بىلمەي يۈرۈپ-
تىمەن، توي قىلىپ چوڭ ئىش قىلىپتىكەنسىز، لېكىن سىز
نېمىشقا شۇنچە كۈندىن بۇيان مېنى بۇ يەردە نېمە ئىشى باردۇ،
دەپ ئويلاپ قويمايسىز؟ نېمىشقا باشتىلا مەن توي قىلغان دەپ
ئوچۇقىنى دېمەيسىز؟ باشتىلا بىلگەن بولسام بۇ يەرگە كۈندە
كېلىپ يۈرىدىغانغا ساراڭمىدىم مەن.

ئاغزىمغا كەلگەننى دەۋەردىم، مۇشۇنداق بولغاندا ماۋۇ بىر-
نېمىگە بولغان ئاچچىقىم سەل بېسىلىپ قالىدىغاندەك ئىدى.

— ساراڭمىدىم دەمسىز؟ دېمىسىمۇ ساراڭ ئىكەنسىز، شۇمۇ
ئىش بولدىمۇ؟ سىزنىڭچە، مەن بۇ يەرگە كەلگەن ھەممىلا ئادەم-
گە، مەن توي قىلىپ بولغان، دەپلا يۈرسەم بولىدىكەن-دە!

مەن ئۇنىڭغا ئەمدى ھېچنېمە دېيەلمىدىم، بېشىم چىڭقى-
لىپ، گەپ قىلغۇدەك ھەپسىلەممۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى
يۈرىكىمگە مۇشت ئۇرغاندەك تەسىر بەردى. ماۋۇ پېشكەل ئىش-
نى، شۇنچە كۈندىن بۇيان ئۆزۈمچىلا ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاق-
قان قىزنىڭ تۈرۈپلا ئېرى چىقىپ قالغىنىنى، شۇ تاپتا ئاچچى-
قىمدا يېرىلغۇدەك بولغانىدىم. مېنىڭ كۆچۈم يېتىدىغان بىرەر
ھارامزادە ھازىرنىڭ ئۆزىدە ماڭا شۇنداقلا سوقۇلۇپ كەتسە قات-
تىق ئۇرۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتىم. بولدى دېسىمۇ ئۇنىماي، راسا
دۇمبالاپ، ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالغۇم بار ئىدى. لېكىن ئۇنداق
بىتەلەيدىن بىرەرسىمۇ ماڭا ئۇچرىمىدى. ھەممىدىن تەلەيسىزى
مەن ئىدىم. ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ چىنە-قاچىلىرىنى بىرنى قويماي
چېقىۋەتكۈم، تەستىكىگە كېلىشتۈرۈپ ئىككىنى سېلىپ، ئۆ-
زۈمنى بىر تونۇتۇپ قويغۇم كەلدى. راست گەپنى دېگەندە شۇنداق
ئويلىساممۇ ئەمما مەندە ئۇنچىلىك جۈرئەت يوق ئىدى.

تولىمۇ تار، قاراڭغۇ كوچىلار... ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوغۇق دەشت، قۇرۇپ كەتكەن دەريا، قاقشال توغراق... كۆزۈمگە شۇنداق نەرسىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مېنىڭ هاياتىمنۇ ئاشۇ نەرسىلەردەك قۇرۇق ۋە تايىنسىز، قورقۇنچلۇق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى هېچ تاپالمايۋاتاتتىم. راديو كانىيىدىن بىر ئايالنىڭ مۇھەببەت كۈيلەنگەن جاراڭلىق ناخشىسى ئاڭلىناتتى. ئەمما ھەممە ئادەم ئالدىراش، ناخشا ئاڭلاشقا بىركىمنىڭ چولىسى تېگىدىغاندەكمۇ ئەمەس، ناخشا ماڭا خۇددى مېنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىمدەك قۇرغاق ۋە مەنىسىز تۇيۇلدى.

توساتتىن قاتتىق يىقىلىپ، باش-كۆزى يېرىلىپ، خەقلەرنىڭ مەسخىرە - مازاقلىرىغا قالغان ئادەمدەك ھەممىدىن بىزار بولۇپ كەتتىم. ئايىغىم ئاستىدىكى يول، ئېگىز سېمونت ستولبا، يول بويىدىكى گۈل-گىياھلار كۆزۈمگە بەكلا سەت كۆرۈنۈپ، ئىچ-ئىچىمدىن غەزىپىمنى ئۆرلىتىۋەتتى. ھەممە نېمىسىنى ئۆتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك ئۆزۈمنى تولىمۇ بىچارە ھېس قىلىپ قالدىم. قىمارۋاز جېنىدا بۇ تاۋكادا ئۇتتۇرۇۋەتكىنىم بىلەن كېيىنكى تاۋكادا ئۇتىمەن، دەپ ئۆزىگە تەسەللى تاپالايدۇ. مەندە بولسا ئازراقمۇ ئۈمىد قالمىغانىدى.

غەزەپ، خورلۇق، ئەلەم دەستىدىن پۇچۇلىنىپ كەتتىم، بۇنىڭغا يەنە ئۆز-ئۆزۈمنى مەسخىرە قىلىشمۇ قوشۇلۇپ ئۆزۈمنى بارغانسېرى كىچىكلەپ، يىگىلەپ كەتكەندەك ھېس قىلىۋاتسام، بىرنەرسە پۇتۇمغا قاتتىق ئۇرۇلدى. پۇت بارمىقىمنىڭ تىرناقلىرى ئاجراپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاغرىق جان-جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. قارىسام يوغانلا بىر تاشقا تېپىۋاپتىمەن. تاشقا قاراپ ئاچچىق ئەلەمدىن جان-ئىمانىم چىقىپ كەتتى. نېمىدەپ شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئارىسىدا مۇشۇ تاشمۇ كېلىپ ماڭا پۇتلىشىدۇ. تەقدىردىن تاشقىرى قىل تەۋرىمەيدۇ دېيىشىدىكەن. شۇنداق بولغاندا بۇ تاشقا مېنىڭ پۇتلىشىپ كېتىشىم تەقدىر بىلەن مۇنا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



سىۋەتلىكمۇ؟ ئۇنداقتا شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى پۈتلاشماي ماڭىدىغانلار ئوخشىمامدۇ. شۇنچە كەڭرى يولدا بىر تال تاشنىڭ تۇرغىنىنى ئەجەب كۆرمەي قاپتىمىنا، بۇ بىرەر پالاكەتنىڭ بېشارىتىمۇ ياكى پالاكەتنىڭ ئۆزىمۇ، نەدە بىر پېش-كەل ئىشلار نېمىشقا شۇ ھالدا دەرد-ئەلەمدىن يىرىلىپ كېتەي دەپ قالغان مەندەك ئادەمگە يولۇقىدىغاندۇ، ئەگەر بۇ ئىش بىرەر يامانلىقنىڭ بېشارىتى بولغۇدەك بولسا، ئۇ چاغدا قالغان ئىشلار خۇدا ئۆزىگە ئامانەت، بۇغۇ بىرەرسىنىڭ مېنىڭ يولۇمغا مەقسەت-لىك قويۇپ قويغان نەرسىسى ئەمەستۇ، مەن ھازىرغىچە بىرلا رەقىبىم بار، دەپ ئويلايمەن. ئۇ رەقىب بولغاندىمۇ ئۇنداق-مۇنداقلاردىن ئەمەس. مېنى قورقۇتۇپ، تەمتىرىتىپ بەكمۇ بىچا-رە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان باشلىقىم شۇ. چاتاق يېرى ئۇنىڭ شۇ باشلىقلىقىدا، مۇشۇ تاش بىلەن باغلىنىشى بارمۇ تېخى، تە-سەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇ باشلىقنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. ھازىرغىچە ئۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلمىدى. ئەمما ئۇ ھامان بىر كۈنى ئورنۇمدىن تۇرالماس قىلىپ، ئەدىپىمنى بېرىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەنلىكى بولماي ـ نېمە. مەن قورقسامىمۇ، قارغىسامىمۇ، ئىشقىلىپ ئاشۇ ئەبلەخنىڭ مېنى ھا-مان ئەدەپلەيدىغانلىقىنى ئەلەم بىلەن كۈتۈپلا تۇرۇۋاتىمەنغۇ. كۈ-تۈش دېگەن قۇلاققا خېلى يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان چىرايلىق سۆز ئىدى. ماڭا كەلگەندە بۇ سوزنىڭمۇ مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتتى.

ئەسلىدە مېنىڭ ھېچقانداق بىر رەقىبىم بولماسلىقى كې-رەك ئىدى. رەقىبلا ئەمەس، ھەتتا ماڭا دىققەت قىلىدىغان، ئىش-لىرىمغا زەن سالىدىغان ئادەممۇ بولماسلىقى كېرەك ئىدى. مەن نام-ئاتىقى بار، باشقىلارنىڭ نىسبەتەن چاڭ سالىدىغان، بىراۋغا يامانلىق ئىزدەيدىغان ئادەممۇ ئەمەس. مۇشۇنداق ھالدا مېنىڭ كەلگۈسۈم قانداق بولۇپ كېتەر. كەلگۈسى دېگەنمۇ ناھا-يىتى ئوبدان گەپ. بۇگۈنكى ئارزۇلىرى كۆپۈككە ئايلانغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈمىدىنى كەلگۈسىگە باغلاپ، ئۆزىگە تەسەللى تاپسا

كىرەك، بۇ پەقەت «بۇگۈندىن ئەتە ياخشى بولىدۇ» دەپ ئىشەنگەندەكلا بىر ئىش. ئەمما بۇگۈندىن ئەتىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى كىم ئالدىن بىلەلەيدۇ. ئۇنىڭغا كىم كاپالەت بېرەلەيدۇ. كەلگۈسۇم چوقۇم ياخشى بولىدۇ دېگەنلىك، بىردەملىككە ئادەمگە چىرايلىق ئاڭلىنىپ، كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى گوللىشى خالاس. كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشقۇ ياخشى، بىراق تىرىشچانلىقىڭىز ۋاقتى كەلگەندە بىر تىيىنغا ئەرزىمەي قالسىچۇ، كەلگۈسىدە بەختلىك بولىسەن دېسە دەماللىققا مەنمۇ خۇشال بولىمەن، ئەمما شۇ كەلگۈسى كەلگەندە بەختلىك بولالمىسام، سەن شۇنداق دېگەن دەپ، بىراۋنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغىلى بولامدۇ، مېنىڭ بەختلىك كۈنلىرىم بولغانمۇ، بەختلىك كۈنلىرىم كېلەرمۇ، بۇنىڭغا بىرنىمە دەپ بولمايدۇ. بەخت دېگەن نېمە ئۇ، كىم بۇنىڭغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى.

مۇشۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئازابى، خۇشاللىقى بىلەن پەقەت مۇناسىۋەتتى بولمىغان جانسىز تاشمۇ مېنىڭ ئەسلىيدىلا پەرىشان كۆڭلۈمگە يەنە نۇرغۇن غەشلىك كەلتۇردى. ئويلىمايدىغان ئىشلارنى ئويلاپ كەتتىم. تارتمايدىغان كۆڭۈل ئاغرىقىنىمۇ تارتتىم. مەيلى، بولدىلا، مەن تاشقا ئۆچمەنلىك بىلەن ئالىيىپ قويۇپ، ئۇنى نېرىدىكى ئېرىقتا قۇلاقنى ئۇشسۇتۇپ، سەت شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇغا غەزەپ بىلەن ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتىم. سۇنىڭ چاچراندىلىرى ئېرىق بويىدا يەرگە قارىغانچە مۆكچىيىپ، خۇددى ئوغرىدەك كېتىۋاتقان بىر بوۋاينىڭ ئاق يەكتىكىگە چاچراپ كەتتى. مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ بولغىنىغا تۇرۇپلا خۇش بولۇپ قالدىم. بوۋاينىڭ يەكتىكىنى بۇلغىۋېتىش مەقسەتلىك قىلغان ئىشىم بولمىسىمۇ، ئەمما مۇشۇ ئىش بولۇۋىدى، يىغانىم سەل پەسەيگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. بوۋاي ماڭا نۇرسىز كۆزلىرىنى تىكىپ بىر ئالىيىۋەتكەندىن كېيىن، بىرنې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىلەرنى دەپ غوتۇلدىغىنىچە كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن خېلىغىچە قاراپ قالدىم. ئۇ نېمىشقا كېلىپ ياقامغا ئې-
سىلمايدۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى بۇلغىنىپ كەتتى، بۇ ئادەمنىڭ
غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىش تۇرسا... ئۇ ھېچبولمىسا بىر-
ئىككى ئېغىز تىللىغان بولسىمۇ كاشكى. ئۇ مەندىن قورقتىمۇ
ياكى مېنى مەنسىتمىدىمۇ. ئېھتىمال، سېنىڭدەك بىرنېمە بىلەن
تەڭ بولۇپ يۈرەمدىم، دەپ ئويلىغاندۇ قېرى چال، خوپ بولدى
ساڭا...

بوۋاي يىراقلاپ كەتتى، ھېچبولمىسا ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ
قويساممۇ بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. بوۋاينىڭ ھومىيىپ
قويۇپ كېتىۋېرىشىنى ئۇنىڭ مېنى كەچۈرگەنلىكى دەپ چۈشى-
نىشكىمۇ بولىدۇ. ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئەپۇچان كېلىدۇ. بوۋاي
بۇ ئىشنى ئۆزىدىنمۇ كۆرسە بولىدۇ. ئۇمۇ نېمىدەپ دەل مەن
سۇغا تاشنى ئېتىشىمغا شۇ يەرگە پەيدا بولۇپ قالىدۇ. دەل سۇ-
نىڭ چاچرىشىغا شۇ يەردىن ئۆتۈپ قېلىشى ئۆزىنىڭ شورى. خا-
لىمىغان ئىشلار قەدەمدە بىر يۈز بېرىپ تۇرىدىغان جاھان بۇ.
بۇنچىلىك ئاددىي ساۋاتنى چۈشەنمىگەن ئادەم ئۆزىگە قەدەمدە
بىر ئىچ پۇشۇقى تېپىۋالىدۇ. خەير-خوش بوۋاي، سەن مۇشۇ
ياشقا كەلگۈچە قانداق قىسمەتلەرنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزگەنلىكىڭ-
نى ئەسلەپ بولالمايسەنغۇ، سەنمۇ ياش چاغلىرىڭدا قىزلارنى
قوغلىشىپ دەككە يېگەن ئىشلىرىڭنى پات-پات ئويلاپ قويساڭ
بولىدۇ. بەلكىم ھازىرقى مومىيىڭنىڭ ئۇن سەككىز ياشلىق
چاغلىرىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلمەيدىغانسەن... ئادەم دېگەنمۇ
توختىماي ئېگىز-پەس يولدا مېڭىۋەرسە بىر زامانلار كەلگەندە
جۇلۇقى چىقىپ كېتىدىغان ماشىنىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ.

كېتىۋېتىپ تاشقا پۇتلىشىپ كەتكىنىم، پۇتۇمنىڭ قاتتىق
ئاغرىغانلىقى، تاشنى ئېلىپ ئېرىققا تاشلىغانلىقىم، سۇنىڭ
چاچراپ چىقىپ بوۋاينىڭ كىيىمىنى بۇلغىۋەتكەنلىكى ھېچكىم-
نىڭ نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويۇشىغا ئەرزىمەيتۇ. ئەتراپقا قارد-

سام، بىرەر ئادەممۇ مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمغا دىققەت قىلغاندەك ئەمەس. ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھا-زىرقى ئادەملەر بىپەرۋا، بىر ئىشلارغا قىزىقمايدىغان لامزەللىـ-لەردىن بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. بىر قارىسام، بۇ ئادەملەرنىڭ بىپەرۋالىقىدىنمۇ ئەمەس، قىلغان ئىشىمنىڭ بەك ئاددىيلىقى-دىنمۇ ئەمەس، بۇ ئىشقا ھېچكىمنىڭ دىققەت قىلمىغانلىقى ئە-مەلىيەتتە مېنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ئورنۇمغىلا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئەگەر مەن پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئادەم بولغان بول-سام، بۇ ئىشىم ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئەتراپىنى كى-شىلەرنىڭ قى-چۇلىرى قاپلىغان، مېنىڭ قىلغانلىرىمنىڭ ئەھ-مىيىتى ھەققىدە بەس-مۇنازىرە باشلىنىپ كەتكەن بولاتتى. ئاشۇ بىر ئاددىي تاشمۇ ئۆزۈنىچە كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈ-رۈلمەيدىغان مۇھىم نەرسىگە ئايلىناتتى. ھەتتا «مەشھۇر زات پالانى يولدا تۇرغان بىر تاشنى كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ يول يۈرۈ-شىگە قولاي بولۇشى ئۈچۈن ئالايىتەن تاشنى ئېلىپ يول ياقى-سىغا تاشلىۋەتتى، بۇنداق ئېسىل پەزىلەت كەمدىن-كەم ئۇچراي-دۇ» دەپ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يوقالمايدىغان خاتىرىلەردىن ئورۇن ئېلىپمۇ قالاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئېتىبارسىز ئادەم بولغىنىمدىن ئۆكۈنۈپمۇ كەتمەيمەن. مەن ئۈچۈن ھازىر مۇھىم بولغىنى مۇشۇ دۇنياغا يارىلىپ قالغانىكەنمەن، بىر ئامالىلارنى قىلىپ ياشاش، باشقىلار بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپلا يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئادەم دېگەن ئارزۇ-ھەۋەسنىڭ قۇلى، خىيالىمىزغا كىرىپ قالغان ئاللىقانداق ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز پالاقلاش بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئادىتىمىز. مال سات-قۇچى قىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىم، ئۇچ-رىغان خورلۇقلىرىم ئېسىمگە كېلىپ يىغلىغۇدەك بولۇپ كەت-تىم. ئۇ ھېچبولمىسا مەندىن ئەپۇ سوراپ قويسىمۇ بولاتتى ئە-مەسمۇ. ئەمما مەن ئۇنىڭ ئەپۇ سورىشىغىمۇ ئەرزىمەي قالدىم. ئاشۇ كۈنى ئەركىن بىلەن كوچا ئايلىنىپ ئاق قۇ سودا سارىيىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىرىپ قالمىغان بولسام، ئاغىنىلەردىن يەنە شۇ قىزنىڭ پارىكىدىنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالمىغان بولسام مۇشۇ ئىشلارمۇ بولۇپ ئۆتمەس ئىدى. ئۆلۈمنىڭمۇ، كۆرۈمنىڭمۇ چوقۇم بىر باھانە-سەۋەبى بولىدۇ. باھانە-سەۋەبسىز ئىش مەۋجۇت ئەمەس. مال ساتقۇچى قىز ھازىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن، ئۆزىچە پەخىرلىنىپمۇ كەتكەندۇ ياكى خورلۇققا ئۇچرىدىم دەپ يىغلاپ كەتتىمىكىن ئۇ بىچارە. نېمە بولساڭ بولۇۋەر، ئەمدى ئىككىمىز مەڭگۈ كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن ھەم ئەمدى كۆرۈشۈش پۇرسىتى چىقىپ قالسىمۇ، مەن ئۇنداق پۇرسەتتىن ۋاز كېچىمەن.

ئەسلىدە ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان ئادەم بولۇپ قالغان بولسامۇ بوپتىكەن، ھەممىلا نەرسىنى ئۆزۈم بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراپ ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىدا ياشاۋەرسەم ناھايىتى ئوبدان بولاتتى. لېكىن يامىنى شۇنداق قىلىمەن دەپلا شۇنداق قىلغىلى بولمايدىكەن. ئادەم دېگەن ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزى كونترول قىلالمايدۇ. شۇڭا بىز دائىم نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە، دەرد-ئەلەملەرگە يولۇقۇپ ئاچچىق يۇتۇشتىن ساقلىنالمايمىز. ئاللىقانداق بىر شېرىن ئارزۇغا چۆمۈلىمىز. نۇرغۇن پۇل تاپقۇمىز كېلىدۇ. چىرايلىق قىزلارنى كارۋىتىمىزغا ئېلىپ چىققۇمىز كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىش ئىمكانىيىتىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن شۇنداق ئارزۇدا بولۇپ قالىمىز. بۇنىڭ نەتىجىسى نېمە بولىدۇ؟ بىزگە قالغىنى غېرىبلىق، مەيۈسلۈك ۋە يۈرەكتە قالغان داغ-ھەسرەت. قەتئىي ئىرادەم بار، دېگىنىمنى قىلىمەن دەپ ئۆزىنى بېغىشلىغان تەقدىردىمۇ ھاياتلىقتا ئادەمنىڭ پۈتۈن ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ناھايىتى ئاز قىسمى، خۇددى بىر چېلەك سۇدىن بىر قوشۇق ئېلىپ ئىچەلىگىنىمىزدەكلا...

ئەركىن بىر چېلەك سۇدىن بىر قوشۇق تۆكۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن، قالغىنىنى تولۇق ئىچەلەيمىز، دەپ ئويلايدۇ. مەنمۇ

بىر ئامالللارنى قىلىپ شۇنداق ئويلىيالايدىغان ئادەملەردىن بول-
مىسام بولمايدۇ.

نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان قىز-ئاياللارغا تەلپۈنۈش بىلەن
ياشاپ كەپتىمەن. ئەمما بىرەرسىنى چىن مەنىسى بىلەن ياخشى
كۆرۈپ باقمىدىم. ياخشى كۆرۈشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى كىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. يات جىنسلىقلارنىڭ
بىر-بىرىگە بولغان تەبىئىي ئېھتىياجىنىڭ بىر ئۇلۇغلاپ، كۆك-
كە كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان سۆيگۈ- مۇھەببەتنىڭ نېگىزى ئىكەن-
لىكىگە قانچىلىك ئادەم ئىشىنەر. بۇنداق دېسە مۇھەببەت دېگەن
ئۇنداق ئالىيجاناب، بۇنداق يۇكسەك دەپ ۋەز ئېيتىدىغانلار خاپا
بولۇپ كېتىدۇ. سىز بىر قىزنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىسىز،
ئويدان ئويلاپ باقسىڭىز، سىزدىكى ئاشۇ تەبىئىي ئېھتىياجىنىڭ
تۈپ مەنبە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ھەيران قېلىشىڭىز
مۇمكىن. ئىككى ۋۇجۇدنىڭ قوشۇلۇشىنى پاسكىنىچىلىق دەپ
ئەيىبلەيدىغانلار ئارىمىزدا ساماندەك. خۇددى ئۆزلىرى ئادەمدىن
تۇغۇلماي، ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك.

— ئويدانلا يەردە ئۈچرىشىپ قالدۇق.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىمنى تەستە
كۆتۈرۈپ قارىسام، ئالدىمدا مەندىن چوڭراق كۆرۈنىدىغان، قا-
مەتلىك بىرەيلەن يول توسىدىغان بۇلاڭچىلاردەك بىرھالدا ھومى-
يىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇ كىم بولغىيدى، بىرەر يامان نىيىتى بار
ئوخشىمامدۇ، بۇ ئادەمنى ئەجەب بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلى-
مەن. مۇشۇ ئۇنتۇغاقلىقىمنى دېسە، ئۇنتۇغاق بولغاندىكىن يا
جاھاننىڭ خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇپلا كەتمەيدىكەنمەن. ئادەم ئاز ئۆ-
تىدىغان بۇ تارچۇقتا ئۇ نېمىدەپ يولۇمنى توسىدىغاندۇ، ئويدان
يەردە ئۈچراشتۇق دېگىنى نېمىسى ئۇنىڭ.

— ئىككىمىز ئويدان بىر ھېساب-كىتاب قىلىشىۋالايلى.
خەقنىڭ خوتۇنىغا ئىچ پەش تارتىپ يۈرسە قانداق بولىدىكەن،
بىر كۆرسىتىپ قويا ي ساڭا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قارىغاندا، ئۇ مەندىن خېلى ئۇبدانلا ھېساب ئالىدىغاندەك قىلاتتى. مەندىن ھېساب ئالىدىغان ئادەملەر نىمانچە كۆپتۇ. مەن كىمنىڭ خوتۇنىغا ئىچ پەش تارتىپ يۈرگەندىمەن. بۇ ئادەم مېنى خاتا تونۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنى ئەسلىي شۇ ماگىزىندا كۆرۈپتىكەنمەن-دە. ماۋۇ خۇنپەرنىڭ ئوساللىقىنى، قېنى ئاخىرى قانداق بولىدىكىن، دەپ ساقلىغۇچە خوتۇنىغا قانات سۆرەپ يۈرگەنلىكىمنى سەزگەندىكىن، باشتىلا، ماۋۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، كەينىگە كىرىۋالماي يوقال! دېسىلا بولماسمىدى. ئۇ مۇشۇ ئىش بىلەن خوتۇنىنى بىر سىناپ باقماقچىمىدىكىن -يا. خوتۇنىغۇ سىناقتىن ئۆتتى، ھېسابلىشىمىز دەۋاتقىنىنى، يىقىلغان ئادەمنى تۆپىلەپ دۇمبالىغاندەكلا بىر ئىشقۇ بۇ. مېنىڭمۇ خەقتىن ھېساب ئالىدىغان كۈنلىرىم كېلەرمۇ... شۇنداق تەلەيسىزدىن بىرەرسى ئۇچراپ قالسا، ئۇنى مەنمۇ بوش قويمايمەن.

ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى. مەن قاققان قوزۇقتەك ئورنۇمدا قىمىرلىماي تۇرۇپلا قالدىم. مېنىڭ بۇ تۇرۇشۇم قورقۇپ كېتىپ مىدىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغانلىقىمۇ، ئۇنى پىسەنتىمگە ئالماي قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلەتتى، دېگەنگىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

ئۇ ئالدىمغا كېلىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە ئوبدانلا بىر قاردۇەتكەندىن كېيىن، سول مەڭزىمگە قارس قىلىپ بىرنى سالدى. مەن ئارقامغا دەلدۈگۈنۈپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدىم. ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيىشىم، ئۆزۈمنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. ئەمما نېمە دېيىشنى، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم، گەپ ـ سۆزدە قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇشۇم زۆرۈر ئىدى.

مۇشت تەگكەن سول مەڭزىم قاتتىق ئاغرىپ، ئوتتەك قىزىشىپ كەتتى. مېنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يەر، مەن نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋا، نۇر تۆكۈۋاتقان قۇياش، ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخلەر... بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك، بۇ ناھەق زەربىگە

سوكوت قىلىشىۋاتقاندەك جىممىدە، ھەرىكەتسىز ھالىتى بىلەن مې-
نى ئوراپ تۇراتتى.

مېنىڭ مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرۇشۇم ئۇنى سەل ئەجەب-
لەندۈرگەن بولسا كېرەك، تاياق يېگەن ئادەمنىڭ زوۋانىسىز، ھە-
رىكەتسىز قاراپ تۇرۇۋېرىشى، ھەرقانداق رەقىبىنى چۆچۈتمەي
قالمايدۇ. ئۇ بىردىنلا سەگەكلەشكەندەك بولۇپ، ماڭا باشتىن-ئا-
ياغ سەپسېلىشقا باشلىدى. تۇرقىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغانلى-
قى چىقىپ تۇراتتى. مەن يەنىلا ئورنۇمدا قىمىر قىلماي تۇرۇ-
ۋەردىم. كۆڭلۈمدىكى تەشۋىش، ئەندىشىلەرمۇ تارقاشقا باشلىدى،
رەقىبىم ئەپسىز بىر ھالدا قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ يا ئۇرۇپ -
تىللاشنى، يا قايتىپ كېتىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتسا
كېرەك، كۆڭلىدە مەندىن قورقۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ
ئاۋۋالقى سۈر-ھەيۋىسىدىن قالغان، جىملا تۇراتتى... بۇنداق تۇ-
رۇۋەرسەك بولمايتتى. ئۇ ياكى مەن مۇشت ئېتىشىمىز ياكى بىر
نېمە دېيىشىمىز كېرەك ئىدى، مۇشت ئېتىش ماڭا ياقمايتتى،
گەرچە مەن بايا ئوبدانلا تاياق يەۋالغان بولسامۇ، بۇنى ئۆزۈمنىڭ
شورى دەپ چۈشەنگەنىدىم. بۇ ئامالسىزلىقتىن بولغان، سۆزلى-
شىش بىر ئاز ئوڭاي، شۇ تاپتا ھەر ئىككىمىز بىر-بىرىمىزدىن
سەل قورقۇپ تۇرۇۋاتساق كېرەك.

— مەن ئۆزۈمنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىمنىمۇ بىلمەيمەن.

مەن راستتىنلا ئۆزۈمنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىمنى
بىلمەيتتىم. بۇنى ئاناممۇ ئېنىق بىلمەيدىكەن. بىر قېتىم سو-
رىسام، ئانام: «قانچىنچى يىللىرى ئىكەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ،
ئۇ يۇرتىمىزدا ئاچارچىلىق بولغان يىللار ئىدى، ئاۋۇتخان مەخ-
سۇم شۇ يىللىرى توشقان يىلى دېگەندەك قىلغان» دەپ جاۋاب
بەردى. مەن قايسى يىللىرى ئاچارچىلىق بولغان، دەپ بىرسىدىن
سوراپمۇ يۈرمىدىم. نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىمنى ھېلىقى توشقان
يىلى دېگەن مۇچەلگە ئاساسەن ھېسابلاپ چىقسامۇ بولاتتى،
ئەمما ئېنىقلاشقا تازا ئېرەنشىپمۇ كەتمىدىم. بەلكىم بۇنىڭ نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


هاجىتى دەپ ئويلىغان بولۇشۇمۇ مۇمكىن. ئەمما ماڭا ناتونۇش بولغان ھېلىقى ئاۋۇتخان مەخسۇم دېگەن كىشىنىڭ «توشقان يەلى تۇغۇلۇپتۇ» دېگەن سۆزلىرى دىققىتىمنى تارتقانىدى. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ باشلىق ئۆزىچىلا: «مانا بىزلەر يولۋاس يىللىق ئىكەنمىز» دەپ كۆرەڭلەپ يۈرەتتى. مۇچەل بىلەن ئادەم خاراكتېرىنىڭ قانچىلىك مۇناسىۋىتى بار، بۇنى بىلمەيمەن. ئەمما بۇمۇ بەزى ئادەملەرنىڭ ساراڭدەكلا ئۆز-ئۆزىدىن پەخىرلىنىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدىكەن. مۇچەل بىلەن ئادەم خاراكتېرىنىڭ مۇناسىۋىتى بولسا، مەن توشقان يىلى تۇغۇلغاچقا شۇڭا مۇشۇنداق قورقۇنچاق بولۇپ قالدىممىكىن -يا... بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن. ئەمما ياش سۈرۈشتۈرۈپ بىرەرسى سوراپ سالسا، ئۆزۈم بىلەن تەڭتۇشلارنىڭ يېشىغا قاراپ بېقىپ يىگىرمە ئىككى ياش دەپلا قوياتتىم. بۇنىڭغا ھەممەيلەن ئىشەنگەن بولسا كېرەك، ھېچكىم قارشى قوپۇپمۇ يۈرمىگەنىدى.

ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي يېشىنى بىلمەسلىك بەزى ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە بىر پاجىئە بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن يېشىمنى بىلمەيمەن دەپ ئۆزۈمنىڭ بىچارىلىقىمنى ئىسپاتلاپ، رەقىبىمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماقچى بولدۇممىكىن، بىكاردىنلا شۇ سۆزنى دەپ ساپتىمەن. مېنىڭ يېشىم بىلەن ئۇنىڭ نېمە ئالاقىسى، ئەسلىدە مەن باشقا گەپلەرنى قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بايىقى يامان ئەلپازى پەسكويغا چۈشكەندەك ئىدى، ئۇ مېنىڭ بىچارىلىقىمدىن تەسىرلەنگەن بولسا كېرەك.

— سەندەك ساراڭغىمۇ گەپ قىلىپ يۈرۈپتىمەن. لېكىن ئېيتىپ قوياي، مەيلى ساراڭ بول ياكى ئوك بول، يەنە ئايالىمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالغۇچى بولساڭ ھەرگىز رەھىم قىلمايمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپلا كەتتى. خاتا ئويلىغانىكەنمەن. ئۇ مەندىن قورقۇپ ياكى جېدەلدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئەمەس، مېنى ئۇرۇش بىھۇدە ئىش، دەپ ئويلاپتۇ. قاتتىق بوغۇنۇقۇپ كەتتىم. ھەممىلا ئادەم بىھۇدە ئاۋارىچىلىقلاردىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشاي-

دۇ. مەنلا ئەمەس، ئۆزىنى ئەخمەق ھېسابلىمايدىغان ھېلىقى رە-
قىبىممۇ مېنى ئىزدەپ مۇشۇ يەرگىچە ئارقامدىن پايلاپ كېلىپ،
نۇرغۇن ئاۋارە بولدى. تېخى ئۇنىڭ، خوتۇنۇمغا بىرسى يامان ند-
يەتتە بولدى، دەپ ئويلاپ تارتقان ئەلەملىرىنى دېمەيلا قوياي.
ئۇغۇ مېنى بىرنى سېلىۋالدى، سول مەڭزىم ھازىرغىچە ئاغرىۋا-
تىدۇ. ئەمما بۇنىڭ بىلەن ئۇ نېمىگە ئېرىشتى؟ مېنى ئۇرۇۋالغد-
نى ئۇچۇن قانچىلىك خۇشال بولالىغاندۇ؟ بولىدىغان ئىش بولۇپ
بولغان، ھەرنېمە قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. تېخى كەچتە
بېرىپ خوتۇنىنى دۇمبالاپ كېتەمدۇ، ئۇ ئەخمەق.

نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردۇم، قىلغان - ئەتكەنلىرىمنى
ئويلاپ كۆرسەم بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ، ئەمما بۇ جەرياندا تارت-
قان كۆڭۈلسىزلىك، ئاۋارىچىلىقلىرىم ئازمۇ. ھەممە ئۈمىد، ھا-
ياجانلىرىم يوققا چىقتى، مال ساتقۇچى قىز بىلەن ئېرىمۇ كۆ-
ڭۈلسىزلىك تېپىۋالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەندىن ئۆتكەن خا-
تالىقلار. لېكىن شۇنداق دەپ بېرىپ، ئۇ خەقتىن ئەپۇ سورىغىلى
بولامدۇ. ئەمدى مەيلى ئەپۇ سورىغىلى باراي ياكى باشقا سەمىمي
نىيەت بىلەن باراي، نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈمد-
نى ئۇلار چۈشىنەلەتتىمۇ. پالاكەت دېگەنمۇ بىر ئادەمنى تونۇۋالسا
كېلىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ.

— خەپ!

ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزۈم چۆچۈپ كەتتىم.

نېمىشقىكىن مۇشۇ كۈنلەردە بىر ئىشلارغا ئاچچىقىم كەلسە
ئۆزۈمچىلا ۋارقىراپ سالىدىغان بولۇپ قالدىم. گاھىدا ئۆزۈمد-
دىنمۇ ئەنسىرەپ قالاتتىم. ئادەم كۆپ جايدا مۇشۇنداق قولاشمد-
غان گەپلەرنى بىكاردىن-بىكار دەپ سالسام، خەقلەرنىڭ مەسخد-
رىسىگە قېلىشىم چوقۇم. نېمىگە «خەپ» دېدىم. خەپ دېگەن گەپ
«ئالدىرىماي تۇر، سەن بىلەن قىلىشىدىغان ھېسابىمىز بار، ئە-
دىپىڭنى چوقۇم بېرىمەن» دېگەن گەپ. نەگە بارسام ئەدىپىنى
يەپ يۈرگەن مەندەك ئادەم كىمدىن ھېساب ئالىمەن. كىمنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئەدىپىنى بىرىمەن. دائىم مېنىڭ يىقىلىشىمنى كۈتۈپ يۈرگەن
باشلىقىنىڭمۇ ياكى تەلپىمنى رەت قىلغان مال ساتقۇچى قىز-
نىڭمۇ، ئالدىمنى توسۇپ مېنى ئۇرغان ھېلىقى ئەبلەخنىڭمۇ- يا.
بىر قارىسام ئۇلاردىمۇ، مەندىمۇ گۇناھ يوقتەك ئىدى. تەقدىر-
سىز قىل تەۋرىمەيدۇ دېيدىكەن. بەلكىم بۇ ئىشلار تەقدىردىن
تاشقىرى بولۇپ قالغان ئىشلاردۇر. كىم بىلىدۇ، بەلكىم مېنىڭ
تەقدىرىممۇ يوقتۇ. تەقدىرسىز ئادەم مەۋجۇتمىدۇ، مەۋجۇتلا بول-
سا چوقۇم مەن شۇ.

كاللامغا ھېلىقى خىيالىي مەشۇقۇم كىرىۋالدى. تۇرۇپلا ئۇ-
نىڭغىمۇ ئۆچ بولۇپ قالدىم. ئۇ پەقەت مېنى ئەخمەق قىلىپلا
يۈرىدىغاندەك ئىدى. مۇشۇ دۇنيادىكى ئارازلىقلار يەتمىگەندەك،
نەدە بىر ئات-جۈننىڭ تايىنى يوق، ھېچنېمىدىن-ھېچنېمە
يوقلا خىيالىمغا كىرىۋالىدىغان بىر كۆلەڭگىمۇ مېنى ئەخمەق
قىلىپ يۈرسە، بۇنى ئەمدى كىمدىن كۆرىمەن. ھەممە ئەيىبنى
ئۆزۈمدىن ئىزدەشكە مېنىڭ شۇ تاپتا تازا رايىم بارمايۋاتاتتى.
روھ بىلەن ۋۇجۇد ئارىلىقىدىكى ئۆزۈن مۇساپىدە مەن چارچاپ
ھالىمدىن كېتەي دەپ قالغانىدىم.

تولۇق ئون كۈن ئىشقا بارمىغان مەندەك بىر ياللانما ئادەم-
نىڭ ئەمدى زاۋۇتتا ئىشلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر زاۋۇتقا
ئىككىنچىلەپ بارمايدىغان ئىش بولسا، مېنىڭ باشلىقتىن قور-
قۇشۇمنىڭ پەقەتلا ئورنى قالمايتتى. ئەمدى ئۇنىڭدىن قورقمى-
سامىمۇ بولاتتى. ئەمدى مەن ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە ئە-
مەس، شۇنداق... ئەمدى ئۇ ئالدىمغا كېلىپ: «ئۇكام، بولدى،
مەندىن ئۆتۈپتۇ، ئۆتكەننى سۈرۈشتۈرمەيمەن، ئىشلەپ قال» دې-
سىمۇ، مەن يوقال! دەيمەن. ئەگەر ئۇ شۇنداق دېسىمۇ مېنىڭ
جاجامنى بېرىش ئۈچۈنلا مېنى زاۋۇتتا ئېلىپ قالىدۇ. مەن
ئۇنداق قاپقانغا ئەمدى دەسسىمەيمەن. زاۋۇتتىن چىقىپ كەتسەم
ئۇنىڭدىن قورقۇپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى قالمايدىغانلىقىنى نې-
مىشقا باشتىراق بىلمىگەندىمەن. ئەمدى ئۇ ئەبلەخنى ئۇچرىتىپ

قالسام، ئۇنىڭدىن قورقمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويۇشۇم، ئوبدان بىلدۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك. ئۇنى كۆرگەندە قەستەن ئال- دىغا بېرىپ، كۆزلىرىگە تاماكا ئىسىنى پۈۋلەيمەن، ئالىتاغىل ئاۋازدا سەت ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئۇنى قاتتىق جىلە قىلىمەن، ئۇمۇ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ قويسۇن.

هۇجرامغا كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ ياتتىم. كارىۋات سەت غىچىرلاپ كەتتى. كۆزۈمگە ئەركىن تامغا چاپلاپ قويغان سەتەڭنىڭ رەسىمى چېلىقتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ رەسىمنىڭ ئالدىغا باردىم. كۆزلىرىدىن شاللاقلىق، ياۋايى ئىستەك چاقناپ تۇرغان بۇ قىزنىڭ چىرايى كۆزۈمگە بەكلا سوغۇق كۆرۈندى. قىزىل ئاسما مايكىسىدىن يوغان كۆكسىلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈ- دەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پۇل بېرىمەن دېسە ھەرنېمە قىلىشقا تەي- يار تۇرىدىغان قىزلاردىن بولسا كېرەك، مەن رەسىمنى سويۇۋې- لىپ، پۇرلاپلا دېرىزىدىن تاشلىۋەتتىم. مەن تونۇمايدىغان، يا ئىسمىنى بىلمەيدىغان بۇنداق بىرنېمىنىڭ رەسىمىنى ئۆيۈمگە چاپلىۋېلىپ نېمە قىلىمەن...

شۇ ئارىدا ئۆيۈمگە ئەركىن كىرىپ كەلدى. بۇ بىرنېمە يەنە شۇ قىزلارنىڭ گېپىنى قىلغىلى كەلدى بولغاي، دەپ ئويلىدىم ئۇنىڭغا جاي كۆرسىتىۋېتىپ.

— نېمە بولدۇڭ، خېلى بولدى يوقاپلا كەتتىڭغۇ؟

— زاۋۇتتا ئەمدى ئىشلىمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— ئىشلىگۈم يوق.

— ما گەپنى، هازىر ئىش تاپماق دېگەن تەس تۇرسا، ئەخ- مەق بولماي بارغىن، بىزنىڭ زاۋۇتقا يەنە ئىككى قىز كەلدى، خېلى قامالاشقان نېمىلەركەن، غاچچىدە بىردىن توغرىلىۋالمدۇق تېخى.

مەن باشقا گەپمۇ قىلمىدىم، ئەركىن يېڭىدىن زاۋۇتقا كەل- گەن ئىككى قىز توغرىسىدا بىر هازا گەپ ساتقاندىن كېيىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بىرسى بىلەن كۆرۈشمەن دەۋاتاتتىڭ، قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى. ئۇ خۇددى ئاغلىغۇالسا يوغان بىر پايدىغا ئېرىشە-لدىغاندەك، كۆزلىرىمگە تەقەززالىق بىلەن تىكىلدى.

— نېمە، مەن ساڭا ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىغانىدىمغۇ؟ — مەن ھەيرانلا قالدىم. ئۇنىڭغا بۇ توغرىلىق قاچان بىرنېمە دەپ يۈرگەن بولغىيدىم. بۇ ئەخمەق مېنى چېكىپ بېقىۋاتامدۇ- يا.

— ئېسىڭدە يوقمۇ، ئۈچ-تۆت كۈننىڭ ئالدىدا بازاردا ئۇچراپ ئۆزۈڭ دەپ بەردىڭغۇ، ئاق قۇ سودا سارىيىنىڭ 2-قەۋ-ىتىدىكەن دەۋاتاتتىڭ، قانداق بولدى؟ دېگىنە، — دېدى ئۇ يەنىمۇ قىزىقىپ.

— قانداق بولاتتى، بۇرنۇمغا يەپ كەلدىم شۇ... — راستىنلا ئۇنىڭغا ھەممىنى دەپ بېرىپتىمەن. ئەمدى يوشۇرغۇ-دەك يېرى قالماپتۇ، دەپ بەرگىنىمغۇ پەقەتلا ئېسىمدە يوق.

— باشقىلارغا دەپ يۈرمىگىن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، ئالد-ىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردىم.

— تازا بىر ئاداش-تە بۇ، ئۇدۇللا بېرىپ ماڭا تېگەمسىز، دەپمۇ گەپ قىلامدۇ.

— ماڭا تېگەمسىز دېمىدىم، توي قىلايلى دېدىم.

— ئىككىسى ئوخشاش گەپ. ھەي، ئۇنىڭغا زادى كۆڭلۈڭ بولسا ئۆزۈملا كەلتۈرۈپ بېرەي.

— قويە، ئېرىم بار دەۋاتسا ئۇ.

— ئېرى بولسا بىزنىڭ نېمە كارىمىز. ھازىر ئويۇن دېگەن-نى ئېرى بار خوتۇنلاردىن سورىساڭ بولىدۇ.

— ياق، مەن ئۇنداق ئويۇنلارغا ئۆچ.

ئەركىن يەنە بىردەم ھېلىقى يېڭى كەلگەن قىزلارنىڭ گې-پىنى قىلىپ، بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىرسى بىلەن كۆ-رۈشمەن دەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھۇجرامدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمنى بەكمۇ يېگانە، غېرىب ھېس قىلدىم. بىئەجەل ئۆلمىسەم ھاياتىمنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ياشى-

ـمىغان ئادەممەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىم قانداق ئۆتەر، قانداق قىسمەتلەرگە يولۇقارمەن. ئەته نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانـ ـلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ بىر ياشاپ باقاي، بىرنېمىسى بىرنېمە بولار.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئويغاندىم، بۇنداق ئۇزۇن ئۇخلىمىدـ ـغىلى خېلى كۈنلەر بولغانىكەن. ئۆزۈمنى روھلۇق، تېتىك سېـ ـزىپ قالدىم. ئانام مېنىڭ ئەمدى زاۋۇتقا بارمايدىغانلىقىمنى بىدـ ـلىپ قېيىداپ يۈرەتتى، شۇڭا ئەتىگەندە ئويغاتمىغان ئوخشايدۇ.

ئازراق چاي ئىچىۋېلىپ يەنە ئورنۇمغا كىرىپ ياتقانىدىم، ھېچ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس. بوپتۇلا، كوچا چۆرگىلەپ كىرەي دەپ سىرتقا چىقتىم. ئەتراپ يەنىلا ئىلگىرىكىدەك، ھېچ بىر ئۆزگىرىش يوق، دۇنيا جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەنىـ ـسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئىدى.

— كۆرۈنمەي كەتتىڭغۇ؟

بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ شۇنداق قارىسام، ھېلىقى تۇمۇـ ـچۇق مەن تەرەپكە كېلىۋاتقانىكەن. شۇنداق چىرايلىق ياسىنىۋاپـ ـتۇ. يېنىمغا كېلىۋىدى، بۇرنۇمغا ئەتىر ھىدى ئۇرۇلدى.

— نەچچە كۈندىن سېنى ئىزدەپ يۈردۈم.

— شۇنداق بولدىمۇ، رەھمەت ساڭا.

ئۇ كۆزۈمگە دادىل تىكىلىپ كۈلۈپ تۇراتتى. قىز بالا دېـ ـگەننىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى ئەجەب چىرايلىق بولىدىكەن.

— يەنە بىر سەيلە قىلىپ كېلەيلىمۇ، ئۆتكەن قېتىمقىدەك، — مەن ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېدىم.

— بولىدۇ، ئەمىسە ماڭايلى. مېھمان قىلىش نۆۋىتى ساڭا كەلدى.

رەھمەت ساڭا تۇمۇچۇق. مەن ئۇنى تۇمۇچۇق دەپ ئاتاشقا كۆنۈپ قاپتىمەن، ئۇمۇ مۇشۇنداق چاقىرىشىمنى يامان ئالمايدـ ـتى. ياشاپ كەت، مۇشۇ دۇنيادا سەندەك ئۇچۇق-يورۇق قىزلار بولغاچقا، ئادەمنىڭ ئۆلگىسى كەلمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



— ساڭا دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار، ئۇدۇل سۆگەتلىككىلا بارايلى، — دېدىم مەن.

— قورقۇپ كېتەرسەنمىكىن، — دېدى ئۇ. ئارقىدىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ كۈلكە شۇ قەدەر ساپ، شۇ قەدەر جاراڭلىق ئىدى...

1999 ـ يىل.





# تەنها روھ

ئۇ قورقۇنچ ۋە قىيالماسلىق ھېسسىياتى بىلەن جەننەت
بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ئاشۇ دەمدە، ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ يار-
قىن ئىزناسى سۈپىتىدە دىلىدا ساقلىنىپ قالغان كىچىككىنە
بىر خاتىرىنى ئەسلەپ قالدى.

ئاسماننى تۇمان قاپلىغان، ئەتراپ دىمىق، بىخۇش جىملىق-
قا غەرق بولغان ئاشۇ شېرىن سۈكۈناتلىق ئاخشامدا ئۇ تۇنجى
قېتىم يۈرىكىنى ئېلىلىتقان بىر جانىجان پۇراقتىن ئەركىن -
ئازادىلىك ئىچىدە ھۇزۇرلىنىپ، ئۇنىڭ يىرىك ساقال باسقان
ئېڭەكلىرىنى قېتىشقان بارماقلىرىنى تىترىتىپ مۇھەببەت بى-
لەن سىلاپ كەتكەنىدى. دىمىق ھاۋادا بىخسىغان قوناقلارنىڭ،نەم
ئېگىزنىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ دىماققا ئۇرۇلاتتى. قاغجىرىغان يەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



دىن، قۇم ـ توپىلاردىن لاۋۇلداپ ئىسسىق ھاۋا كېلەتتى. ئاينىڭ سۇرۇن، سارغۇچ نۇرى قۇمساڭغۇ يوللارغا ھەر خىل سايىلەرنى چۈشۈرەتتى. ئۇلار بىر ئوتلۇق ھاياجاندىن تىپىرلاشقان ھالدا جىمجىت، پاكار سايىلەرنى دەسسەپ كېتىپ باراتتى. بىر ـ بىرىگە ئېيتمىسىمۇ شۇ ھالدا ھەر ئىككىسى ھەممىنى چۈشىنەتتى، شۇنداق ئىشىنىڭ بولۇشى شۇ ئاخشامدا، كۆز كېچىسىگە خاس بولمىغان بۇرۇقتۇم كېچىدە ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىك بىر ئىشتەك ئۇلارنى ئالدىرىتاتتى. ئوتتەك ياۋايى تۇيغۇ ئۇلارنى ئىلكىگە ئالغان ئىدى. مەست قىلغۇچى شېرىن گاراڭلىق ئىككىيلەننى يۈرىكىگە ھەسرەت توشقان دۇنيادىن ئايرىۋەتكەنىدى.

ــ سادىنىنىڭ قىزى ھالىغا باقماي ناخشا ئېيتىپ يۈرىدۇ.

بىرەيلەن مازاق قىلغاندەك، ھەيران قالغاندەك بىر تەلەپپۇزدا شۇنداق دېگەندە ئەتراپتىكىلەردىن ھېچكىم ھەيران قالمىدى.

مايسىخان ئوت ئېلىپ كېتىۋېتىپ جىگدە سايىلىرى بىلەن قاراڭغۇلاشقان توپا يولدا ناھايىتى پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتقان ئىدى.

كەتتىڭ، كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم....

ئۇ بۇرۇن ناخشا ئېيتىپ باقمىغان ئىدى، بۇ ناخشىنى نەدىن ئۆگىنىۋالغىنىنى بىلمەيتتى، ھەم بۇنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق ناخشا ئېيتىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەمما، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم شۇنچە پەس ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلىۋالىدىغان ئادەم چىققان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتقىنىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلەلمەيلا ئۆتۈپ كەتتى.

زوۋۇلىسى چوڭ ئۆزۈلۈپ، بۇ دۇنيانىڭ باياشات مەئىشىتىد-

نىڭ ھۇزۇرىغا چۆمۈلگەن كىشىلەر جۇل ـ جۇل، كونا كىيىم-لەر ئارىسىدىكى توڭرا باسقان بەدەننىڭ ھارارىتىنى دەماللىققا ھېس قىلالمايدۇ ھەم ئۇنداق تەن ئىچىدە يالقۇنجىغان چوغدەك لاۋۇلداپ تۇرىدىغان يۈرەكلەرنىڭ بولۇشىغا ئىشىنىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرىگە بىچارە، بەختسىز بولۇپ كۆرۈنگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئەسلا ھۇزۇر ئالالمايدىغان نەرسىلەردىن ئالەمنى مەست قىلغۇدەك خۇشاللىق تاپالايدىغانلىقىنى چۈشەنمىسە كېرەك. كۆ-ڭۈل، قەلب ئادەملەرگە تەبىقە ئايرىپ ئولتۇرمايلا بېرىلگەن بىر-دىنبىر ئۇلۇغلۇق. ھەر كىم ئۆز قەلبىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن غۇرۇرلىنىشقا ھەقلىق.

ھايات جىملىققا غەرق بولغاندەك، ھەممە نەرسە جىملىق ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. شۇ ھالدا جىمجىتلىق ئۇلارنى مەھكەم ئوراپ تۇراتتى. جىمجىتلىق تەھلىكىلىك بىر ھالدا ئەتراپقا يېيىلىۋاتاتتى. ئەمما، ھېچكىم بۇنى ھېس قىلمى-غاندەك قىلاتتى.

ئۇلار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، بۇ دۇنيادىكى قىممىتى ۋە ئورنى توغرىلىق ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ ئويلىنىپ باقمىغان، ئۆزىنىڭ قانداق ئادەملىكى ھەققىدە خىيال قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن تەبىئەت ئاتا قىلغان تەبىئىي ئىنتىلىشنىڭ شېرىنلىكىدە مەستۇغەرق بولۇپ ھاياتلىقنى سۆيمەكتە. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا، روھىدا تەشنالىق لەرزىدىكى ھاياجان تاشقىن بولۇپ كۆتۈرۈلمەكتە.

تاماكىنىڭ چۇچۇمەل ھىدى قانداق يېقىملىق. شۇ چاغدا ئۇ ئېسىنى يوقاتقان ھالدا ئاشۇنداق بىر جانجان پۇراقنى تويى-ماستىن سۈمۈرۈپ، ئۆزىگە تونۇش، يېقىملىق تۇيۇلىدىغان تەر ھىدىدىن مەست بولغىنىچە تۇنجى كېچىسىنى يېشىل، چۈرۈك قاشقا بېدىلەرنىڭ ئارىسىدا، شەبنەمنىڭ يېقىملىق سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلغىنىچە ئۆتكۈزگەنىدى. ھەممە ياق جىمجىت، چېكەتكى-لەرنىڭ ناھايىتى كونا چىرىلداشلىرى ئىسسىق ھاۋا كېزىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۈرگەن ئىتىزلارنى تېخىمۇ جىملىققا غەرق قىلدى.
— قارا، ئەمدى ئىككىمىز بىللە ياشايمىز، مەن نۇرغۇن پۇل تاپىمەن، بىزنىڭ قورۇ - جايلىرىمىز، چىرايلىق ئۆيىمىز بولىدۇ.
ھاۋانى تاۋلىنىپ تۇرغان سۇس بىنەپشەرەڭ يورۇقلۇق قاپلىغان، يۇلتۇزلار غەمكىن قاراپ كۆز قىساتتى.
— سىنى ھېچكىمگە بوزەك قىلدۇرمايمەن، ھەتتا داداڭغىمۇ ئۇرغۇزمايمەن، سەن بەك چىرايلىق.
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. دادىسىنىڭ قات - قورۇق باسقان چىرايى، ئىلىنمىغان، ئۆزىگە پەقەتلا ياراشمايدىغان ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ قانداقتۇر بىر يىرتقۇچنىڭكىدەك كەسكىن دىرىلدىشى، چىش مىلىكلىرى كۆكىرىپ كەتكەن ئېغىزىدىن چىققان بىھايا، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان سەت گەپلىرى .... بىرمۇ بىر ئېسىگە كەلدى.
— پەس قانجۇق... تۇرغان تۇرقۇڭ ئاناڭغا تارتقان. چاپسان بول، قورسىقىم ئاچتى. تاماق قىل.
— ئۇن يوق دادا، ياغمۇ تۈگەپتىكەن.
— كۆزۈمدىن يوقال !
دادىسىنىڭ يەنە سەپرايى ئۆرلەپ قولىدىكى چىنىنى نېرىدا دانلاپ يۈرگەن، پەيلىرى تىزۈپ سالۋاراپ كەتكەن مېكىيانغا قارىتىپ ئاتتى. مېكىيان سەت قاقاقلاپ پەيسىز قاناتلىرىنى سىلكىپ قاچتى. چىنە ئۇچۇپ بېرىپ بىر نەچچە تاللا شادىسى تۇتۇپ قالغان ئەگىنگە تېگىپ چۇل - چۇل بولۇپ چۈشتى.
چىنە چېقىلىپ كەتتى. شۇ ھالدا چېقىلغىنى يالغۇز چىنە ئەمەستەك قىلاتتى.
قىسماققا چۈشكەن قۇش بالىسىدەك دىرىلدەپ تۇرغان بىر يۈرەك ئېزىلىپ كەتتى.
دۇنياغا قورقۇنچ بىلەن قارايدىغان مۇزدەك بىر روھ مىجىلىپ كەتتى.

چېقىلىپ كېتىدىغان، ئېزىلىپ كېتىدىغان، مىجىلىپ كې-تىدىغان نەرسىلەر جىق.

— خۇدا قۇتقۇزمىدىغۇ بۇ نېمىلەردىن.

دادىسى ئەلەم بىلەن يەرگە دەسسەپ تۇرۇپ خىرىلدىدى. كىرلەشكىنىدىن ئەسلى رەڭگىنى يوقىتاي، دەپ قالغان كۆڭلەـ كىنىڭ ئالدى ئېتىلمىگەچكە، توڭرا باسقان مەينەت قورساقلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ نېمىشقا شۇنداق دېگەنلىكىنى بىلمەيتتى. نۇرسىز، ئىچكىرى كىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىـ كىپ ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ كەتتى. بېچارە قىز نېمە قىلارىنى بىلەلـ مەي، قاپقارا قاسماق باسقان پۇتلىرىغا كۆز سالغىنىچە يەر تېـ گىدىن دادىسىغا قارايتتى.

مۇدھىش بىر نەرسە ئېغىر شىۋىرلاپ ئەتراپقا يېيىلاتتى.

مۇدھىش بىر نەرسە ئۇنى قىسىشقا ئۇرۇناتتى.

قۇشقاچلارنىڭ غېرىبانە ۋىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

دادىسى بىر ھازا شۇنداق تۇرغاندىن كېيىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ دەلدەڭشىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى سۇپىغا تاشلىدى. ئۆيدىن زەي يەرنىڭ، نەمدە قالغان كىگىزنىڭ، يەنە قانداقتۇر ئېچىغان كىرنىڭ بەتبۇي ھىدى ئاڭقىيتتى. ئۆگزىنىڭ تۆشۈكـ لىرىدىن يىپتەك تارتىلغان نۇر تالالىرى ئۆيدە پىرىلدايتتى. تەڭگىدەك شوللىلار يەردە ئويناتتى. نۇر تالالىرى ئىچىدە ئۇشـ شاق، سانسىز چاڭ ـ توپىلار لەيلەپ يۈرەتتى.

— دادا، سوپۇنغا پۇل بېرىڭ، كۆڭلىكىڭىزنى يۇيۇپ بېـ رەي...

— نېرى تۇر، مەندە پۇل يوق! كۆڭلەك يۇيۇپ نېمە قىلاتـ تىڭ.

بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ جېنىغا قاراپ ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىۋاتـ قان بىر نەرسە بار ئىدى.

بۇ نەرسە ئۇنىڭدىن ھەممە نەرسىنى تارتىۋالماقچى بولاتتى.

ئۇنىڭ بارى ـ يوقىنى يانجىۋەتمەكچى بولاتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئۇ سەسكىنىپ كېتىپ ئۇنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىدى. يىگىتنىڭ ئىسسىق بەدىنىدىن تارالغان بىر ئوتلۇق ئېقىم بە- دەن ـ بەدەنلىرىنى غىدىقلاپ، بېشىنى قايدۇرىۋەتتى. ئۇ ئېگىز ئۆسكەن، قويۇق بىدىلەرنىڭ ئارىسىدىن چۈشكەن كۆكۈش نۇردا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئۇزارغا ئامراقلىق بىلەن قاراپ كەتتى ـ دە، ھاسىراپ تۇرۇپ قانداقتۇر چۈشىنىكسىز، ئۆزىمۇ، باشقىلار- مۇ ئۇقالمايدىغان بىر نىمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ كەتتى.

شېرىن تەلپۈنۈش بىلەن خىجىلچىلىق ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئويناپتتى. تاتلىق ھاياجان ۋۇجۇدىدا ئەركە غەليان كۆتۈرەتتى. ئۇ نەم توپا بىلەن بۇلغانغان، چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى دەر- مانسىز، سۇس تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن تۈزەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ تەرگە پىشقان، ئىنچىكە بويۇنلىرىغا نەمخۇش لەۋلىرىنى ئاستا تەگكۈزدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سېلىنىشلىرىغا دىققەت قىلغان ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆككە قارىدى. يۇلتۇزلار ئىمزا تارتقان- دەك ئۇياتچانلىق بىلەن جىمىرلىشاتتى. تومانلار ئارىسىدا كېزىپ يۈرگەن ئاي سارغۇچ نۇرلىرى بىلەن بىدىلىكنى غۇۋا يورۇتاتتى.

ــ تاڭ ئېتىشقا خېلى بار، بىردەم ئۇخلىۋالايلى، سەنمۇ ئۇخلا....

يىنىك، تەكشىسىز تىنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىللىغان نەم توپىغا تايىنىپ يېرىم ئۆرە بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇردى. مەھەللە قاراڭغۇدا قاپقارا بولۇپ، غۇۋا كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز تىپىرلاپ كەتتى. ئاشۇ قارد- يىپ كۆرۈنگەن مەھەللىدە ئۇنىڭ ئۆيى بار، ئاشۇ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئاجايىپ خاتىرىلىرى قالغان، بالىلىقىنىڭ شېرىن دەملىرى، مې- ھىر ـ مۇھەببەت، ئامراقلىق، خاتىرجەملىك، سۆيۈنۈش دېگەن- دەك تاتلىق تۇيغۇلىرى قالغان. قورقۇنچ، نەپرەت، سەسكىنىش، ۋەھىمە دېگەندەك يىرگىنچلىك ھېسلىرىمۇ قالغان. ئانىسى، دادىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەن، تاماق يېگەن، كۈ- لۈشكەن چاغلار قانداق ياخشى... ھازىر ئۇ كۈنلەر ئۆتمۈشكە ئاي-

لىنىپ كەتتى. كەلمەسكە كەتتى. ئانىسى بار چاغدا دادىسى بۇز-چىلا قوپال ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغلاردىمۇ مۇشۇنداق ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى، تىللاشلىرى بولسىمۇ، لېكىن قىزىغا ئۇنچىلا قاتتىق تەگمەيتتى.

دادىسىنىڭ بىر چاغلاردىكى ھالى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ شۇ زامانلاردا ھەممەيلەنگە تاغ بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇ موسكۇل-لۇق، ئاپتاپتا مىستەك قارىيىپ كەتكەن بەرجەستە تېنى ھەم-مەيلەنگە مەزمۇت يۆلەنچۈك بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇ بارلىقى بىلەن بىر ئائىلىنىڭ قالقىنى ئىدى، كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ ئائىلى-نى باقاتتى، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، نىجات يۇلتۇزى ئىدى. مۇشۇ ئۆيدىكى مۇتلەق ھۆكۈمران بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن بىر ئا-ئىلە ئۇنىڭ ھەر مىنۇتتىكى ھالىتى بىلەن بىللە ئۆزگىرىپ باراتتى. ئۇ كۈلسە ئايالى ئۆزىگە ياراشمايدىغان قىقىلىدىغان كۈلكىسى بىلەن ئېرىگە جور بولاتتى. ئىككى قىزىمۇ دەسلەپ قورقۇمسىراپ، كېيىن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئەركىلەيتتى. ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن كۈندە بولسا، پۈتۈن ئائىلە مۇدھىش سۈرۈنلۈككە غەرق بولۇپ، يەر تېگىدىن بۇ سۈرلۈك خوجايىنىنىڭ ئېچىلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى.

بىر كۈنى چىڭقى چۈشتە دادىسى تام ياقىلاپ ئەلەڭ ـ سە-لەڭ ماڭغىنىچە ھويلىغا كىرىپ گۈپپىدە يىقىلدى. ھەممەيلەن قورقۇپ كەتتى، ئارقىدىن يەردە ياتقىنىچە قېقىلىپ ناھايىتى جىق قەي قىلدى. ھويلىنى بەتبۇي پۇراق قاپلىدى، بۇ پۇراقتىن باش قېيىپ ئەقىل يىگىلەپ كېتەتتى.

ـــ نېمە بولدىڭىز، ـــ خوتۇنى قورقۇپ كەتتى.

ـــ ئىچتۇق، يەنە ئىچىمەن، ئەمدى ھېچنېمە لازىم ئە-مەس....

دادىسىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەپتى قورقۇنچلۇق ئىدى. تاتىرىپ كەتكەن چىرايى قورقۇنچلۇق ئىدى. دېگەن گەپلىرى قورقۇنچلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىدى.
بۇ ئۇنىڭ قىزى مايسىخان ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى.
بۇ چىنارخان ئېلىشىپ قېلىشتىن بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى.
نايىپ بىلەن ئابلەيىنىڭ پۇتۇن بەدىنى قورتلاپ كېتىشتىن ئاۋۋالقى ئىشلار ئىدى.
ئۇنىڭ دادىسى چىققى چۈشتە تام ياقىلاپ كېلىپ، زەئىپ هالدا يىقىلىپ چۈشۈپ قەي قىلىشتىن ئىلگىرى جىق ئىشلار بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە جىق ئىشلار بولدى.
كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ، دادىسىنىڭ كۈلىدىغان كۈنلىرىگە قارىغاندا غەزەپلىك ئالىيىپ، ھەممىگىلا زەھىرىنى چېچىپ يۈرىدىغان چاغلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ دوستلىرى كۆپەيدى، ئىشى ئازايدى، ئېتىزدىكى ۋاقتىدىن ھويلىدىكى سۇپىدا ياتىدىغان ۋاقتى جىق بولۇپ قالدى. ناخشا ئاڭلاشقا ئامراق، ناخشا ئېيتىشقا ئامراق بولۇپ قالدى، باللىرىغا، خوتۇنىغا، ئۆيگە ئۆچ بولۇپ قالدى. بارى ـ يوقىنى هاراققا سەرپ قىلىپ تۈگىتىشكە باشلىدى.
— بىر يىل تىپىچەكلەپ تەر تۆكتۇم، خۇدا تۇرۇپتۇ، هالاللىق بىلەن ئىشلىدىم . يەر ئۇنۇمسىز... سۇسىزلىق... بۇ يىل يەنە ئاچ ـ زېرىنلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولدۇق...
ئۇنىڭ قات ـ قات تۇرۇلگەن پېشانىسىدە ئەلەم ۋە نەپرەت چىمىرلايتتى. ئۇنى مەھكەم چىرمىغان هاراققا بېرىلىش ئىشتىياقى مەزمۇت تېنىنى خورىتىپ، ئېزىلىەڭگۈ هالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلەپ، تەر تۆكۈپ ئادەمدەك ياشاشقا قۇربى يېتىدىغانلىقىنى ساغلام ئەقلى بىلەن ئويلىيالمايتتى. مەھەللە كويىدىكى چوڭلار ئۇنى هاراقكەشلىكى بىلەن ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ كۆنسايىن خارابلىشىۋاتقان هال كۈنى ۋە ۋەيران بولۇۋاتقان ئىگىلىكىنى خۇدانىڭ نەپرىتىدىن بولغان، دېيىشەتتى. باشقىلار ئۇنىڭ ئىشقا بولۇمسىز، هۇرۇنلۇقىنى كۆرسىتىپ، ئىد-

گىرىكى ئىشچانلىقى بىلەن ھازىرقى يالقاۋلىقىنى سېلىشتۇرۇپ ھەيران بولۇشاتتى.

— ئادەم دېگەنمۇ تۇتامى بولمىسا بىر تىيىن ئىكەن، سا-دىنغا قاراڭلار، نېمىگە ئۇخشاپ قالغان.

— ساراڭ بولدىغۇ ئۇ.

— جاھاندىن ۋاز كەچكەندەك قىلىدۇ.

— ئىشقىلىپ ئۇ كېرەكتىن چىقتى، ھۆكۈمەتكىمۇ ھازىر كەمبەغەللەر ئانچە ياقمايدۇ. ئۇلارمۇ بايلارغا مەدەت بېرىدۇ.

سادىن توغرىسىدا گەپ بولغاندا كىشىلەر شۇنداق دېيە-شەتتى.

دادىسى ھاراقنى ئايىماي ئىچەتتى. قانداق چاغدا چىقىپ كېتىپ، قانداق چاغدا قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايت-تى. مەست بولۇۋېلىپ قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا تا كۆزى يۇمۇلۇپ ئۇيقۇغا كەتكۈچە غىڭشىپ چىقاتتى. كەنت ماگىزىنىدىكى بىر كۆزى قىسىق ماگىزىنچىغا 50 سوم قەرز بولغانىدى.

— تۆلىۋېتىمەن ئۇكا، خۇدا بۇيرۇسا بۇ يىل تېرىغان بۇغ-دىيىم يامان ئەمەس، ھامان تۆلەيمەن... خاپا بولماي بەرگىن.

ئۇنىڭ زەئىپ، ئايانچلىق ئاۋازى ماگىزىنچىنى بىزار قىلات-تى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يامان ئەمەس دېگىنى، كەنت بويىچە ئەڭ ناچار زىرائەت ھېسابلىناتتى. قىسىق كۆز ماگىزىنچى بىرمۇنچە تەنە قىلىپ ئۇنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى:

— پۇلۇڭ بولمىغاندىكىن... سېنى كىم مەجبۇرلىدى؟ ئـو-رۇقلاپ ئۇستىخانلا بولۇپ قاپسەن، كىيىملىرىڭمۇ قارانچۇققا لايىق.

ئۇ يەرگە قارىغىنىچە ماگىزىنچىنىڭ كۆزىنى سەت ئالايتىپ ئېيتقان زەھەرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلايتتى. شۇنداق چاغلاردا يۇ-رىكىنىڭ ئەلەملىك دەھشەتتىن قىسىلغانلىقىنى، ئاچچىق بىر ھەسرەتنىڭ ئىچ - باغرىغا ياۋا تىكەندەك سانجىپ ئۆتكەنلىكىنى سەزگىنىچە ھاراق بوتۇلكىسىنى تەستە ئېلىپ بوسۇغىدىن غايىب

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى ئادرېسى



بولاتتى. ماگىزىنچى ئۇنىڭغا هومايغىنىچە قاراپ قالاتتى. ئاددىي تىترەت دەپتىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئىسمى يېزىلغان بەتتىكى بىر تالاي ئىمىز ـ چىمىز سانلارنىڭ ئاستىغا يەنە بىر يېڭى قەرز پۇل سانىنى يېزىپ قوياتتى.

ئۇ مەست بولۇۋېلىپ كىملەرنىدۇر يەتمىش پۇشتىغىچە ئەڭ يامان تىللار بىلەن تىللايتتى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بار بولغان ھەممىلا نەرسىگە نەپرىتى ئېشىپ باراتتى. ھەتتا بەزىدە ئۆزىنىمۇ ئەيىبلەپ، قاداق باسقان قوللىرى بىلەن ئۇرۇق يۈزىنى شاپىلاقلاپ كېتەتتى. ئاندىن يەنە نۇرسىز كۆزلىرىنى غەزەپلىك پىرىلدىتىپ خىرىلدايتتى:

ـــ خۇدانىڭ نەپرىتى ياغقۇرلار. يەر يۇتقۇر توڭگۇزلار... نېمىشقا مەن شۇنچە ئىشلىسەممۇ قورسىقىم تويمايدۇ، نېمىشقا ئۇلار بىكار يۈرۈپ باي بولىدۇ !؟

ئۇ ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر ھەقىقەتنى كىملەرنىڭدۇر ئاغزىدىن ئاڭلىماقچى بولغاندەك ھاڭۋېقىپ قاراپ قالاتتى. قوشنىسى مەمتىمىن تالەينىڭ نېمىشقا باي بولۇپ كەتكىنىنىڭ سىرىنى بىلەلمەيتتى، بۇرۇن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان قاسىم بۇغرىنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنىڭ بۇنچە كۆپىيىپ، يۇرتتا تۆتنىڭ بىرى بولۇپ، غادىيىپ يۈرۈشلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەيتتى.

ـــ قاسىم، سەن قالتىس ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن ـ ھە.

ئۇ ئۆزىنىڭ قاسىمغا خۇشامەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

ـــ بۇ قانچىلىك ئىشتى، تېخى نى ـ نى ئىشلارنى قىلىمەن.

قاسىم پەرۋاسىزلا شۇنداق دېدى.

گاھىدا ئۆزىنى ئەيىبلىسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىكى ئەيىبنىڭ نېمىلىكىنى تولۇق ھېس قىلالمايتتى.

قاسىم بۇغرا، مەمتىمىن تالەي دېگەن ئادەملەرنىڭ باي بو-

لۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە خاراب بولۇشىنىڭ بىر-
رەر باغلىنىشى باردەك، بار ـ يوقنى ئۇلار يالماپ ئېلىۋالغاندەك، ئۆزىنىڭ قىلىۋالغاندەك، شۇڭا ئۆزى مۇشۇ هالغا كېلىپ قالغاندەك هېس قىلىپ قالاتتى.

— هەممىنىڭ چوشقا. مەمتىمىن، قاسىم دېگەنلەرنى يەر يۇتسۇن.

ئۇ ئۆزىنىڭ سايىسى چۇشۇپ تۇرغان تامغا قاراپ شۇنداق دەيتتى. كىرسىن چىراغدىن هەسرەتلىك نۇرلار پىلىلدايتتى.

بەزىدە ئۆزىدە بىر يامان ئىللەتنىڭ بولغىنى ئۇچۇنلا مۇ-
شۇنداق يامان كۈنگە، ئوسال تۇرمۇشقا، ئەتىگىنىگە تاپسا كەچكە يوق كۈنگە قالغىنىنى، قورساق هەم كۆڭۈل ئاچارچىلىقىغا گىر-
رىپتار بولغانلىقىنى غۇۋا هېس قىلسىمۇ، لېكىن بۇ ئەيىبىنى يۇيۇۋېتىشكە زادىلا قۇربى يەتمەيتتى. هەتتا ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ناننى ئېلىپ يېيىشكىمۇ قولى بارمايدىغان هۇرۇنلۇقىقا، ئەڭ يا-
مان كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى تولۇق چۈشىنەلمەيتتى.

ئۇ پات ـ پات يالغۇز ئولتۇرۇپ هاراق ئىچەتتى. هاراق زە-
هەردەك ئاچچىق ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە مۇشۇ هاراقتا ئوخشاش ئاچ-
چىق هەسرەتلەرنىڭ بارلىقىنى، مۇشۇ هاراقتا ئوخشاش سېسىق بىر نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەندەك، ئۇھ تارتىپ جىم بولۇپ قالاتتى. يالغۇز هاراق ئىچىش تەس ئىش ئىدى. سۇزۇك شېشى-
دىكى سۇزۇك هاراقتا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. هاراقنىڭ بو-
تۇلكىسىغا چاپلانغان قەغەزدىكى خەتلەرگە قاراپ كېتەتتى. ئۇ بۇ خەتلەرنى تونۇمىسىمۇ سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا كىمدۇر بىرسىنىڭ ئۆزىنى مۇشۇ كۈنلەردىن تارتىپ چىقىرىپ قويۇشىنى تىلەپ قالاتتى.

— ئىبراهىم قارا ئوغلاقچى ئات سېتىۋاپتۇ، سورەتتەك ئاتكەن دېسە.

— نەچچىگە ئالغاندۇ.

— ئىشقىلىپ ئاز پۇل خەجلىمەكلىك، ئاتمۇ قاراپ تۇرغو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتى ئادرېسى



دەك ئاتكەن...

ئىبراھىم قارا تېخى ئوغلاق ئويۇنىغىلى ئات ئالغۇدەك بوپ-تۇ، بۇ قانداق گەپ، ئۇ پۇلنى نەدىن تاپىدىغاندۇ؟ تەڭشەلمىگەن ئالەم دېگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ، تۇفي...

كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ناھەقچىلىك باردەك، باشقىلار قانداقتۇر خۇپىيانە يوللار بىلەن يەپ ـ ئىچىۋاتقاندەك، بۇلاپ ـ تالاۋاتقاندەك، بىرى بىرىنىڭ رىزقىنى ئىگىلىۋالغاندەك ئويلاپ قالاتتى ھەم مۇشۇ خىلدىكى ئىشلارنى بىر يەرگە ئەرز قىلىش كېرەك، سوتقا بېرىش كېرەك، دەپ ئويلاتتى، ئەرز قىلماقچى، سوتقا بارماقچى بولاتتى.

ئۇ چىكىش، ئەبەدىي يېشىپ چىقىش مۇمكىن بولمايدىغان مىڭ تۈرلۈك ئاچچىق خىياللار ئىسكەنجىسىدە ھەممىلا نېمىنى تىللاپ، قارغاپ ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئەتىسى شادا پەنجىرىدىن چۈشكەن كۈننىڭ ھال رەڭ نۇرى يۈزىنى چاققاندا، دەرمانسىز گەۋدىسىنى تەسلىكتە ئىنجىقلىق بىلەن تەۋرىتىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەرگە قارىغىنىچە ئويچانلىق بىلەن ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ھېلىقى مەستلىكتىكى سوتقا بارىمەن، كىملەرگىدۇر ئەرز قىلىمەن، ئەھۋالىمنى ئېيتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش خىياللىرى ئەسلا ئېسىگە كەلمەيتتى. ئۆزىنى تولىمۇ ئېغىر، چىداپ بولماس مىسكىنلىك، غېرىبلىقنىڭ بارغانسېرى چىرماپ، دىلىنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

يۇلتۇزلار چاراقلايتتى.

كېچە چىرايلىق ئىدى.

سالقىن ھاۋا جانغا ئارام بېرەتتى. نەم تۇپىنىڭ، ئېكىنزىنىڭ، قوناقلارنىڭ ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى.

يەر يۈزىدە كۆيۈپ تۇرغان يۈرەكلەر، يېلىنجاپ تۇرغان شېرىن تۇيغۇلار يۇلتۇزلاردەك ياناتتى.

ــ سەن بولمىساڭ قانداق قىلارمەن.

تىترەڭگۈ ئاۋاز يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئاستىدىكى زېمىنىنىڭ

بىر يېرىدە سۇس ئاڭلاندى.
تاڭ يېقىنلىشىۋاتاتتى.
شەرق ئاقىرىشقا باشلىغان ئىدى.
يۇلتۇزلار ئۆچۈۋاتاتتى.
ئۇ بېدىلىكنىڭ نەم، چۈچۈمەل ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ بارغاندسېرى ئەجەب تاتلىق ئۇيقۇ قاينىمىغا غەرق بولاتتى. ئۇيقۇ كۆزلىرىنى قامىتاتتى. بىر تۈرلۈك شېرىنلىك تومۇر ـ تومۇرلىرىدا ئاقاتتى. ئۇ خىيال بىلەن ئۇيقۇ گىرەلىشىپ كەتكەن قېرىق ھالەتتە ئانىسىنى، ئانىسىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەپ، پېشانىسىنى يىگىتنىڭ يۇمشاق چاچلىق بېشىغا قويدى.
ــ سەندىن شۇنداق زېرىكتىمكى...كۆزۈمدىن يوقال! مىنىڭ يىل كۆرمىسەممۇ ھېلى كۆرگەندەك.
ــ ئۆز ۋاقتىدا يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ئېتىكىمگە يېپىشىپلا ئالغانىدىڭ، ئەمدى تېخى شۇنداق دېگۈچى بولدۇڭمۇ؟ مەنمۇ ساڭا تېگىپ ھېچبىر خوۋلۇق كۆرگىنىم يوق. كېتىمەن، ئۆلۈك ئېشەكتەك ياتقىنىڭ ياتقان. ئىلاھىم، يالغۇزچىلىقتا ئىككى دولاڭنى غاجاپ ئۆلەرسەن.
ــ يوقال، ھۇ پاسكىنا ! خۇددى كاسكا ئىتنىڭ ئۆزى.
ــ ئىت دېگەن سەن !
ــ ھېلى جۇمۇ بىكار!
ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئايرىلىشتى. ئائىلىدىكى نامراتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئېغىر ھايات ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن بەزدۈرگەنىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئويىدا پەقەت بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ، جان قاقشىتىدىغان بۇ ئائىلىدىن قۇتۇلسىلا خۇشال كۈنلەرگە ئېرىشكىلى بولىدىغاندەك بىر تۇيغۇ بار ئىدى. بۇ ئۆينى ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ئاز بولسىمۇ كۈلكە ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كۈنلەرگە كەلتۈرۈش ئۇلار ئۈچۈن ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. كىشىلەرنىڭ بەختلىك، ئىناق ئائىلىسى بار، ئاتا ـ ئانىلىرى بالىلىرىنى ئەركىلىتىدۇ. بالىلىرىنىڭ تاتـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


لىق قىلىقلىرىدىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنى باغرىغا باسىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ئائىلىسى قانداق؟ كۆندە جېدەل، ئۇرۇشۇش، تىللىشىشلار، ھاياسىز، سەت ھاقارەتلەر دائىم دېگۈدەك ئاڭلىنىپ تۇرغان، نېمىشقا بۇ ئۆيدىكى سۆرۈن ـ سوغۇقلۇق، مېھىرسىزلىك باشقىلارنىڭكىدە يوق؟ ئۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى.

ــ ھەي، تۇرغىنا، تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، ئېھتىمال دادام كېلىشكە ئاز قالغاندۇ، بالدۇرراق كېتەيلى.

يىگىت تاتلىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپقا، كۆكۈش يورۇقلۇقتا ئۇيقۇچان كۆزلىرى بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن كېرىلىپ بىر ئەسنىدى ـ دە، قىزنى كاپپىدە قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن، چۇۋۇلغان چاچلىرى نەم توپىدا بۇلغاندى.

ــ قويۇپ بەر... مەن...

ئۇ قايتىپ بارغاندا دادىسى يېڭىلا قايتىپ كەلگەنىدى. جىن چىراغنىڭ سارغۇچ نۇرى تاڭنىڭ يېڭى يورۇقى چۇشۇشكە باشلىغان ئۆينى سۇس يورۇتاتتى. دادىسى ئەلەسلەشكەن، گۇنىسىز كۆزلىرىنى يارىلانغان ياۋايى ھايۋاندەك پىرىلدىتىپ ئولتۇراتتى.

ــ نەگە باردىڭ ؟ شەرمەندە قانجۇق ...

ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ قىزنىڭ چاچلىرىنى قاماللاپ تۇتتى. ئۇنىڭ ئىچكىرى كىرىپ كەتكەن كۆزلىرى قىزنىڭ ياماق چۇشكەن، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقىغا ئىلىنىشىپ تۇرغان بىدە يوپۇرماقلىرىغا چۈشۈشى بىلەن چىشلىرى كاسىلداپ، خىرىلداپ قالدى.

سۇبھى يورۇقى يېيىلىشقا باشلىغاندا كۇزنىڭ ھايات بەخش سەھەر ھاۋاسى كېزىپ يۈرگەن مەھەللە بىرسىنىڭ تاياق زەربىسىدىن چىرقىرىغان ئاۋازى بىلەن تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق يىغىسى قارىيىپ كۆرۈنگەن دەرەخ ئۇچلىرىدىن، پاكار ـ پاكار ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىن سىيپىلاپ ئۆتۈپ تاڭ ئېتىش ئالدىدىكى جىملىقنى بۇزدى.

ھايات بىر تەرزدە ئۆتەتتى.

تۇگمەن تېشى مەڭگۈ بىر خىل ئايلىناتتى.
قاغا قەدىم زاماندىن بېرىقىغا ئوخشاشلا قاقىلدايتتى.
ھەممە نەرسىنىڭ تەم تۇزى ئۆزگەرمەس ئىدى.
ھەممە جايــــنى زېرىكىشلىك ھايــات كېزىپ يۈرەتتى.
كىشىلەر، بىر ـ بىرىدىن پەرقسىز كۈنلەردىن بىزارلىق ھېس قىلاتتى. تۇگمەس، ئېغىر، ئۈنۈمسىز ئېتىز ئەمگىكى ئۇلارنى بەزدۈرەتتى. كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان قىزغىنلىقى يوقالغان. بىر ـ بىرىگە كۈلۈپ قارايدىغانلار ئاز ئىدى. كۈلسىمۇ بۇ كۈلكە ساختا، يالغاندەك تەسىرات بېرەتتى، كۈلىدىغان، خۇشال بولىدىغان ئىشلار ئاز ئىدى. ئۇلار كەچقۇرۇنلىرى توپا يوللاردىن ئۆتكەن مال ئاياغلىرىدىن پۇرقۇپ چىققان چاڭ قاپلىغان، قۇياشنىڭ سالقىن نۇرى ئۆچۈشكە باشلىغان چاغلاردا ئىككى ـ ئۈچتىن بىر بولۇپ قۇرۇق پاراڭ سېلىشاتتى. ھارغىن، ئۈمىدسىز چىرايلار بىر ـ بىرىگە سوغۇق باقاتتى.
ـــ داۋۇت قاپاقنىڭ قانجۇقى ئالتىنى كۈچۈكلەپتىمىش.
ـــ ئىككىسى ئەركەككەن، دەپ ئاڭلىدىمغۇ، راستىمكى ... قالغانلىرىنى كۆمۈۋېتىپتۇ.
ـــ قىساسىغا قالدۇ، سەت تاز.
بۇ يەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇنداق گەپ ـ سۆزلەر بولاتتى. كىم بىرىنىڭ ئېشىكىنىڭ تەخەيلىگىنى، ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپىنىڭ يار ئېلىپ كەتكىنى، بىرسىنىڭ توخۇسىنىڭ دورىغا چىلىغان بۇغدايىنى يەپ زەھەرلىنىپ ئۆلگىنى، توختى نوگاينىڭ ئىمانىنىڭ تايىنى يوق تۇرۇپ سەللە ئوراپ يۈرگىنىنىڭ قاملاشمىغىنى، شاخلاپ كەتكەن جىگدىنى كېسىۋەتكىلى ئۇنىمىغان بىرسىنىڭ، جىگدەڭ يېرىمگە سايە چۈشۈردى، دېگەن قوشنىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىنى، بەكرى سادىقنىڭ ھاراق ئىچىۋېلىپ كۈپكۈندۈزدە تـۇل خوتـۇنلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانلىقى ھەققىدە سۆزلەر بولاتتى، مۇشۇنداق پاراڭلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. بۇ كىشىلەر تولا ئىشلاردىن قاقشايتتى. نې-

www.uyghurkitap.com



مىلەرنىدۇ تىللايتتى. بۇ يىلقى سۇنىڭ كەملىكى، كەنت ماگىزىنىدىكى كىرسىنىنىڭ قىممەتلىكى ئۈستىدىن زارلىناتتى. كەنت كادىرلىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشاتتى. كۆڭلىدە ئۇلارغا يامانلىق تىلەيتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۇچۇكلىنىپ تۇرسىمۇ، ئارقىسىدىن ئۆچمەنلىك، نەپرەت بىلەن قارىشاتتى.

— ياسىن مۇدىر قاراقۇمدىن يەر ئېچىپتۇ.

— تويمايدىغان مەرەز.

— يەرنى نىمكە ئاچىدۇ، بىزدىن تۇتۇۋالغان پۇللارنى ئىشلىتىپ ئاچىدۇ.

— ئۇمۇ بىر كۈنى تويار.

مەھەللىدىكى ياشلار خۇددى ئەتىيازنىڭ مۇڭ ئارىلاشقان شامىلى ئۇچۇرۇپ يۈرگەن خەس - غازاڭلارغا ئوخشاش، گالۋاڭلارچە بىخۇدلۇق بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. كېچىچە ئاللىقايەرلەردە ھاراق ئېچىشىپ ۋاڭ - چۇڭ، ۋارقىراش - جارقىراش بىلەن كېچىنى تاڭغا ئۇلايتتى. ئاندىن مەست - ئەلەس ھالەتتە مەھەللە قېرىلىرىدىن نىرى ئولتۇرۇپ بىر نىملەرنى دەپ ناماز ئوقۇغان بولاتتى. مەسچىت نامى بىلەن ئاتالغان سوقما تاملىق ئۆينىڭ ئالدىدا تاڭ شولىسى يېڭى يورۇغان ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ غۇۋا، گۇڭگا سايىلىرى ئەگىيتتى.

ئۇمىدسىز، ئەرلىك شىجائىتى قۇرىغان كىشىلەرنىڭ دەرمانسىز ئاياغلىرى ئاستىدىكى بۇ بەختسىز زېمىن، قۇياشنىڭ تاۋلىق نۇرى ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئاددىي، پاكار مەھەللە ئۆيلىرىدىن ھاسىل بولغان، سۆگەت تېرەكلەر بىلەن ياشىرىپ تۇرىدىغان كوچىلار، كۈندە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان قاغا،پاختەك دېگەندەك قۇشلار... پات - پات توپا ئۆرلىتىپ ئۆتۈپ قالدىغان ماشىنا، تراكتورلار... بۇ ئۆزگەرمەس مۇھىت ھەركۈنلۈكى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا غېرىبسىنىپ ياتاتتى.كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان، مىسكىنلىك بىلەن تولغان سوغۇق دىلىغا ئىسسىقلىق ئاتا قىلىدىغان ئىشلار ئاز ئىدى. ئۇلار چىراي-

لىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، قانداقتۇر بىر ئىشلاردىن ئاھ چېكىپ، غەم ـ قايغۇ بىلەن يۈرىكىنى ئازارلاپ يۈرەتتى. قايسى بىرلىرى موھتاجلىقتىن ئۇرۇقلۇق بۇغدىيىنى سېتىۋەتكەنلىكىدىن زارلىنىاتتى. يەنە بىرلىرى كىمگىدۇر قەرز بولغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇھسىناتتى. دائىم بىر ـ بىرىگە ھال ئېيتىشىپ، قايغۇ ئىچىدە گاڭگىرىشىپ يۈرەتتى.

دوقمۇشتا تاماكا چېكىشىپ تۇرغان بىر نەچچەيلەننىڭ پاردىڭى ئاڭلاندى.

— مۇنۇ كىمنىڭ قىزى بولدى ئەمدى؟ قىسىپ دەسسەپ مېڭىشلىرىنى كاساپەتنىڭ.

— توختى تېرىنىڭ قىزى چىنارخانغۇ.

— بىردەمدە چوڭ بولۇپ كېتىپتا بۇ.

— شۇمۇۋالغۇدەكلا قىز بوپتۇغۇ، بۇنىڭمۇ ئەرگە تېگىدىغان ۋاقتى كەپ قاپتۇ.

— قايسى گۆيغا نېسىپ بوپ كېتەركىن تاڭ...

— ئىشقىلىپ سادىنىڭ قىزى بىلەن مۇشۇ ئىككىسى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغانلا بولۇپ قېلىشىپتۇ ۋايىغا يېتىپ.

— توختى تېرىمۇ، سادىن گۆلەشمۇ تايىنى يوقلا خەقلەر... توپىدەك ياۋاش.

— ياۋاش بولغاننىڭ نېمە يامىنى بار ئەمدى؟

— ياۋاشنى خەق بوزەك قىلىدۇ، ئادەملىكىنى ساقلىمايدۇ، گۇناھى مۇشۇ...

— بۇمۇ بىر گەپ بولدى ئەمدى.

چىنارخاننىڭ، كۆزىگە ئوت كۆرۈنۈپ كېتىشتىن نەچچە ئاي بۇرۇن دوقمۇشتىكى بىر نەچچەيلەن مۇشۇنداق دېيىشكەن ئىدى.

چاچلىرىغا بىدە يوپۇرمىقىنى يېپىشتۇرۇپ كەلگەن ھېلىقى كۈندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق قول، رەھىمسىز بولۇپ كەتتى. كۆز ئالدىدا قوزىدەك ياۋاش، ئىتائەتمەن، يۇمشاق قاراشلىرى بىلەن يۈرىدىغان قىزى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى ھاياد

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تىكى بارلىق دەرد ـ ئەلەم ۋە ھەسرەت ـ پىغانلارنىڭ، پالاكەت ـ لەرنىڭ مەنبەسىدەكلا ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆ ـ زىنىڭ ھەممە دەردىنى قىزىدىن ئالاتتى. كىمدىن ۋە نېمە سەۋەب ـ تىن كۆڭلى ئاغرىپ، دىلى ئازارلانسا، كېلىپلا قىزىنى تىللاپ كېتەتتى. قىزىنىڭ جىممىدە، يەرگە قاراپ قورقۇش ئىچىدە تىترەشلىرىنى كۆرگىنىدە، ئۆزى بۇ دۇنيادا ھېس قىلىپ باق ـ مىغان كىمگىدۇر ۋە نېمىگىدۇر ياڭقۇنلىغان، ھەددىدىن زىيادە ئۆچمەنلىك ئۇنى قاپسىۋالاتتى ـ دە، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، تۆمۈردەك قېتىشقان، ئورۇق، كۆچسىز قوللىرىنى ئويىنىتىپ قىزىنى ئۇراتتى، تېپەتتى. بىچارە قىز پەقەت يىغلاشنى، ئاغرىق دەستىدىن تولغىنىپ چىرقىراشنىلا بىلەتتى. ئۇنىڭ دادىسىنى، ھاياتىنىڭ ئۇ زادىلا كۆتۈرۈپ بولالمايدىغان ئېغىر، باش ـ ئاخىرى تۈگىمەيدىغان قاتمۇ ـ قات يۈكلىرى، مەسخىرىلىرى، ئالداشلى ـ رى ئەسەبىي سەۋدايىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى پەقەت ھازىرنىڭ ئۆزىدە، كۆز ئالدىدا تۇرىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىك ـ لەرنىلا كۆرۈپ، ھاياتتا بار بولغان، كىشى قەلبىنى شادلاندۇرى ـ دىغان، قىممەتلىك گۈزەللىكلەرنى كۆرەلمەيدىغان، ھېس قىلال ـ مايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ قىزىنىڭ يىرتىق ئاياغ كىيىۋالغان پۇتلىرىنى يوشۇرۇش ـ قا ئۇرۇنۇشلىرىنى كۆرگەنلىرىدە، قىزىنىڭ ئۆزىدىن بەكلا قور ـ قىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىرىدا، قىزىنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ بەكلا بىچارە ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزگىنىدە يىغلىغۇسى كې ـ لەتتى. ئەمما يىغلىيالمايتتى. قىزىغا بولغان ئىچ ئاغرىتىشتىن يۈرىكى ئېزىلەتتى. ئاتىلىق بۇرچىدىن پەيدا بولغان نومۇس ئۇنى ئوتقا تاشلىغاندەك ئازابلايتتى.

ـــ مەن نېمە بولدۇم؟

ئۇ شۇنداق سورايتتى، ھېچكىم جاۋاب بەرمەيتتى.

ئۇ ئۆزىدىن شۇنداق سورايتتى، ئەمما جاۋاب تاپالمايتتى.

ـ مەن نېمىشقا مۇشۇنداق كۈنگە قالىمەن؟

ئۇ ھاڭۋېقىپ قاراپ قالاتتى.
سەن ھۇرۇن ئادەم!
سەن كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ئادەم!
سەن تەتۈر پېشانە ئادەم!
سەن پالاكەت باسقان ئادەم!
سەن ئامەتى قاچقان ئادەم!

ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى. بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا بىرسى دەپ بېرىۋاتامدۇ، يا ئۆزىگە ئۆزى دەۋاتامدۇ، ھېچ بىلەلمىدى.

مەن بەختى قارا ئادەم.

بەختسىز كىشىلەر ـــ تۇرمۇشتىن خۇشاللىق ئىزدەشنىڭ يولىنى تاپالمىغانلار. ئۇلار ئۇچۇن بۇ دۇنيادا ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان، شادلاندۇرىدىغان، سۆيۈندۈرىدىغان ھېچنېمە يوق. ھەممىلا نەرسە بىمەنە، كۆرۈمسىز، سەت. ھەرقانداق ئىش ئەھ-مىيەتسىز. ئۇلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ھەممىگىلا مەنە-سىزلىك قالپىقىنى كىيگۈزۈپ قويىدىغانلار، ھاياتتا دائىم كۆ-رۈلۈپ تۇرىدىغان ئەڭ ئەقەللىي ئوڭۇشسىزلىق ۋە كىچىككىنە ئېچىنىشلىق قىسمەت ئۇلار ئۇچۇن ھاياتنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ سېزىلىدۇ ـ دە، ئاخىر روھسىزلىق ھەم چۈشكۈنلۈك بىلەن ئۆ-زىنىڭ ئادەملىكىنى ئاستا ـ ئاستا يوقىتىشقا باشلايدۇ. لېكىن ئۇلار ھېچقاچان ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەيدۇ. پەقەت ياشاش-نىلا ئويلايدۇ، لېكىن نېمە ئۇچۇن ۋە قانداق ياشايدىغانلىقىنى ئويلىنىپ باقمايدۇ. ياشاشنى ئۆز قولىغا ئالالمىغانلار، ئۆزىنىڭ كىم ۋە نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلەر مانا شۇنداق دىشۋارچى-لىق، خاپىچىلىق ئىچىدە تۇرمۇشنىڭ مەسخىرە نىشانىغا ئايلى-نىپ، بىر ئۆمۈر ئەتراپىتىكى مۇھىتتىن ئازار يەپلا، ھەممىلا ئىشقا نارازى ھالدا ۋايساش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ، لەنىتى مىس-كىنلىككە يەم بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئېغىر كۈنىنىڭ سەۋەبكارى بولغان ئۆزىدىن ئەيىب ئىزدىمەي، ئۆز نارازىلىقىنىڭ تېگى ـ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي، ھاياتتىن بىزار بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قولاقلىرى شىڭتىيىپ تۇرغان جەدە ئاتنى يېتىلەپ كې-
تىۋاتقان قاسىم بوغرا ئۇنىڭ كۆزىگە پەقەت سىغمىدى. قاسىم
بوغرا يوغان قورساقلىرىنى قەستەن ئالدىغا چىقىرىپ، غادى-
يىۋالغاندەك، شۇ ئەپتىدە ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدىغاندەك
قىلاتتى. ئۇ ئەلەم بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. كۆڭ-
لىدە غەزەپكىمۇ، نارازىلىقىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە بار
ئىدى.

ــ ئالدىرىما، سېنىمۇ ھامان بىر كۈنى پالاكەت باسىدۇ.

يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭ بىلەن شىۋىرلاپ سوقۇپ تۇرغان
شامال مەھەللىنى كېزەتتى. قومساقغۇ توپىلار ئۇچاتتى. بىر
خىل غېرىب، مىسكىنلىككە پاتقان مەھەللە ھامان ئېغىر بى-
خۇشلۇق ئىچىدە قوياشنىڭ سالقىن نۇرى ئاستىدا كۆزگە تاشلى-
ناتتى.

كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلمايدىغان شالاڭ قومۇش، يانتاق
ئۆسكەن بوز توپىلىق دۆڭلەردە، كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان يەر-
لەردە، يان باغىرلاردا، غارا قومۇشلارنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ نازۇك
ھەم گۈزەل گۈللەرمۇ ئۆسۈپ قالىدۇكى، ئۇنىڭ كىشىنى ئۆزىگە
مەھلىيا قىلىدىغان ئاجايىپ سېھرىي قۇدرىتىنى ھېچقاچان تەش-
تەكلەردە ئاۋايلاپ ئۆستۈرۈلگەن گۈللەردىن تاپقىلى بولمايدۇ.
بۇنداق گۈللەرنىڭ پۇرىقى كىشىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمىغۇدەك
شېرىن ۋە ئېغىر مەست قىلىدۇ. ئۇنىڭغا تەبىئەت ئاتا قىلغان
نازاكەتلىك قەد، كونا ھەم كېلەڭسىز، ئۆزىگە ياراشمايدىغان
ئەسكى كىيىملەر ئىچىدە كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن نېرى بولۇپ
يۈرەتتى. ئۇ بىئىختىيار ئۆلۈشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى
دۆڭنىڭ يان باغرىدا ئۆسكەن پۇراقلىق قوڭغۇراق گۈلىنى
ئاۋايلاپ ھىدلىغان چاغدا، كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، دادىسىنىڭ
ئۆزىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ھاراق سورۇنىغا كەتكەن ھېلىقى
كۈننى ئەسلەپ قالدى. ئۇ بۇرۇنمۇ نۇرغۇن قېتىم يالغۇز قالغان،
قورققان، يىغلىغان، ئەمما ھېلىقى كۈنى ئۇنى ھېچنېمىگە ئوخ-

شىتىپ بولغىلى بولمايدىغان سوغۇق ۋەھىمە، ئۆلۈم بىلەن رەڭداش قارا تۈيغۇ ئارىسىغا ئىلىنىۋالغان ئىدى. بەلكى شۇ كۈندىكى قارا قورقۇنچنى ئۆزىنىڭ ھاياتتىن ۋاقىتسىز ئايرىلىشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى دېيىشكە بولار... ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا تۇمانلار، ئاقۇش ھەم قويۇق تۇمانلار ئارىسىدا كۆك باغرىنى سەير ئەتكەندە، يەر يۈزىدىكى ھايات قىزغىنلىقىغا ئورالغان ئادەملەرگە قاراپ ۋەھىمىلىك كۈلۈپ قوياتتى.

— ماڭ! نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ ئۆيگە كىرىپ كەت!

دادىسى ئۇنىڭغا بىكاردىن - بىكار زەردە قىلدى. ئۇنىڭ ناتىۋان، ئاجىز يۈرىكى بۇنداق زەربىلەردىن شۇنچىلىك قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدىكى، ھەتتا بەزىدە گاڭگىراشتىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، قانداقتۇر بىر دەھشەتنىڭ يۈرىكىنى كۆز ھەردىسىدەك چېقىپ ئۆتۈپ، ھالسىزلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭغا ھەممىلا نەرسە غۇۋا ئىدى، دادىسى، ئانىسى، سىڭلىسى، يەنە ئۇنى ئۆز باغرىدا ئىسسىتىپ، قۇلىقىغا شېرىن سۆزلەرنى قىلغان جانجان كىشىسى... ھەممىسىلا غۇۋا، گۇڭگا تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ بارلىق ئىدراكىنى، تۇيغۇسىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپمۇ ئۇلارنى روشەن ۋە ئېنىق ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

— نە.. نەگە بارىسىز... دادا ؟

ئۇ دادىسىغا قاراشقا پېتىنالماي، يۈرىكى تىترىگەن ھالدا قورقۇش ئىچىدە سورىدى.

— تولا گەپ قىلماي ئۆيدە جىم ئولتۇر، يۈزۈمنى يەر قىلدىڭ، پاقالچىقىڭنى چېقىۋەتسەمچۇ.

دادىسىنىڭ ئىپسىگە قاباھەتلىك سەھەر، قىزىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشىدىن مەھەللە كويدىكىلەر بىلىپ قالسا ئۆلۈمدىن ئارتۇق ھاقارەت بولىدىغان يامان ئىشنى قىلغانلىقىغا بولغان گۇمانىنى قوزغايدىغان تىترەپ تۇرغان ئەپتى، ھەتتا بېدە يوپۇرماقلىرىنى يېپىشتۇرۇپ كىرگەن ھالىتى نامايان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— خۇدايا تووۋا، نېمە تارتقۇلۇق بۇ، ھەي سېنى... شۇ چاغدا بىلگەن بولسام تۇغۇلغان چېغىڭدىلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەسمىدىم؟

ئۇنىڭ قورۇق باسقان چېھرىسىدە بىر تۈرلۈك خورلۇق ۋە ئازابنىڭ، مۇدھىش كۈلپەتنىڭ ئىزناسى جىمىرلايتتى. نومۇس كۆچىدىن قۇلاقلىرى غوڭۇلدايتتى. ئاندىن خۇددى ھازىرلا يەۋېتىدىغاندەك ھايۋانلارچە ياۋۇزلۇق بىلەن خىرىلدىدى:

— ماڭ دېدىم، ئۆيگە كىرىپ كەت، مەندىن كۆرىدىغىنىڭ بارا!

ئۇ يەرگە قارىغىنىچە كەينىگە يېنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، دادىسىنىڭ پۇشۇلداشلىرى ھويلىدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— دادا... مەن قور... قورقىمەن.

— نېمىدىن قورقاتتىڭ؟

— يالغۇز قالسام... قورقىمەن.

قىزنىڭ تىترەپ تۇرۇشلىرى ئېچىنىشلىق ئىدى.

— تولا گەپ قىلماي ئۆيگە كىرىپ جىم ئولتۇرا! مەندىن تاياق يەيسەن.

سادىن گۆلەش ھويلىسىمۇ بولمىغان، پاكار بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىكنىڭ يېنىغىلا قايسى بىر چاغلاردا ئىشتىن چىقىپ تاشلىنىپ قالغان ئېشەك ھارۋىسىنىڭ لاقا ـ لۇـقلىرى تاشلاپ قويۇلغانىدى. سەل نېرىدا تۆۋى چۇشۇپ كەتكەن بىر چېلەك تاشلىنىپ ياتاتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئالدىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە ئازلا قالغان ئىشىكتىن ئۆيگە كىردى. پاكار سۇپا ئۈستىدە بىر نەچچە كىشى قويۇق تاماكا تۈتۈنى ئىچىدە ئولتۇراتتى. پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان كىرسىن چىراغنىڭ ئاجىز نۇرى ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. سۇپىنىڭ بۇرجىكىدىكى كالا تېزىكىنىڭ تۈتۈنى پۇرقۇپ تۇرغان ئوچاق بېشىدا قانداقتۇر بىر نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئۆي ئىگىسى — ئۇزۇنتۇرا، بىر كۆزى ئەلەس كىشى ئۇنى سوغۇق

قارشى ئالدى:

— ھە ... سادىن گۆلەش، كەپسەن - دە.

چاچلىرىنى بولۇشىغا ئۆستۈرۈۋالغان، ئورۇق، ئۆڭى سې-رىقراق، تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ، سورۇندا ھەممىنىڭ دىق-قىتىنى تارتماقچى بولۇۋاتقاندەك گىدىيىپ ئولتۇرغان بىر يە-گىت، ئۇنىڭ يېنىدىكى يەنە بىرسى، ئوتتۇز ياشلاردىن ھالقى-غان، كۆزلىرى چوڭقۇر، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، بېشىغا تەلپەك كىيىۋالغان بىر كىشى ۋە ئەللىكتىن ئاشقاندەك كۆرۈنىدىغان، چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان، ئۆز ۋاقتىدا خېلى سە-تەڭ چوكان بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئەگمە قاشلىق، چىرايى سوزۇك، پېشانىسىنى قورۇق باسقان بىر ئايال، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك ئىككى ئايال ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈر-مەكچى بولغاندەك بولار - بولماس قىمىرلاپ قويۇشتى. سادىن گۆلەش تەكلىپسىز، ئوڭايسىز ھالەتتە چىرايىغا ياراشمايدىغان ياسالما، بىچارىلەرچە كۈلكە بىلەن ھېلىقى ئورۇق يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى.

سادىن گۆلەشنىڭ ئۆيدە كىچىككىنە بىر يۈرەك قورقۇنچ-نىڭ ئېغىر بېسىمىدىن يانجىلىپ كېتىۋاتاتتى.

قىزنىڭ ئېسى قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. دادىسى-نىڭ يېنىغا بارغۇسى، ئۇنىڭدىن پاناھلىق ئالغۇسى كېلەتتى، يە-نە قورقاتتى.

ئۇ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ۋەھىمىلىك خىيالغا كەتتى. قاي-سىبىر بۇلۇڭدىن موماي‌لار سۆزلەپ يۈرىدىغان جىن - ئالۋاس-تىلار چىقىپ كانىيىنى بوغۇۋالىدىغاندەك ئويلاپ، تېنى شۈركۈ-نەتتى. ئۇرسىمۇ، تىللىسىمۇ دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىشى كېرەك-مىدىكىن...

دادىسى شۇ ھالدا نەلەردە يۈرىدىكىن. ئۇ ئالدىنقى قېتىم دادىسىنى ئىزدەپ بارغان چاغدىكى ئىشنى ئەسلەپ قالدى. شۇ چاغدىمۇ دادىسى تۇردى توگكاينىڭ ئۆيىگە ئولتۇرۇشقا كەتكەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنچى تورى



قورققىسى كېلىپ، تۇردى توڭكاينىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

ئۇ ھويلىغا كىرىپ نېمە قىلارنى بىلمەي تەمتىرەپ تۇرغىنىدا، زىل ئاۋازلىق بىر ئايال ئۇنى چاقىردى. ئۇ تارتىنىش بىلەن ئايالنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سادىنئاخۇننىڭ قىزىمۇ سىز؟

— ئە... ھەئە.

— ئېتىڭىز نېمە؟

— مايسىخان.

— مايسىخان ... ۋاھ، ئېتىڭىزمۇ ئۆزىڭىزدەك چىرايلىقكەن.

ئايال ئوت چاقناپ تۇرىدىغان تەشۋىشلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. بەلكى بۇ قىز ئۇنىڭ ئۇنتۇلۇش ئالدىدا تۇرغان، تولىمۇ گۈزەل بولۇپ ئەسكە كېلىدىغان ياشلىق خاتىرىلىرىنى ئەسلەتكەن بولسا كېرەك، ئايال قارا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ شۈرىلدى.

— دادىڭىزنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرەي.

— ياق.

— ئەمىسە دادىڭىزنى چىقىرىپ قوياي.

— ياق، مەن كېتەي... — ئۇ تەمتىرەپ كەينىگە داجىدى. ئۇ قورقۇپ كەتتى، بۇ يەرگە كەلگىنىنى دادىسى بىلىپ قالسا ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى بار.

— كىرسىڭىز بولاتتى، بوپتۇ، دادىڭىزمۇ مۇشۇ يەردە بولغاندىكىن، ئەمدى بۇ مۇشۇنداق ئىشلار... قانداق قىلىمىز. كىشىلەر بۇنى يامان ئىش دېيىشىدۇ. ئويۇن - تاماشاغا كۆنۈپ قاپتىمىز، بىرەر - يېرىم كۈن ئويۇندىن قالساق كۆڭلىمىز ئۇنىمايدىكەن.

ئايالدىن، دادىسى چېكىتى چۈشتە يىقىلىپ ھويلىدا يېتىپ قالغاندا بۇرنىغا ئۇرۇلغان پۇراقتا ئوخشاش بىر ھىد كېلىۋاتاتتى.

— پاھ.. بۇ قۇرغۇي كىم بولىدۇ. — بىرەيلەننىڭ ئاۋازى ئۇنى قورقۇتىۋەتتى. ئۇ تۇگۈلۈپلا قالدى.

— كىم بولسا نېمە كارىڭ، — دېدى ھېلىقى ئايال، — سا-دىنئاخۇننىڭ قىزىكەن.

— مەن ئەجەب كۆرمەپتىمەنكەنا... ئۇنىڭ بۇنداق چىرايلىق قىزى بارلىقىنى...

— ئاغزىڭنى يۇم ئىت بەچچە... كىمنى كۆرسەڭ تاپىنى كۆرگەن ئىتتەك يېپىشىۋالما... قۇرۇغۇر.

— سەن نېمىنى بىلىسەن... بۇنداق چىرايلىقلارنى...

— نايىپ، ئاغزىڭنى يۇمساڭ نېمە بولار؟ دېدىمغۇ... بۇ سا-دىنئاخۇننىڭ قىزىكەن، دادىسىنى ئىزدەپ كەپتۇ.

— مەن بىلىمەن، كۆرمەپتىمەن دېسەم ئىشەندىڭمۇ، بۇنىڭ-دەك تومۇچۇقلارنى كۆرمەي يۈرگىلى قارىغۇ بولمىسام مەن.

— كۆزۈڭ قۇيۇلۇپ كېتەر!

— مەن ئاپىرىپ قويايمۇ، — دېدى نايىپ خىرىلداپ كۈلۈپ.

— ياق... — ئۇ تەمتىرەپ كەتتى، ئاندىن كەينىگە ياندى.

— خوش قىزىم... — دېدى ھېلىقى ئايال يېقىملىق ئاۋازدا، — يولدا دىققەت قىلىڭ، ئىت چىشلىۋالمىسۇن... نا-يىپ، ماڭ بۇياققا... كۆزۈڭنى قۇيۇۋېتەي يەنە.

ئۇ تۇردى توڭكاينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئايرىلىپ ئۆيىگە ماڭدى. نېمىدۇر بىر نەرسىدىن كۆڭلى ئۆيۈپ تۇراتتى.

سادىن گۆلەشكە بىر بۇلۇڭدىن جاي چىقتى. ئۇ قىزىنىڭ ئىزدەپ كېلىپ يەنە كەتكىنىدىن بىخەۋەر ئىدى.

دائىملىق ئادەت بويىچە ھاراق ئىچىلدى. بۇ چاغدا ئەمدى ئۆيدە ئادەملەرمۇ كۆپىيىپ قالغانىدى. 16 ـ 17 ياشلاردىكى قىز ـ ئوغۇللارمۇ، 40 ـ 50 ياشلاردىكى ئەر ـ ئاياللارمۇ بار ئىدى. يۈرەكلىرى مىسكىنلىك، بىچارىلىق بىلەن تولغان بۇ ئاجىز كىشىلەر مەستلىك، كەيپلىكتە باشقىچە جانلىنىپ كېتىشكە-نىدى. ھەر كىم ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدە بىمەنە شادىمانلىقنىڭ يارقىن نۇرى پارلايتتى. ئېچىلغان باھار گۈلىدەك نۇرلانغان چىرايلار بىر - بىرىگە تەشنالىق بىلەن باقاتتى. ئاياللار خۇددى يوقىتاتقان ھالدا ھاراقنىڭ كەيپىدە ئەۋجىگە چىققان چاڭقاق تەشنالىقى ئۇچۇن ئۆزلىرىگە قوپال سۆزلەر بىلەن چاقچاق قىلىپ، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى چىمدىۋاتقان ئەرلەرنى پەقەت ئۆزلىرىلا ئۆزئارا چۈ- شىنىدىغان ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن يېنىغا چىللايتتى.

ئۆينى قورۇلغان يېسىسىۋىلەك بىلەن ھاراقنىڭ ھىدى قاپ- لىغان ئىدى. ئۆي لىققىدە موخۇركا ئىسىغا تولغاندەك قىلاتتى.

ھەممىگە ھەيران بولۇپ ئولتۇرغان چىنارخان تۇنجى قېتىم ھاراقنىڭ ئۆتكۈر قاڭسىق ھىدىغا كۆمۈلۈپ كەتتى، ئۇنى قوش- نىسىنىڭ ئۆزىدىن بەش ياش چوڭ، بىر ئەردىن چىققان قىزى باشلاپ كەلگەن ئىدى. ئۇ بىردەمدىن كېيىن بۇ ئاچچىق سۇيۇق- لۇقنى تۇنجى قېتىم گاڭگىراش، خەۋپسىرەش ئىچىدە مەجبۇر- لۇق بىلەن نېپىز، خورما رەڭ لەۋلىرى ئارىسىدىن قولاشمىغان ھەرىكەتلەر بىلەن ئېغىزىغا ئالغاندا ئىچ - باغرىنىڭ كۆيۈشۈپ، ئېچىشىپ كەتكەنلىكىدىن ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى.

«چىنارخان ئىچمىسە بولاتتى... ئىسىت» بىر ئايال شۇنداق ئويلىدى.

ئەمما، چىنارخان ئىچتى.

چىنارخان ئەتىسىدىن باشلاپ قىپيالىڭاچ بولۇپ كوچىلاردا ئارۋاڭ - سارۋاڭ يۈرگەن كۈنلەردە، مۇشۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئۆۋد- مۇشىدىن، قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن قورقۇپ خۇداغا نالە قىلغان ئىدى.

— سادىننى يىقىتايلى، — دېدى نايىپ ئابلەيىنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ.

— نېمىشقا؟

— ئەخمەق، بۇنى سورىما.

— قانداق يىقىتىمىز؟

ــ هاراقنى بىرىۋەر... خۇش كەتتى قىلىپ...
ــ ئۇنى يىقىتىپ نېمە قىلىمىز؟
ــ هېلى بىلىسەن.

نايىپ بىلەن ئابلەي دەسلەپ كۇسۇرلىشىپ، كېيىن پىخىلـ ـدىشىپ كۈلۈشتى.

ــ سادىر ئاكا، كەل، ئىككىمىز بىردىن ئىچەيلى، ئۇزۇن بوپتۇ سەن بىلەن ئىچىشەلمىگىلى... ـ دېدى ئابلەي. سادىر هاـ ياجان بىلەن ئۈمىلەپ دىگۇدەك ئابلەينىڭ ئالدىغا بېرىپ پىيالـ ـنى قوش قوللاپ قولىغا ئالدى.

ــ ساڭا كۆڭلۈم، قېنى ئىچەيلى.

ــ رە..رە..رەهمەت ئابلەي ئۇكام... دوستلۇقىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى...

ئارقىدىن نايىپ سادىرغا هاراق تۇتتى:

ــ خوشە، دوستلۇقىمىز ئۈچۈن... هاراق بىزنى ئەمەس بىز هاراقنى مەست قىلىۋېتەيلى... نايىپ ئۇكام... ـ سادىرنىڭ گېپىدىن هەممەيلەن كۈلۈشتى. مۇشۇ كۈنلەردە قەيەردە هاراق سورۇنى بولسا بىركىم چاقىرمىسىمۇ بېرىۋالىدىغان، باشقىلارـ ـنىڭ سەلپۇش، دوق قىلىشلىرى ئىچىدە تىكەندە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ جېنى قىينىلىپ كېتىدىغان سادىر، ئابلەي بىلەن ناـ ـيىپنىڭ دوستانىلىقىدىن هاياجانلىنىپ خۇدىنى يوقىتاي دېگەن ئىدى.

سورۇن داۋاملىشىۋاتاتتى، كىم بىرلىرى ناخشىغا چۈشكەن، يەنە بىرلىرى بىر ـ بىرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىشىپ كۆڭۈل چۈـ ـشەندۈرۈشكە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى.

ۋاقىت بىر يەرگە بارغان ئىدى.

سادىر ئاللىقاچان مەست بولۇپ بىر بۇلۇڭدا تاشلانىدۇق ئەسكى چاپانغا ئوخشاش، دىققەتنىڭ سىرتىدا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئۆيدىن مەستلەرنىڭ يېرىمى چۈشۈپ قالىدىغان سۆزلەشلەـ ـرى، شوخلۇقى تاشقان ئاياللارنىڭ قىيقاس سېلىپ كۈلۈشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئاۋۇ بۇلۇڭدا ياتقان كىم؟ ــ دېدى ساقى.

ــ سادىن، مەست بولۇپ يىقىلدى.

ــ بوپتۇ يېتىۋەرسۇن، ھارىقىمىزنى ئىچەيلى.

بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى پىيالىنى قولىغا ئېلىۋالغان ساقى چاقناق كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپ گۇرۇڭلىدى:

ــ سادىن... ئۇ يىقىلدى، مەيداندا ئولتۇرالمىدى. بۇنداق ئادەملەر بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، ئەمدى ئاياللاردىن باشلايلى، قېنى سىڭلىم، قولۇمنى قايتۇرماڭ... ئىسمىڭىز نېمىدى؟

چىرايىدىن شوخلۇقى چىقىپ تۇرغان بىر قىز تارتىنغاندەك بىر ھالەتتە قىمىرلاپ قويدى.

ــ مە... مەن ئىچىپ باقمىغان.

ــ ئىسمىڭىزنى دېمىدىڭىز.

ــ چىنارخان.

ــ نېمانداق ئىسمىنى بىلمەيدىغاندەك سوراپ يۈرسەن؟ــ دېدى ئاردىن بىرەيلەن.

ــ بىلسەممۇ سوراپ قويدۇم، باللار تارتىنچاقكەن، ئوڭشالسۇن دەپ .

ــ ھە مانا، چىنارخان، ئېلىڭ، ئېلىڭ، مۇشۇنداق ئىچىپ ئۆگىنىدىغان نەرسە بۇ.

ھاراق سۇنۇپ تۇرغان ساقى ئالدىدىكى تاۋلىنىپ تۇرغان، دىماقنى يارغۇدەك خۇش پۇراقلىق گۈلنى يالماش ئىستىكى يالىلدىغان كۆزلىرىنى قىزغا تىكىپ، ئۆزگە ھۆرمەت بىلەن باققان چىرايلارغا قاراپ شۇ سۆزنى قىلدى.

ــ ھە ... مانا قالتىس ... شۇنداق بولسۇن، قېنى ئىچىڭ.

قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. شادىمان چىرايلاردىن قىزدىقىش، تەقەززالىق پارلايتتى. ھەممىنىڭ كۆزى چىنارخانغا چۈشكەن. ئۇ تەمتىرەش ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا نېرۋىلىرى جىددىيلىكتىن تارتىشىپ، يۈرەكنى سىقىد-

دىغان ئوڭايسىزلىقتا گاڭگىراپلا قالدى. يۈزلىرى لالىدەك قىزد-
رىپ، لاۋۇلداپياندى.

يېنىدىكى ئايال ئۇنىڭ بىلىكىنى بوش چىمدىپ قويۇپ پىچىرلىدى.

— ئابلەي ئاكىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ.

— قورقماڭ، ئىچىپ ئۆگەنمەمسىز، ھېچكىم بۇ دۇنياغا هاراق ئىچىدىغان بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، قېنى ئىچىڭ.

چىنارخان دەزكەتكەن پىيالىدىكى جىن چىراغنىڭ شولىسى سىلغىيىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك ئىچىملىكنى بىرلا كۆتۈرۈش بى-لەن تۈگەتتى. قاپقارا بىر يىلان، يەنە بىر قارىسا چار يىلاندىن بىرى مۇدھىش كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، ئاچىماق تىلىنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى.

«چىنارخان ئىچمىسە بولاتتى...ئىستت» ئارىدىكى بىر ئايال شۇنداق ئويلىدى.

ئەمما چىنارخان ئىچتى.

چىنارخاننىڭ ئىچكىنى كىشى ھاياتىنى ئۆڭكۈرگە باشلايدى-غان ئالۋاستى سۈيۈقلۇقى ئىدى.

ھېلىقى ئايال پەقەت، ئىچمىسە بولاتتى، دەپلا قالدى.

كەينى - كەينىدىن ئىچىلگەن هاراقتىن كېيىن چىنارخان-نىڭ بېشى قېيىپ ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالدى. كۆڭلى ئېلىشىپ كۆز ئالدىدىكى ھەممىلا نەرسە چۆرگىلىگەندەك بولاتتى. شۇ تە-رىقىدە بىر نەچچە قېتىملىق هاراقنى ئىچىپ تۈگەتتى. ھېلىقى يىلان بارغانسېرى يوغىناۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن چوكان نەلەرگىدۇر يوقالغان ئىدى.

— ئۆلىدىغان جاھاندا بىر كۈنىمىز بولسىمۇ خۇشال ئۆت-سۇن، قېنى سىلەر ئىككىڭلار مۇشۇ هاراقنى بىردىن ئىچىۋې-تىڭلار.

چىنارخاننىڭ يېنىدىكى قارا كۆزلۈك خۇشخۇي ئايال ئالدى بىلەن پىيالىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ قارشىسىدا بېشىدىكى تەل-

www.uyghurkitap.com


پېكىنى ئارقىسىغا سۈرۈپ قويغان، كۆزلىرى چوڭقۇر، ساقال ـ بۇرۇتلىرى سوپۇن سۈركىگەندەك ئاقلار ئارىلىغان بىر كىشى قاتمال قولىنى سوزدى.
ئەر كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، خىرىلداپ ھاراقنىڭ يارىشىقى سۈپىتىدە سىڭلىسىغا بېيىت ئوقۇدى:

يار بىلەن ئىچتىم شاراب،
بىر پىيالە تولمىدى ...

ئۆيدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بۇ كىشىلەر بۇنداق چاغدىكى كۈلكىلەرگە كۆنۈپ كەتكەن. بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا قاتناشقانكەنسەن كۈلۈشۈڭ، كۈلۈۋېلىشىڭ كېرەك. يۈرىكىڭ ئارام تاپسۇن، غەم ـ قايغۇنى ئۇنتۇ. خۇشاللىقى ئاز، دەرد ـ ھەسرىتى كۆپ تۇرمۇش ئاتا قىلغان ھەسرەتلىك ھالدىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلۇۋال ... بۇ ئەلۋەتتە مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئورتاق كۆڭۈل خاھىشى. شۇڭا ھەممىلا ئىشقا كۈلۈش كېرەك. ئىشىك سىرتىدا، كىم بىلىدۇ، سېنى يىغا، ئەلەم ۋە ھەسرەت كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىنغۇ.
كۈلكە بېسىلغاندىن كېيىن ئايال بېيىت بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

ئورما ئورىسەن كۈندە،
تالامدۇ بىلەكلىرىڭ ...

ئۇلار قوللىرىدىكى پىيالىلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇپ چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە ھاراقنى ئىچىشتى.
چۆرىسى ئۇچۇپ كەتكەن پىيالىدىكى سۈزۈك ھاراق مۇشۇ يەردىكىلەرنىڭ پۈتۈن دۇنياسىنى چالغىتىپ، ئۇلارنى گاھ قاراڭ-

غۇ جاڭگاللارغا، گاھ پىژغىرىم باياۋانغا تاشلايتتى. دىللار يېنىپ تۇراتتى، يۈرەكلەر ئاچچىق كۆيۈپ تۇراتتى.

ئۆينىڭ ئىچى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قىيا ـ چىيا بىلەن تول-غان، كىشىلەرنىڭ مەستلىك شادىمانلىقى ئەۋجىگە چىققان پەيت-تە كىمدۇر بىرسى سەۋەنلىك بىلەن، قاپقارا ئىس تۇتەپ، پىل-لىلداپ يېنىپ تۇرغان چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەمگە تولغان كىچىككىنە ئۆيدە بوۋايلار سۆزلەپ يۈرىدىغان قىيامەت قايىم باشلاندى. پىخىلدىغان كۈلكىلەر، تىللاشلار، ۋايساشلار، سەت ھاقارەتلەر، چىرقىراشلار، نازلىق ئاۋازلار ئاڭ-لىناتتى. مانا شۇ پۇرسەتتە بايىدىن بېرى چىنارخانغا كۆز تىكىپ تۇرغان ئابلەي تاماكىسىنىڭ قىزغۇچ چوغىنىڭ چىرايلىق نۇرى بىلەن يورۇغان كۆز ئالدىدا، ھوشىنى يوقاتقان چىنارخاننىڭ يې-نىغا كەلدى ـ دە، كۆتۈرۈپلا سىرتقا ماڭدى. ھەممىلا يەردىن خىرىلدىغان كۈلكىلەر، ئاياللارنىڭ ئەركىلىگەندەك تىللاشلىرى ئاڭلىناتتى.

ــــ ئۇھ ... خۇدا ... قويۇپ بەرسەڭچۇ ... ــــ چىنارخان ئاب-لەينىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى. ئۆزىنىڭ قولىمۇ ياكى ئابلەينىڭمۇ بىلمەستىن بارماقلارنى چىشلەيتتى، مۇرلايت-تى. ئەمما، بۇ ھەرىكەتلەر شۇ قەدەر ئاجىز ئىدىكى، شۇ تاپتا ئۇ خۇددى قۇترىغان يولۋاسنىڭ چاڭگىلىدىكى تېخى كۆزى سۇزۇل-مىگەن ئىمجان بۆجەنگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇمۇچۇك توردەك چىگىش، غۇۋا خىيالىدا، مېڭىسىنىڭ بىر يەرلىرىدە يەنە بىر تۇرلۇك ئىنتىلىش ۋە ھەۋەسنىڭ قىزغۇچ ئۇچقۇنى چېقىنداپ، يۈرىكىدە سۇس شېرىنلىك پەيدا قىلاتتى. ئارقىدىنلا خىيالى يە-نىلا ئۆڭكۈردەك سوغۇق قاراڭغۇلۇققا پاتاتتى.

ۋۇجۇدىدىكى كۈچ، ئەقىل... ھەممە نەرسە زەئىپلىشىپ كەتكەن چىنارخاننىڭ زەئىپ يىغىسىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى.

شۇ ئىشلار يۈز بېرىپ ھەپتىدىن كېيىن مەھەللىدە چاپلى-رى چۇۋۇق، كىيملىرى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ بىر قىز پەيدا بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قالدى. ئۇ ھەدېسلا كىيىملىرىنى سىلىۋېتىپ يالىڭاچ بولۇۋالاتتى. يىغلىغىنىنى، يا كۈلگىنىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— ئىسسىت، ئەجەب پاكىز قىز بولۇۋېدى، كۆز تەگدى بۇ بالىغا، — دېدى بىر ئايال ئىشەك ھارۋىسىدا كېتىۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ.

— كۆز تەگمىدى، بالا تەگدى، — دېدى ئايالنىڭ يېنىدىكى زەردىلىك ئەر تاماكىسىنى كۈچ بىلەن شوراپ، ئالدىنقى ھەپتە سادىنىنىڭ قىزى تۇگەپ كەتتى، سادىنمۇ ئەقلىدىن ئازدى، چىنارخانغا بۇ بالا يەتتى، بۇ خەق گۇناھتىن قورقمايدىغان بولۇپ كەتتى.

مىڭ تۈرلۈك ۋەھىمە ئىچىدە قالغان مايسىخان ئەگىنىنىڭ تاراقشىغىنىنى ئاڭلاپ، دادىسىنى قايتىپ كەلدىمىكىن دەپ ئويلاپ قورقۇپ كەتتى — دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى، ئاچتىيۇ تۇرۇپلا قالدى، دادىسىنىڭ ئورنىدا ئېگىز بويلۇق بىر قارا گەۋدە ئالاڭلاپ تۇراتتى.

— كى... كىم سىز؟

— مەن... ئاشىقىڭىز...

ھېلىقى ئادەم كېلىپلا ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

ئۇ نېمە بولغىنىنى بىلىپ بولغۇچە ئۇ ئۆزىنى سۇپىدا كۆردى.

كۈچلۈك، بەردەم قول، ھاۋايى - ھەۋەستىن تەلۋىلەشكەن بەرجەس تەن ئۇنى يالماۋاتاتتى. بۇ يەردە بىر نەرسە ئېزىلىۋاتاتتى. بىر نەرسە يانجىلىۋاتاتتى. بۇ نەرسە يۈرەكنىڭ گۈلگە، كۆڭۈلنىڭ غۇنچىسىغا، باھارنىڭ بىخىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— مېنى قويۇپ بەر! دادامغا دەيمەن! — ئۇ يىغلامسىرىدى.

— كىمگە دېسەڭمۇ بىكار.

ئۇ نايىپنىڭ قوللىرىنى چىشلەپ، تېپىپ يېقىن كەلتۈرمىدى. ئېغىر ھاسىراش ئاڭلىناتتى، ئېغىر يۇلقۇنۇش، تېپىرلاش ئاڭلىناتتى. نايىپنىڭ ئاچچىقتىن چىشلىرى كىرىشىپ پىشانىسىدىن تەر قۇيۇلدى.

«پاسكىنا...» شۇ گەپ بىلەن تەڭ قۇلاق تۈۋىگە تەگكەن بىر مۇشت بىلەن ئۇ ئاستا ـ ئاستا بىر قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كەت-تى. ئۇنىڭ ئاخىرقى ھوشىدا، ئاخىرقى سەزگۈسىدە غۇۋا بىر نەرسىلەر پەيدا بولۇپ قالدى... ئوت ـ چۆپلەرنىڭ، شەبنەمدە نەملەنگەن بوز تۇپراقنىڭ ھىدى ھۇپىلدەيتتى. ئورۇمغا يەتكەن بېدە غوللىرىنىڭ غىرىسلاپ ئېزىلگەن ئاۋازى، شەبنەمنىڭ يې-قىملىق سوغۇقى، نەم يەرنىڭ ھىدى... ئۇنىڭ قوللىرى ھېچنې-مىنى تۇتالمىدى، پۇتلىرى جانسىز قايرىلىپ تۇراتتى. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۆزىدە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان يىرگىنىش ۋە ئۆچمەنلىك ھېسسىنى سەزدى. بېدە ھىدى ... بۇلۇتلار ئارى-سىدىن كۆرۈنگەن ئاي .... ئاشۇ سەھەردە جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن قاتتىق تاياق زەربىسى مېڭىسىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ، ۋە-ھىمە، خورلۇق، تەشۋىشلىك ھېس ... «سەن ھازىر نەدە؟ مېنىڭ مۇشۇنداق ھالدا ئىكەنلىكىمنى بىلەمدىغانسەن؟ سەن كېيىنلى-كىمىزنى دەپ پۇل تېپىش ئۈچۈن يىراق يەرگە كەتمىگەن بول-ساڭ، بەلكى مەن بۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشمەس ئىدىم. سەن نەدە؟ چاپسان يېنىمغا كەلگىن، مېنى قۇتقۇزۇۋال ...» ئۇنىڭ ئۈمىد بىلەن سوزۇلغان قوللىرىنى نائىپ قايرىپ تۇرىۋالدى. قەلبىدە پارلىغان ئۈمىد شولىسى ئۆچۈپ، دىلىنى يەنە قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

— مېنى قويۇۋەت ... — ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئۆزى ئاران ئاڭلىيالىدى... ئۇنىڭ قۇلىقىغا كۈچلۈك مەسخىرە ۋە غالىبلار-چە مەمەدانلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ھېچ-قانداق بىر يىرتقۇچنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، ئەمما شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭغا ئەڭ ۋەھشىي ھەم ياۋۇزلۇق تۇيغۇسى ئاتا قىلغان ئاۋاز ئىدى. ئۇ پۇت ـ قولىدا پۈتۈنلەي جان قالمىغانلىقىنى سەزدى، قورقۇپ كەتتى، ئۇ ئۈستىدىكى ئېغىر، تىنىق بەرمەيدىغان بىر يۆكنى ھېس قىلغىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. رىتىمسىز تى-نىقلىرىدىن بىر تۈرلۈك غەزەپ ـ نەپرەت پۇرقۇيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



تۇردى توخكايىنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى قوناقلىقتا شاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

بايا مايسىخانغا دادىسىنى چاقىرىپ بەرمەكچى بولغان ئاياڭنىڭ ھاياجان ئارىلاشقان زىل ئاۋازى ئاڭلاندى:

— پەرۋەردىگارىم ... بىنومۇسلار... جاي تېپىلمىغاندەك يېڭنىمىزغا كېلىپلا ... ۋوي، بۇ چىنارخانكەنغۇ... ئابلەي، ئىنساپ قىلساڭ بولمامدۇ، كىچىككىنە قىز تۇرسا بۇ...

— بولدى قىلە، بۇنى كىچىك دېگىلى بولمايدۇ.

مايسىخان ھوشىغا كەلگەندە ئۆيدە يالغۇز ياتقان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىشەندى.

شۇ ھالدا مايسىخان ئۆزىنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى بىلمەيتتى. سەزگۈسى ئۆلۈپ كەتكەندەك، ئۆزىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتاتتى.

كېچە قاراڭغۇ ھەم سوغۇق ئىدى.

سادىنىڭ ئۆيدە، تۇردى توخكايىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى قوناقلىقتا شۇ كۈنى ئىككى نازۇك جان ئوتقا چۈشتى.

ئابلەي چىنارخاننىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپلا تارتتى:

— خۇددى مۇز ئىكەنسەن، — ئۇ كۆڭلى قالغان ھالدا ئۇھ تارتىپ پىچىرلىدى، — خۇدا كۆرسەتمىسۇن، قارىسا شۇنداق چىرايلىقسەن... لېكىن خۇددى بىر مۇز پارچىسىدەك... شۇنداقتىمۇ يەنىلا ساڭا يۈرىكىم كۆيۈپ تۇرۇپتۇ.

«كۆڭلۈك قۇرۇسۇن، ئۆزۈڭمۇ قۇرۇپ توگەپ كەت لەنىتى...» چىنارخان ئىغىرلاشقان، جانسىز بەدىنىنى تەستە كۆتۈرۈپ، قوناق شاخلىرىنىڭ يىنىك شىلدىرلىشىنى ئاڭلاپ سىرتقا چىقتى. ئۇ ئالدىدىلا مىڭىپ كېتىۋاتقان ئابلەيىنىڭ پۇتلىرىنى سۆرەپ مېڭىشلىرىغا قاراپ، بىر ئۆلۈغۋار دەھشەتلىك ئۆچلۈكنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ، دەل شۇ مىنۇتتا پەيدا بولغان قىساسكار روھنىڭ شىددەتلىك شاۋقۇنىنى ئاڭلىغاندەك ئابلەيگە ئېتىلدى. ئەمما بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلدى. ئۇ يەرنى قۇ-

چاقلاپ ئۆكسۈپ يىغلىدى.

ئۇ ئۆيىگە كېلىۋېتىپ يىغلىدى، كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆ-كۈلدى، ئۇنى باشلاپ كەلگەن قىز كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ ئۆيىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشتىن ئۆتۈشىگىلا قاراڭغۇ كوچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن غەلۋىر چوڭلۇقىدىكى بىر ئوت دو-ملاپ ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئوتنىڭ ئارقىسىدىن چاچلىرى چۇۋۇق، قىپيالىڭاچ بىر قىز سەكرەپ ـ تاقلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ دوملاپ كېلىۋاتقان ئوتنىڭ ئارقىسىدىكى قىزنىڭ ئۆزى ئىكەن-لىكىنى تونۇدى.

ئۇ قاچتى، قاچقانسېرى ھېلىقى ئوتنىڭ، چاچلىرى ئاپئاق ھېلىقى قىزنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ چىرقىرىدى، چىرقىراشلىرى شۇنداق دەھشەتلىك ئىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى.

كېچە قاراڭغۇ ئىدى.

كۆكتە ئايمۇ، يۇلتۇزمۇ يوق ئىدى.

ئۇ ئۆزۈندىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. يۈرىكىگە نۇرغۇن يىڭنىلەر سانجىلىۋاتقاندەك، ۋۇجۇدى، روھى بىر تۇتام ـ بىر تۇ-تامدىن پارچىلىنىپ تىتىلىۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كەتتى.

ئاتىسىنىڭ دەھشەتلىك پارقىرىغان كۆزلىرىدىكى ۋەھىمە-لەرنى كۆرگەندىمۇ، جان ئالغۇدەك قاتتىق تاياق ئاستىدا قىينال-غاندىمۇ بۇ قاتارلىق ئازابنى ھېس قىلمىغانىدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇ-جۇدى، ھاياتى بىلەن قوغداپ، ئۆزى سۆيگەن ئادىمىگىلا خاس، دەپ ئويلايدىغان قىممەتلىك نەرسىنى بىر ياۋايى مەخلۇقنىڭ يىرگىنچلىك ئايىغى بىلەن چەيلەپ خار قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شۇنچىلا ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، يەرگە باغرىنى يېقىپ ئېچىنىشلىق ئىڭرىدى، يىغلىدى. تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلىرى سوغۇق تۇپراققا سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى ئەتراپقا ئاڭلاذ-ماي قالدى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا سوغۇق قولىنى سوزۇپ تۇر-غاندەك قىلاتتى. ھەممە نەرسىدىن نەپرەت يېغىپ تۇرغاندەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئۇ ھويلىدىن ئۆتۈپ يولغا چىقتى، يەنە گاراڭلىق ئىچىدە كېيىنگە قايتىپ دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. خورلۇق — ئادەم ئۇچۇن ئەڭ ئازابلىق ئىش، سەنمۇ، يەنە بىراۋمۇ ئادەم. خۇددى ئۆزۈڭگە ئوخشاشلا بىر ئادەم تەرىپىدىن سەندىكى ئېتىقاد، ئەقىدە بەئەينى خازاندەك چەيلەنسە، خارلانسا، سەندە ئۇنى قۇتقۇزۇشقا، قارشى تۇرۇشقا ھېچبىر كۈچ بولمىسا، بۇنداق خورلۇقنىڭ نەقەدەر ئازابلىق ھەم كۆلپەتلىك بولىدىغانلىقىنى، ئاجىز ھەم نازۇك يۈرىكىڭنى زەھەرلىك تىرناقلىرى بىلەن ياۋۇزلارچە تىرمىلاپ قانداق ئېغىر جاراھەتلەندۈرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەك تەس. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر ئوت كۆيۈشكە باشلىدى، بۇ زەھەرلىك ئوت ئىدى. بۇ ئوت قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى ئۆرتەپ تاشلايتتى، قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىدىغاندەك قىلاتتى. كۆزلىرىدىن ئەلەمنىڭ ئۇچقۇنى ياناتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چۇۋۇق چاچلىرىنى بىر قول ئاستا سىلىغاندەك بولدى. ئۇ ئەندىككەندەك يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرغان ھەممە خىياللاردىن دەقىقە ئارىلىقىدا قۇتۇلۇپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ تونۇمايدىغان بىرسى كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ ئۇنىڭغا قولىنى سوزۇپ تۇراتتى. چاچلىرى ئاپئاق ئىدى، ئۇ بۇ ئايالنى بىرىيەردە كۆرگەندەك قىلاتتى، ئەمما كىملىكىنى بىلەلمىدى. بىردە تۇرۇپ بۇ چىنارخان ئىكەن، دەپ ئويلىدى، ئارقىدىن چىنارخاننىڭ چاچلىرى بۇنداق ئاق ئەمەستى، دەپ ئويلىدى.

— مايىسخان بۇ ياققا كەل، بەش تاش ئوينايمىز.

قىرىق كوكۇللۇق بىر قىز ۋىلىقلاپ كۈلۈپ ئۇنى چاقىردى. زىناقلىرىدىن كۈلكە ياغاتتى.

— مەن بىلمەيمەن، سىلەر ئويناڭلار.

— بىلمىسەڭمۇ قېشىمغا كەل، ئۆگىتىپ قوياي...

ئۇ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن ئايالنى بىر چاغدا بەش تاش ئويناشنى ئۆگىتىپ قويغان چىنارخان شۇ، دەپ ئويلىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قىرىق كوكۇللۇق چاچلىرى قانداق بولۇپ بۇنداق ئاقىرىپ

كەتكەندۇ؟ ئۇ نىمە بولۇپ بىردەمدە بۇنچە قىرىپ كەتكەندۇ؟

ئۇ چىنارخاننىڭ ئوت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى، ئارقىدىن ئۇنى بىر يىلاننىڭ قوغلاپ يۈرگىنىنى، چىنارخاننىڭ قېچىپ كېتىۋاتقىنىنى، مەھەللىنىڭ توپا يوللىرىدا ھەريان تاقلاپ يىلاندىن قورقۇپ، چىرقىراپ يۈرگىنىنى كۆرگەندەك بولدى.

— سادىنئاخۇن كەلدىمۇ؟

ئۇ قورقۇپ چۆچۈپ كەتتى. بايا ئۇنى ئۆيگە كىرىشكە ئۈندىگەن ئايال ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

— مەن ھەممىنى كۆردۈم، نايىپ دېگەن ھايۋان ساڭا ئەسكىلىك قىلدى. ماڭا بىر چۆگۈن سۇ بەر قىزىم.

ئايال ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سۆزلەيتتى. ئوتلۇق ھاياجىنى بېسىلمىغان، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ، ئايالنىڭ مۈرىسىگە ئالغان قوللىرىنى پەسكە چۈشۈرۈۋېتىپ مەقسەتسىز ھالدا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— نەگە بارىسەن؟ مۇشۇ ئەپتىڭ بىلەن - ھە ؟ ئېسىڭدە بولسۇن، بىز مۇسۇلمان خەق، بۇنداق ئىشتىن كېيىن ... ئايال ئېغىزىنى ئۇنىڭ قولىقىغا يېقىپ پىچىرلىدى — ... بولمىسا پېشكەللىككە يولۇقىسەن ... پالاكەت باسىدۇ.

ئۇنىڭ كۆزىگە چىنارخان كۆرۈندى. قىرىق كوكۇللۇق چاچلىرىنىڭ ئورنىدا، چۈۋۇلۇپ كەتكەن ئاپئاق چاچلار سالۋاراپ تۇراتتى. چىنارخان نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالغاندۇ؟...

كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا، كۇلۇپ تۇرغان قىز ئۆيگە چېلەكتە سۇ ئېلىپ ماڭغان ئىدى.

— چىنارخان، كەچتە نېمە ئىشىڭ بار؟

— ھېچ ئىشىم يوق.

— ئەمىسە كەچتە ئويناپ كېلەيلىمۇ؟

— نەدە؟

— تۇردى توخكاينىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش بار، بەك قىزىيدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى


بىر ئەردىن چىققان چوكاننىڭ ئوغرى چىشلىرى ئۆزىگە ياراشقاندەك ئىدى.

— ماقۇل.

چىنارخان ھېچنېمىنى ئويلىمايلا ماقۇل دېدى. شۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ پاتقاقتەك چاپلىشاڭغۇ، نابۇت قىلغۇچى پاجىئەگە يىقىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك.

پاجىئە بەزىدە مارىلاپ چىشلەيدىغان ئىتقا ئوخشاش شەپىسىز كېلىپ، تالاپ جاننى ئالىدۇ.

ئايالنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى.

« پىشكەللىك...پالاكەت ...» ئۇ بۇنداق قورقۇنچلۇق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇ تەرىقىدە بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن ئاجىز قەدەملەر بىلەن ئۆيىگە كىردى. دادىسى ئۆيدە يوق ئىدى. دادىسى شۇ ھالدا تۆردى توڭكاينىڭ ئۆيىدە بولۇڭدا چالا ئۇيقۇدا ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىلا چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان، ئۇتتۇر چىشىدىن بىر نەچچىسى چۈشۈپ كەتكەن كوماك چىش ئايال سۇپا ئۈستىدە پۇتلىرىنى ھاياسىزلارچە ئىككى يانغا سۇنۇپ ياتقان ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا 18 ياشلاردىكى بىرسى ھالسىز بەدىنىنى سۇپىغا تاشلاپ تەكشىسىز، جىددىي تىنىقلىرى بىلەن كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ياتاتتى. سادىنىنىڭ قۇلىقىغا ھېلىقى ئايالنىڭ قېرىلارغا خاس بوغۇق، خىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي شۇم، ساڭا ئەجەبمۇ كۆڭلۇم بار جۇمۇ مېنىڭ.. بىلىپ قوي، مەن كۆڭۈلنى دەپ سېنى ... ساڭا ئەجەبمۇ كۆڭلۇم چۈشۈپتىكەن.

سادىنىنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلغاندەك بولدى، ئۇ كۆزىنى يېرىم ئېچىپ ياتتى، ئايالنىڭ تۇرقى ئۇنىڭغا ھايۋان تاپىدەكلا كۆرۈندى. ئۇ مۇشۇنداق قاراپ قانچە ئۇزۇن ياتقانلىقىنى بىلەلمىدى، ھېس قىلالمىدى. ئادەملەرنىڭ بۇنداق قىزغىن، يىرگىنىچلىك ھالدا ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇلارنىڭ

نومۇس كۈچىدىن مۇستەسنا بولغان قەلبىنىڭ بۇنچىلا ۋەھشىي، ئادەمدىن ھېيىقىش، نومۇس قىلىشلاردىن بۇنچىلا يىراق ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

شۇ ئارىدا سادىن ئاستا، جانسىز ھالدا ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا قارىدى ـ دە، ئاچچىق بىلەن خىرىلدىدى:

ـــ نائىنساپلار ... مېنى ئادەم كۆرۈشمەيۋاتامسەن ـ ھە!؟ ... خۇددى زاڭلىق قىلغاندەك قېشىمدىلا ھايۋاننىڭ قىلىقىنى قىلىشقىنىنى ... كۆزۈمدىن يوقىلىش!

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى، ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئاللىقاچان ئادەملىك سۈپەتتىن قالغان كىشىلەردىن ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

ئۇ بۇلارنىڭ ئېرەنسىز ھالىتىدىن ئازار يېگەندەك بىر قاراپ قويدى ـ دە، يەنە تەتۈر ئۆرۈلۈپ جايىدا موككىدە يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

بايىقى ئايال بويىنى سۇغا سېلىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ چىقىپ كەتتى. مايسىخان سۇپىغا ئۆزىنى تاشلاپ تۇگۇلۈپ ياتتى. يەنە بىر پېشكەللىكنىڭ قارا سايىسى باش ئۇستىدە ئەگىپ تۇرغىنىنى سەزمەس ئىدى. نايىپ كېتىپ ھايالشمايلا بىر قارا سايە تىمىسقىلاپ ئۆيگە كىردى ۋە ئۇنىڭغا تاشلاندى. ئۇنىڭدا ئەمدى نە قارشىلىق، تېپىرلاش، نە ۋارقىراش، تىللاش يوق ئىدى. ئابلەي چۈشەنمەيتتىكى، ئۇ ھازىر بىر جەسەتنى، روھسىز تەننى، سوغۇق بەدەننى قۇچاقلاپ ياتقان ئىدى. ئۇ بۇ كېچىدە ھەممىلا ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى، ھاياتنىڭ ـــ باشقىچە ئاتاش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقىلا ھايات، دەپ ئاتاشقا توغرا كېلىدىغان بۇ دىشۋارچىلىق، ئاۋارىچىلىق، خورلۇق ۋە كۈلپەت بىلەن تولغان كۈن ـ تۈنلەردىن جۇدا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەتىگەندىن بۇيان ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر قەبىھ ۋەھىمىنىڭ سايىسى ئەلەڭگىيتتى. ئۇ تۇيۇقسىز كۆڭلىدە پەيدا بولغان، يۈرىكىنى ئىختىيارسىز ئەندىكتۈرگەن قورقۇنچنىڭ بۇ-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى



گۈن بۇنداق ئاقىۋەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى.
تاڭغا يېقىن ئابلەي بىلەن نايىپ بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئۇلار كېتىۋېتىپ كۆلكە ئارىلاش گۇرۇڭ-لىشىپ بىر ـ بىرىگە ماختىنىشتى.
— بىلسەڭ نايىپ... سادىن گۈلەشىنىڭ قىزى، ئۇ ھېچقانداق ئايالغا ئوخشىمايدىكەن... خۇدايا توۋا، مەن ھەيران قالدىم... پۈتۈن بەدىنى... قارىساڭ خۇددى سوغۇق سۇدەك... ئەمما ھازىرغىچە كۆڭلۈم شۇنىڭ بىلەنلا قالدى.
— سەن چىنارخان بىلەن قالغانغۇ، يەنە نېمىدەپ سادىن گۈلەشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يۈرىسەن؟
نايىپ ئابلەيگە ھۆرپەيدى.
— بولدى قىلغىنا، يا ئۇ سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولمىسا.
— شۇنداقتىمۇ ئەل ـ ئاغىنە ئادەم تۇرۇپ بىر ـ بىرىمىز-نىڭ رىزقىنى قىيىش دېگەن قانداق گەپ؟
— بۇرۇن بۇنداق دېمەيتتىڭغۇ؟
— بۇرۇن دېگەن بۇرۇن.
ئۇلار بىردەم تاكاللاشقاندىن كېيىن يەنە ئەپلىشىپ قې-لىشتى، بىر تال تاماكىنى تەڭ چېكىشتى. باشلىرىنى بىر ـ بىرىگە يېقىن قىلىپ كۇسۇرلاشتى. ئاندىن قاقاھلاپ كۈلۈشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكىدە بىر خىل ئەپسۇسلۇق، قانماسلىق، خۇددى جىن چىراغىنىڭ ئوتىغا پىشانىسىنى قاقلىغاندەك ناخۇش-لۇق، ئېسەنگىرەش بار ئىدى.
ئۇلار دەل مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۆزلىرىدە ئاجايىپ ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغان ئۇ تەننىڭ ئۆلۈم بىلەن مۇزلاپ كېتىۋاتقان-لىقىنى بىلمەس ئىدى.
ئۆلۈم سۈكۈناتى ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىت كېچە. خورلانغان دىلنىڭ ئاچچىق پىغانى بىلەن گاراڭلىق، بىھوشلۇق ئىچىدە كې-تىۋاتقان بۇ ناتىۋان قىزنىڭ گۆڭگا خىيالىدا پەقەت بىرلا نەرسە

ئەگىيتتى. پاكلىنىش ــ تېنىنىڭ، ۋۇجۇدىنىڭ، مەۋجۇتلۇقى-
نىڭ روشەن بەلگىسى بولمىش تېنىنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن يۇيۇ-
نۇش... تولىمۇ ئاددىي ئىش، ئاشۇ ئاددىي بىر ئىش شۇ تاپتا ئۇ-
نى قاتتىق ئىزتىراپقا سېلىۋاتقان ئېغىر كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يو-
قىتىۋېتەلەيدىغاندەك، ئۇنى ئىسسىق ھاياجانغا سالاتتى. ئۇ ئاب-
لەينىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئۆزىگە يېپىشقان يامان
نەرسىلەرنى، ئۆزىنى پاكىزلىقتىن ئايرىغان كۆزگە كۆرۈنمەس
دىل كىرلىرىنى يۇيۇپ چىقارماقچى بولغاندەك ئۆزى قايسى بىر
زامانلاردا، غەمسىز باللىق چاغلىرىدا دوستلىرى بىلەن سۇغا
چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان دەريانى كۆزلەپ ماڭدى. ھېلىقى تونۇش ئا-
يالنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئېيتقان، كىشىنى يىرگىنىچكە سا-
لىدىغان گەپ - سۆزلىرى مېڭىسىدە توختاۋسىز ئايلىناتتى.
«گۇناھلىق ئىش ... مۇسۇلمان .... پالاكەتكە يولۇقۇش ... يۇيۇ-
نۇش ...» ئۇنىڭ ئۈچۈن بايىقى ئىش پالاكەتكە يولۇقتۇرىدىغان
ئىش بولۇپلا قالماي، پالاكەتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇنىڭدىن قۇ-
تۇلۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يۇيۇنۇش كېرەك.

شۇ تاپتىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسام...
ئۇ پۈتلىرىنى سۆرەپ ئاران كېتىۋاتاتتى.
سۇغا چۈشۈپ بوينى پاكلاش زۆرۈر...

بايىقى ئايال شۇنداق دېدى. ئۇ شۇنداق دېمىسىمۇ بۇنى بى-
لەتتى، ئەمما بايىقى ئايالنىڭ گېپى بەكلا قورقۇنچلۇق ئاڭلاندى.
بىراق ... بىراق بۇنىڭ بىلەنلا ئىش پۈتەمدۇ؟ سەن كەلسەڭ
يۈزۈڭگە قانداق قارايمەن ... كۈنلەر مۇشۇنداق ئۆتىدىغانلا بولسا
مەن ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالامدىمەن؟ ... بۇ يەردىكى
ھەممىلا ئادەم دادامنى يامان كۆرىدۇ، خەقلەر بىزنى ئارىغا ئال-
مايدۇ. بىرىگە ھالىمنى ئېيتسام كىم ئاڭلايدۇ، كىم ئىشىنىدۇ؟
ھېچكىم! ئۆيىمىزدە يەيدىغان نەرسە تۈگەپ كەتكەندە، دادام بىلەن
ئىككىمىز ئالاۋۇدۇننىڭ ئالدىغا ئۇن سوراپ بارساق، ئۇ كۆزىنى
ئالايتىپ: «ساڭا بېرىدىغان نەرسەم يوق، ئۆلۈمتۈك، چار خۇر-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



جۈننى ئۆشنەڭگە سىلىپ تىلەمچىلىك قىل، مەن سېنى بىقىش-نى كۆتۈرە ئالمىغان» دېدى. بىزگە ھازىر نەگىلا بارساق دەشنام-دىن باشقا نەرسە يوق، ... دادا... دادا ... سىز ھازىر يېنىمدا يوق... مەن سىزگە ئۆچ بولۇپ قالدىم ... ھەتتا سىزنىڭ چىرا-يىڭىزغا قارىغۇمىمۇ، كۆرگۈمىمۇ يوق، سىزگە ئوخشايدىغان ئادەم-لەرنىمۇ كۆرگۈم يوق، دادا ... ئاھ ، سەن بولغان بولساڭ، سېنى بىر كۆرۈۋېلىپ، ھەممە دەرد ـ ھەسرەتلىرىمنى، پىغان ـ ئازاب-لىرىمنى، تارتقان كۈلپەتلىرىمنى، سېنى كۆرگۈم كەلگەنلىكىد-نى، قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى بوينۇڭغا ئېسىلىپ تۇرۇپ بىرمۇبىر ئېيتىۋېلىپ كەتكەن بولسامۇ ئارمانىم قالماس ئىدى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا يۈرسەڭ كىشىگە تولىمۇ ئېغىر كېلىدىكەن، لېكىن مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ؟ مېنىڭ ئۇلارغا كۈچۈم يەتمەيدۇ، ئۇلار مېنى نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدۇ. مېنى بوزەك ئەتتى، مېنى ئاۋارىلايدىغان، ماڭا كۆيۈنىدى-غان ئادەم قالمىدى. دادامنىڭ ھالى ئەنە شۇ، ئۇنىڭغا خۇدانىڭ نەپرىتى ياغدى. ماڭىمۇ خۇدانىڭ نەپرىتى ياغدى. سەن بىلمەم-سەن، ئۇلار مېنى خۇددى ھايۋاننى چۇشەپ قويۇپ ئۆلتۈرگۈسى كەلسە ئۆلتۈرۈپ، ئۇرغۇسى كەلسە ئۇرغانغا ئوخشاش خورلىدى. مەن يەتكۈچە گۇناھقا پاتتىم. كىشىلەرنىڭ ھاراق ئىچكەن ئادەم دوزىخى بولىدۇ، مەڭگۇ ئوتتا كۆيۈپ جېنى قىينىلىدۇ، دېگەد-نىنى ئاڭلىغانىدىم. دادام شۇنداق قىلدى، مەن دادامنىڭ قىزى بولغاندىكىن مەنمۇ دوزاخقا كىرىمەن، يەتمىش پۇشتىغىچە دوزاخقا كىرىدۇ دەيدۇ. سەن بىلەمسەن؟ مەن مانا شۇنداق ئادەم بولۇپ قالدىم ... ھازىر قارىساڭ مەن ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي-مەن، ئەقلىمدىن ئازدىم، قولۇمدا تۇرغان نەرسىنى ئىزدەپ نەچ-چە سائەت چۆرگىلەپ يۈرىمەن، كۆز ئالدىم دائىم قاراڭغۇلىد-شىپلا تۇرىدۇ، ئۆيدە بولسام تالاغا چىقىشتىن قورقىمەن، تالادا بولسام ئۆيگە كىرىشتىن قورقىمەن. ماڭسام توختاپ قېلىشتىن، توختىسام مېڭىشتىن قورقىمەن، خۇددى ھازىرلا قانداقتۇر بىر

يامان ئەھۋالغا يولۇقىدىغاندەك، ھازىرلا بىرسى كېلىپ تىللايدىغاندەك، ئۇرىدىغاندەك قورقۇپلا يۈرىمەن. پات - پات چۈشلىرىمدە سېنى كۆرىمەن، بىر نەچچە كۈن ئاۋۋالقى چۈشۈمدە ئىلگىرى ئىككىمىز ئۆي ياساپ ئوينايدىغان دۆڭدە، خۇددى كىچىك چاغلىرىمىزدىكىدەك بىر - بىرىمىزنى قوغلىشىپ يۈرۈپ چۈش كۆردۈم ...

ئۇ بىر ئاز روشەنلەشكەن خىيالدا كۈن - تۈنلەر بويى ئېسىدىن چىقمايدىغان كىشىسىنى ياد ئېتىپ كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

قۇترىغان يىلاننىڭ كۇشۇلدىشىغا ئوخشاش شىرىلداۋاتقان لاي سۇ تېز - تېز ئاقاتتى. يۇلتۇزلارنىڭ ئەكسى ساقىپ جىمىرلايتتى. ئۇ مۇزدەك سۇنى ئالىقىنىغا ئالدى. سۇنىڭ يېقىملىق سوغۇقلۇقى پۈتۈن ئەزايى بەدىنىگە بىر تۈرلۈك ئىللىق جۇغۇلداش تاراتتى. ئۇ خەۋپسىرەش بىلەن ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، پاكلىق ۋە ئۇلۇغلۇق ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە رازى بولغاندەك، ئۆستەڭ بويىدا چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئاستا - ئاستا سۇغا كىرىشكە باشلىدى. نەچچە غۇلاچ ئېگىزلىكتىن شارقىراپ سۇ چۈشۈۋاتقان ئازما چوڭقۇر ھەم قايناملىق ئىدى. سۇنىڭ شارقىرىشى كېچە جىمجىتلىقىدا يەڭگىل ئاڭلىناتتى. ئۇ كۆكسىگىچە كىرىپ، سوغۇق سۇدا سەسكىنىپ كەتتى. سۇ تېگىدىكى يۇمشاق لاي - قۇملار قىمىرلاپ تاپىنى ئاستىدا غىدىق پەيدا قىلاتتى. ئۇ كۆك سەتھىدە نۇرلىنىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن دەل شۇ دەقىقىدە يۈرىكىدە پەيدا بولغان ئۆلۈم دەھشىتى بىلەن مەنىداش ئېسەنگىرەشنى بېسىپ، بېشىچىلا سۇغا شۇڭغۇدى.

ئۇ سۇ ئىچىدە ئۆسكەن ئۇزۇن، شىرشىم بولۇپ قالغان قومۇش يىلتىزىنىڭ پۇتىغا چىرماشقانلىقىنى، بىر يىرىك نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئورىۋالغانلىقىنى غۇۋا سەزدى. سۇنىڭ ئېغىر چۆرگىلەتمىسى ئۇنى ئاستا ئايلاندۇراتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى قىسىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قانداقتۇر بىر دەھشەتنىڭ پۈتۈن ئەس ـ خىيالىنى قاپساپ كې-
تىۋاتقانلىقى بىلەن تېنى ئەندىكىپ، جان ئاچچىقىدا تولغاندى.
ئىڭغىز، بۇرۇنلىرىغا لاي سۇ تولدى. ئادەمدىكى ياشاش ئارزۇسى-
نىڭ بۇنچىلا كۈچلۈك، ئۈلۈغۋار بولىدىغانلىقى، ئۆلۈمنىڭ قىس-
قا، مۇدھىش دەقىقىلىرىنىڭ ھاياتتىكى ھەممە خۇشاللىق، شاد-
لىقلارنى، سۆيۈش، لەززەتلەرنى، ئازاب، كۆلپەتلەرنى خۇددى
بوراندىكى توزغاقتەك بىردەمدىلا توزۇتۇۋېتەلەيدىغانلىقىنى كىم-
لەرگىدۇر ئېيتىشقا ئۈلگۈرەلمىدى.
ئەتىسى قوزا چۈش بولغان مەھەلدە كىشىلەر ئۇنىڭ جە-
سىتىنى تېپىۋېلىشتى. ئۇ بۇژۇلداپ لاي سۇ قايىنىغان ئازمىنىڭ
بىرىسىدا لايغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئۇزۇن، بۇغۇم ـ بۇغۇم قومۇش
يىلتىزى ئۇنىڭ ئاپئاق پۇتلىرىغا چىرمىشىپ تۇراتتى.
پاكلانغان گۈزەل تەن، نۇرلانغان ئىلاھىي گۈزەللىكنىڭ نا-
مايەندىسى بولغان چىرايلىق ئۇزار، كىشىلەرنى غۇلغۇلىغا سالات-
تى. ئازلا كىشىلەر ئارىسىدا نايىپ بىلەن ئابلەيمۇ پەيدا بولدى.
ئۇلار ئۆزلىرىگە بۇ دۇنيادىكى ئادەملەر ئارىسىدا بولىدىغان بىر
ئاجايىپ سىرلىق ئىللىقلىقنى ئاتا قىلغان بۇ تەننىڭ ئەمدى
مۇزلاپ ئۆلۈپ ياتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ئاخشام ... زادىلا ئويلاپ
باقمىغان بولغىيتتى. كىشىلەر تەرىپىدىن ناھايىتى ئۈلۈغۋار سا-
نالغان، يۈرەكنى تىترەتكەن ئىشلار ئاسانلا ئەستىن چىقىپ،
ئۇنتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمما بەزىدە ئاددىيلا بىر ئىش ئۇ-
مۇر بويى خاتىرەڭدىن كۆتۈرۈلمەي يۈرىكىڭدە قالغان ئوغرى تى-
كەندەك سېنى بىر ئۆمۈر ئىزتىراپقا سالىدۇ. نايىپ بىلەن ئابلەي
بۇ قىز بىلەن بولغان ئاشۇ كىچىدىكى ئاددىيلا بىر ئىشنى، ئۇ
دۇنيادىمۇ ئۆزلىرىنىڭ زادىلا ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان قىممەت-
لىك ئەسلىمىسى سۈپىتىدە، ھەتتا پەرىشتىلەرگىمۇ ئېيتىپ بې-
رىشنى خالىمايتتى.
تېخىچە ئەسلىگە كېلەلمىگەن سادىر گۆلەش دەلدەڭشىگە-
نىچە يېتىپ كېلىپ، ئۆستەڭ قىرىغا ئەپچىقىپ قويۇلغان جە-

سەتكە ــ ئۆزىنىڭ قىزىغا گۈنسىز، قېتىپ قالغان ئەلەس كۆز-لىرى بىلەن ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچكىرى كىرىپ كەتكەن، مەنىسىز، ھەرىكەتسىز كۆزلىرى، ئالدىدىكى مۇزلىغان جەسەتكە تىكىلىپلا قالغانىدى. كىشىلەر ئۇ نېمە دەر-كىن، نېمە قىلاركىن دېگەندەك سادىنغا ئۆمتۈلۈپ قىمىرلىماس-تىن قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۆلۈم سۈكۈناتى خېلى ئۇزۇن داۋام قىلد-غاندىن كېيىن، ئۇ گەپ - سۆزسىز ئېڭىشىپ مۇردىنى كۆتۈر-دى ـ دە، ئۆيگە قاراپ ئاجىز پۇتلىرىنى قولاشتۇرالمىغان ھالدا مېڭىپ كەتتى. ھايات تەرىپىدىن خورلانغان، مەسخىرە قىلىنغان بۇ ئىككى جەسەت قۇياشنىڭ ئىللىق، پارلاق نۇرى ئىچىگە سىد-ڭىپ كۆزدىن غايىب بولدى...

كۈن - تۈنلەر ئۆز تەرتىپى بىلەن غەشلىك كۆڭۈللەرنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئەتىلەرنى بۈگۈنگە ئايلاندۇرۇپ تىزىلىپ ئۆتمەك-تە ئىدى. قۇياشنىڭ يارقىن نۇرى ئاستىدىكى بۇ زېمىن، ھاياتـ-لىق ئۈچۈن تېپىرلىغان ئاياغلارنىڭ ئاستىدا ئۆلگەنلەرنى ئۇنۇد-تۇلدۇرۇپ، ھاياتلارنى زارىقتۇرۇپ بىر خىل قىياپەت بىلەن تاۋ-لىنىپ باراتتى.

ــ چىنار سارائ كېلىۋاتىدۇ.

ــ توۋا قىلدىم، ھاياسىزنى قاراڭلار، كۈپكۈندۈزدە يالىڭاچ بولۇۋالغىنىنى.

ــ ئادەم دېگەن يالىڭاچ يۈرسە ئەجەب سەت تۇرىدىكەن ھە... مايمۇندەك، ھى ھى.

ــ توۋا دەڭلار، ياقا چىشلەڭلار، خۇدادىن كەلسە بىردەملىك ئىشكەن، شۇنداق چىرايلىق بالا ئىدى، سارائ بولۇپ قالار دەپ ھېچكىم ئويلىمىغان.

ــ شۇنى دەيمەن، بۇ بالىنىڭ ئۆزى بىر ئىبرەت، ياراتقۇ-چىدىن بېشارەت، يولدىن چىقساڭ مۇشۇنداق بولىسەن، دېگەن گەپ.

بىر نەچچەيلەن يالىڭاچ كېتىۋاتقان چىنارخاننىڭ كەينىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاراپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ ئۇھ تارتىشتى.

يالىڭاچ بولۇۋالىدىغان چىنارخان مەھەللىگە ۋەھىمە تارقىتاتتى.

ئۇنىڭ چىرقىراشلىرى، كىيگۈزۈپ قويغان كىيىملەرنى سىيلىۋېتىشلىرى، مەھەللىدە يۈتلىشىپ، يىقىلىپ قوپۇپ ھەريان يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرى ئېغىر بىسەرەمجانلىق پەيدا قىلىغان ئىدى.

— تۇردى توختايىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويىۋۇەتسە دەيمەن... هارامدىن بولغان ناجىنىس... — دېدى چار ساقاللىق بىرەيلەن ئۇھ تارتىپ.

— ئۆيىگە ئەمەس ئۆزىگە ئوت قويىۋۇەتسە بولىدۇ بۇ پەسەندىنىڭ.

چىنارخاننىڭ مۇلايىم دادىسى توختى تېرە قىزىنى ئېشەك هارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ يۈرۈپ، ئوقۇتىمىغان داخان، كۆرسەتمىگەن رەمبال قالمىدى. ئەمما، بۇنىڭ هېچقانداق پايدىسى بولمىدى. قىزى ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەھەللىگە كېلىپ بولاتتى.

— نېمە تارتقۇلۇقۇم بولغىيدى، — توختى تېرە ماچىلداپ يىغلىدى.

«نېمە تارتقۇلۇقۇڭ بولاتتى، قىز بالىنى ئويىنىغىلى تالاغا قويۇپ بەرگەن گۇناھىڭ بار...» توختى تېرىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر كىشى شۇنداق ئويلاپ بولۇپ، توۋا قىلىپ ياقىسىنى چىشلىدى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بىركىمنىڭ ئۈستىدىن كۈلۈش، ئۇلۇغ سۆزلەشتىن قورقمىسا بولمايدۇ.

نايىپ جىمجىت ئۆيدە ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ياتاتتى. قانداقتۇر باش - ئۇچى يوق، بىمەززە خىياللار كاللىسىدا تۇماندەك تۇتۇق هالدا ئەگىيتتى. نەچچە كۈنلەردىن بۇيانقى ئەھۋال يەنە تەكرارلىنىپ، خىياللىرى ئىختىيارسىز هالدا ئۆزىدە ئۇنتۇلماس بىر خاتىرە قالدۇرغان سىيماغا يۆتكىلىپ، يۈرىكى ئەندىكىشتىن جىغىلداپ قالدى.

يېڭى ئولتۇرغان ئاينىڭ قالدۇق، بىنەپشە رەڭ نۇرى پاكار،

كىچىك دېرىزىسىنىڭ سىرتىدا كۆزگە تاشلىناتتى. بىرتوپ قاپاق تېرەكنىڭ قارا سايىسى پەنجىرىدىن ئۆيگە چۈشۈپ قاپقارا بولۇپ كۆرۈنەتتى. نايىپنىڭ خىيالىدا بىر ئاقۇش سايە چۆرگىلەيتتى. ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىدەك دائىملا خىيالىنىڭ بىر يەرلىرىدە پەيدا بولىۋالىدىغان بۇ سايە ئۇنى ئازابلايتتى، ئۇھسىندۇراتتى. ئۆلۈپ كەتكەن بىراۋ ئۈچۈن نېمانچە بولۇپ كېتىدىغاندىمەن ياكى ئۇ مېنىڭ ئۆزۈن يىللىق قەدىناسىم بولمىسا، ناھايىتى شۇ بىر قېتىملا.

نايىپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئۆرۈلۈپ ياتتى. تەكىيەدىن كېلىۋاتقان ئاچچىق تەر ھىدىدىن دىمىقى ئېچىشىپ چۈشكۈردى - دە، ئۇخلىماقچى بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى. لېكىن يۈرىكىنى نا - مەلۇم بىر قول ئاستا، ئەمما قاتتىق قىسىۋاتقاندەك بىئاراملىق ئىچىدە تولغاندى.

شۇ ئەسنادا سىرتتىن ۋەھىمە بىلەن تولغان سۇس كۇلكە ئاۋازى ياڭرىدى. بۇ كۇلكە ئەمدى بارا - بارا يەر تېگىدىنمۇ، ئۆگزىدىنمۇ، ئۆينىڭ تۆت تېمىدىنمۇ ئاڭلاندى. ئۇنىڭ سېمىز، مۇسكۇللۇق كۆكرەكلىرى قانداقتۇر بىر ئىچكى قورقۇنچتىن تارتىشىپ، لىپىلداپ كەتتى. ۋەھىملىك بىر كۇلكە بارغانسېرى كۈچىيىپ ئۆينى قاپلاشقا، قورقۇنچلۇق، سۇرلۇك بىر ئاۋاز دە - قىقىسىرى كېڭىيىپ كەلكۈندەك يامراشقا باشلىدى. تورۇستىن، ھەتتا ھەر بىر ۋاسىدىنمۇ شىۋىرلىغان كۇلكە كېلەتتى. نايىپنىڭ بۆرتۈپ چىققان ياڭاق سۆڭەكلىرى ئۈستىدە كىچىككىنە بىر دانىخورەك دىلىرىلدەيتتى. ۋەھىمىدىن پۇت - قوللىرى تىترەشكە باشلىدى. شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنداق بىر دەھشەتكە يولۇقتىكى، قورقۇنچتىن تىلى كالۋالىشىپ كەتكەندى. بورا، ۋاسىلار ئارىسىدىن ئاقۇش، قويۇق تۇمان پۇرقۇپ چىقىشقا باش - لىدى. بۇ تۇمانلار خۇددى ئالۋاستىنىڭ جىنگىلەك چېچىغا ئوخ - شاش كىچىك - كىچىك يۈگىشىپ، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كېتەتتى. كىچىككىنە پەنجىرىنىڭ ئاراشلىرىدىنمۇ قويۇق ئىس

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى



كىرىۋاتاتتى. نايىپ ئۆزى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر ۋەھىمىنى سەزدى. ياشاش ئىستىكىنىڭ تەھدىتكە ئۇچراشتەك كىشىنى ئەڭ بىزاۋىتە قىلىدىغان تەھلىكىلىك تۇيغۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - ھوشىنى چىرماپ، گاراڭ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئەمما بۇ ۋارقىراشلىرى پەقەت ئىغىزى، بېشى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ سۇس ئەكس سادا بېرەتتى. خۇددى ئاجىز ئەرۋاھنىڭ نىداسىدەك ناھايىتى يىراقتىن خىرە ئاڭلىناتتى. ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. غىچىر... غىچىر... قىلغان ئاۋاز دەقىقىسىبىرى نايىپنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىساتتى. كۆز ھەرىسىدەك ئاچچىق چاقاتتى. ئۇ چاچراپ چىققۇدەك بولتىيىپ، ئىبقى چوڭىيىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قالغانىدى. ئىشىك كەڭ ئېچىلغاندىن كېيىن يالاڭ ئاياغ، تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىرجۈپ پۇت پەيدا بولدى. بۇ بىر چاغلاردا نايىپنىڭ ئېسىدە ئۇنتۇلماس خاتىرە قالدۇرغان بىر قىزنىڭ پۇتلىرىغا ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. شۇ تاپتا نايىپنىڭ چاراسلاپ ھازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ كەتكەن مېڭىسىدە: «مەن ئۇنى كۆرگەن ... كۆرگەن...» دېگەن بىر خىيال لەپپىدە پەيدا بولۇپ ئاخىرىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا قالايمىقانلاشقان ئوي - خىيالدا يەنە يوقالدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نەچچە كۈندىن تارتىپ بىر نەچچە سائەت ئىلگىرىگىچە ئۆزىنى قاتتىق ئارامسىزلاندۇرغان، ئىزتىراپ - سىقىلىشقا سالغان قىز باشتىن - ئاياغ ئاپئاق بىر نەرسىگە ئورالغان ھالدا تۇراتتى. ئۇنىڭ بەئەينى ئىششىققا ئوخشاش كۆكۈش پارقىراپ تۇرغان مەڭزىلىرىدىن، لەۋلىرىدىن كۆلكە يامراپتىتى. بۇ كۈلكە شۇنداق سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق ئىدىكى، نايىپنىڭ بەدەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەنغۇ... بۇ نېمە ئىش؟ ئەمدى ئۇ يەنە نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ نايىپ تىنىقسىز ھالدا ئالدىدىكى بۇ غۇۋا گەۋدىگە تىكىلىپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆكۈش چىرايىدىن پارلىغان

سىرلىق كۆلكە ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ، كۆزلىرىدىن ئۆچمەيدىغان، قىساسكارلارچە دەھشەتلىك سىرلىق ئۇچقۇن يېنىشقا باشلىدى. چۇۋۇلغان ئۇزۇن چاچلار مۇرىسىدىن ھالقىپ كۆكسىنى يېپىپ تۇراتتى.

بۇ جىن ... بۇ ئەرۋاھ ... دېگەن قورقۇنچلۇق خىيال نايىپنىڭ مېڭىسىدە بىر ئايلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ بىر تىرىك جەسەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. پۇت ـ قوللىرىنى مىدىرلىتالمايتتى، گەپمۇ قىلالمايتتى، تەنھا بىر روھ ئۇنىڭ ھاياتلىققا خاس ھەرىكەت ئىقتىدارىنى قامال قىلىپ، ئۆچمەنلىك ئىسكەنجىسىگە ئالماقتا ئىدى. نايىپنىڭ كۆزلىرى بىر جۈپ پۈتنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۆينىڭ ئىچىنى بارغانچە تۇمان قاپلاپ باراتتى. ئاقۇش، قويۇق تۇمان لەيلەپ يۈرەتتى. نايىپنىڭ كۆز ئالدىدىكى گەۋدە بارغانچە ئالغا سۈرۈلەتتى. تۇرۇپلا يوقاپ كېتەتتى، يەنە پەيدا بولاتتى. بىردىنلا ناھايىتى يىراقتا غۇۋا بولۇپ كۆرۈنەتتى، يەنە بىردىنلا ئالدىدىلا پەيدا بولاتتى. ئۆي ئىچىدە نۇرغۇن كۆلەڭگىلەر پەيدا بولۇپ پىرقىراشقا باشلىدى. لېكىن، بىرلا غۇۋا گەۋدە نايىپقا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. نايىپ قېتىپ قالغاندەك ھەرىكەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۆلۈم دەھشىتى ۋىلىلداشقا باشلىدى.

كۈچلۈك، ئەسەبىي ھەم چىرقىراق بىر سادا ئۇنى سەسكەندۈرۈپ، ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىدى. تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر جۈپ قول ئۇنىڭغا سوزۇلۇپ كەلدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى سەزگۈسى بىلەن كانىيىنى بىر جۈپ كۈچلۈك قولنىڭ قەھرلىك سىققانلىقىنى، جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك ئاغرىقنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارالغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ قالدى... بايامقىدىنمۇ بەكرەك ئەدەپ كەتكەن كۆلكە تېخىچە ياڭرايتتى... « يا رەببىم ... كۆلكە دېگەنمۇ مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق بولامدۇ ؟!»

ئەتىگەنلىكى نايىپنىڭ توختىماي كۆلۈشلىرىدىن چۆچۈگەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



دادىسى ئۆنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. ئوغلىنىڭ بويۇنلىرى كۆپتەك ئىششىغان، بىر نەچچە يەردە روشەن تىرناق ئىزلىرى بار ئىدى. نايىپ كۆلەتتى. كۆلكىدىن تىلىقىپ ئىڭىلىپ كەتكەنىدى. قوللىرى توختىماي بويۇنلىرىنى قاشلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئىششىپ چىققان بويۇنلىرى تولا تىرمىلىنىپ قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ــ نىمە بولدۇڭ نايىپ بالام؟ ــ دادىسى ئەنسىزلىك بىلەن سورىدى.

ــ ئۇ كەلدى... سادىنىڭ قىزى ... ئۇنى كۆردۈم.

ــ نىمە كەلدى؟! چۈش كۆردۈڭمۇ ـ نىمە؟

ــ چۈش؟... ــ نايىپ بىردىنلا كۈلكىدىن توختاپ دادىسىغا چەكچەيدى. تاترىپ كەتكەن چىرايى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. قاپاقلىرى توختىماي لىپىلدايتتى... ئىھ... ئىھ...

دادىسى ئوغلىغا قاراپ قېتىپ، تۈرۈپلا قالدى.

بىر نەچچە كۈندىن بېرى نايىپنىڭ بوينىدىكى يارا ئەدەپ پۈتۈن بەدىنىگە تارالدى. ھەتتا تىرناق ئىزلىرىنىڭ ئورنىدا كىچىك قۇرتلار پەيدا بولدى. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇ ئۆلۈپ كەتكۈچە كۈلكىدىن توختىمىدى. ئاغزىدىن: «ئۇ نىمىشقا ئۆلۈپ كېتىدۇ» دېگەن چۈشىنىكسىز ئىبارە چۈشمىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ مىش ـ مىش گەپلەر تارالدى، كېيىن راست بولۇپ چىقتى. نايىپ بىلەن ئابلەي ئۈچ كۈنلا كېسەل تارتىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۆلارنىڭ يۈز ـ كۆزىنى پۈتۈنلەي يارا بېسىپ كەتكەنمىش. نىمە بولغانلىقىنى سورىغاندا، ھەممىسىگىلا: سادىن گۆلەشىنىڭ قىزى كېچىدە كېلىپ يۈز ـ كۆزۈمنى تاتىلاپ يارا قىلىۋەتتى. غايىب بىر سادا مېنىڭ ئۆلۈمىمنى تىلەۋاتىدۇ. ئۇ ئۆگزىدىمۇ، يەرنىڭ تېگىدىمۇ بار... دېگەن گەپلەرنى قىپتۇ. سادىن گۆلەشىنىڭ قىزى ئۆلگىلى خېلى كۈنلەر بولغان تۇرسا، ئۇ ئەمدى نەدىن پەيدا بولىدۇ؟ بۇ سوئال كىشىلەرنى ھەيرەتكە سالاتتى، ئەنسىزلىكۈ كەلمەيتتى. لېكىن ئۇ-

لۇش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ يالغان سۆزلىشى زۆرۈرىيەتسىز ئىش بولغاچقا، كىشىلەر نايىپنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپمۇ قې-لىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار سادىن گۈلەشنىڭ قىزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە نايىپنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى تىرمىلاپ يارا قىلىۋەتكەنلىكىگە ئەقلى يەتمەيتتى.

— توۋا قىلدىم، ئەجەب ئىشلار بولىۋاتىدۇ بۇ مەھەللىدە.

— پەس ئىشلار ئاۋۇپ كەتتى، ئىگىسى ھەممە ئادەمگە ئىن-ساپ بەرسۇن.

— ئەقىل بەرسۇن دېسىلە، ئەقلى بولسا، ياخشى بىلەن يا-ماننى ئايرىپ، توغرا يولغا ماڭارئىدى...

— دېگەنلىرى ھەق.

سادىن گۈلەشنىڭ ئۆلۈمى ھېچكىمنى ئەجەبلەندۈرەلمىدى. خۇددى كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى ئالدىبۇرۇن بىلىد-غاندەك، ھەتتا ئۇنىڭ تېزرەك ئۆلۈشىنى كۆڭلىدە تىلەپ يۈرگەن-دەك بىرەر ئادەممۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازا ئاچمىدى.

سادىن گۈلەش ئۆلدى. لېكىن ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ خۇنۈك-لەشكەن، ئۆلۈك روھى بىلەن كېرەكسىز تېنىنى ئېلىپلا كەتتى. بىر نەچچە رەھىمدىل كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ، كېپەن-لەپ كۆمۈپ قويۇشتى. ئەمما، بۇ ئادەم پەقەت ئۆزىلا كەتتى. مىڭلىغان سادىنلار بولسا تېخىچە ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئىزدەپ، غېرىبلىق كېزىپ يۈرگەن بۇ زېمىن ئۈستىدە شامال ئۇچۇرغان قامغاقتەك ئەگىپ يۈرىدۇ.

سادىن ئۆلۈپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەھەللى-دە كىشىلەردىن پەرقلىق كىيىنگەن بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئۇ سادىننىڭ ھەم جانجان سۆيگىنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇق-قاندىن كېيىن سەۋدايىلارچە مەجنۇنلۇق بىلەن ھاياتنى قارغاپ، خۇددى مۇشۇنداق قىلسا ئۆزى پۈتۈن ھاياتى بىلەن سۆيگەن جانا-نىنى تېپىۋالىدىغاندەك قۇم دۆڭلىرى، قومۇشلۇقلارنى، ئېتىز-لىقلارنى ئارىلاپ چىقتى. ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمىدە ئۆمۈرلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ھەمراھىنىڭ نامى يادلىنىپ باراتتى: « ئاھ، سەن نەدە؟ سەن نە-
گە كەتتىڭ ؟ بىزنىڭ نىمە گۇناھىمىز بار؟ خۇدا بىزنى قايسى
گۇناھ، سەۋەنلىكىمىز ئۇچۈن بۇنداق جازالايدۇ؟... ئادەم دېگەن
شۇنچىلىك بىقەدىر نەرسىمۇ؟...»

ئۇ شۇنداق شۇۋرلىغىنىچە مەھەللىنىڭ ھەممىلا يېرىنى،
ھەر بىر پارچە يەر، ھەر بىر تۇپ دەرەخ، ھەر بىر گىياھقىچە
ھەممىنى ئارىلىدى، كۆزىگە سۈردى. ئۇ مۇشۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن
قەدىردان كىشىسىنىڭ قەدەملىرىنى، ئىزلىرىنى، ئۇ قالدۇ-
رۇپ كەتكەن، تۇپراققا سىڭىپ كەتكەن ھىدلىرىنى ئىزدەپ يۈر-
دى. ئۇ چەكسىز ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن كۆزلىرىدىن تاراملاپ
ياش تۆكۈپ يىغا ـ زارە بىلەن مەھەللە چېتىدىكى قەبرىستانلىق-
قا باردى. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قەبرە ئالدىدا ئۇزۇنغىچە دۇئا قىل-
دى. قەبرىستانلىق كىشىدە تولىمۇ ئېغىر بىر ئىچكى تۇيغۇ
پەيدا قىلاتتى. خۇددى ئادەم ھازىرلا بىر قاراڭغۇلۇقتا شۇڭغۇپ
كېتىدىغاندەك تۇيغۇدىن قورقۇنچ ھېس قىلاتتى. تۇتۇلغان كۆكتە
ئېغىر چاڭ ـ توپىلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. يىگىت دۇئادىن كېيىن
ئاستا پىچىرلىدى: «سادىن ئاكا، مايسەم... خۇدا سىلەرگە جەننەت
ئاتا قىلغاي...»

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئولگۇرمەيلا قولىقىغا بىر ئاجايىپ
كۈچلۈك سادا ئاڭلاندى.

«ياق... خۇدا ئادەمنى ھەرقانداق مەخلۇقاتتىنمۇ ئۇلۇغ
ياراتقان، ئاللاھ تائالا ئادەمگە كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ئەقىل ـ پارا-
سەت بەخش ئەتكەن. ئۆزىنى خارلىغان، ئادەمنى دەپسەندە قىل-
غانلارنى خۇدا مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ. ئۆزىدىكى ئادىمىيلىك شىجا-
ئەتنى ئۇنتۇپ، ئىنسانغا خاس قەدىر – قىممەتنى خارلىغان، شۇ
سەۋەبلىك ھايۋانلارچە پەسكەشلىككە مۇپتىلا بولغانلار خۇدانىڭ
دۈشمىنىدۇر!»

يىگىت تا كەچ بولغىچە قەبرە يېنىدا ئولتۇرۇپ ياش تۆكۈپ
چىقتى. ئۇنىڭ يىغانلىق ئىسسىق ياشلىرى ھاياتىنى يۇتۇپ كەت-

كەن سوغۇق تۇپراققا سىڭمەكتە ئىدى.

— سىلەر مىنىڭ چۈشۈمدىكى ئادەملەر!

سادىنىنىڭ دائىم ئىغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ سۆزلىرى-نىمۇ كىشىلەر ئۇنتۇپ كېتىشتى. مەھەللىدىكى ھەممىلا ئادەم سادىنىدىن بىزار بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەستىدە گۇ-ناھ يوقلۇقىنى، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ نېمىلا بولسۇن ئادەم ئى-كەنلىكىنى بىلىدىغانلارمۇ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىدىغانلارمۇ چىقىپ قالدى. شۇ، ھەرقانچە يامان ئادەم بولسىمۇ ئۆلگەندىن كېيىن رەھمەتلىك بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

مەھەللە مەسچىتىنىڭ رەھىمدىل ئىمامى ئۇنى كۆمۈپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى تاڭ چېغىنىڭ بىنەپشە رەڭ يورۇقلۇقى ۋىلىلداپ تۇرغان سەھەرلىكى سادىنىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر تەقۋادار مۇخلىس، تىنىقلىرى ئىغىر، 25 ياشلاردىكى بەتقاپاق بىرسى قول باغلاپ تۇراتتى. يۈز تېرىلىرى تارتىشقان، چۈپۈر قاشلىرىغا ئاق ئارىلىغان ئىمام ئىلى-گىرى سادىنىنى، خۇدا يولىدىن بەزگەن ھاراقكەش، مەسچىتنى تونۇمايدىغان كاپىرلىقى بىلەن ئەيىبلەپ، كۆڭلىدە ئۇنى ئاللىقا-چان مۇسۇلمانلار تائىپىسىدىكى تىرىكلەر قاتارىدىن چىقىرىۋەت-كەنىدى. لېكىن، ھازىر ئۇمۇ ئۇيغۇر قەلبىنىڭ تېگىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان، كىشىگە مۇڭ، يىغا ھەم غېرىبلىق ھېسى ئاتا قىلى-دىغان يەڭگىل قىرائىتى بىلەن بىر تال سۆگەت شېخىدا خادا قىلىپ قويۇلغان، تېخى نېمى كەتمىگەن يۇمشاق قەبرە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. قەبرىستانلىقنىڭ ئىغىر، دىلنى سىقىدى-غان ھاۋاسىغا غەرق بولغان دۇنيا، قىرائەتنىڭ يىغىغا ئوخشايدى-غان سوزۇلما كۈيىنىڭ تەسىرىدە تەۋرەۋاتقاندەك ئىدى.

قىرائەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇخلىس گۆر ئىغىزىغا قاراش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ بويۇنداپ قارىدى. قارىدىيۇ جا-يىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. يورۇپ كېتىۋاتقان قەبرىستانلىقتا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ھادىسە نامايان بولۇپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىلى بەك كونا، مۇرەككەپ ئەقىدىلەرنىڭ مۇستەھكەم ئۆمۈچۈك توردەك چىگىش، قالايمىقان رىشتىلىرى بىلەن مەھكەم ئورالغان مۇخلىسىنىڭ كۆز ئالدىدا قەدىم ئەييامدىن تارتىپ كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئاجايىبات زاھىر بولۇپ تۇراتتى. مۇخلىسىنىڭ سىمىز يۈزلىرىنىڭ تېرىلىرى تارتىشىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستازىنى، دىلى يۇمشاق ئىمامنى چاقىرىشتىن باشقىغا قۇدرىتى يەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەنسە كېرەك:

— ئاخۇنۇم ... قارىسىلا...بۇ...

كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە ئىچىدە ئۆزى مەنىسىگە چۈشىنىپ بولمايدىغان ئايەتلەرنى ئوقۇۋاتقان ئىمام ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ مۇخلىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ قەبرە ئېغىزىدىن يېرىم گەۋدىسى بىلەن چىقىپ ياتقان قاپقارا توڭگۇزنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. كۆزلىرىنى چاپاق باسقان، مەينەت تۈكلىرى پاخپايغان، ئىپلاس ئېغىزلىرىنى يېرىم ئېچىپ، سۈس خورۇلداپ ياتقان توڭگۇز ياشاڭغىراپ كەتكەن كۆزلىرىنى پىرىلدىتىپ ئۇلارغا بىچارىلەرچە قاراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ سالپىيىپ چۈشكەن كىبلەگسىز قۇلاقلىرى سۈس تىترەپ، بۇ ئاجايىپ مەخلۇقنى تېخمۇ بەتبەشىرە كۆرسىتەتتى. ئۇ ئالدى ئىككى پۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا تۇمشۇقىنى تىرەپ خورۇلدايتتى.

— بۇ سادىنىڭ تىرىلىپ قېلىشىمۇ ؟...

ئىمام خۇددى ئۆلۈكتەك قېتىپ تۇرۇپ قالغان مۇخلىسىنىڭ جەسەتتىنگكىدەك سوۋۇپ كەتكەن، قېتىشقان قوللىرىدىن تارتىپ، لاغىلداپ تىترىگىنىچە گەۋدىسىنى ئاران دېگەندە يۆتكەپ، قايتىدىن قەبرە ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ ياشلانغان كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، قېنى قاچقان كالپۇكلىرى تىترەپ، ئېسەدىگەن ھالدا يەنە قىرائەتنى باشلىدى. يەر تېگىدىن، ئىنتايىن يىراق چوڭقۇرلۇقتىن ئەلەملىك نىدا، چىرقىراش، يىلىنىش، ئازابلىق ئىڭراش روشەن ئاڭلىناتتى. لاۋۇلداپ كۆيگەن

ئۇتنىڭ گۈرۈلدەشلىرى، يىلان - چايانلارنىڭ كۇشۇلداش، ئۆمۈلەشلىرى، ئوت ئىچىدە قىينالغان جاننىڭ پەريادلىق ئاھ - زارى... شۇ قەدەر ئېنىق، خۇددى بۇ كارامەتلەر يەر يۈزىدە، ئىمامنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەندەك، ھەتتا ئۆزىمۇ شۇ دەھشەتلىك ئازاب ئىچىدە قالغاندەك ئىدى. يۈرىكى ئېتىقادنىڭ ئېغىر كۈچىدە، نازۇك ھېسلارنى مەنسىتمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىمامنىڭ قەلبى، كۆز ئالدىدا، ئەقلى جايىدا بولغان ئەھۋالدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردىن، چوغ ئارىسىغا تاشلانغان قوغۇشۇندەك ئېرىپ، كۆزلىرىدىن قان تامچىلاشقا باشلىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىنى بىلىشەلمىدى. ئەمدى پۈتۈن ئەتراپ بالقىش ئالدىدا تۇرغان قۇياشنىڭ دەسلەپكى سوغۇق، چىرايلىق نۇرىدا يورۇپ كېتىۋاتاتتى. يەر ئاستىدىكى نىدا پەسەيگەندىن كېيىن ئىمام ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ گۆرنىڭ ئېغىزىغا يەنە قارىدى. ئەمدى گۆرنىڭ ئېغىزى خۇددى تۇنۇگۇن ئۆزلىرى كۆمۈپ قويغاندەك ساپساق تۇراتتى. ھېلىقى يىرگىنىچلىك كۆرۈنۈشتىكى مەخلۇقمۇ يەر يۈتقاندەكلا يوقالغانىدى. ئىمام ئۆزى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر ئۇلۇغۋار ئىشەنچىنىڭ، قەلبىدە ئاستا - ئاستا دولقۇنلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگىنىچە دۈرۈت ئوقۇغاچ ئورنىدىن تۇرۇپ مەھەللە تەرەپكە ماڭدى. تېخىچە بەدىنىدىن تىترەك كەتمىگەن مۇخلىس، ئىمام بىلەن تەڭ كېتىپ باراتتى. ئىمام كېتىۋېتىپ سادىنىنىڭ ئۆلۈشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىنى ئويلاپ قالدى.

يالغۇزلۇق سادىن گۆلەشنى قىينايتتى. يالغۇزلۇق خۇددى ئۆلۈمگە ئوخشاش مۇدھىش سايىسىنى ھامان كىشىلەرنىڭ باش ئۈستىگە چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. يالغۇزلۇقتىن خالىي بىرەرمۇ ئىنسان يوق. ئۆزىدىكى ئادەمگە بولغان تەبىئىي ئىنتىلىش سۆيگۈسىنىڭ جاۋابسىز، ئاچچىق ئاقىۋېتىگە دۇچار بولغان ئادەمنىڭ قايغۇسى تولىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

قىزى ئۆلگەندىن كېيىن سادىن گۆلەش بىردىنلا قېرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



جۇدەپ بوۋايغا ئايلانغان، گۇنسىز كۆزلىرى قىتىپ قالغاندەك ھەممىلا نەرسىگە مەنىسىز، ھېسسىز قارايتتى. ئۇ يولنىڭ نېرىسىدىكى قىرى سۆگەتنىڭ ئاستىدا توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى. دەرەخ شاخلىرىدىكى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىغا، باللارنىڭ ئۆزىگە چالما ئېتىشلىرىغا قاراپ، ھەممىلا بارلىقتىن قانداقتۇر بىر شەپقەت تىلىگەندەك مەيۈس قارايتتى. گەز باغلىغان قانسىز لەۋلىرى ئۈمچىيىپ تۇراتتى. مەھەللىلىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى نەزەرىدىن قالدۇرغان، سادىنغا ئىچ ئاغرىتقان رەھىمدىللىراقلىرى ئۇنىڭغا ئاشقان ـ تاشقان تاماقلارنى، قاتتىق ـ قۇرۇق نانلارنى بېرىپ تۇراتتى. كىشىلەر سادىنىنىڭ بۇ قەدەر خاراب بولۇپ كەتكىنىگە ھەيرانلىق ئىچىدە ئىچ ئاغرىتاتتى. ئۇنىڭ قايسى بىر چاغلاردا ھاياتقا مۇھەببەت قويغان يۈرىكى ھازىر مۇز ئاردىسىدىكى تاشتەك سوغۇق ھەم ھېسسىز، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنۇ دۇنيادا تېخى ئۆلمىگەن بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ئىدى. بىر چاغلاردا دىلىدا يانغان نەپرەتمۇ ئەمدى پۈتۈنلەي يوقالغاندى. ئۇ خۇددى ھاياتلىقنى، دۇنيانى مەسخىرە قىلغاندەك ھامان مەنىسىز ھالى بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزەتتى. مەھەللە يولىدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرگە، ماللارغا تا قارىسى يوقالغۇچە قاراپ قالاتتى. ئىسسىق ياققا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاقىرلارغا مەيۈس قاراپ ئۇھسىناتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ تىرىك جەسەتنىڭ كۈنلىرى ئۆزىگە ياقمايدىغاندەك ئىدى.

گۆگۈم پەردىسى مىسكىنلىك باسقان يېزا ئاسمىنىغا يېيىلىشقا باشلىغاندا، ئۇ سۆگەت ئاستىدىكى يۇمشاق توپا ئۈستىدە تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ياتاتتى. ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرى تىزلىرىغا تېگىپ تۇراتتى. بەدىنىدىن بىر تۈرلۈك يامان پۇراق كېلەتتى. جىمجىتلىق، كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان، ئۆلۈم سۈكۈناتى بىلەن مەنداش بولغان جىمجىتلىق پەقەت يىراقلاردىن ماللارنىڭ قالايمىقان مۆرەشلىرى، ئىتلارنىڭ ھاۋىشلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ يىقمىسىز ئاۋازلىرى بىلەن بۇزۇلۇپ باراتتى.

سادىن يەنە بىر كەچىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەندەك ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدىيۇ، لېكىن خۇش ياقماسلىق بىلەن يەنە جايىدا ئولتۇردى. توڭرا باسقان پۇتلىرىنى قاشلاپ، ئەسنەپ قويدى. پۇتىنىڭ تاتىلىغان يەرلىرىدىن كېپەكتەك بىر نېمىلەر توزۇيتتى. ئۇ قاتتىق ئەسنەپ ئەمدىلا كۆزىنى ئېچىشىغا ئالدىدا تۇرغان بىر ئادەمنى كۆردى. ئۇ بىر قەدەم نېرىدىلا قاراپ تۇراتتى. سادىن گۆلەش بىرەر خەير ـ ساخاۋەتچى بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، چىرايىغا كۈلكە يۇگۈرتكىنىدـ چە يەنە بىر قاراش بىلەن تەڭ چۆچۈپ، قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن قىزى قاراپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بوي ـ بەستىدىن ئىلگىرىكى ئىتائەتمەنلەرچە ياۋاشلىق، ۋەھىمە ھەم قورقۇنچ ئەمەس، كۈچلۈك مەسخىرە ۋە ئۆچمەنلىك، غەزەپ ۋە نەپرەتنىڭ روشەن ئىزناسى يالىلدايتتى. سادىن گۆلەش ئاچـ چىق ئىڭراپ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى. « قىزىم ؟» ئۇنىڭ قانسىز لەۋلىرى دىرىلدەيتتى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ جانسىز، بىقۇۋۋەت تېنى لاغىلدايتتى.

— دادا، مەن نېمىشقا ئۆلۈپ كېتىمەن!؟ مەن ئۇ دۇنيادىمۇ تەنها قالدىم، ھازىر مېنىڭ روھىممۇ تەنها، مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ يالغۇز، سىز ماڭا ھېچقاچان ھەمراھ بولالمىغان، دادا ئەمدى سىزمۇ يالغۇز ئىكەنسىز.

سادىن گۆلەشنىڭ خاتىرىسىدىن ئۆچكەن قىزىنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ قىزىنىڭ سۆزلىرىگە، ئاۋازىغا ئىلگىـ رى ئانچە دىققەت قىلالمىغان ئاتا ـ بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببەتـ نىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋە چوڭقۇر بولىدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ بۇنـ چىلا كۈلپەت ئىچىدە قېلىشىدىن كېيىن چۈشىنىپمۇ قالغانـ دى. ئەمدى ئۇنىڭ قىزى قايتىپ كەپتۇ. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك، ئۆلگەن ئادەمنىڭ قايتىپ كېلىشى قانداق گەپ !؟ يا ئۇ شۇ چاغدا ئۆلمەي قالغانمۇ؟ بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ ياق! ئۇ قىـ زىنىڭ جەسىتىنى ئۆستەڭ بويىدىن ئۆزى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



كەلگەن. زاراتكاھلىقىمۇ ئۆزى بىللە ئېلىپ بېرىپ كۆمۈپ قويـ. غان ئىدىغۇ؟ تېخى قىزىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپمۇ كەلگەن. بۇ ئۇنىڭ ئاخىرەتتىن، ئۇ دۇنيادىن قايتىپ كېلىشىمۇ ـ نېمە؟

ــــ دادا، ئۆز قىزىنى خورلاش، ھاقارەتلەپ، تىللاپ، ۋەھـ. شىي ئادەملەردىن قوغدىيالماي، ئۇنى يات تاپانلار ئاستىدا چەيلەـ. تىش توغرا ئىشمۇ؟

كۆچلۈك، ھەيۋەتى زور بىر سادا خۇددى تاغلاردىن قايتقان ئاۋازدەك سوزۇلۇپ، تىترەپ ئاڭلىناتتى.

ــــ دادا، سىزدەك دادىلار بەك جىق، بەك جىق، ھايۋاندىن پەرقى يوق دادىلار بەك جىق، نېمىشقا مۇشۇنداق ئىشلار بولىدۇ؟ نېمىشقا؟

بۇ سادا شۇنچىلىك ۋەھىمىلىك ئىدىكى، سادىن گۆلەشنىڭ ھېسسىز يۈرىكى ئېغىپ، قالايمىقان قورۇقلار بىلەن پۈرلاشقان يۈزلىرى تارتىشىپ، لىپىلداپ كەتتى.

ئەتىسى سادىن گۆلەش مەھەللە كوچىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغانلا كىشىگە قاراپ ھىجىياتتى:

ــــ ھە، ھە... قىزىم قايتىپ كەلدى، مەن چۈش كۆرۈۋاتـ. مەن... ئويغىنىپ كەتسەم... سىلەر بىلەمسىلەر، مەن تۇنجى قىـ. زىمنى ئارزۇلاپ ئىسمىنى مايسا قويغان... مايسا... مايسا... قانداق چىرايلىق... سىلەر مېنىڭ چۈشۈمدىكى ئادەملەر... مەن ئويغانغاندىن كېيىن چۈشۈمدە سىلەرنى كۆرگەنلىكىمنى ئۇنتۇغا ئېيتىپ بېرىمەن... سىلەر مېنىڭ چۈشۈمدىكى ئادەملەر... ھەـ. قىقىي ئادەم ئەمەسسىلەر ... ھا... ھا... ھا...

سادىن گۆلەش كۈلەتتى. جانسىز گەۋدىسىنى تىترىتىپ پىخىلدايتتى. كۆزلىرىدە بىر ئۇلۇغۋار ئارزۇ- ئۈمىدنىڭ نۇرلىـ. رى يالتىرايتتى. ئەمما، مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ساـ. دىن گۆلەشنىڭ چۈشىدىكى ئادەم بولۇپ قالغىنىغا ھەيران بولاتـ. تى. يەنە بەزىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كۈلەتتى.

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. بىر گۈزەل ئۈمىد بىلەن ياشارغاندەك

بولۇپ قالغان سادىن گۆلەش ئۆزىنىڭ بۇنداق بىمەززە، تولىمۇ يامان، باش ـ ئاخىرى تۈگىمەيدىغان چۈشىدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى. ئۇ چاپسانراق ئويغىنىپ كېتىشنى، تېزرەك ئۆز ئەك. سىگە قايتىشنى ئويلايتتى.« ئادەم دېگەن ھەر تۈرلۈك يامان چۈشلەرنى كۆرىدۇ، مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم بەلكى بىمەنە ھەم يامان چۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇ، كىم بىلىدۇ، مېنىڭ ناھايىتى باياشات ئائىلەم، مېھرىبان ئايالىم، ئوماق بالىلىرىم باردۇ. ئۇ. زۇمىمۇ مۇنچىلىك زەئىپ، بىچارە ئادەم ئەمەستۇرمەن...» ئۇ خىد. يال قىلاتتى. بىر تاتلىق ئۇمىد ئۇنىڭ خارابلاشقان ئەقلىگە يېڭى جان كىرگۈزەتتى. چىرايىدىن تەقەززالىق، ئۇمىد نۇرلىرى يا. غاتتى.

سىلەر مېنىڭ چۈشۈمدىكى ئادەملەر!....

كىشىلەر سادىن گۆلەشنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماس بو. لۇپ قالدى. لېكىن سادىن گۆلەش ئۆز ئەتراپىدىكى ھەممە بار. لىقنىڭ ئۆزىنىڭ چۈشىدىكى مەۋجۇداتلار ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتى. ھەتتا بۇ ئۇنىڭ قالايمىقانلاشقان ئوي ـ خىيالىدىكى بىر ھەقىقەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئارزۇسى تېزرەك ئويغىنىش، ئويغىنىشلا ئىدى. ئۆزىنىڭ ھېلىقى ھەقىقىي ئايالىنىڭ، بالىلىرىنىڭ ئۆزىنى بالدۇرراق ئويغىتىپ قويۇشنى تىلەيتتى. كىشىلەرنى كۆرسىلا:

— سىلەر مېنىڭ چۈشۈمدىكى ئادەملەر...! دېگەن گېپىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى، قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتى.

— مېنى يىلان قوغلاۋاتىدۇ..

چىنارخان ئېچىنىشلىق چىرقىراپ مەھەللە يوللىرىدا يۈ. گۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ تۈرقى، چىرقىراشلىرى، يۈگۈرۈشلىرى ئېغىر، ئۇنىسىز ۋەھىمە تارقىتاتتى.

— بۇ بالا ساقايماسمۇ ئەمدى؟

— داۋالاتمىغان دوختۇرخانا، ئوقۇتمىغان داخان قالمىدى.

— چىنارخاندەك بولۇپ قالماي دېسەڭلار، گۈزەل دىيانەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يولـدا ماڭساڭلار بولـدۇ.

بىر قىش كېچىسى كىشىلەر مەسچىتنىڭ يېنىدا چىنارخاننىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈشتى. قارا قىشتا ئۇ توڭلاپ قېتىپ كەتكەنىدى.

بۇ ۋەقەلەر ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشتىن نۇرغۇن يىللار مۇقەددەم كىشىلەرنىڭ بەختلىك نەزەرىگە ئېلىنماي كەلگەن، قۇم بارخانلىرى، يۇلغۇن، توغراقلىق دۆڭلەر ئارىسىدىكى يىراق سەھرا كىشىلىرى توغرىسىدىكى سەتىرلەر تۈگىدى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىتلار ئۆتتى. قۇياش ھامان نۇرىنى سەپمەكتە. مەن ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ شادلىقتىن كۈلۈپ ـ يايراپ يۈرگەن ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بەك ئامراق.





# قوڭغۇر ئاتلىق مەپە

تۈچ قوڭغۇراقلارنىڭ بەك كونا جاراڭ - جۇرۇڭى بازارغا سىرلىق جىملىق تارتىپ يىراقلارغا كېتىپ قالاتتى. قۇشقاچلارنىڭ جاۋۇلداشلىرى، قاغىلارنىڭ نەپرەتلىك قاقىلداشلىرى، يەنە مۈگدىگەك خورازلارنىڭ سوزۇنچاق چىللاشلىرى، قىزىل توقۇم دەمدەرلەرنىڭ بوغۇق ئۈنلىشى تۈچ قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭلاشلىرى ئارىسىدا ئاڭلىنىپ قالاتتى. چەت بازاردىكى ئەڭ ئاخىرقى مەپىنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى، قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلاشلىرى مۇشۇ بازارنىڭ توپىلاڭ يوللىرىنىڭ تېگىگە، مۇشۇ بازارنىڭ ئاپتاپلىق ئاسمىنىغا، مۇشۇ بازاردىكى تار ھەم ئەگرى - بۈگرى كوچىلارنىڭ تومۇرلىرىغا، يوپۇرماقلىرى بەكمۇ يېشىل ئۈجمىنىڭ چوڭقۇر ھەم مەزمۇت يىلتىزلىرىغا سىڭىشىپ

كەتكەندەك، كىرىشىپ كەتكەندەك ئىدى. ساقاللىرىغا ئاق ئارد-
لىغان بىر كىشى ھەم شۇ كىشىنىڭ بەزى تەڭقۇرلىرى تۆچ
قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلاشلىرىغا خۇمار بولۇپ قالغاندەك، مۇشۇ
ئاۋازنى ئاڭلىمىغان كۈنلىرى بىئارام بولۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ
ئىچىدە بىرەيلەن ئۇھ تارتقىنىچە مۇشۇ ئاۋازلار يوقىلىپ كې-
تىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكىنىم ياخشى، دەپ ئويلىغاندى، بۇ
خىيالنى ھېچكىمگە دېمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا ناھايىتى
جىق ئادەملەر مۇشۇنداق ئويلايدىغاندەك ھەم ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق
ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق
ئويلايدىغانلىقىدىن گاھ سۆيۈنۈپ، گاھ بىئارام بولۇپ تېڭىرقاپ
قالاتتى.

بەزى ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە تۆچ قوڭغۇراقلار ھېچنېمىگە
ھېساب ئەمەس ئىدى.

تۆچ قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازىدىن بىزار بولىدىغانلار بار ئىدى.

ماشىنا سىگنالى ياڭراپ تۇرىدىغان زامان بولۇۋاتقاندا، تۆچ
قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭلاشلىرى بەزى ئادەملەرگە بەكلا چۈكۈنەم،
بەكلا تايىنسىز ئىشتەك بىلىنەتتى.

بازارنى چاڭ ـ مانان قاپلىغان بىر چارشەنبە كۈنى كۈن
چۈش پېشىندىن قايرىلغان چاغدا، ئۈستىگە گىلەم سېلىنمىغان
مەپىدە پۇتلىرىنى كېرىپ ياتقان كىشى بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ
مەپىكەشكە ھومايدى. بىرنېمە دېمەكچى بولسا كېرەك، ئاغزىنى
ئۆمەللەپ بولۇپ ئىرىنگەندەك يەنە بېشىنى پەسكە قويدى. ئۇ
يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىنى ئالايتىپ مەپىكەشنىڭ دۈمچەيگەن دۈمە-
بىسىگە ئاچچىق بىلەن قاراپ قويدى. ئۇنىڭ مايماق كىيىۋالغان
شەپكىسى مايلىشىپ كەتكەنىدى. ئەت رەڭ ئىشتىنىنىڭ سىيە-
رىتمىسى ئېچىلىپ قالغان، كەمىرى يانغا ساڭگىلىغانىدى. قاق
ئوتتۇرىسىدا بىر توپ ئۇجمە كۆكىرىپ تۇرىدىغان مۇشۇ كى-
چىككىنە بازارنى بىزنىڭ شەھەر دەپ تەرىپلەپ، ئۆزىنىڭ جا-
ھاندا بۇنىڭدەك بەلەن جايدىن يەنە بىرنى تاپقىلى بولمايدۇ، دېگەن

خىيالىغا كۆنۈپ قالغان بىر ئادەم مۇشۇ تەقلىدتىكى ئادەملەرنى كۆرسە ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ كېتىدۇ. مەن ئۇنىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇنۇ كىشىدەك ئادەملەرنى جىمى ئادەملەرنىڭ ساپا ـ سۈپىتىنى بۇزىدىغان ھايۋانلار، يىرگىنچلىك نەرسىلەر دەپ تىللىغىنىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانىدىم.

مەن شۇ چاغدا بۇ ئادەم سەل ئاشۇرۇۋېتىدىكەن، تىللاشلىرى چەكتىن ئېشىپ كەتتى، دېسەم، مەددە قۇرت دورىسى سېتىۋېلىۋاتقان بىر كىشى:

ــــ ئەگرىنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، ھىدىرىدىن ئاشۇرۇۋەت، دېگەن گەپ بار، ــــ دېگەندى.

توپا ئۆرلەپ تۇرغان كوچىنىڭ يان تەرىپىدىكى تارچۇقتىن كەندىر قوقىنىنىڭ ھىدى تارقىلىپ تۇراتتى. نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە ئاق، كۆكوچ، سۇزۇك بوتۇلكىلار كۆزگە تاشلىناتتى. شەپكىسىنى مايماق كىيىۋالغان ئادەم بىرنېمىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ ئىسسىق ھاۋانى كۆچەپ ئىچىگە تارتىپ، كۆزىنى قىسىپ بىرپەس ئويلىنىۋالدى.

«مەسۇم ئاقتۇماق دېگەن گۇيلار پەيزى قىپتۇ ـ دە بۇگۈن... مېنى قىچقىرىۋالمىغىنىنى قارا، خەپ...» ئۇ كالپۇكلىرىنى يالاپ يۇتۇنۇپ قويدى.

بىر ـ بىرىگە يېقىن مېڭىشىۋاتقان ئىككى قىز قوڭۇر ئاتلىق مەپىنىڭ جارالڭ ـ جۇرۇڭىغا ئىچى پۇشۇپ، مەپىكەشكە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ قېنىق گىرىم قىلىۋالغان چىرايىدىن كونا ئۆينىڭ تويىسىدەك غېرىبانىلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بازار ئاسمىنىدا ئۆلۈك چاڭ ـ توزانلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. كىمدۇر بىرى ئاسمانغا قاراپ:

ــــ بىر شامال چىققان بولسا ھاۋا ئېچىلىپ كېتەتتى، ــــ دېدى.

ــــ شامال چىقمىسۇن، ئۆگزىدىكى شوخلا قېقىنى ئۇچۇرتۇپ كېتىدۇ، ــــ دېدى يەنە بىر ئادەم تەئەددى بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى



ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان بىرسىنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى. بۇ يەردە تەڭلىك بىر ئىش بولۇۋاتاتتى. شامال چىقسا بىرسى، چىقمىسا يەنە بىرسى خاپا بولاتتى.

شاپاق بۆك كىيىۋالغان كىشى بىشىدىكى بۆكنى ئېلىپ پات ـ پات ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كىيىپ قوياتتى.

ــ ھېلىقى نېسىنى بېرىۋەتسىلە بولاتتى، ساۋۇتاخۇن، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى.

چىرايلىق ساقال قويۇۋالغان دىمىن قارى كالپۇكلىرىنى يالاپ قويۇپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ساۋۇت تۇگمەنچىدىگە تىكىپ قاراپ تۇراتتى.

ــ ئالدىمىزدىكى جۈمە كۈنى بېرەي، مېنى بەك قىستاپ كەتمىسىلە دىمىن قارى، سىلىنىڭ قەرزلىرىدىن قورقۇپ مېنى كىسەل چىقىپ كېتىدىغان بولدى.

ساۋۇت تۇگمەنچى بېشىدىكى شاپاق بۆكنى قولىغا ئېلىپ ئىچ ـ تېشىغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن يەنە كىيىۋالدى.

ــ ئالدىمىزدىكى جۈمە قاچان كېلىدۇ؟ ــ دىمىن قارى تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

ــ مەن قادىر موللامدىن سورىدىم، ئالدىمىزدىكى جۈمە يەنە ئون يەتتە كۈندىن كېيىن كېلىدىكەن.

ــ جىق ۋاقىت قالماپتۇ، ئەمدى كەينىگە تارتمىسىلا، مەن خاپا بولۇپ قالىمەن.

ــ ئون يەتتە كۈن دېگەن قاچان ئۆتۈپ بولىدۇ، بىر ئايدىن كېيىنمۇ؟

ــ شۇنداقمىكى ھەقچان، بۇنى مەن بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ دېگەن قەرەلدە پۇلۇمنى بەرسىلە، بىركىمگە نېسىگە بىرنىمە بەرگەنگە مىڭ داد، مېنى مۇنداق تويغۇزۇۋەتمىسىلە.

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە تاماكا تۇتۇشۇپ چېكىشكەچ يەنە پاراڭغا چۈشتى. ساۋۇت تۇگمەنچىنىڭ ئەلەس كۆزلىرىگە قارىغان ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. مەن بۇلارغا پۇلنىڭ كېرىكى

قالماپتۇ، دەپ ئويلىدىم. دىمىن قارىنىڭ دېمى سىقىلىدىغان كېسىلى بولسا كېرەك.

ئىككى يۈز يىل بۇرۇن تۇغۇلغان ئادەمنىڭ ئوغلىغا، ئۇنىڭ ئوغلىغا، ئۇنىڭ ئوغلىغا يەنە ئۇنىڭ ئوغلى بولغان دىمىن قارى ھەم ساۋۇت تۇگمەنچىدەك ئادەملەرگە زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزنىڭ مېھرى يەتمىگەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان نۇر ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە، كۆزلىرىدىن ئۆتۈپ ئەقلىگە، ھوشىغا يەتمىگەن. بىركۆزى ئەلەس، بىر قولىقى ئېغىر ئادەم ھەر قېتىم ساۋۇت تۇگمەنچى بىلەن دىمىن قارىنىڭ قويلىرىنىڭ ھېسابىنى قىلىشالماي ئۇرۇش ـ تالاش قىلىشقانلىرىنى، ئۇرۇش ـ تالاش قىلىشقانچە بىچارە بولۇپ كېتىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە مۇشۇنداق ئويلايتتى. ئۇ تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئويغا كەلگەندە مەن تېخى تۇغۇلمىغان بولۇشۇم مۇمكىن.

ئۇزۇن زەڭگەر كۆڭلەك كىيىۋالغان قىز يولنىڭ چېتى بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قەددى چاڭ باسقان بازاردا يايپېشىل نۇردەك كۆزلەرنى چاقاتتى. يېڭى شۇڭدەك نازۇك قىزنىڭ ۋۇجۇدى يەرنىڭ، تاغلارنىڭ، ئېگىز دەرەخلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى، جىگەر ـ باغرىنى ئېرىتىۋېتەتتى. دەريانىڭ، كۆللەرنىڭ، بۇلۇتلارنىڭ باغرىنى ئېزىۋېتەتتى.

ـــ مۇشۇ قىز زادى كىم ئۆزى؟

ـــ دۇكان ئاچىدىغان قىزمىكى.

ـــ ياق، دوختۇر قىز.

ـــ ياق، مۇئەللىم.

بىرمۇنچە ئادەملەر بۇ قىزنىڭ زادى كىملىكىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي رەللە بولۇپ يۈرۈشكىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغانىدى. بۈگۈن ئۇنى كۆرۈپ يەنە ھاڭۋېقىپ قېلىشتى.

ـــ نېمانداق چىرايلىق قىزدۇ بۇ.

ـــ چىرايلىق بولغان بىلەن ئەخلاقى ناچار، ـــ دېدى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ قولى سۇنۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەتكەن بىرەيلەن چىرايىنى پورۇشتۇرۇپ.
— ئۇنىڭ ئەخلاقىنىڭ ناچارلىقىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟
— ئىشقىلىپ هازىر ئەخلاقلىق قىزلار قالمىدى، كۆرمىدىڭمۇ ئۇنىڭ ياسىنىپ چىرايلىق بولۇۋالغىنىنى.
— چىرايلىق بولسىلا ئەخلاقى ناچار بولامدىكەن؟!
ۋېلسىپىتتىن يىقىلىپ قولى سۇنۇپ كەتكەن ئادەم بىلەن قىزنىڭ تەرىپىنى ئالغان يەنە بىرەيلەن دەسلەپ قول شىلتىشىپ، ئارقىدىن ياقىلىشىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشتلىشىپ كېتىشتى. دەمنى سىقىدىغان ئىسسىق هاۋادا ئادەملەرنىڭ تىللىشىشلىرى، هاقارەتلىك ۋارقىراشلىرى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. قوڭۇر ئاتلىق مەپىسىنى هەيدەپ تۆت قوڭغۇراقلارنى جاراڭلىتىپ كېتىۋاتقان چېقىر كۆز مەپىكەش ئۇرۇشۇۋاتقانلارنى يىراقتىن كۆرۈپ چارىسىزلىق بىلەن بوينىنى قىسىپ، قامچىسىنى سىلكىپ قويدى. ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي قېرىپ كەتكەن بىر ئادەم زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزنى بۇ بازار ئۇچۇن ئارتۇق كەتتى، بۇ يەردە ئىسراپ بولۇپ كەتتى، بۇنداق قىزلارنىڭ مېهرى هەم گۈزەللىكى ئۇچۇن هەرقانداق بەدەل تۆلىسە ئەرزىيدۇ، مەندىن جان سورىسىمۇ بېرەتتىم، مۇشۇ كۇنگىچە هېچنېمىگە يارىمىغان بۇنداق جاننى مۇشۇنداق قىزلار ئۇچۇن دوغا تىكسە تامامەن بولىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى ئىزا تارتىپ كەتتى. جاننى بەدەل قىلسا بولىدۇ، دېگەنبىلەن قانداق بەدەل قىلىشنى بىلمەسلىكىنىڭ ئۆزى جاننى قىينايدىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇ ئىلگىرى بۇ قىزنى چۆلدە ياشىرىپ تۇرغان بىر تال قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارالغان كۆزگە كۆرۈنمەس نۇر هەم ئىللىقلىق پۈتۈن بازارنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئىنسىدىن تاياق يەپ بىر كۆزى خۇددى ساۋۇت تۈگمەنچىنىڭكىگە ئوخشاش ئەلەس بولۇپ قالغان ئادەم ساق قولىقى بىلەن بۇ يەردە بولۇنغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئۆزد-

نىڭ خىياللىرىدىن قۇتۇلالماي تۇرغاندا، ئۇرۇشقان ئىككىلەن-
نىڭ خوتۇنلىرى ئەرلىرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىشىپ بەك سەت
گەپلەر بىلەن ئەرلىرىنى تىللىشىۋاتاتتى. كۆزلىرى ئەلەس ئادەم
قايسىدۇر بىر خوتۇننىڭ «بالا ئوقۇتىدىغان جالاپنى تالىشىپ ئۇ-
رۇشۇشۇپسەن...» دەپ ئېرىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ نەپەس ئالالمايلا قالدى. بۇ دۇنيانىڭ ئېخچە بەكلا بىمەززە
ھەم بەتتەم ھالدا تۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈرىكى ئېچىش-
شىپ كەتتى. بازار ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلار قىزىرىپ كەتتى.
كۆكتە ئۇچۇشۇپ كېتىۋاتقان كەپتەرلەردىن بىرمۇنچىسى لەپەڭ-
شىپ، پالاقلاپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن، روھىدىن تۆكۈلۈپ
تۇرغان لەززەتلىك گۈزەللىك بىلەن قوڭۇر ئاتلىق مەپىدىن كېلىۋاتـ-
قان تۇچ قوڭغۇراقلارنىڭ كونا ئاۋازى دەمنى سىقىدىغان ئىسسىق
ھاۋادا چاڭ ـ مانانغا بۆلغانغان بۇ بازارنىڭ جېنىنى ساقلاپ
تۇرغان مالائىكىلەرگە ئوخشايدۇ، دېگەنلەرنى ئويلىغان ئادەملەرمۇ
بولغان. بەلكىم ئىنسىدىن تاياق يەپ بىر كۆزى ئەلەس، بىر
قولىقى ئېغىر بولۇپ قالغان ھېلىقى كىشى مۇشۇنداق ئويلىغان
بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى نۇرغۇن ئادەملەر تۇخۇم جېدىلىگە كى-
رىشىپ قالمىغان بولسا خېلى ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدۇ، دەپ
قارايدىغان، ئۇنى ـ بۇنى يېزىپ يۈرىدىغان ھېلىقى بالا شۇنداق
ئويلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئېمىلا بولسۇن ئىلگىرى مۇشۇنداق
ئويلىغان ئادەملەر بولغان.

قوڭۇر ئات ئۆزىنىڭ يورغىسى بىلەن كېتىۋاتاتتى. مەپىكەش
قامچىسىدىن پات ـ پات قارس چىقىرىپ قوياتتى. قامچىغا بې-
كىتىۋالغان قىزىل پۆپۈك ئاپتاپلىق بازاردا كۆزگە ئالاھىدە تاش-
لىناتتى. مەپىكەش مۇھىم بىر ئېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك
ئەنسىز، بىسەرەمجان كۆرۈنەتتى. ئىلگىرى مۇشۇ بازاردا قوغۇن
تىلىپ ساتىدىغان بىر ئادەم، ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىسىنى يو-
قىتىپ قويغانلار، يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنى بىلەلىسە مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



شۇنداق ئەندىككەك بولۇپ قالدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

مەپكەش ئۆزىنىڭ ئۇنتۇپ كەتكەن نەرسىلىرىنىڭ بەك جىقلىقىدىن قورقۇپ قېلىۋاتاتتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيگە بارىدىغان يولنى ئۇنتۇپ كېتىدىغاندەك، خوتۇنىنىڭ چىرايىنى، باللىرىنىڭ ئىسمىنى، يەنە مەھەللىسىنىڭ دوقمۇشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىغاندەك تۇيغۇدا يۈرىكى پۇچۇلىنىپ كېتەتتى. بىر تۇرۇپ ئەنسىرىگەن ئىشلار ئاللىبۇرۇن يۈز بېرىپ بولغاندەك، ئۆزىنى قارىغۇغا، گاسقا، دەلدۈشكە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ئەنسىزلىكتىن ھالى قالمايتتى.

مەن قارىماي دەيمۇ، مەپىدىكى ئىشتىنىنىڭ سىيرىتمىسى ئۈچۈق قالغان ئادەمنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا يەنە قاراپ سالدىم. باشقىلارنىڭ ئۇياتلىق يېرىگە قاراش نومۇسلۇق ئىش، ئۇياتلىق يېرىنى ياپماي يۈرۈش گۇناھلىق ئىش. ناھايىتى ھەيۋەتلىك، بەكلا پاكىز قېرىغان، كۆزلىرىدىن قورقۇمسىزلىق چىقىپ تۇرىدىغان بىر بوۋاي ماڭا مىيىت يۇغاندا ئۆلۈكنىڭ ئەۋرىتىگە لاتا يېپىپ قويىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. سەۋەبىنى سوراشقا پېتىنالمىغانىدىم، ھېلىقى بوۋاي: شۇنداق قىلمىسا ئۆلگۈچى بەك ئىزا تارتىپ كېتىدۇ، دېگەنىدى. جەسەتلەردىمۇ ھايا، نومۇس بار، دەپ ئويلايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى مەن شۇ چاغدا بىرىنچى قېتىم كۆرگەنىدىم.

— ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، لابدۇ چىراي ئادەملەر يارامسىز كېلىدۇ، ساندا بار، ساپادا يوق، دېگەن شۇ... بىر توپ گەندە قۇرتلىرى...

مەن كىم نىمە دېسە ئىشىنىدىغان خۇيۇم بويىچە بايىقى گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشتىنىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئوچۇق قويىدىغان، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى توغرا ئەتمەيدىغان ئادەملەرگە ئۆچ بولۇپ قالغانىدىم. ھېلىقى ئادەم، مەن، يەنە باشقىلار شۇنداق ئىچ پۇشۇقى تارتقان بولساقمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئادەملەرنى ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ خىلدىكى

ئادەملەرنىڭ يارامسىزلىقىدىن ئاغرىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە، بىد-
رەيلەن كۆتمەك ساقىلىنى سىلاپ چىرايلىق ئاۋازدا:

— بۇلار ساددا، مۇلايىم كىشىلەر، بىركىمگە زىيىنى تەگ-
مەيدۇ، شۇ بىچارىلەرگىمۇ ئامال يوق، كىمنىڭ ئاشۇنداق تايىنى
يوق هالدا يۈرگىسى بار، — دېدى. بۇ بىزنىڭ ئەهلى مەهەللىدە
خېلى يۈزلۈك ئادەم ئىدى. جىق ئادەملەر بىر ئىش قىلار بولسا
ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاتتى. مەسىلەن: تونۇرنى نەگە سېلىش،
كەپتەرخانىنىڭ ئىشىكىنى قايسى تەرەپكە قارىتىش، ئارغامچا
نوختىسىنى ئۈزۈپ ئارام بەرمىگەن بۇقىنىڭ بۇرنىنى تەشكەندە
يۇلغۇن زىخ ئىشلىتىش كېرەكمۇ ياكى تۆمۈر سىم ئىشلىتىش
كېرەكمۇ، دېگەندەك ئىشلاردا مۇشۇ كىشىنىڭ دېگىنى بويىچە
ئىش قىلاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ دەسلەپ سەل گاڭگىراپ
قالدىم، كېيىن ئىشتان، كۆڭلەك ئۆزىنىڭ بولغاندىكىن نېمە
كارىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى بىلسەك بولغۇدەك، دېگەن يەرگە
كەلدىم. بۇنداق خىيالغا كەلگەنلەر يالغۇز مەنلا ئەمەس ئىدىم.
ماڭا ئۆزۈمدىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇق تو-
يۇلاتتى.

مېنىڭمۇ بەزىدە تۆچ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭلىرد-
نى سېغىنىپ قالىدىغان چاغلىرىم بار، ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ
دادامنىڭ ئورما ئورىغىلى چىققاندىكى ھەيۋەتلىك چاگان ناخشى-
سى، موماممنىڭ مۇڭلۇق ئەللىيى، ئۇلارنىڭ مېنى ئاق ھەم راۋان
يوللارغا باشلايدىغان ئاۋازلىرى ئاشۇ تۆچ قوڭغۇراقنىڭ كونا
ئاۋازلىرى ئىچىدە بوگۇنگىچە باردەك سېزىمەن.

مەن يالغۇز ئولتۇرۇپ ھەسرەت چەككەن چاغلىرىمدا، ماڭا
يولۇققان ياخشى - يامان ئادەملەرنى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى يا-
دىمغا ئالىمەن.

سادىن ساراڭ دەيدىغان بىرسى بار ئىدى، ئۇدۇل كەلگەن
كىشىگە قولىنى جونۇپ:

— سەنمۇ دۆت، ئاتاڭمۇ دۆت، بوۋاڭمۇ دۆت، ھەممىڭ دۆت،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



بالاڭمۇ دۆت، ــــ دەپ ئادەم تىللايتتى.

ئۇنىڭ بۇنداق تىللاشلىرىغا بەزى ئادەملەر پەرۋا قىلماي يولىغا كېتىۋېرەتتى، بەزىلەر ئاچچىق بىلەن قولىغا چىققان نەرسىنى ئۇنىڭغا ئېتىپ قوغلاپ كېتەتتى. سادىر ساراڭ قېچىپ كېتىۋېتىپ پىخىلداپ كۈلەتتى. قوغلىغۇچىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلەتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ:

ــــ كۆزۈڭ يوق، قۇلىقىڭ يوق، بۇرنۇڭ يوق... يوق... يوق ... يوق... ھەممە نېمەڭ يوق... ــــ دەپ ۋارقىرايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بىرەيلەن ماڭا:

ــــ ئادەملەرنىڭ ئۆزگە تالىق ئويى يوق، خەق نېمە قىلسا شۇنى قىلىپ، نېمە دېسە شۇنى دەپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈپ قالدى، مەتقاسىم قارىمىنىڭ ئاغىنىسى خوتۇنىنى تالاق قىلغانىكەن، قارىمۇ شۇ كۈنلا خوتۇنىنى تالاق قىلىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ، سادىر سارالڭ مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرنى تىللايدۇ، ــــ دەپ قاقشاپ بەرگەنىدى. ماڭا ئۇنىڭ گېپى قىزىق تۇيۇلۇپ كۈلۈپلا قويغانىدىم. ئەتىسى سادىر ساراڭمۇ، ھېلىقى ئادەممۇ گەپلىرىنى ماڭا قارىتىپ دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ئىچىمنى تىتىشىپ قالغانىدىم.

بىر زامانلاردا ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئۇچمە كېسىلىپ كەتكەن كۈنى يوقاپ كەتكەن بوۋاي بىلەن ئاشۇ ئۇجمىنىڭ بىر ئورتاقلىقى بار، دەپ ئويلايدىغان، ئۇنى ـ بۇنى يېزىپ يۈرىدىغان بالىنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارنى قانداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ باققۇم كەلگەنىدى. كېيىن ئۇ بالىنىڭ تۇخۇم جىبدىلىگە ئارىلىشىپ قېلىپ تۈگىمەس پەرىشانلىققا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ خىيالىمدىن ۋاز كەچكەنىدىم.

بازاردىكى ئۇجمىنىڭ شېخىدا قونۇپ ئولتۇرغان پاختەكلەرگە رەگەتكە بىلەن تاش ئېتىۋاتقان بالىلارغا قاراپ تۇرۇپ ئۇش-

تۈمتۈت، جاھان نىمە بولسا كارى يوق يۈرۈشمۇ، سايىسى يوق كۆچەتتەك تايىنى يوق بىر ئىشكەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. ناھايىتى جىق بىرنېمىلەرنى ئويلايدىغان بىر كىشى قولۇم ـ قوشنا، تونۇش ـ بىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقان دېگەندەك ئۆز ئەترا-پىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇسال خۇيلىرىدىن قاقشاپ: «قور-ساق ئېچىپ كەتكەندە پاكىز لېگەندىكى يۇمشاق پىشۇرۇلغان گۆشنى كۆرسىمۇ ھەركىم ھەرنىمە دەپ باقىدۇ، مەززىلىك ھور ئۆرلەپ تۇرغان گۆشنى مىڭ ئادەمنىڭ ئالدىغا ئەكەلسە مىڭ تۈرلۈك بىرنېمە دېيىشى مۇمكىن. بىركىملەرنى ياخشى ـ يامان دېگەندەك گەپلەر بولۇنسا ئالدىراپ بىر تەرەپكە يان بېسىشتىن ساقلىنىش كېرەك بولىدۇ، جىمىدە تۇرۇۋېلىش ھەممىدىن ياخشى، بۇنداق قىلسا يا ئۇيانلىقى، يا بۇيانلىقى يوق ئادەم دەيدۇ، بولىدىغان يېرىگە كەلگەندە بار ـ يوقلۇقنىڭ ئەھمىيىتى كۆپ ئەمەس، ئەمما مۇشۇنداق ياشىماي بولمايدۇ، خاپىلىقنى ئاز تار-تىدىغان گەپ» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقنى تۈزۈكمۇ يېيەلمىدىم. مەن بۇ گەپلەرنى توغرىدەك ھېس قىلىپ ھەرقانداق ئىشتا باشقىلارغا مەسلىھەت بەرگىلى ئامراق، بىركىم دېگىنى بويىچە ئىش قىلمىسا بەكلا خاپا بولۇپ كېتىدىغان بىر كىشىگە دېگەنىدىم، ئۇ بىر قېتىم-لىق چوكىنى سۇندۇرۇپ، شىشىقلىرى بىلەن چىشلىرىنىڭ ئا-رىسىغا كىرىۋالغان نەرسىلەرنى چىقىرالماي رەللە بولغان ھالدا:

— مېنىڭمۇ بېشىم قېتىپ كەتتى، گەپنىڭ تولىلىقىدا قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتالىقىنى ئاڭقىرالمايدىغان بولۇپ قالدىم، ئۆزىڭىز بىلىپ بىر ئىش قىلىڭا، — دەپلا گەپنى تۈگەتتى.

بەزى ئىشلارنى بەك چىڭىغا چىقىرىپ ئويلايدىغان بىر ئادەم نېمىشقىدۇر سادىن ساراڭغا يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقىدىغان بو-لۇپ قالغانىدى. سادىن ساراڭنىڭ تېنى ئاجىزلاپ، تىلى مەلتۇك-لىشىپ كەتكەن، نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرغىلى بولمايدىغان بو-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



لۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بورۇنقى گەپلەرنى تەكرارلاپ يۈرگەنلىكىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر گەپلەرنى دەۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى.

قوڭۇر ئات بىر خىل رىتىمدا يورغىلاپ مېڭىۋاتاتتى. مايلاش شەپكىسىنى مايماق كىيىۋالغان ئادەم يەنە بىر قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزارلىق بىلەن چىكىلداپ قويدى. ئاقىرىپ كەتكەن ئاپىغى يېرىم سىلىنىپ سونجىقى تېشىلىپ كەتكەن پايپىقى كۆ-رۈنۈپ قالغانىدى. پىژغىرىم ئىسسىقتا زەھەردەك ئاچچىق ھاراق ئىچىۋالغان مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ جېنى، گال پىچاقتا بوغۇز-لىغاندىنمۇ بەتتەررەك قىينىلىپ كەتسە كېرەك. مۇشۇ ھالىنى كۆرۈپ بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇنى تىللىغۇسى كېلىدۇ، بەزى ئادەم-لەرنىڭ ئۇرغۇسى كېلىدۇ، يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ مۇ-شۇنداق ئەپتىدىن ھۆزۈرلانغۇسى كېلىدۇ.

مەپىكەش زۆرۈر بولمىسىمۇ پات ـ پات تىزگىنىنى تارتىپ قوياتتى. ئىختىيارسىز قامچىسىنى شىلتىپ قاس چىقىراتتى. تۆت قوڭغۇراقلار ناھايىتى بۇرۇنقىدەكلا كونا ئاۋازدا جاراڭلايت-تى. مەپىكەش ئىشتىنى يىرتىلىپ كەتكەن ئادەمدەك قورۇنۇپ قېلىۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭدا يەنە قانداقتۇر بىر ئىشلارغا تەن بەرگۈسى كەلمىگەندەك بىر ھالنى بايقاپ قالغانلار بار ئىكەن.

مىسكەر كوچىسى زادى قايسى تەرەپتىدۇ.

مەپىكەش كۆڭلى غەش بولغان ھالدا يۆتىلىپ قويدى. مىس-كەر كوچىسىنى تاپالمىغىلى بەك ئۇزۇن بولدى. ئۇ ئىلگىرى بۇ بازاردا مەن بىلمەيدىغان تۆشۈك يوق، دەپ ماختىناتتى. تېرە با-زىرىنى تاپالمىغىلى ئىككى ئايدىن ئاشتى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرەر كىشى مەپىگە چىقىپ مىسكەر كوچىسىغا ھەيدە، دەپ قال-سا قانداق قىلغۇلۇق. تېرە بازىرىغا بارىدىغانلار چىقىپ قالسىمۇ ئوسال بولىدىغان ئىش.

ئۇ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە مەپىكەشلىكتىن بىزار بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. تۈنۈگۈن كەچتە

خوتۇنى ئەتكەن لەڭمەن ئېغىزىغا تېتىماي ئۇنى بىرمۇنچە تىل-لىدى. ياۋاش خوتۇن قاچىلارنى يۇيغاچ ئولتۇرۇپ مىشىلداپ يىغ-لىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ كەينىدىن قاراپ ئۇنىڭ قاچىلاردا بۇنداق تەن قويۇپ سەمرىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىيەلمەي ھاڭ - تاڭ قالدى. پاكار تاختا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئايالىنىڭ بەدىنى قاچا يۇيغاندىكى ھەرىكىتىگە ماس تەۋرىنەتتى. ئۇنىڭ يىغلاپ قاچىلان توختاپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى.

مەندىن چاتاق چىقتى، خەقلەر بۇنى بىلىپ قالمىسا بولاتتى.

قوڭۇر ئاتنىڭ تۇياقلىرى قاتتىق يولغا بىر خىل رىتىمدا تاراقلاپ تېگەتتى. ئۇ ئاتنىڭ يۈرەك سوقۇشى، ئۆزىنىڭ يۈرەك سوقۇشى، يەنە مۇشۇ بازارنىڭ يۈرەك سوقۇشى ئوخشاشتەك ھېس قىلىپ قالدى.

مەپىكەش ئۆز ئۆيىگە قانداق مېڭىشىنى ئەسلىيەلمەي تو-رۇپلا قالدى. ئۆيۈم قايسى تەرەپتە، نەچچە ۋاقىتتىن ئات ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئېتىنىڭ بويىنىنى قۇ-چاقلاپ يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى بىلەن خوتۇنىنىڭ قاچا يۇيۇۋې-تىپ يىغلاشلىرىنى ئوخشاتقىلى بولمايتتى.

قوڭۇر ئات بۇ بازاردىكى يوللارنىڭ ھەممىسىدە مېڭىپ باق-قان. بىراق ئۇ كوچىلارنىڭ ناملىرىنى، ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىد-نى، يەنە ئۇلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

مەپىكەش چىڭقىلىشىپ قالغان قامچىسىنى يېشىپ بولالماي جىلە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئاۋازىنى چىقارماي قانداقتۇر بىركىملەر-نى ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن تىللىدى.

شەپكىلىك ئادەم بېشىنى كۆتۈرمەستىن:

— مەپىكەش، مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى. مەپىكەش ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالدىمۇ، يا بول-مىسا تۇچ قوڭغۇراقلارنىڭ زىل ئاۋازى مەپىدىكى ئادەمنىڭ ئاۋا-زىنى بېسىپ كەتتىمۇ، ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. بەزى ئادەملەر مە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىكەش قەستەن جاۋاب بەرمىدى، شەپكىسى مايماق ئادەمنىڭ ھېـ-
لىقى سوئالنى جىق سوراپ كەتتى، دېيىشى مۇمكىن. بۇ گەپلەر-
نى ئاڭلاپ قالسام مەن ئىشىنىپ قالىمەن، ئەمما بۇنىڭ توغرا ـ
خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلالمايمەن.

ـــ چۈەه، ھۇ ئىشەككە ئوخشايدىغان ھايۋان...

مەيىكەش قامچىسىدىن قاس چىقىرىپ شۇنداق ۋارقىرىدى.
شەپكىسى مايماق ئادەم مەيىكەش ئېيتىنى تىللاۋاتامدۇ يا باشقا
بىرسىنىمۇ دەپ ئويلىغاندى، يەنە خىيالى بۆلۈنۈپ ھېلى ئويلىـ-
غانلىرىنى يىتتۈرۈپ قويدى.

بىر ئادەم ئۇەه تارتقىنىچە تاماكىسىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ، شۇ
ھالدا مايماق شەپكىنى، مەيىكەشنى مەنزىلىنى بىلەلمەي رەللە
بولۇۋاتىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى.

مەن بۇ دۇنيادا ئاجايىپ ئادەملەر بار، بەك ئەقىللىق، ھەمـ-
مىنى شۇلار بىلىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە كۆڭلۈم
شۇنداق خاتىرجەم ئىدى. قۇياش ئۆز جايىدىن چىقىۋېرىدۇ، مەـ-
ھەللىدىكى كۆۋرۈك بۇزۇلسا بىركىملەر كېلىپ ياسايدۇ. ئۇرۇ-
شۇپ قالغانلارنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويىدىغانلار بار. بىرەر ئىت
قېرىپ يا بولمىسا زەھەرلىك دورا يەپ سېلىپ كوچىدا ئۆلۈپ
قالسا ئۇنى كۆمۈپ قويىدىغانلار چىقىدۇ. لىققىدە يۈك باسقان
ھارۋا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇزۇلۇپ قالسا ئۇنى ئىتتىرىشىپ
بىر ياقلىق قىلىدىغانلار بار. مەن ھە دېگەندە بىر ئىشلاردىن غەم
يەپ يۈرمىسەممۇ بولىدۇ. بۇنداق ئويلايدىغانلار يالغۇز مەن ئەـ-
مەس، ناھايىتى جىق ئادەملەر مۇشۇنداق ئويلايدۇ. مەن ھەم ماڭا
ئوخشاش ئادەملەر مۇشۇنداق ئويلىغانلىرىمىزنىڭ توغرا بولغان،
بولمىغانلىقىنى بىلمەيمىز. قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ توغرا ـ خاتا-
لىقى، ئوڭ يا تەتۈرلىكىنى پەرق ئەتمەك ئاسان ئىش ئەمەس. ئۆ-
يىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن يولنىڭ نەگە بارىدىغان يول ئىكەنـ-
لىكىنى قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ھەممىسىدىن سوراپ جاۋاب
ئالالمىغاندىن كېيىن، مەن بەك گۇمانخور بولۇپ كەتتىم.

بۇ گەپلەرنى بىرنەچچەيلەنگە دېمەكچى بولۇپ يەنە يالتىيىپ قالدىم. خەقلەرنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى باشقىچە چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشۇم مۇمكىن.

چوڭ يولنىڭ بويىدا دىمىن قارى بىلەن ساۋۇت تۇگمەنچى نېسىنىڭ جېدىلىنى قىلىپ ئولتۇرۇشقان يەرگە بىرمۇنچە ئادەم يىغىلىشىپ قالغانىدى.

قوڭۇر ئاتلىق مەپىنىڭ تۆچ قوڭغۇراقلىرىنىڭ جىرىڭلاشلىرى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا قۇرت يەپ كەتكەن چىشلىرىنى تارتقۇزۇۋېتىپ چىش ئاغرىقىنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلغان بىر كىشى مەپىكەش بىلەن مايماق شەپكە كىيىۋالغان ئادەم ئۆيىنى تاپالماي يۇرۇۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇلارنى دۆت دەپ ئويلىدى. سادىن ساراڭ لىپپىدە خىيالىدىن كەچتى. زاڭلىق قىلغۇسى كەلگەن بولسىمۇ سىرتىغا چىقىرالمىدى. چىشى قالمىغان ئادەم خەقنى كوماك دەپ تىللىسا كۈلكىگە قالىدىغانلىقىنى بىلسە كېرەك.

— سىلىگە بېرىدىغان نېسىيىم مىڭ كوي پۇلغۇ شۇ. مېنى قىستاۋەرمىسىلە. بولمىسا پۇلمۇ يوق، ئادەممۇ يوق ئىش بولۇپ قالمىسۇن. جان دېگەننى ئارغامچىدا باغلاپ بولمايدۇ.

ساۋۇت تۇگمەنچىنىڭ ئورۇق يۈزلىرى تارتىشىپ كەتكەندى. ئۇ قولىدا مىجىقلاپ تۇرغان يېرىم تاماكىنى تۇتاشتۇرىدىغانغا ئامال قىلالماي جىلە بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى، قارىسى ئاقىرىپ كەتكەن كۆزلىرى دەممۇدەم پىلدىرلايتتى.

— مېنى قورقۇتمىسىلا، سىلىدىن ئالىدىغان پۇل مىڭ كوي ئەمەس، بەش مىڭ كوي، مەن سىلىگە ئەللىك قوينى ئىككى يۈز كويدىن جەمئىي بەش مىڭ كويغا ساتقان، شۇ پۇلدىن تېخى بىر تىيىن بەرمىدىلە، مېنى دۆت چاغلىمىسىلا.

ئارىدىن بىرەيلەن ئۇلارنىڭ نېسى جېدىلىگە بەك ئۇزاق بولغانلىقىنى يادىدىن ئۆتكۈزدى. قاچان باشلانغانلىقىنى بىلەلمەي بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ يادىدا قالغىنى بۇ ئىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقىتىش بېكىتى



كېيلەن قوي سودىسى قىلىپ نېسى قالدۇرغان ئىشلار بولغاندا، ساۋۇت تۇگمەنچىنىڭ ساقاللىرى تېخى ئاقارمىغانىدى.

— توۋا خۇدايىم، نېمە كۈن ماۋۇ ماڭا، مۇشۇنداقمۇ تېنىۋالامدۇ ئادەم دېگەن، ئەللىك قوينى 300 كويدىن ئالدىمغۇ، جەمئىي پۇلى مىڭ كوي بولىدۇ، دەپ كېلىشمىدۇقمۇ، نىمانداق ئادەمنى ئانىي تاپىدۇ ما ئادەم، بولمىسا بارىدىغان يەرگە بېرىشايلى.

— بارساق باردۇق.

بىرمۇنچە ئادەم ئۇلارنىڭ تالىشىشلىرىنى پەس قىلىپ بولالماي سۆرۈلۈپ يۈرۈشەتتى. ئارىسىدىن شاپ بۇرۇت بىرەيلەن چىقىپ ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەر ئىككىڭ توختىشە، شۇنچىلىك ھېسابنىمۇ قىلىشالماي بولۇپ كەتكىنىنى ما خەقنىڭ، ئەللىك قوي دېگەن ئىككى يۈز كويدىن توپتوغرا يەتتە يۈز ئەللىك كوي بولامدۇ، شۇنىمۇ بىلمەي تارتىشىپ يۈرۈشكىنىنى، ئەقلىڭلار نەگە كەتتى؟

ئۇنىڭ گۈلدۈرماما ئاۋازى ئەتراپتىكى ھەممەيلەننى جىم - جىملا قىلىپ قويدى.

— توغرا، ماۋۇ تاخۇن توغرا ھېسابلىدى، مېنىڭ سەندە زادى يەتتە يۈز ئەللىك كوي ئېلىشىم بار.

دىمىن قارى شاپاق بۆكىنى قولىغا ئېلىپ مىجىقلاپ بولۇپ يەنە ئوڭشاپ كىيىۋالدى. ئۇنىڭ يۇمشاق چاچلىرى چارلىشىپ كەتكەنىدى.

— ياق، مېنىڭ بېرىشىم مىڭ كوي، مەن شۇ پۇلنى تونۇيمەن، باشقا ھەرقانداق گەپ بىر تىيىن.

ساۋۇت تۇگمەنچىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، دەردتە قالغان كىشىدە بولىدىغان ئەلەملىك چىرايى باشقىچە بولۇپ كەتكەنىدى. كۆزىدىكى ئاق تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەندەك ئىدى.

مەن يۈز يىل بۇرۇنقى چوڭ يولنىڭ ئاستىدىكى سۇڭگۈچ-

تىن ئىقىپ ئۆتىدىغان قارا سۇنىڭ نەگە بېرىپ قايسى ئېقىنغا قوشۇلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىگەندىن كېيىن چۆچۈپ قالدىم. بۇ قوشنىلىرىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلەلمىگىنى مېنى قورقۇتقان يەنە بىر ئىش ئىدى. مەن گەرچە جاھاندا نى ئەقىللىق ئادەملەر بار، شۇلارلا بولسا ھەممە ئىش جايىدا يۈرۈشۈپ مېڭىۋېرىدۇ، دەپ ئويلىساممۇ يەنە ئەندىشىدىن قۇتۇلالمىدىم. يولنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى، سۇنىڭ ئىقىپ قاياققا كېتىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم، شۇنىڭدىن باشلاپ قانداقتۇر بىر ئىشلاردىن گۇمان قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى، ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ قاراشلىرىدىن، مەنىلىك تەبەسسۇملىرىدىن، قول ئىشلىتىشلىرىدىن، كۈلۈشلىرىدىن ئەندىكىپ چۆچۈپ قالغانلىقىمنى ھېچكىمگە دەپ باقمىدىم. بوۋام ھايات زاماندا ياشىغان سادىن ساراڭنىڭ چۈشۈمگە كىرىپ قېلىشىدىن بەك قورقاتتىم.

بۇ بازاردىكى ئادەملەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنى بەڭگى ھېسابلايدىغان بىر كىشى چارلاشقان ساقاللىرىنى ياساتقىلى ئۇنىمىغىلى ئۇزۇن بولدى. بېشىدىن ياغلىقى چۈشۈپ كەتسە قورقۇپ تىلى گەپكە كەلمەيدىغان خوتۇنى ئېرىنى ساقىلىڭنى ئالمىدىڭ دەپ، ئوغلىنى چېچىڭنى ياساتمىدىڭ دەپ گەپ ئاڭلىتالماي ئىچ پۇشۇقى تارتىپ چاچلىرىمۇ ئاز كۈندە ئاقىرىپ كەتتى. خوتۇنىنىڭ تولا كۇتۇلداپ كەتكىنىدىن بىزار بولغان ھېلىقى ئادەم دوڭغىيىپ كېتىپ باراتتى. ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئوغلى قولىدىكى ناننى توخۇلار دانلاپ يۈرگەن ھويلىغا تاشلىغاندا، دەسلەپ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، ئارقىدىن راستلا يېرىلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدى، بىكاردىن ـ بىكار ساقىلىنى ياساتقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغۇسى كەلمەيتتى. خوتۇنى چىرايلىق گەپ قىلىپمۇ، تىللاپمۇ ئۇنىڭ ساقاللىرىنى ئالدۇرالمىدى، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىتەلمەي ھالى قالمىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— نەگە بارسەن؟

ئوغلىنىڭ چىچى ئۇزۇن ئىدى، قۇلاقلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بالىنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى ئورۇق چىرايىنى تېخىمۇ تاتىراڭغۇ كۆرسىتەتتى.

— چېچىڭنى قىسقارتىۋەت!

ئوغلى ئالدى بىلەن دادىسىغا، ئاندىن ئانىسىغا قاراپ ئەزمىلىك بىلەن چايناپ ئولتۇرغان ناننى يۇتالماي بويىنىنى سوزۇپ قويۇپ، ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— سېنىڭ ئازابىڭدا تاز بولۇپ قالساملا بوپتىكەن، نېماداق جىق گەپ بۇ؟

— كىيىۋالغان كۆڭلىكىڭنى قارا، خۇددى قىز بالىنىڭكىدەك... نەدە بىر يەردە ئوغۇل بالا دېگەن چىت كۆڭلەك كىيىدۇ؟

— بۇ چىت كۆڭلەك ئەمەس.

مەندىن ئوتتۇز يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەن بۇ بالا دادىسىدىن، ئانىسىدىن، ئۆزى مېڭىۋاتقان يوللاردىن، يەۋاتقان نېنىدىن، نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋادىن، ھەممە نەرسىدىن بىزار بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

شۇ چاغدا ھويلىنىڭ ئالدىدىن تۇچ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلاشلىرى ئاڭلاندى. دادا جىم بولۇپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. نىياز موللام چالىدىغان ساتارنىڭ ئاۋازى بىلەن تۇچ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلاشلىرىنىڭ بىر يەرلىرى ئوخشاشتەك، بۇ ئاۋازلار بىر تۇغقاندەك، ناھايىتى قەدىمدە بىللە تۇغۇلۇپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەندەك ئىدى. نىياز موللام ئۆلۈپ كېتىۋىدى، ئۇنىڭ ساتارىمۇ تەڭ يوقالدى. مۇشۇ مەپە يوقاپ كەتسە، تۇچ قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازىمۇ بىللە يوقايدۇ. ئۇ قوڭغۇراق ئاۋازى يوقاپ كەتسە، چىت كۆڭلەك كىيىدىغان ئوغۇل بالا كۆپىيىپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىنىڭ پەقەت قاملاشمىغانلىقىدىن ئۇيۇلۇپ كەتتى. تۇچ قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى يىراقلاپ كەتتى. دادا ئەلەم

بىلەن ئوغلىغا قاراپ توۋلىدى:
— ماۋۇ بىرنىمىنى سىلىۋېتىپ باشقىنى كىيگىن.
— ئۆلۈپلا بەرسەم بولىدىغۇ... بىرىڭ چىچىم بىلەن قىپ-لىنشساڭ، بىرىڭ كۆڭلىكىم بىلەن قىلىشساڭ... ياشىغىلى قو-يامسەن - يوق؟
— ئادەمدەك ياشا!
بالا شۇ چاغدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ قولىدىكى ئاق نان-نى يىرقىرىتىپ يەرگە ئاتتى. ئۇ ناننى ناھايىتى تەستە چايناۋا-تاتتى. نان بالىنىڭ قولىدىن چىقىپ توخۇلار دانلاپ يۈرگەن يەرگە چۈشۈپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى، ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان ئادەمنىڭ يۈرىكى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. توپىغا مىلىنىپ تۇرغان ناننىڭ يۈزىدىكى مىڭ پاتمان ھەسرەت ۋە ئە-لەملىك يىغا بوۋاينىڭ ھالىنى قويمىدى. بوۋاي بۈرنىنى تەشمە-گەن بۇقىنى ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان بىدىشنى ئېلىپ ئوغلىنىڭ دۈمبىسىگە نەچچىنى ئۇردى. ئوغلى قىسماقتەك ئې-گىلىپ، ئاغزىدىن شالۋاقلىرىنى ئېقىتىپ ھويلىدىن قېچىپ كەتتى.
ئاننىڭ يۈرىكى مىجىلىپ كەتتى، بۇ يۈرەكتىن قان تام-چىلاپ تۇراتتى. بۇ قانلار ھويلىغا، ئانىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقى-سىغا، ئۇزۇن ياغلىقىنىڭ ئۈچىغا، قەدىناس ھويلىسىغا تېمىپ چۈشتى.
— مەن قېچىپ كېتىمەن.
ئەتىسى ئوغلى ئانىسىغا شۇنداق دېدى.
— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىل.
ئانىنىڭ ئورۇق ۋۇجۇدى تىترىدى. ھويلىدىكى دەرەخنىڭ شاخلىرى سىلكىنىپ بىرمۇنچە غازاڭلار تۆكۈلۈپ چۈشتى. دە-رەخ ئۈچىدىكى قاغا سوزۇپ بىرنەچچىنى قاقىلدىدى. ئانا دۈرۈت ئوقۇدى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىرىدىن ئاسماننىڭ يىراق بۇرجىكىدىكى بۇلۇتلار قىزىرىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

— نېمە بولدى؟

— ئوغۇل بالا دېگەن قىچىپ كېتىمەن دېسە بولمايدۇ.

— تولا پەتتۇا تاپما.

— نېمىشقا قاچماقچىسەن؟

— مېنى ئۇرغاندىكىن.

— ئانىنى تاشلىدىڭ ئەمەسمۇ؟

— تاشلىسام نېمە بوپتۇ؟ ئاھايىتى شۇ بىر كويلۇق ئانغۇ؟

— ئان دېگەندە تۇز بار، ئان دېگەن جان بىلەن ئوخشاش.

— سەن ئىككىڭنىڭ تاپمايدىغان گېپىڭلار يوق، بىر ئاننى دەپ شۇنچە ئۇرغاندىكىن قاچىمەن، تاپالمايدىغان يەرگە قىچىپ كېتىمەن... ھى...ھى...

بالىسىنىڭ يىغلىغانلىرىنى، يەنە بايىقى گەپلىرىنى ئېرىگە دېمىگەن ئايال ئوغلىنىڭ قىچىپ كېتىدىغانلىقىغا پەقەت ئىشەنمىدى.

خەقلەر ئۇچمە بىلەن جېنى بىر دېيىشىپ يۇرىدىغان بوۋاينىڭ قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە مۇشۇنداق جېدەللەرنىڭ بولغانلىقىنى، بۇ ھويلىغا تۇچ قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، چىچى ئۇزۇن بالىنىڭ بەك بالدۇر قىرىپ كەتكەن دادىسىنىڭ قوڭۇر ئاتلىق مەپىنى، زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ھايالىق تەبەسسۇمى بىلەن كۆڭۈلگە يورۇقلۇق بېرىدىغان يۇلتۇزدەك كۆزلىرىنى، بازارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا كۆكىرىپ تۇرغان بىر تۇپ ئۇچمىنى، ئۇچمە يېنىدىكى لەڭپۇڭ غالتىكىنى ياد ئەتكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى.

ئۆزىنى ئاھايىتى جىق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندەك، نۇرغۇن ھەسرىتى، يەنە نۇرغۇن خۇشاللىقى باردەك ئويلايدىغان ئادەملەر بار. شۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار. ھەسرەتلىرىنى، خۇشلۇقلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە كېتىۋېتىپ ئۆزۈمنى چاڭ ـ توزانغا ئايلىنىپ كەتكەندەك سەزگەندىم. بۇ ئىلگىرىكى خىياللىرىم، قاچان شۇنداق ئويلىغانلىقىم يادىمدا

يوق. بىر چاغدا بىلىش بىلەن بىلمەسلىك ئوتتۇرىسىدا ئالەمچە پەرق بار، دەپ يۈرىدىغان بىر كىشى بىلەن تاماكا چېكىشكەنىدىم. شۇ چاغدا مەن نېمىلەرنى بىلىمەن، نېمىلەرنى بىلمەيمەن دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۇزاققىچە خىيال سۈرگەنىدىم. مەندىن يۈز يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بوۋام بىلەن مەندىن ئوتتۇز ئالتە يىل كېيىن تۇغۇلغان ئوغلۇمنىڭ تۇچ قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلاشلىرىنى ئاڭلىغاندىكى يۈرەك سوقۇشلىرى ئوخشىمايدۇ. ئاشۇ بوۋامنىڭ بۇ دۇنياغا چەكسىز مېھىر قويغان يۈرىكى بىلەن مېنىڭ، يەنە ئوغلۇمنىڭ يۈرىكىدىكى شادىمانلىق، خۇشاللىق، ھەسرەت، غەم ـ ئەندىشىلەرنىڭ پەرقى ئۇچىسىزنى ئۇچ ئالەمگە مەنسۇپ ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

بەزى نەرسىلەرنى ئەزەلدىن بىلمەمدىمەن يا ئۇنتۇپ كەتتىممۇ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، خەقلەر بەزى نەرسىلەرنى ئۇنتۇلۇپ كەتكىنى ئۇچۇن بىلمەيۋاتامدۇ يا بۇرۇندىن بىلمەمدۇ، بۇنى بىلمەيمەن. بىر ئىشلارنى تولا خىيال قىلىپ باشلىرىم چىڭقىلىپ كەتكەندە ئۇزمەي تاماكا چېكىمەن. تاماكا دەردنى ئالىدۇ، دېگەن گەپكە ئىشىنىپ چېكىشنى ئۆگىنىپ قالغانىدىم، شۇ يىللاردا زادى نېمە دەردىم بارلىقى، قايسى ئىشلاردىن ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغانلىقىمنى ھازىر ئەسلەپ بېرەلمەيمەن. مۇشۇ كۈندىمۇ زادى نېمە دەردىم بارلىقى ئۆزۈمگە نامەلۇم. نېمىلا دەي، بۇ نەرسىنى يىگىرمە يىل ئۇزمەي چېكىپ كەلدىم، ئالدىنقى ھەپتە تاماكا ئالاي دەپ بېرىپ ئۆزۈم چېكىدىغان تاماكىنىڭ ماركىسىنى تاپالماي گاڭگىراپ قالغان چېغىمدا ئىزا تارتىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتىم.

ئەللىك يىل بۇرۇن كۆرگەن يۇلغۇننى، شۇ يۇلغۇن تۈۋىدىن قېچىپ كەتكەن توشقاننىڭ رەڭگىنى، شۇ كۈنى قايسى يوللار بىلەن مېڭىپ، قايسى دۆڭدە توشقان گۆشىدە كاۋاپ قىلىپ يېگەنلىكىنى ھازىرقى ئىشتەك ھېكايە قىلالايدىغان ئادەمنىڭ پۇشتى بولغان مەن ئۇنتۇغاق چىقىپ قالدىم. مەندىكى بىپەرۋالىق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھېچنېمىگە دىققەت قىلمايدىغان يەڭگىللىك مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. بىپەرۋالىق بىلەن ھاڭۋاق-تىلىقنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقى يوقلۇقىنى بىر كۆزى ئەلەس ئادەمدىن سوراپ بىلىۋالسام ياخشى بولاتتى.

— سىز چېكىدىغان تاماكا مۇشۇ شۇ.

— ياق، ئۇ ئەمەس.

مەھەللىمىزدىن چىقىپ چوڭ يولغا قايرىلىدىغان دوقمۇش-تىكى بوتكا ئاپتاپتا گىرىمسەن ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇراتتى. بوتكا ئىگىسى كۆزلىرى بەك چىرايلىق قىز رەڭمۇرەڭ تاماكىلار-نى بىردىن - بىردىن ئېلىپ يەنە جايىغا قويۇشقا باشلىدى.

— ماۋۇ... ياق، ماۋۇ راست، بۇمۇ ئەمەسكەن، قايسى تاما-كىنى چېكىدىغان بولغىيدىڭىز... ئاۋۇ كۆك قاپلىقمۇ يا.. ياق... قىزىل قاپلىقنى چېكىدىغان... ئۇمۇ ئەمەسكەن.

قىزنىڭ بەك چىرايلىق كۆزلىرى كېيىكنىڭكىدەك چۆچۈپ تۇراتتى. يۈرىكىم ئېچىشىپ، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتكى-لى تاسلا قالدى.

— بولدى، ئاشۇنى ئېلىپ بېرىڭ.

مەن يىگىرمە كويلۇق پۇلدىن بىرنى بەردىم، تاماكىنىڭ يې-نىدا ئالتە كوي دەپ يېزىقلىق تۇراتتى. قىز پېشانىسىنى سىلاپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ماڭا بىر قاپ تاماكا بىلەن ئون كويلۇقتىن ئۈچىنى ئۇزاتتى. مەن سەل تۇرۇپ قېلىپ ئاستا دېدىم:

— ئاشقان پۇل قېپقالسۇن، كېيىن ھېسابلىشارمىز.

زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىز ئۇرغان داڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان، ئاشۇ قىزنىڭ يۇلتۇزدەك چاقنايدىغان كۆزلىرىنى كۆرمىگەن، كۆزلىرى ئاشۇ كۆزلەردىن نۇر ئالمىغان بوتكىچى قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى تىنىق ھەم بىغۇبار ئىدى. ئەقىل ھەم پارا-سەت ئىزنالىرىدىن تامام خالىيدەك قىلاتتى.

مەپە بىرمۇنچە تار كوچىلاردىن، كۆۋرۈكلىرى بۇزۇلغان ئې-

رىقلاردىن، تونۇردىن كۆتۈرۈلگەن قارا ئىسلار ئاسمانغا ئۆرلەپ تۇرغان ھويلىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بىر خالتا كوچىغا كىرىپ قالدى. ئاتنىڭ دۈمبە، تۆشلىرىگە زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈچ قوڭغۇراقلاردىن كېلىۋاتقان جاراڭ - جۇرۇڭى مەپىدە ياتقان كىشىنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۆزىنى پاللىدە ئېچىپ ۋارقىراپ كەتتى.

— توختا ھوي... مۇنۇ ھويلا سەدىرىدىن كاچكۇلىنىڭغۇ... سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويغىنىغا قارىغاندا قاتتىق قىمار بوپتۇ بۇ يەردە... مېنى دەۋالمىغىنىنى ما گۇينىڭ باللىرىنىڭ...

قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى چىدىماي مايلاش شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ مەپىكەشكە ۋارقىرىدى:

— زۇۋانىنى ئۆچۈرسەڭ بولمامدۇ ئاۋۇ بىرنېمەڭنىڭ... نېمە تولا غەلۋە بۇ، دەججال قويىقاندەك.

مەپىكەشنىڭ چارلاشقان بۇرۇتلىرى تاماكا ئىسىدىن سارغايغانىدى. ئۇ مۇشۇكنىڭكىدەك چېقىر كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھارۋىدىكى ئادەمگە ئالىيىپ قويۇپ ئاتقا قامچا ئۇردى. يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئات سوكۇلداشقا چۈشتى، بايىقى جاراڭ - جۇرۇڭ تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.

يولدىن توغرا كېسىپ ئۆتۈۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ مەپىكەش ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. قوڭۇر ئات ئالدى پۇتلىرىنى قاتتىق يەرگە تىرەپ جايىدا توختىدى. ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆڭلىكى كىدىك كېلىپ قالغانىدى. كۆڭلەكنىڭ ئاستىدىن قورساقلىرى چىقىپ، تۈگمىلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىنمۇ ئاپپاق ئېتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بالا دادىسىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىۋالغانىدى. ئاپپاق كۆڭلەك بالىنىڭ تىزىدىن ئېشىپ تۇراتتى.

— مۆمىناخۇن، كۆڭلەك ئالمىشىپ قاپتۇ.

مەپىكەش ھېلىقى ئادەمگە شۇنداق دېدى، ئاۋازى يېقىملىق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— تاڭ، يا بىلگىلى بولمايدىكەن بۇ كۆڭلەكلەرنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى، سەن بەغەرەزمۇ ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلىكىنى كىيسەڭ بولمامدۇ؟... يوق يەيدىغان...

دادا بالىسىنى دوقۇسلىتىپ قويدى.

— ئاياغنىمۇ يەڭگۈش كىيىپسىلە ئاداش... — مەپىكەشنىڭ چىرايىدا سۆيۈنچلۈك بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ مۆمىن ئاتلىق تونۇشىنى تونۇپلا قالماي، يەنە ئايىغىنىڭ يەڭگۈشلىكىنىمۇ بىلىۋالغانىدى.

— قايسى ئەخمەق مۇشۇ ئاياغ دېگەننى ئوڭ پاي، سول پاي دەپ ئايرىپ يۈرگەن بولغىيدى.

مۆمىناخۇن ئىسمىلىك ئادەمنىڭ چىرايى ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ نومۇستىن يا غەزەپتىن شۇنداق بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

تۆت قوڭغۇراقلارنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى جىرىڭلاشلىرى قۇرغاق ھاۋادا يىراقلارغا كېتەتتى. ئات پۇشقۇرغاندا، تىزگىن سىيرىپ باشلىرىنى سىلكىگەندە، قوڭغۇراقلارنىڭ رىتىمى سەل بۇزۇلغاندەك بولۇپ، يەنە ئەسلىگە كېلىپ قالاتتى. زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىز ئۇرغان داڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان بالا بىلەن بالىسىنى ئاشۇ قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارمىغان دادا ئاياغلىرىنىڭ ئوڭ پېيى بىلەن سول پېيىنى، كۆڭلەكلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئاڭقىرالماي قالغانىدى. زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىز مۇشۇنداق ئادەملەرنى كۆرسە يۈرىكىدە يىغلايتتى، ھەسرىتى تاغلاردىن ئاشاتتى، نادامىتى تاشلارنى ئېرىتىۋېتەتتى. مەن ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرگەندە تۇغۇلغان ئوغلۇمغا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە ھېكايە قىلسام ئۇ چوقۇم ئىشەنمەيدۇ. گىلوبۇسنى كۆرگەن، دۇنيادا نەچچە قىتئە، نەچچە ئوكياننىڭ بارلىقىنى بىلگەن كىچىك بالىغا بايىقىدەك ئادەملەر توغرىسىدىكى گەپلەر يالغاندەك تەسىر بېرىدۇ.

يولنىڭ ياقىسىدا ئۇنۇپ قالغان ئىككى توپ لەيلىگۈل شى-

ۋىرلاپ بىرنىمىلەرنى دېيىشەتتى. ئۇلار ئۇسسۇزلۇقتىن، ئىسسىقتىن، ئىسسىق شامالدىن قاقشايتتى. قۇشقاچلارنىڭ كېلىپ قونۇشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. قۇشقاچلارنىڭ يوقاپ كەتكىنىدىن ئاھ ئۇراتتى. چىۋىنلەرنىڭ گىژىلداپ ئۇچۇشلىرىغا قۇلاق سالاتتى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۇزاققا قالماي قۇرۇپ ئۆلىدىغان بولدۇق، چوقۇم بىر يەردىن ئۆستەڭ يار ئېلىپ كەتتى، يا بولمىسا تۇرۇۋا يېرىلدى، دېيىشىپ ئۇھ تارتىشاتتى. گۇللەرنىڭ بىرسى «بىز ئۇنتۇلۇپ كەتتۇق، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قۇرۇپ كېتىشنى كۈتمەي ئامال يوق» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ غازاڭلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى قۇرۇغان، بەرگىلىرى چۈشۈپ بولاي دېگەنىدى. ئۇلار يىلتىزىدىن، تۇپراقتىن، يامغۇر ياغمىغان ئاسماندىن، بۇلۇتلاردىن، ھېچكىمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھالىغا دىققەت قىلمىغىنىدىن ھارلىق سەزدى. بۇ دۇنيادىن كۆڭلى قالغان ھالدا جىم بولۇپ قېلىشتى. يىگىتلىك مۇقامىغا يەتمىگەن يىلىلاردىكى ئۇ گۇللەرنى، ئۇلار ئارزۇ قىلغان قۇشقاچلارنى مەن ھازىر يادىمدىن چىقىرىپ قويدۇم.

بىرنەچچە بالا ئېغىر سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېتىپ باراتتى. بۇ باللار ئۇچمە تۈۋىدە لەڭپۇڭ يېگەن باللارنىڭ ساۋاقداشلىرى ئەمەستەك قىلاتتى. كېسىۋېتىلگەن ئۇچمە بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بوۋاينىڭ كىشى چۈشىنىپ بولمايدىغان ئورتاقلىقى بار، ئۇلار سىرلىق ھالدا بىر - بىرى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن دەپ ئويلايدىغان، ئۇنى - بۇنى يېزىپ يۈرىدىغان ھېلىقى بالا پىژغىرىم ئىسسىقتا باللار تەرلەپ - پىشىپ سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ: «ئۇلار ئاددىي سومكىنى ئەمەس، كەلگۈسىنى يۈدۈپ كېتىپ بارىدۇ» دەپ ئويلىغان ھەم ئۆزىنىڭ بۇ گەپلىرىنى باشقىلار چۈشەنمەيدۇ ھەم ئاڭلىغانلار زاڭلىق قىلىدۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ئوتتەك كۆزلىرىدىن نۇر ئالغان باللار بىلەن كۆزلىرى چىرايلىق تاماكا ساتىدىغان قىزنى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەردە تۇرسىكەن دېگەنلەرنى ئارزۇ قىلغىنىم ئېسىمدە.

ئۇچمە تۇۋىدە توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغان بىرنەچچە كىشى، ئاستىدىن ناھايىتى ئاز سۇ ئاقىدىغان ئېرىقنىڭ ئۇستىدىكى كونا كۆۋرۈكتە ئولتۇرۇپ گاھ ئۇڭ تەرەپتىن، گاھ سول تەرەپتىن قوڭغۇراق ئاۋازى كېلىشۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلاتتى. قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئارامچىلىق بېرەتتى. خۇددى يۆلەنچۈككە ئېرىشكەندەك كۆڭلى تەسكىن تېپىپ قالاتتى. قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلانمىغان كۈنى بۇ بازارنى، بازاردىكى ئادەملەرنى، بازارنىڭ ئاسمىنىنى، بازار ئاسمىنىدىكى كەپتەرلەرنى، قۇشقاچلارنى، يەنە بۇلۇتلارنى غېرىبلىق باسىدۇ، دەپ ئويلايتتى. كىنددىكىنى ئوچۇق قويۇپ سىغىز چاپاپ ماڭىدىغان قىزلارنىڭ كۆزلىرىدىكى چىدىغۇسىز بىچارىلىقتىن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پىژىلداپ كۆيەتتى. قىزلارنىڭ كىندىكىگە، كىندىكىنىڭ ئەتراپىدىكى يالىڭاچ ئېتىگە قارىماي دەپمۇ قاراپ سالغىنىدىن جىلە بولۇشاتتى. ساتار چېلىپ قېرى - ياش ھەممىسىنى يىغلىتىۋېتىدىغان نىياز موللا دېگەن كىشىنى، ئۇسسۇل ئوينىسا ئۆلۈكلەرنىمۇ مىدىرلىغۇدەك ھالغا كەلتۈرىدىغان گۈلچېھرە ئايىم، دېگەن ئايالنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى.

— جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن ئەلەم بىلەن غودۇراپ قويىدى.

— قىز بالا دېگەندە ھايا بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ئادەم دېگەننىڭ ئېشەكچىلىك قەدرى قالمايدۇ جۇمۇ.

زەڭگەر كۆڭلەك كىيىۋالغان قىزنىڭ لاتاپەتلىك قەدەم ئېلىشلىرى پۈتۈن بازارنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. بازارنىڭ مەركىزىدىكى تۆمۈر داڭنىڭ ئايانچلىق ئاۋازى بىلەن تۇچ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلاشلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن دەمدە، زەڭگەر كۆڭلەك كىيىۋالغان قىز ناھايىتى چاققان قەدەملەر بىلەن كېتىپ باراتتى. يۈرەكلىرى سولىشىپ قالغان مومايلار، غېرىبلىقتا يەم بولۇپ كېتىۋاتقان بوۋايلار، يەنە يىلتىزلىرى قۇرۇشقا باش-

لىغان لەيلىگۈللەر، سېرىق سەبدە ھەم چىمەنگۈللەر قىزنىڭ ئارقىسىدىن، يېنىدىن قاراپ ۋۇجۇدىغا، روھىغا جان كىرگەندەك بولۇپ قېلىشقانلىرىنى سېزەلمىدى.

— مۇشۇ زادى نېمە ئىش قىلىدىغان قىز بالا ئۆزى؟

كۆۋرۈك بېشىدا ئولتۇرغان شاپ بۇرۇتلۇق ئادەم موخۇركىسىنى كۈچەپ شورىدى. ئۇ خوتۇنىغا چوقۇم تاماكا تاشلايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ھازىرغا قەدەر تاشلىيالماي تىل ئىشتىپ كېلىۋاتاتتى.

— بالا ئوقۇتىدىغان خوتۇنمىكىن دەيمەن.

— ئۇ مەكتەپتە داڭ ئۇرىدىغان خوتۇن.

— خوتۇن ئەمەس، قىز بالا تېخى.

— ئۇنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

— خوتۇن ئىكەنلىكىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

— مۇشۇ قىزنىڭ گېپىنى قىلىشىپ قېرىپ كەتكىلى قوپتۇڭلار باللا، بىرەرسىڭلا غەيرەتكە كېلىپ بىر ئىندەككە كەلتۇرسەڭلار بولمامدۇ، — دېدى چار ساقال بىرسى ئېڭەكلىرىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ.

— ئىندەككە كەلتۇرۇش شۇنداق ئاسانمۇ؟... گەپ قىلسا ئادەمنى تىللىسا قانداق قىلغۇلۇق؟

— شۇ، ھازىرقى قىزلارنىڭ ھالى چوڭ، گەپ قىلغىلى بولمايدۇ.

— ئەمسە مۇشۇنداق تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ قېرىپ كەتسەڭلا مەيلىمۇ؟ ناھايىتى بىر قىز بالىغۇ ئۇ، قورققۇدەك نېمىسى بار؟ قېرىپ قالمىغان بوسامزە...

— ئىشقىلىپ مۇشۇ قىز بالا يوقاپ كەتمىسۇن جۇمۇ. ئاشۇ بالىنى بىر كۆرسەم كۆڭلۈم نەچچە كۈنگىچە ئارام تاپىدۇ.

قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، خوتۇنى كېسەل تارتىپ ئۆلۈپ كەتكىلى ئون نەچچە يىلدىن ئاشقان بىرسى شۇنداق دېدى. ھەممەيلەن قېقىقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. جاھاندىكى ئەڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھەسرەتلىك يىغىمۇ بۇنىڭدىن بەتتەر بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى ئە-تىگەندىن بېرى ھېچقانداق گەپكە ئارىلاشمىغان بىرسى كۆزلىرىدىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە. يوتا سۆڭىكى دەز كېتىپ داۋالاش جەريانىدا بىر پۇتى قىسقا ساقىيىپ قالغان بىر ئادەم، بالامنىڭ پېشانىسى ئوڭكەن، مېنىڭ زامانىمدا مېنىمۇ داڭ ئۇرۇپ يېنىغا چىللايدىغان مۇشۇنداق قىزدىن بىرەرسى بولغان بولسا بالامنىڭ قىلغىنىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ قىلالايدىغان بولار ئىدىم، دەپ ئارمان قىلاتتى. ئۇ بالىسى ياسىغان تۇرلۇك كوزۇپلارغا، گۈل-نەقىشلەر چۇشۇرۇلگەن ھەيۋەتلىك تۆمۈر دەرۋازىلارغا قاراپ شۇنداق ئويلايتتى.

تۆچ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلىشى ئىسسىق ھاۋادا يېيىلىپ يىراققا كېتەتتى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەپىگە چىققان بىر بوۋاي مەپىدە ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ بۇرۇن بازاردا مەپە جىق ئىدى، مەپىگە ئولتۇرىدىغان ئادەملەرمۇ جىق ئىدى، مەپىلەرنىڭ تۆچ قوڭغۇراقلىرىدىن چىققان ئاۋازلار بۇ كونا بازارنىڭ مەۋجۇت-لۇقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئاخىرقى نەرسە بولۇپ قالدى، مۇشۇ مەپە بۇ بازاردىكى ئاخىرقى مەپە بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ مەپىكەش بىلەن پاراڭلىشىپ باقاي دەپ نەچچە ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ يەنە توختاپ قالدى. خەقلەر ھازىر گەپ خالى-ماس بولۇپ قالغانىدى.

ياش ۋاقتىدا چېلىشتا داڭق قازىنىپ: «مېنى يىقىتىدىغان بىر ئادەم چىقسا بولاتتى» دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرىدىغان بىر بوۋاي مەپىگە قاراپ قويۇپ قەددىنى تىك تۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەپىكەشمۇ، مەپىدىكى ئادەممۇ ئۇنى تونۇمايتتى. قىرى چېلىش-چىنىڭ مېنى يىقىتىدىغان ئادەم چىقسا بولاتتى، دېگەن گېپىگە نۇرغۇن ئادەم ھەيران قالاتتى، يىقىلمىسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ بە-كاردىن - بىكار خەقتىن يىڭىلىپ كۆڭۈل ئاغرىقى تارتقاننىڭ نېمىگە پايدىسى، دەپ ئويلايتتى. بوۋاينىڭ كۆڭلىدە: « مەن قې-رىپ ئاجىزلاپ كەتتىم، مېنى يىقىتىدىغان ياكى يىقىتىشقا جۇر-

ئەت قىلغۇدەك ئىز باسار ئادەمنىڭ بولماسلىقى يامان بولدى»
دەپ ئويلايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

بازارنىڭ تار كوچىلىرىنىڭ بىرىدە پېشايۋانلىق ھويلىدا ئولتۇرىدىغان بىر ئانا ياشانغان ئېرىنىڭ ساقىلى بىلەن ئوغلىنىڭ چېچىنىڭ مۇقامىنىڭ سىرتىدا بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ، دەردىنى ئېيتىدىغان ئادەم تاپالماي رەللە بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەھەردە چۈش كۆردى. شۇنچە ئىزدەپمۇ چۈشىنى ئۆرۈپ بېرىدىغان ئادەم تاپالمىدى. ئېرىگە دەپ بەرمەكچى بولۇپ ئىككىلىنىپ قالدى، ئېرى ئەزەلدىن چۈشكە ئىشەنمەيتتى. ئوغلىغا دەي دەپ يەنە ئېيتمىدى. بۇ بالا ئانىسىنىڭ قانداق چۈش كۆرۈشكە ئەسلا قىزىقمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەينەكنىڭ ئالدىغا تولا بارىدىغان، غەلىتە كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان بالىسىغا ئېيتىشتىن رايى ياندى. ئاخىرىدا چۈشىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى. ئوغلىنىڭ يۇمىلاق، ئاپپاق نانىنى توخۇلار دانلىشىپ يۈرگەن يەرگە تاشلىغانلىقىنى پەقەت كۆڭلىگە سىغدۇرۇپ بولالمىغان ئانا ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، چىرايىدا كۈلكىدىن ئەسەر يوقلۇقىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەش بولدى. ئۇ بۇرۇندىنلا ئوغلىنىڭ ئورۇقلۇقى، بويىنىڭ پاكارلىقى، گەپنى تېز قىلالمايدىغانلىقىدىن مەيۈسلىنىپ يۈرەتتى. ئوغلى ئاۋاق ھالى بىلەن ھويلىدا مېڭىپ يۈرگەندە، كونا دەرۋازىدىن كىرىپ ـ چىقىپ كۆزىگە چېلىققاندا، ئوغلۇم ھېچ بولمىسا گەپنى ئوڭلاپ قىلالىسا بولاتتى، دەپ ئارمان قىلاتتى.

— بۇگۈن پەيشەنبىكەن، بىكار ئولتۇرساڭمۇ ئولتۇرارسەن، ماڭ، بوۋاڭنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ كەل.

ئانا شۇنداق دەۋاتقاندا ئوغلى ھويلىدىكى كارىۋاتتا سۇنايلىنىپ يېتىپ، ئىككى تاللا تارىسى قالغان گىتارنى قانداقتۇر بىر پەدىگە چېلىپ بولالماي ئاۋارە بولۇۋاتاتتى. ئانىسىنىڭ شۇ ھالدا تۆچ قوڭغۇاقلارنىڭ ئاۋازىنى سىغىنىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

— مەن ئۇنىڭ قەبرىسىنى بىلمەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


— نەچچە قېتىم بارغانغۇ سەن؟
— ئۇنتۇپ قاپتىمەن.
— قەبرە يولغا يېقىنلا يەردە، سالاسۇنغا بوۋاڭنىڭ ئىسمى يېزىلغان.
ئوغلى گىتارنى چېلىپ ئولتۇرۇپ سورىدى:
— ئۇنىڭ ئىسمى نىمە؟
— كىمنىڭ؟
— بوۋامنىڭچۇ.
ئانىنىڭ ئورۇق ۋۇجۇدى تىترىدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسىلا تىترەپ كېتەتتى. ئۇ ئوغلىغا قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن تونۇرنىڭ يېنىدا تۇرغان كۆسەينى قولىغا ئالدى.
— ھە دېسە ئادەم ئۇرغان، دادام تېخى ئۇرسا، سەن تېخى ئۇرساڭ، ئىككىڭ كۈن بېرىشمەمسەن؟... بۇنداق جاندىن تويدۇم... مەن ئۆلۈپ بېرىمەن...
چىرايلىق بۇلۇتلار كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇلۇتلاردا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر سۈبات بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مەغرۇرلۇقى، سالماقلىقى، دۇنياغا مېھىر تۆكۈپ تۇرۇشلىرى يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سالاتتى. ئېغىر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر بالا مۇئەللىمىنىڭ بۇلۇت ھەققىدىكى گېپىنى يادىغا ئېلىپ: «مۇشۇ بۇلۇت بەلكىم نەچچە يۈز مىڭ قېتىم سۇغا، نەچچە مىڭ قېتىم مۇزغا، يەنە بۇلۇتقا ئايلىنىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى ئويلىغان ھەم يېنىدىكى قىزغا شۇ گەپلەرنى دەپ بەرگەنىدى. ئىككىيلەن مۇشۇ تۇغرۇلۇق ئۇزاق ھەم قىزغىن بىرنىمىلەرنى دېيىشتى. شۇ چاغدا بۇ ئىككىيلەن دىمىن قارى بىلەن ساۋۇت تۇگمەنچىنىڭ تالاش - تارتىشلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ ھەيران قالغان ھەم قورقۇپ كېتىشكەنىدى. دىمىن قارى بىلەن ساۋۇت تۇگمەنچى دەتالاش قىلىشقىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن شۇ كۈنى ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا كۆزلىرىگە ياش ئالدى. چىت كۆڭلەك كىيىۋالىدىغان چوپچوك بالىنىڭ بو-

ۋىسىنىڭ قەبرىسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ھەيران قال-غانىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈۋالمەن دېگەن گەپلىرى ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە مۇز بولۇپ ئۇيۇپ قالغىلى تاسلا قالدى.

يىراقتىن دىمىن قارى بىلەن ساۋۇت تۇگمەنچى بىردە مۇ-رىدىشىپ، بىردە بىر - بىرىگە قوللىرىنى جوڭۇشۇپ بىرنېمىلەر-نى دېيىشىپ كېلىۋاتاتتى. بازار كوچىلىرىدىكى دەرەخلەر، گۈل-لەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، يوغان ئۇجمە ھەم ئۇنىڭ سايىسى ناھايى-تى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بۇ ئىككى كىشىنىڭ جېدىلىگە شا-ھىت بولۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ جېدىلى داۋام قىلىپ كەلگەن شۇنچە يىللاردىن بۇيان قانچىلىك گۈللەرنىڭ پورەكلەپ ئېچى-لىپ، يەنە قۇرۇپ خازان بولغانلىقىنى، قانچىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ياپيېشىل جۇلالاپ يەنە چىرىپ تۇپراققا ئايلى-نىپ، تۇپراققا مەھكەم چىرماشقان دەرەخ يىلتىزى ئارقىلىق يە-نە دەرەخ يوپۇرمىقىغا ئايلىنىپ جىلۋە قىلغانلىقىنى بىلىپ بول-غىلى بولمايتتى.

دىمىن قارى بىلەن ساۋۇت تۇگمەنچىنىڭ ئېلىم - بېرىم جېدىلىنى قىرىق يىلدىن بېرى تۈگىتەلمىگەنلىكىنى بۇ بالىلار ئاتا - ئانىسىدىن ئاڭلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ بۇ تالاش - تارتىشتا كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەقلىكىنى ئايرىپ بېرەلمىگەنىدى. قوي نەچچە، بىر قوينىڭ باھاسى نەچچە، نەچچە پۇلدىن زادى قانچە پۇل بولىدۇ، دېگەندەك سوئاللارغا توغرا جاۋاب بېرەلەيدىغان ئادەم چىقماي مۇشۇ كۈنگە كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ زاماندا بىردىن ئۇنغىچە ساناشنى بىلدۇرۇپ قويىدىغان ئادەملەر ياكى زەڭگەر كۆكلەكلىك قىزدەك داڭ ئۇرۇپ بالىلارنى يېنىغا چاقىرىدىغانلار يوق بولسا كېرەك. دىمىن قارى بىلەن ساۋۇت تۇگمەنچىنىڭ تالىشىشلىرى تۈگىمەي، مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن ساۋۇت تۇگمەنچى بىلەن دىمىن قارىنىڭ بالىلىرىنىڭ دۇشمەن-لىشىشكە باشلىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئاق توخۇ بىلەن قارا تو-خۇنىڭ جېدىلىگە يېتىپ قېلىپ قىلماقچى بولغان ناھايىتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



نۇرغۇن ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە باشلىغان ھېلىقى بالا چىدىغۇسىز ھەسرەتكە چۆمۈپ كەتكەنىدى. خەقلەر ئۇ زىگە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا كىشى، دەپ باھا بەرسە ئانچە خۇش بولۇپ كەتمەيدىغان بىر ئادەم دوڭغىيىپ كېتىۋېتىپ: «بۇلار نەچچە يىلدىن بېرى جېدەللىشىپ يۈرگەننىڭ ئورنىدا، ئايىغى چىقمايدىغان تالاش ـ تارتىشتىن ۋاز كېچىپ ئىشىنى قىلغان بولسا ھېلىغىچە بەش مىڭ قويلۇق بولۇپ قالاتتى» دەپ ئويلىغاندى.

بىر كۆزى ئەلەس كىشىنىڭ ئۆزئارا جەڭگى ـ جېدەلنىڭ ھەممىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ساۋۋت تۇگمەنچى بىلەن دىمىن قارىغا، ئاندىن مۇشۇ يەردىكى ھەممە ئادەمگە دېگۈسى بار ئىدى. ئەمما، قاچان، كىمگە دېيىشىنى، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي مۇشۇ كۈنگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ خىيالىچە ھېچكىم جېدەلنى خالىمايتتى، ئەمما جېدەل تۈگىمەيتتى. ئۇنىڭ بەك ئىچىنى پۇشۇرغان ئىشمۇ مۇشۇ ئىدى.

ئۇ ئۇرۇش ـ جېدەل توغرىسىدا ئويلىنىپ كېتىۋېتىپ، زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ئاق بولۇتتەك، كۆك ئاسماندەك، بۇلاق سۈيىدەك، گۈل ھىدىدەك پاكىز ھەم ئۇلۇغۋار ئەقىدىسىنىڭ كۈچىدىن مەشئۇم نىيەت، پەس ھەۋەس ھەم مۇشۇنداق نەرسىلەرنىڭ بائىسىدىن كېلىدىغان يامانلىقلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ. بىر كىم يەنە بىر كىمنىڭ ھەق نېسىۋىلىرىنى يەۋېلىشنى كۈچلۈك بولغانلىقنىڭ شاراپىتى دەپ ئەمەس، نومۇس ۋە ھايۋانىي ۋەھشىيلىك دەپ تونۇيدىغان بولىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزغا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىشىنىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق يەكۈنلىدى: زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزنىڭ قولىدا كىتاب بار. يۈرىكىدە بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا چىللاپ، توختىماي داڭ ئۇرىدىغان ئەقىدە بار.

ئۇنىڭ خىياللىرى تۆت قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلاشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. «بۇ قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى ھاياتلىق تو-

مۈرىنىڭ سوقۇشلىرىغا ئوخشايدۇ، دۇنيا مانا مۇشۇنداق تىنىمسىز تەۋرىنىشلەر ئىچىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى بىلەلەيدۇ» دېگەنلەرنى يادىدىن ئۆتكۈزۈپ دوڭغايغىنىچە كېتىپ قالدى. بالاڭنى ئوقۇتمىدىڭ، دەپ ئىنىسى بىلەن جېدەللىشىپ، ئىنىسىنىڭ تايىقى بىلەن بىر قۇلىقى گاس، بىر كۆزى خىرە بولۇپ قالغان بۇ ئادەم بۇ ئەتراپتا ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ كىشى مۇشۇ بازاردىكى ئۈنى - بۇنى يېزىپ يۈرىدىغان ھېلىقى بالا بىلەن پات - پات پاراڭلىشىپ قالارمىش. ھېلىقى بالا بازاردىكى قېرى ئۈجمىنىڭ كېسىلىشى بىلەن ئاقساقال بوۋاينىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ باغلىنىشى بار، دېگەن گەپنى قۇلىقى ئېغىر ئادەمگە دەيمەن دەپ، دەپ بولالماي مۇشۇ كۈنگە كەلگەنىدى.

— بولدى توختات، مەن چۈشۈۋالىمەن.

قوڭۇر ئات تىزگىن سىيرىپ جايىدا توختىدى، ئاتنىڭ قىپقىزىل بۇرۇن پەرەكلىرىنى كېرىپ پۇشقۇرۇشلىرى كىشىگە سەل قورقۇنچلۇق بىلىنەتتى. ئۇنىڭ يوگەننى غورۇچلىتىپ چايناپ يەر دەپسەشلىرىدىن ناھايىتى مەزمۇت، بەك ھەيۋەتلىك بۇ مەخلۇقنىڭ يۈرىكىدە بىر ئاچچىقى، بىر ھەسرىتى باردەك، ئاچچىقى كەلسە ئادەمنى چىشلەپ، تېپىپ ياكى مەپىنى ئەپقېچىپ بىرەر بالا تېرىيدىغاندەكلا بىلىنەتتى.

شەپكىسىنى مايماق كىيىۋالغان ئادەم ئىنجىقلاپ مەپىدىن چۈشۈپ مەپىكەشكە بۇرۇلدى.

— نەچچە پۇل؟

بۇ ئادەمنىڭ ئىچى بەكلا پۇشۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ قىزارغان كۆزلىرىنى مەپىكەشكە تىكىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن مەن بىرسىنىڭ مۇشۇنداق ئەپتىگە قاراپ خۇش بولغۇدەك ئىش تاپالماي، دەردىنى ئاڭلايدىغان ئادىمى يوق ئىچى ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان ئادەم بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مايىلىشىپ كەتكەن شەپكىسىنى مايماق كىيىۋالغان ئادەم ئىشتىنىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئىتتۇۋېلىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ تۈچ قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭلىشى، ئات تۇياقلىرىنىڭ قاتتىق يولغا تېگىشىدىن ھاسىل بولغان رىتىملىق ئاۋازنىڭ پەسىيىشى بىلەن جاھان تىنجىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

ھارۋىكەش ئاتنىڭ ئارقا جۇندىكى يېپى چىگىشلىشىپ قالغان قوڭغۇراقلارنى تۈزەشتۈرگەچ بىر بارمىقىنى كۆرسىتىپ سوغۇق قاراپ قويدى. ئىغىزدۇرۇقىنى چايناپ تۇرغان قوڭۇر ئات قاتتىق بىر گۈۋۈندى، قوڭغۇراقلار يەنە بىر قېتىم جاراڭلاپ كەتتى.

ھېلىقى ئادەم ئاتقا، مەپىگە، يەنە مەپىكەشكە ئۆچمەنلىك بىلەن ھومىيىپ قويۇپ ۋارقىرىدى:

— نېمە، بىر كوي ئالامسەن؟

مەپىكەش ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئاتنىڭ نوختىسىنى تۈزەش بىلەن بولۇۋاتاتتى. ئاتنىڭ دۈمبىسىدىكى تاسما پىتىپ ئولتۇرۇشقان، تاسمىنىڭ ئىزى قالغان جايدىن سۇس ھور كۆتۈرۈلدى.

نېرىدىكى قېرى ئۈجمىنىڭ ياپپېشىل يوپۇرماقلىرى كۆزگە چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى. نۇرغۇن ئادەملەر ھاۋا ئىسسىغان، ئەتراپىنى قويۇق چاڭ - بوغۇناق باسقان مۇشۇنداق كۈنلەردە، مۇشۇ ئۈجمىگە، ئۇنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرىغا، يېيىلىپ تۇرغان سايىسىغا قاراپ كۆڭلىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشاتتى.

ئۈجمىنىڭ ئالتۇن رەڭ غولى بىلەن يېشىل يوپۇرماقلىرى بەك يىراق جايلاردىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئۈجمە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئېگىز ئۆيلەردىن، مۇنارلاردىنمۇ ئېگىز ئىدى. بۇنىڭ ۋەجىنى سوراشتۇرىدىغانلار چىقمايتتى. ئۈجمىنىڭ ئەتراپىدا باشقا دەرەخلەر يوق ئىدى. بۇ ئۈجمە يېشىل بولۇپ، بەكمۇ يېشىل كۆرۈنەتتى. بۇ ئۈجمىنى كىملەرنىڭ تىككەنلىكىنى بىد-

لىدىغان ئادەملەر يوق ئىدى. بىر زامانلاردا ئىنىسىنىڭ تايىقىدىن قولىقى ئېغىر بولۇپ قالغان ئادەم مۇشۇ ئۆجمىنىڭ تىكىلگەن ۋاقتىنى ھەم تىككۈچىنى سوراشتۇرۇپ بىلىۋالغان، دېگۈچىلەرنى مەن ئاڭلىغان، ئەمما، ئۇ ئادەم ھازىر ھېلىقى ئانچە ـ مۇنچە بىرنېمىلەرنى يازىدىغان بالىدىن باشقا بىركىمگە گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالغاچقا ئۇنىڭدىن سورىغىلىمۇ بولمايدۇ. ھەمـمىدىن مۇھىمى بۇنى سورىغۇدەك، سورىغاننىڭ پايدىسى بار دەپ ئويلايدىغان ئادەم يوق. مەنمۇ دەسلەپ قىزىقىپ باققان، كېيىن نېمىشقىدۇر ئېرەنشىمىدىم. ھېچنېمە بىلەن كارى يوق ئادەمنى ئېسىل ئادەم دەيمىز.

بۇ يەردىكى ئۆجمىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان ھېلىقى ئادەمنىڭ ئىنىسى بىلەن جېدەللەشكەندە چۈش پېشىن بولغانىدى. شۇ چاغدا ئۇكىسى ئاچچىق موخۇركىنى شوراپ ھويلىدىكى كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا ياتقانىدى.

— بالاڭنى نېمىشقا مەكتەپكە بەرمەيسەن؟

— ئۇنىڭ ئۆيدە ئىشى بار.

— نېمە ئىشى بار؟

— بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ مەكتەپكە بېرىپ يۈرگىچە بىرەر ئىش قىلسۇن دەيمەن.

— بالا دېگەننىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشى مەكتەپكە بېرىش.

— سەن ئۆزۈڭنىڭ بالىلىرىنى بىل، بالىنى مەن تاپقان، قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن.

— قانداق قىلىشنى سەن بىلمەيسەن، شۇڭا مەن ئارىلىشىۋاتىمەن.

— بۇ بالا مېنىڭمۇ، سېنىڭمۇ؟

— جاھاندىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بالامغا ئوخشاش، سېنىڭ بالاڭمۇ شۇنداق.

— ئىچىمنى پۇشۇرما، بىكار ئۇرۇشۇپ قالىمىز.

گەپ ئاخىرى نەگە باردى، جېدەل قانداق بولۇپ چىڭىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىقتى، دېگەنلەرنى شۇ يەردە قاراپ تۇرغۇچىلار ئۇزۇنغىچە ھېكايە قىلىشىپ يۈرۈشتى. بەزىلەر ئىنىسى قارا كۆڭۈل نەرسىكەن، ئاكىسىنىمۇ ئۇرامدۇ، دېيىشتى. بەزىلەر ئاكىسىنى ئەيىبلەپ، ياشقا چوڭ بولۇپ قالغاندا يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشماي ئىشىنى قىلمىغاندىكىن، تاياق يەپ ئوبدان بولدى، دېيىشتى. خەقلەر نېمە دېسىمۇ ئاخىردا ئۇكىسىنىڭ تايىقى بىلەن ھېلىقى ئادەمنىڭ بىر قۇلىقى گاس، بىر كۆزى خىرە بولۇپ قالدى.

نۇرغۇن ئادەملەر ئۇھ تارتىشتى. خوپ بوپتۇ، دەيدىغانلارمۇ چىقتى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇچمە تىككەننىڭ خاسىيىتى توغرۇلۇق جېدەل بولۇپ، ئىنىسىدىن تاياق يېگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى ئۇنتۇلۇپ كەتتى. گەپ ـ سۆزلەر ئاساسلىقى بازارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى يوپۇرماقلىرى ياپپېشىل بىر تۇپ ئۇچمىگە يۆتكىلىپ كەتتى.

بۇ ئۇچمىنىڭ بۇرۇنقى ئۇچمىلەرنىڭ يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىققانلىقىنى، يا بۇرۇندىن بارلىقىنى ئۇكىسىنىڭ تايىقى بىلەن بىر كۆزى ئەلەس بولۇپ قالغان ئادەمدىن باشقا، بىلىدىغانلار يوق ئىدى.

يولغا، قورۇلۇشقا، يەنە بىرنېمىگە ئۇدۇل كېلىپ قالغاچقا بۇرۇنقى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئۇچمىلەر، سۆگەتلەر، تېرەكلەر، يەنە كۆز كۆنلىرى مېۋىسى مارجاندەك چىرايلىق پىشىدىغان جىگدىلەر ھازىر يوق. مۇشۇ ئوتتۇرانى تولا چۆرگىلەيدىغان بىر كىشى قۇچاق يەتمەيدىغان جىگدىلەردە بەكمۇ جىق جىگدىچىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى، قىپقىزىل جىگدىلەرنىڭ مارجاندەك چىرايلىق ئېسىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، جىگدىچى دېگەننىڭ بەكلا گول قۇش بولۇپ، دانچۇككە جىگدىنى قويۇپ ئوچۇق قويۇپ قويسىمۇ چوقۇپ قىسماققا چۈشىدىغانلىقىنى يات ـ يات ياد ئېتىپ قالدۇ. بۇرۇنلاردا قىسماققا چۈشكەن جىگدىچىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا قاراپ، بۇ دۇنيانىڭ قىسمەتلىرى ھەققىدە ئۇزاق ئويلاپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىغان ئادەملەر بولغان.

ناھايىتى چوڭ بىر توپ ئۆجمىنى كېسىدىغان چاغدا بولغان جېدەلنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بار ئىكەن، ئۇلار ھازىر بۇ توغرۇلۇق گەپلەرنى دېمەس بولۇپ كەتتى، بىراق گېپىنى قىلـ-ـمىغان بىلەن خەقلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى مۇمكىن.

تۇز يولدا ھارۋىسى ئۆرۈلۈپ رەللە بولۇپ ئولتۇرغان بىر كىشى مەن بەرگەن تاماكىنى چېكىپ ئاچچىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۆجمە كەسكەن ئىش توغرىسىدا گەپ قىلىپ بەرگەنـ-ـدى. ئىككىمىز تاماكا چېكىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ - بۇنىڭ پا-رىڭىنى قىلىشقان، گەپ نېمە بولۇپ ئۆجمىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغانلىقى يادىمدا قالماپتۇ. ھېلىقى ئادەمنىڭ دېيىشىچە، ئۆجمە كېسىش غەلۋىسى بولغان چاغ كەچ كۈزنىڭ سوغۇق كۈن-لىرى ئىكەن. شۇ يىلى دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى ئۈچ تەرىپىدىن باشلاپ تۆكۈلگەچكە، ياش يوپۇرماق باللار قازاغا جىق يولۇقـقان دېيىشىدۇ. خەقلەرنىڭ شۇ يىلى يامغۇر تولا ياغقان دېگەنلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. بىر كۈنى سەھەردە بىرمۇنچە توپا ئىتتىرىش ما-شىنىلىرى، تىراكتور، يەنە بىرقانداق نەرسىلەرنىڭ تاتاتلىغان، پاتاقلىغان ئاۋازى بازارنى بىر ئاپتۇ. ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر توپ ئۆجمىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغان بىر بوۋاينىڭ يېنىغا بىرمۇن-چە ئادەملەر كېلىپ توختاپتۇ.

— بوۋا، تۇرۇپ كەتسىڭىز ئىكەن.

— نېمە بولدى؟

— بۇ ئۆجمىنى كەسمەكچى ئىدۇق.

— نېمە؟!

بوۋاينىڭ ئاۋازى بەكلا قوپال چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تەسىرىدىن بىرنەچچە تال ئۆجمە شېخى قاراسلاپ سۇنۇپ، پەسكە ساڭگىلاپ قالغان دېيىشىدۇ.

— كېسىمەن؟ بۇ ئۆجمە نەرىڭگە تاقاشتى؟

— بۇ جايغا يول توغرا كېلىپ قالدى.

ھېلىقى بوۋاي ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن چۇپۇر قاشلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىكىلدىتىپ بىردە ئۆچمىگە، بىردە ھېلىقى ئادەملەرگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ قاپتۇ.

— توغرا كېلىپ قالدى دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ھېچنېمىگە پۇتلاشمىغان ئۆچمە ئەمدى ساڭا پۇتلاشتىمۇ؟ تاقاشقان بولسا يولۇڭنى نېرىغا تارتىپ ياسىماسەن؟ مۇشۇ ئۆچمىنىڭ ئورنىدىن ماڭمىسا بولمايدىغان قانداق يولكەن ئۇ؟ كۆرمىدىڭمۇ، بىكار يەر شۇنچە كۆپ تۇرسا... سېنىڭ كاللاڭ بىرنېمىگە ئىشلىمەيدىغان بالا ئوخشايسەن.

— ئۇنداق ئەمەس، خەرىتىدە شۇنداقكەن.

— خەرىتە، خەرىتە دېگەن نېمە ئۇ؟

بىر نەچچەيلەن ئۆمۈچۈك توردەك ئېرماش - چىرماش سىزىقلار بىلەن تولغان بىر پارچە قەغەزنى بوۋاينىڭ ئالدىغا يېيىپتۇ.

— مانا مۇشۇ خەرىتىدە بۇ ئۆچمە مۇشۇ يولغا تاقىشىپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇنى كېسىۋەتمىسەك بولمايدۇ.

بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق نەرسىنى كۆرۈپ باقماپتىكەن. بۇ خەرىتە دېگەننى ئۇنىڭغا ناھايىتى سىرلىق، بەكلا مۇرەككەپ بىرنېمە بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ، دەسلەپ سەل تەمتىرەپ قاپتۇ، بىردەمدىن كېيىن ھېلىقىلارغا دەپتۇ.

— ئۆچمىنى كەسسەڭ بولمايدۇ!

— يولغا تاقاشتى ئەمەسمۇ.

— ئۆچمە يولۇڭغا ئەمەس، سېنىڭ يولۇڭ ئۆچمىگە تاقاشقان گەپ ماۋۇ، شۇنى پەرق قىلالمىدىڭما؟... سەن يول ياسايمەن دې-يىشتىن ئىلگىرى بۇ ئۆچمە مۇشۇ يەردە بار ئىدى، بايا دېگە-نىمدەك سەن خەرىتەڭنى ئۆزگەرت، يول ئۆچمىنى ئايلىنىپ ئۆتسۇن، شۇنىڭدا ئادىل بولىدۇ.

— بىراق خەرىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

— ھەي دۆت، مۇنۇ ئۆچمە يۈز يىلدا مۇشۇنچىلىك بولغان،

سېنىڭ خەرىتە دېگەن ئۇ بىر نېمەڭنى ئۆزگەرتىشكە ناھايىتى نەچچە سائەت يا بولمىسا نەچچە كۈن كېتەر، نېمانداق كالللىسى ئىشلىمەيدىغان نېمىلەر سەن؟... دەرەخنى كېسىپ قۇرۇتماق ئاسان بولغان بىلەن مۇنداق كۆكەرتمەك تەس... پاڭقايلار... خەرىتە دەپ كەتكىننى...

جىق ئادەملەر كالللىسى قاتمال بوۋاينى تىللىشىپتۇ، يەنە نۇرغۇن ئادەملەر بەھەيۋەت باراقسانلاپ تۇرغان ئۇجمىنىڭ كېسىلىپ كېتىشىگە چىدىماي ھەسرەتلىنىپتۇ، بىراق ئاخىرى ئۇجمە كېسىۋېتىلىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ھېلىقى بوۋاي بۇ بازاردا كۆرۈنمەپتۇ.

قېرى ئۇجمىلەر بىلەن ئاپپاق ساقال بوۋاي ئىلگىرى غوچ- چىدە دەل ـ دەرەخلەرگە كۆمۈلۈپ تۇرىدىغان بازاردىن يوقاپ كېتىپتۇ.

قېرى ئۇجمىلەر بىلەن ئاپپاق ساقال بوۋاينىڭ قاچان يوقاپ كەتكىننى بىلىدىغان ئادەم يوقكەن.

كۈنلەر بىر خىلدا ئۆتۈپتۇ. بەزى ئادەملەرگە كۈنلەر يات تۇ- يۇلۇپتۇ. بىر يەرلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىكەن. ئۆزىنىڭ نەچ- چە ياشقا كىرگىننى بىلىدىغانلار ئازلاپ كېتىپتۇ. بوۋىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى بىلەلمەسلىكتىن ھېچكىم خىجالەت تارتمايدىغان بولۇپتۇ.

يول بويىدىكى بىرنەچچە تۇپ گۈل ئۆز تىلىدا ئۇزاق ناخشا ئېيتىشتى. ناخشىلار شۇنداق سوزۇنچاق، شۇنداق زەئىپ ئىدى. قۇشلار بۇنداق ناخشىدىن بىزار ئىدى. سۇلار بۇنداق ناخشىلاردىن يىرگىنەتتى. شامالالار بۇنداق ناخشىلار بار يەردىن ئەگىپ ئۆتەت- تى. بۇ دۇنياغا يىغلايدىغان ناخشىنىڭ لازىمى يوقتەك، يىغلايد- غان ناخشا دېگەننى ئۆلۈمتۈك ئادەملەر، ئۆلۈۋاتقان ئادەملەر ئېيتىدۇ، دەيدىغان بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ يىغلىغانسىرى بەك يىغلاپ كېتىدىغان ئادەملەردىن، بىكاردىن ـ بىكار يىغلايدىغان ئادەملەردىن، يىغلىمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلارغا يىغلايدىغان ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تارقىتىش تورى
www.uyghurkitap.com


دەملەردىن نەپرەتلىنىمەن، دەپ يۇرەتتى. ئۇنىڭچە بۇ دۇنيا يىغلايدىغان دۇنيا ئەمەس ئىدى، يىغلايدىغان ئىشنى قىلىدىغان دۇنيا ئەمەس ئىدى. سولىشىۋاتقان گۈللەرنىڭ ھەسرەتلىك يىد-غىسى مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىپ قويسا كېرەك.

گۈللەرنىڭ سوزۇنچاق ناخشىلارنى ئېيتقان ۋاقتى مەن چوڭ بوپقالغان، ئەمما گىلوبۇسقا قاراشقا ئامراق ئوغلۇم تۇغۇلۇشتىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى. ئۇجىملەرنىڭ كېسىلىپ كېتىشى ئوغلۇم ئەمەس، مەنمۇ تۇغۇلمىغان زاماندا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

مۇشۇ بازاردا ئۇنى - بۇنى يېزىپ يۈرىدىغان بىر بالا بىر چاغلاردا ھېلىقى بوۋاي بىلەن مۇشۇ ئۇجمىنى بىر گەۋدىگە ئاي-لىنىپ كەتكەن، دەرەخ بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن دەرەخنىڭ يۇرد-كى بىرلىشىپ كەتكەن مۆجىزە بىزنىڭ مۇشۇ يەردە يۈز بەرگە-نىكەن، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قاپتىكەن. مۇشۇ خىياللىرىنى يېزىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولغان بول-سىمۇ، قوشنىسى بىلەن تۇخۇم جېدىلىگە كىرىشىپ قېلىپ ياز-غۇدەك ۋاقىت چىقىرالماي قاپتۇ. ئۇنىڭ قارا توخۇسى قوشنى-سىنىڭ ساماندىقىدا تۇغىدىكەن، قوشنىسىنىڭ ئاق توخۇسى بۇ-نىڭ بېغىدا تۇغىدىكەن. جىق ئادەملەر ھەركىم ئۆز تەۋەسىدىكى تۇخۇمنى ئالسا بولۇۋېرىدىغانلىقىنى دېگەن بولسىمۇ، بىراق ئاق توخۇنىڭ تۇخۇمى بىلەن قارا توخۇنىڭ تۇخۇمى ئوخشىمايدۇ، دې-گەن گەپ پەيدا بولۇپ، غەلۋە بېسىقماي بۇگۇنگىچە داۋام قى-لىپ، ھېلىقى بالىنىڭ بىرنەرسە يېزىشقا تاۋى بولماي قاپتۇ. ئۇجمە كېسىلىپ بوۋاي يوقاپ كەتكىلى شۇنچە ئۇزۇن بولسىمۇ، بۇ توغرۇلۇق بىرنېمە يازغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلمىدىم. يازماق-چى بولغان بالىنىڭ ئەھۋالى ھېلىقىدەك. مەن ئاشۇ توخۇلارنىڭ ئۆز جايىدا تۇغمىغانلىقىغا، ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ قارا توخۇ يا ئاق توخۇ بولۇپ قالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلاندىم، ھەسرەت چەك-

تىم. نۇرغۇن ئادەملەر قۇرۇق ئاھ تارتقاننىڭ نېمە پايدىسى دې-
يىشى مۇمكىن، راستىنى دېسەم مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى-
مۇ شۇ ئىدى.

قوڭۇر ئاتلىق مەپە يول بويىدا توختاپ تۇرغانىدى. شەپكىسى مايلاش ئادەم خورلۇق تارتقاندەك ئىچ پۇشۇقىدىن دېمى كېسىلىپ كەتكەنىدى. يىقىن - يورۇقلىرى، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم مۇشۇنداق هالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەپتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىق ئەمەس، تاشلىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن نادامەتتە قالغاندەك بىر ئالامەتنى سەزگىلى بولاتتى. پات - پات خەپ، مەسۇم ئاقتۇماق، سېنى كۆرۈپ قويدۇم سەدىرىدىن كاچكۇل، دې-
گەن ئىدالىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

مەپىكەش چېقىر كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇراتتى.

— ئىككى قەدەم يەرگىمۇ بىر سوم ئالامسەن؟

مەپىكەش شەپكىسى مايلاش ئادەمگە ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى.

— ئىنسابنى بىلمەيدىغان نېمىكەنسەن، مۇشۇنداق قىلىپ يۇرۇپ تاپقان پۇلنى ھەرقايسىڭغا بېرىپ تۈگەتكۈدەكمىز -دە بىز، ئىزا تارتىشنى بىلمەيدىغان، خەقتە ئىنساب قالماپتۇ، چو-
ڭىدىن كىچىككىچە ھەممەيلەن ئالىمەن، يەيمەن، يالمايمەن دەپلا تۇرۇۋاتقان، بىزنى كۈن كۆرگىلى قويۇشساڭ نېمە بولىدۇ؟ يې-
رىمنى قايتۇرۇۋالىمەن، دەپ تاپقان - تەرگىنىمنىڭ ھەممىسىنى خەقلەرگە يېگۈزدۈم، ئىچكۈزدۈم، قاقسەنەم بولۇپ كەتتىم، ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىپ تۇرۇپ، ئىش بېجىرسە يەنە خەقتىن بىر نېمە تەمە قىلىدىغان ئېشەككە ئوخشايدىغانلارنىڭ كانىيى يېرتىلىپ كەتسە دەيمەن، تويمىغان ئېغىزى سېسىپ ئې-
قىپ كەتسە... خۇدايىم نېمىشقا ئۆزگە تەۋە بولمىغان رىزقىنى خاتىرجەم يەپ سەمرىپ، ھۆرمەت تېپىپ يۇرىدىغان ئادەملەرنى يارىتىدىغاندۇ. نېمىشقا يۈزى قېلىن ئادەملەر شۇنچە جىق، سەن دەپ باقە، مەپىكەش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەپكەش چىقىر كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ گەپ-سۆز قىلماي قاراپ تۇراتتى. يولنى، يول بويىدىكى دەرەخلەرنى، تونۇش - بىلىشلەرنى، بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەنىنىڭ، تاپالمىغانىنىڭ خاپىلىقىدا قالغان مەپكەشكە مۇنۇ ئادەمنىڭ دەردى بەكلا چوڭكۆنەم، بىمەززە بولۇپ تۇيۇلغان بولسا كېرەك.

قوڭۇر ئات ئېغىزدۇرۇقنى چايناپ بېشىنى قاتتىق سىلكىدى. تۆچ قوڭغۇراقلار يەنە جاراڭلاپ كەتتى.

— نېمىشقا بۇنداق تايىنى يوق بىرنېمىلەرنى قادىۋالىسەن؟ قۇلاق - مېڭەمنى يەپ كەتتى، زادى بىر كوي ئالامسەن؟ مۇنداق ئىنسابسىز بولما!

مەپكەش گەپ قىلماي قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىقىر كۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى.

بازارنى قاپلىغان چاڭ - مانان ھاۋانى دىمىق قىلىۋەتكەنىدى. يولنىڭ ياقىسىدىكى قورۇ تېمى ئېگىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى پەغەزدە بىرمۇ كەپتەر كۆرۈنمەيتتى. مەن بۇلتۇر مۇشۇ چاغدا بىرمۇنچە كەپتەرلەر بىلەن پاختەكلەرنىڭ بىر پەغەزدە بىللە قونۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. مەن پاختەك گۆشىنىڭ ھالال - ھاراملىقىنى بىلمەيتتىم. قاغا كۆمگەن تۇخۇمنى يېگەن، پاختەك گۆشى يېگەن ئادەملەرنى مەن كۆرمىگەن. مەن شەپكىسى مايلاش مۇنۇ ئادەمنى ھېلىقىدەك نېمىلەرنى يېگەن ئادەم بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. مېنىڭچە ئۇ ئۇقۇشماسلىقتىن ئەمەس، بىلىپ تۇرۇپ يا بولمىسا ئېرەن قىلماي شۇ نەرسىلەرنى يېگەن ئادەم بولسا كېرەك.

— ياريېلىمدەك بىرنېمە ئوخشايسەن، ئەللىك تىيىن بەرسەم بولمامدۇ؟ نېمىشقا ھەممىلا ئادەم ئالىمەنلا دەپ يۈرىدىغاندۇ؟ قوشنام ھاشىر تازنىڭ ئىككى ماشىنىسى، تۆت يەردە ئۆيى، نەچچە يۈز مو يېرى بار، بۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورايدىغان ئادەم نېمىشقا يوق، قادىر يۈندا قۇلاقىنىڭ مىليونغا يارايدىغان

داچىسى بار، مىنىڭ ئىمىشقا يوق، خەقلەرگە شۇنداق دېسەم سەنمۇ ئاشۇلاردەك ئامەتلىك بولساڭ بولىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. شۇ-مۇ گەپمۇ، ئامەت دېگەنمۇ يۈزى قىلىنىلىق بار يەردە كۆكلەيدىغان نېمىكەن دەپ قالىمەن، ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق تىقىلىپ كېتىشىدە گەپ بار، سورىقى بار جاھان بۇ...

— سەن ساراڭمۇ؟

مەپىكەشنىڭ ئاۋازى شەپكىلىك ئادەمنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ياق، مەن ئىمىشقا ساراڭ بولغۇدەكمەن، ساراڭنى ئوڭلايدىغان ئادەممەن. ساراڭ ئادەم مەندەك گەپ قىلمايدۇ دۈت.

— زۇۋانىڭنى يىغساڭ ساڭا بىر كويى بېرىمەن.

ئات گۈۋۈنۈپ قوڭغۇراقلار يەنە جاراڭلاپ كەتتى.

— قىماردا بىر ئۇتتۇۋالسام، بالىلارنىڭ ئانىسى دېگەن لامزەللىنى قويۇۋېتىپ، قىز بالىنىڭ نوچىسىدىن ئەللىكنى ئالاتتىم...

تۇچ قوڭغۇراقلار يەنە جاراڭلاپ كەتتى.

— خۇدانىڭ ھەققىدە مۇنۇ تاراڭ - تۇرۇڭنى يوقات!

— سەندەك ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتسۇن، دەپ مۇ-شۇ قوڭغۇراقلارنى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەنمەن. مانا بىر كويى، ماڭا بىرىشكە قورسىقىڭ ئاغرىغان بولسا مەن ساڭا بېرەي، كۆزۈمدىن يوقال. ئەتىگەننىڭ ياقى مې-نى ساراڭ قىلاي دېدىڭ، ھېلى ئۆيۈم ئاۋۇ تەرەپتە دەيسەن، ھېلى بۇ تەرەپتە دەيسەن، بۇ ئوتتۇرانى تولا چۆرگىلەپ مىنىڭمۇ بېشىم قېيىپ كەتتى. سېنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن، تولا قېيىپ يۈرۈپ مەنمۇ قاياققا مېڭىشىمنى بىلەلمىدىم.

مەپىكەش بىر سومنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ ئېتىنىڭ بېشى-نى بۇرىدى، چاپچىپ تۇرغان قوڭۇر ئات ئېغىزدۇرۇقنى چايناپ، كۆپۈك چاچرىتىپ يانچە بۇرۇلۇپ ئارقىغا ياندى. شەپكىلىك ئا-دەم يەردىكى بىر كويى پۇلنى ئېلىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاچچىق بىلەن مەپىكەش كەتكەن تەرەپكە قارىتىپ ئاتتى.

— توختا هوي قەلەندەر، سەندەك توڭرۇلۇق زاڭلىق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس مەن، مانا ساڭا ئون كوي بېرەي، چېكەڭگە تاڭ، هۇ... چى... هۇ... كەش، ئاناڭنى... دۆي كېسىلى ئاۋۇپ كەتتى. هەممىڭ دۆي كېسىلى بولۇپ قېلىشارسەن... تويمىغۇرلار...

مەپىكەش ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى. تۆچ قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى چاڭ باسقان بازارغا كونا بىر غېرىبلىقنى تارتىپ بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى.

ئات تۇياقلىرىنىڭ قاتتىق يەرگە رىتىملىق تېگىشلىرى تۆچ قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى بىلەن بىرلىشىپ يىراق بىر يەرلەرگە كېتەتتى. مەپىكەش ئالدىدىن چىقىپ كەلگەن بىر توپ جامائەتنى كۆرۈپ مەپىنى يانغا بۇراپ توختاپ تۇردى. ئۇزۇن چاپان كىيگەن بىر توپ ئادەم ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئادەم هاسا تايىنىپ ئاۋايلاپ ماڭاتتى. ئۇ مەپىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ مەپىكەشكە ئېگىلىپ سالام قىلدى، باشقىلارمۇ ئېگىلىپ سالام قىلىشتى. مەپىكەش دەماللىققا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قولاشمىغان بىر هەرىكەت بىلەن جامائەتنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇردى. سالىمىم چالا بولۇپ قالدى، ئۇ شۇنداق ئويلاپ بەكمۇ خىجىلچىلىق تارتتى. بىركىملەر بىلەن سالاملاشمىغىلى بەك ئۇزاق بولغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ ئۆز - ئۆزىدىن هەيران قالدى. يا سالام قىلىشقان بولسىمۇ يادىدىن چىقىپ كەتكەندىمۇ. ئۇ شۇنچە ئويلاپمۇ مۇشۇ نەچچە كۈن، نەچچە هەپتە ئىچىدە كىملەر بىلەن كۆرۈشكىنىنى، كىملەر بىلەن ئۇچراشقىنىنى پەقەت يادىغا ئالالمىدى.

ئۇ كەينىگە ئاستا ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، بايىقى جامائەت كۆرۈنمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر جايدا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. ئات هېرىپ كەتسە كېرەك، مىدىرلىماي شوكىدە تۇراتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا تۆچ قوڭغۇراقلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەك مۇهىملىقىنى هېس قىلغاندەك بولدى.

شەپكىسى مايلاش ئادەم پىژغىرىم ئىسسىق قايناپ تۇرغان

بىر كوچىدىن چىقىپ سەل نېرىدىكى ئۆجمىنىڭ يېنىغا بېرىپ سىيىشكە باشلىدى. ئۆجمىنىڭ يوپۇرماقلىرى بەكمۇ يېشىل ئىدى. بۇ ئۆجمە مۇشۇ بازاردىكى ھەممە نەرسىدىن ئېگىز كۆرۈنەتتى. يول بويىدا كېتىۋاتقان ئىككىيلەن ئۇنىڭ سىيىشلىرىگە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇشۇپ، ئىشتانلىرىنىڭ تاسمىلىرىنى قايتىدىن چىگىتىپ قويۇشۇپ ئۆتۈپ كەتتى. غالتەكنى ئۆجمىدىن نەچچە قەدەم نېرىغا جايلاشتۇرۇپ لەڭپۇڭ ساتىدىغان قىزنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەندى. شەپكىلىك ئادەمنىڭ سۆيىدۈكى قېرى ئۆجمىنىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغان يىلتىزىغا چۈشۈپ ئۆلۈك توپىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. پېژغىرىم ئاپتاپتا ياشىرىپ تۇرغان ئۆجمىنىڭ چىرايلىق يوپۇرماقلىرى ھەمساتتا رەڭ ئۆزگەرتىپ، سارغىيىپ ئاستا ـ ئاستا تۆكۈلۈشكە باشلىدى. سارغايغان يوپۇرماقلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چۈشۈۋاتاتتى.

ـــ ناۋاز پىت يەنە مەست بوپتۇ، ھاياسىز چوشقا.

لەڭپۇڭچى قىزنىڭ غالتەكى يېنىغا قويۇلغان لىڭشىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئاق ساقاللىق بوۋاي يانغا بۇرۇلۇپ تۈكۈرۈپ قويدى. قىز ئۆجمە تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىۋالدى. ئۇنىڭ غالتىكى يېنىدا ئاقساقاللىق بوۋايدىن باشقا يەنە ئىككى ئادەم بار ئىدى. پېژغىرىم ئىسسىقتا ھەممە ياق دىمىق بولۇپ كەتتى.

مۇشۇ ئەتراپتىكى بەزى ئادەملەر بازاردىكى قېرى ئۆجمىنىڭ كېسىلىشى بىلەن تەڭ يوقاپ كەتكەن بوۋاي بىلەن مۇشۇ بوۋاينى بىر ـ بىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرەتتى. ئىككىسىنىڭ قانداقتۇر باغلىنىشى بارمىكىن، دەپ ئويلايدىغانلار جىق ئىدى. ھەر ئىككىسى ئۆجمىنىڭ ئەتراپىنى تولا چۆرگىلەيدىغانلاردىن ئىدى. يېقىندا تاماكا تاشلىغان بىر كىشى مۇنۇ بوۋاينى بىر چاغلاردىكى ئۆجمىنىڭ كېسىلىشى بىلەن يوقاپ كەتكەن بوۋاينىڭ روھى بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ يۇ، ئەمما بۇ خىيالىنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنى ـ بۇنى يازىدىغان بالا مۇشۇنداق ئويلىغانلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قالغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلاتتى. ئەمما تۇخۇم جىددىلى بىلەن كۆڭلى بىر يەردە بولمىغاچقا بۇ توغرۇلۇق كۆپ بىرنەرسە ئويلىيالمىدى:

— مۇشۇنداق هايۋانلارنى تازا سىلىپ بۇرنىدىن قان كەتكۈزۈۋېتىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا هېچنېمىدىن هايا قىلماي ئېشەكتەك قىلىقنى قىلىپ يۇرىدۇ ئاۋۇ پەس. هېچكىم هېچنېمىدىن هايا قىلمىسا جاهان تۈگەشمەمدۇ؟

بوۋاي چەكمەن رەڭ يەكتىكىنىڭ يانچۇقىدىن بىر موچەنلىك پۇلدىن بەشنى سانىۋېلىپ قىزغا ئۇزاتتى.

هاراق تاشلىغاندىن كېيىن پىكىر - خىيالىنى يىغالمايدىغان بولۇپ قالغان بىر ئادەم غالتەكنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى، بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇ يەنە خىيالغا كۆمۈلۈپ كەتتى. يامغۇر تولا ياغقان يىلى قىرى ئۇجمىنى كەسكىلى قويمىغان بوۋاي مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن. ئارقىدىن ئۇ بۇ خىيالغا يەنە ئىشەنچ قىلالمىدى. بۇ كىشىنىڭ هېچكىمگە دېمىگەن خىيالىچە قىرى ئۇجمە كېسىلگەن كۈنى بوۋايمۇ تەڭ ئالەمدىن ئۆتكەن، بۇ ئۇجمە بىلەن بوۋاينىڭ جېنى بىر يىپتا باغلىنىپ قالغان، ئۇجمە كۆكىرىپ تۇرسا بوۋايمۇ ياشايدۇ، ئۇجمە قۇرۇسا ياكى كېسىلسە بوۋايمۇ تەڭ بۇ جاهاندىن كېتىپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغانراق ئويلايدىغان يەنە بىر ئادەم مۇنداق ئويلىدى: قىرى ئۇجمە كېسىلىشكە باشلىغاندا بوۋاي سەكراتقا چۈشكەن، بوۋاي توختىماي ئايەت ئوقۇغان، ئۇجمە قاراسلاپ ئۆرۈلۈپ، غولى تامام ئۈزۈلگەندە بوۋاينىڭ جېنى چىقىپ كەتكەن.

شۇنداق بولغاندا مۇنۇ بوۋاينى ئۇجمە بىلەن جېنى بىر بوۋاي شۇ دېگىلى بولمايدۇ.

شۇ چاغدا ئۇجمە بىلەن تەڭ ئۆلۈپ كەتكەن بوۋاي پەرىشتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، ئەمدى يەنە بىر بوۋاي سۈرىتىدە قايتىپ كەلسە كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلىغان بىر ئادەمنى مەن كۆرگەن.

بۇ گەپلەرنى هېلىقى بىرنىمە يېزىشقا هەۋەس قىلىدىغان

بالا ئاڭلىغان بولسا ياخشى بولاتتى.

— مەڭ، ئىبلىك قىزىم، ياش ۋاقلىرىم بولىدىغان بولسا يەرگە پۇچۇلىۋېتەتتىم بۇ هايۋاننى... جاهان نېمە بولۇپ كەتتى، خەق نېمە قىلسا هېچكىمنىڭ كارى يوق، ياخشى ئىش قىلسا چاۋاك چالغىلى ئادەم يوق، يامان ئىش قىلسا غولجاغا سالغىلى ئادەم يوق، قېنى قىزىم، پۇلنى ئىبلىڭ، بۇ يەردە تۇرىۋەرسەم بەك قايناپ كەتكۈدەكمەن، هە راست، تىجارەتنى نېمىشقا ئېرىڭىز بىلەن قىلمايسىز؟

لەڭپۇڭچى قىز سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ پەس ئاۋازدا دېدى.

— مېنىڭ ئېرىم يوق.

— ما گەپنى... نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— يىگىرمە يەتتە ياشقا.

— يىگىرمە يەتتە ياشقا كىرگەن قىز بالىنىڭ ئېرى يوق دېگەن نېمە گەپ ئەمدى؟ ئاجرىشىپ كەتكەنمۇ - يا؟

— ياق، مەن تېخى توي قىلمىدىم.

قىز سەل ئاچچىقى كەلگەندەك بىر ئەلپازدا يەر تېگىدىن بوۋايغا قاراپ قويدى. بوۋاي ئۆزىنىڭ تولا سۆزلەپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەيدىغان نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى.

— نېمىشقا؟

— مەن تېخى كىچىك، مېنىڭ ئاچاممۇ تېخى توي قىلمىدى.

بوۋاينىڭ ئاپپاق ساقىلى تىترەپ كەتتى. ئۇ خۇددى ناهايىتى ئۇسال ئىشتىن بىرنى كۆرگەندەك، بەكلا يامان بىر ئىشقا يولۇقۇپ قالغاندەك، تايىنى يوق بىر ئادەمنىڭ ناهايىتى ياخشى ئىشنى بۇزۇپ قويغىنىنى كۆرۈپ قالغاندەك ئەلەملىك خورسىنىپ كەتتى. بوۋاينىڭ كاللىسىغا سۇلىرى شىرىلداپ ئاقىدىغان ئېرىقتا بەك جىق ئەخلەت - چاۋار قاپلىشىپ، سۇلار بۆگۈلۈپ ئاقالماي قالغاندەك، سۇلار تېشىپ يوللارنى پاتقاق قىلىۋەتكەندەك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بىر خىياللار كىرىۋالدى.

بازارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئېلەك بويىدا قىسماق بىلەن توشقان تۇتۇۋالغان بىر بالا قىسماققا چۈشۈپ، كىچىك بالا يىغ-لىغاندەك ئېچىنىشلىق چىرقىراۋاتقان ياۋا توشقاننى قىسماقتىن ئاجرىتىۋاتاتتى. ئۇ لەڭپۈڭچى قىزنىڭ ئېرى توغرۇلۇق سوراۋات-قان بوۋايغا ياۋا توشقان تۇتۇپ بېرىدىغان بولغانىدى. بوۋاي تۆت كوي بېرىمەن دەپ، بالا بەش كوي بېرىسىز دەپ، ئىككىيلەن تەستە كېلىشكەنىدى. بوۋاي ئاخىرىدا تۇتقان توشقىنىنىڭ سېمىز بولسا بەش كوي، بولمىسا تۆت كوي بېرىمەن دەپ، بالىنى قايىل قىلغانىدى. بالا توشقاننى قىسماقتىن ئاجرىتىپ توشقاننىڭ قىزغۇچ كۆزلىرىدىكى چىدىغۇسىز ھەسرەتلەرگە قارىغاچ «بوۋاي مېنى ئالداپتۇ، ئۇ بۇ توشقاننى ئورۇق دەپ، تۇرۇۋالسا قانداق قىلارمەن، ئەسلىي مانچە جىڭغا يەتسە مۇنچە پۇل بېرىشكە دې-يىشسەم بوپتىكەن... قۇۋ قېرى...» دېگەنلەرنى ئويلىدى. بوۋاي قىسماق بىلەن ياۋا توشقان تۇتىدىغان بۇ بالىنى مۇشۇ ئوتتۇرا-دىكى ئەڭ ئەقىللىق بالا، دەپ ئويلايتتى ھەم ئۇدۇل كەلگەن كىشىلەرگە ماختاپ بېرەتتى. بوۋاي ياۋا توشقان تۇتىدىغان بالى-نى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ، ئاشۇ بالا بىلەن مۇنۇ قىزنىڭ توينى قىلىپ قويسا بەلەن بولغۇدەك، دەپ ئويلىدى.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ بوۋاي بىرمۇنچە ئادەم تاماق يەپ ئولتۇرغان بىر كىچىك ئاشخانىدا: «مۇشۇ جاھاندىكى ئەڭ بولمىغۇر ئىشنىڭ بىرسى دۆت ئادەمنىڭ كارۋان بېشى بولۇپ قېلىشى» دېگەنىدى. شۇ چاغدا ياۋا توشقان تۇتىدىغان بالىمۇ ئۇ-نىڭ يېنىدا بىللە ئىدى. بالىنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايى كى-شىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. بوۋاي مۇشۇ گېپىنى ئەس-لەپ، شۇ چاغدا بۇ گەپنىڭ نېمىشقا دېيىلىپ قالغانلىقىنى كې-يىن پەقەت يادىغا ئالالمىدى. ئەمما، بۇ گەپنىڭ نېمىشقا چىققان-لىقى بالىنىڭ ئېسىدە. ئۇ بوۋايغا توشقان تۇتقىلى چىققاندا مە-ھەللىدىكى يېشى ھەممىدىن چوڭ بىر كىشىنىڭ ئۆزلىرىنى

باشلاپ ماڭغانلىقىنى، ئەمما ئۇ بالىلارنى يېتەكلەپ يولدىن ئې-
زىپ قېلىپ قوموش، يۇلغۇنلار بار جاڭگالغا ئەمەس، تاش بىلەن
قۇمدىن باشقا ھېچنېمە يوق چۆلگە چىقىپ قالغانلىقىنى دەپ
بەرگەن. بالا مۇشۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندە، بوۋاي ھېلىقى
گەپنى دېگەندى. بوۋاي ئۆزىنىڭ بۇ گېپىدىن بەكلا ھوزۇرلىنىپ
كەتكەندى. ئۇنىڭ يېنىدىكى بىرەيلەن بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ
ئۇنى تۆگە تارتىدىغان ئادەم بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغان-
دى. بوۋاي ئۆزىنىڭ قالتىس گېپىدىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇر-
غاندا، يېنىدىكى يېشى قىرىقتىن ئېشىپ كەتكەن بىرسىنىڭ يا-
قىلىرى كىرلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكى كۆڭلىنى غەش قىلىپ
قويغانىدى. ئۇ ھېلىقى ئادەمگە قاراپ:
— ئۇكا، ئەر كىشى دېگەن پاكىز يۇرمىسە بولمايدۇ دەڭلا،
خوتۇنۇڭلا كۆڭلىكىڭلارنى يۇيۇپ بەرسۇن، — دېدى. ھېلىقى ئا-
دەم بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بوينىنى قىسىپ:
— مەندە خوتۇن يوق، — دېدى.
— نېمە بولدى، خوتۇن نەگە كەتتى؟ — دېدى بوۋاي.
— بىر يەرگە كەتمىدى، ئۆيلەنگىلى بولمىدى، خوتۇن قىم-
مەتكەن، — دېدى.
— خوتۇن قىممەت دېگەن نېمە گەپ ئۇ، خوتۇن دېگەن
بازاردىن سېتىۋالىدىغان ئېشەك يا كالا بولمىسا، ئەر بىلەن ئا-
يالنى ياراتقۇچى بىر - بىرىگە مۇشتاق، موھتاج قىلىپ يارات-
قان، ئۇنى قىممەت، ئەرزان دەيدىغان گەپ ئەمەس، ئۆزۈڭگە
لايىق كەلگىنىنى نىكاھلاپ، بىرئۆينى قىزىتىپ ئولتۇرسا بول-
مىدىمۇ؟ — دېدى.
— نەدىكى گەپنى قىلىسىز، — دېدى ئاربىدىن بىرسى قى-
زىقسىنىپ.
— نەدىكى گەپ ئەمەس بۇ، بۇ دۇنياغا ئەر بىلەن ئايالنىڭ
تەڭ يارىلىشىنىڭ ئۆزىدىنلا ياراتقۇچىنىڭ بىر - بىرىگە ئىختى-
يارچە قوشۇلۇشىنى ئىرادە قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بازاردىن مال ئالغاندەك ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويساڭ بولمايدۇ.

بۇ بوۋاي بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، سەكسەن يىل بۇرۇنقى كالللىسى بىلەن قېتىپ قاپتۇ. بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلىغانلار ئىچىدە مۇشۇنداق ئويلايدىغانلار چوقۇم چىققىشى مۇمكىن.

شۇ چاغدا ھېلىقى بويتاقمۇ، يەنە باشقا ئادەملەرمۇ بۇ بوۋاينى ساراڭكەن، ساراڭ بولمىغاندىمۇ كالللىسىدا چاتاق بار ئىكەن، يا بولمىسا بۇ جاھاننى پەقەت چۈشەنمەيدىغان قېرىكەن، دەپ ئويلاشقاندى. ھازىرمۇ لەڭپۇڭچى قىز ئۈنى ئىچىدە «ساراڭ قېرى» دەپ تىللىدى.

— توۋا قىلدىم، مېنىڭ خوتۇنۇم سىزنىڭ يېشىڭىزدا بەش بالىغا ئانا بولغان، جاھان تەرەققىي قىلغان بىلەن ئادەملەر تەرەققىي قىلماپتۇ جۇمۇ.

قىزنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. «پوق ساقال دىۋانە...» قىز كۆڭلىدىن شۇلارنى ئۆتكۈزۈپ تەتۈر قارىۋالدى. ئۇجمە تۈۋىدىكى شەپكىسى مايماق ئادەم يەنە سىيىپ تۇراتتى. لەڭپۇڭ غالتىكىنىڭ يېنىدا توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرغان بىر كىشى شەلەپىسىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ بوۋايغا تىكىلدى. مۇنۇ بوۋاي بايىقى گەپلەرنى دېمىسە بولاتتى. نەچچە ياشقا كىردى، توي قىلدىمۇ ـ قىلمىدىمۇ ئۇنىڭ نېمە كارى...

— ھازىر بۇرۇنقىدەك قىز بالىنى تەلپەك بىلەن بىرنى ئۇرۇپ يىقىلمىسا ئەرگە بېرىدىغان قارا جەمئىيەت ئەمەس، ھېلىقىدەك گەپلەرنى دېسىلە ياخشى بولمايدۇ. ياشانغان ئادەمكەنلا، ئاياپ قويدۇم، بولمىسا بەللىرىنى كۆتۈرەلمەي قالاتتىلە...

ئۇجمىنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى بىر ـ بىرلەپ تۆكۈلۈۋاتاتتى. شەپكىسى مايماق ئادەم ئىشتىنىنى يۆلەپ دەلدەڭشىگىنىچە كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئۇيان ـ بۇيان قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، پۇتلىرىنى سۆرەپ لەڭپۇڭچى قىزنىڭ غالتىكىگە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى.

يىراق بىر يەردىن تۆچ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلاشلىرى ئاڭ-لىنىپ قالاتتى.

پىژغىرىم ئىسسىق قايىنىغان بازارنىڭ هاۋاسى دەمنى سىق-قاتتى.

بەش ـ ئالتىدەك بالا بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇلۇپ، سەنتۇ-رۇلۇپ دېگەندەك غالتەكنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇزۇن تاختاي ئو-رۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئېغىر ئۇھ تار-تىپ ئاچچىقسۇنىڭ داغلىرى بىلەن بۇلغانغان ئۇستەلنىڭ قىرىغا پوكىنىنى يۆلەپ، گاچىلىشىپ دېدى:

— لەڭپۇڭدىن بەشنى، يۇمغاقسۇتنى جىق سېلىڭ.

مېڭىشقا تەمشەلگەن بوۋاي بالىلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. با-لىلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. بوۋايىنى هەيران قالدۇر-غىنى بالىلارنىڭ چىرايلىقلىقى ئەمەس، ئۇلارنىڭ غورۇلايدەك ئاۋاق هەم ۋىجىكلىكى ئىدى.

بالىلار كىچىكلەپ كېتىپتۇ، ساپلا 18 — 20 نىڭ ئارىلى-قىدىكى بالىلاركەن، مۇشۇ دوناق سويمىدەك هالى بىلەن نېمە ئىشمۇ قىلالار... چىرايىدا قان دىدارى يوق، يا كۆزلىرىدە خۇن يوق.

بوۋاي «كۆزۈم بىرقانداق بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. ئۇ-نىڭ يەنە كۆز ئالدىدىكى قىز بالىدەك نازۇك بالىلارغا ئىچى ئاغ-رىپ يۈرىكى ئېچىشىۋاتقانلىقىنى جىق ئادەملەر بىلەلمىدى. كۆڭلىدىكى بۇ گەپلىرىنى بوۋايمۇ كېيىن هېچكىمگە دېمىدى. خەقنىڭ بالىلىرىدىن سىلەر نېمىشقا بۇنداق ئورۇق، بوي ـ بەس-تىڭلارنىڭ نېمىشقا بۇنداق تايىنى يوق، دەپ سورىغىلى بولاتتى-مۇ. شۇنداقتىمۇ بوۋايىنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. بىرەيلەن ئۇنىڭ ئۆزى ناهايىتى تەستە چىپىپ سۇ باشلىغان ئېرىققا لاي تىنىپ سۇ ئاقماس بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن چاغدىكىگە ئوخشاش ئوسال كەيپىياتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— ئاۋۇ ئۇجمىنىڭ غازاڭلىرى چۈشۈشكە باشلىدى، ئوتتۇرا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



يازدا بوٴنداق بولسا بولمايتتى.

بالىلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن شوٴنداق دېدى. ئۇ يانچۇقىدىن پاپىروٴسنى ئېلىپ توٴتاشتۇروٴپ ئىچىگە تارتىپ ئارقىدىن قاتتىق يوٴتىلىپ كەتتى.

ــ ئوٴجمە ئەمەس تېرەك ئۇ، كۆزۈڭ يوقمۇ سېنىڭ؟

ــ ئۇ دېگەن سېدە ئاغىنىلەر.

ــ ياق، ئەرمۇدوٴن.

ــ سۆگەتمىكى- يا...

نەچچە قەدەم نېرىغا بېرىپ بولغان بوۋاي كەينىگە قايرىلىپ بىردەم توختاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاچچىق بىلەن قوللىرىنى شىلتىدى:

ــ يائاللا ما بالىلارنى، ئۇنىڭ نېمە دەرەخلىكىنى بىلمىدىڭلارمۇ، بوٴگوٴنكى كوٴندىكى بالىلار رەسمىي كالىكومشا چوڭ بولىدىكەن، ئۇ بىر توٴپ ئوٴجمىغۇ.

ــ ماڭە ۋاي قېرى، ئۇ باشقا بىر دەرەخ.

ــ چوڭلارنىڭ گېپىگە كىرەيلى، بەلكىم ئوٴجمە بولۇشىمۇ موٴمكىن.

ــ توغرا، ئۇلارنى ھۆرمەتلەيلى.

ياندا ئولتۇرغان بىر ئادەم ھېلىقى بوۋايغا سىنچى كۆزلىرىنى تىكىپ، بۇ ئۆزىنى ئاياشنى بىلمەيدىغان، يوقىلاڭ ئىشلارغا تولا ئارىلىشىدىغان قېرىكەن، ئۆزىنىڭ ئىشىنى بىلسە بولمامدۇ، تېخى بايا لەڭپۇڭچى قىزنى توي قىلىدىغان يېشىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دەپ يۈرىدۇ، ئەمدى بۇ ئۇشىاق ئىشقا ئارىلىشىپ يۈرىدۇ، ئوٴجمىمۇ، تېرەكمۇ، نېمە بولسا بوٴنىڭ نېمە ئىشى. ئۆزىنىڭ ئىشىنى بىلسە بولمىدىمۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ــ قويغىنا، بۇ چوڭلار بىزگە نېمە قىلىپ بەردى، قايسى بىر قالتىس ئىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ھۆرمەتلىگۈدەكمىز، بۇ خەقنىڭ قىلىقلىرىنى ئويلىسالا ئاچچىقىم كېلىدۇ مېنىڭ...

ــ بىز نېمە قىپتۇق، ــ بوۋاي ئاچچىق بىلەن ئالايدى، ــ

ھەرقايسىڭنى بېقىپ، چوڭ قىلىپ قويغان گۇناھىمىز بار.

— چوڭلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى گەپنى جىق قىلىش... بۇلارنى تالىشىپ نېمە قىلارمىز، ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلىشايلى، بايىقى قىز بالىنى يىتتۇرۇپ قويىمىساق بولاتتى.

— قايسى قىز بالا ئۇ...

— ھېلىقىچۇ، ھېلىقى زەڭگەر كۆڭلەك كىيىۋالغان سەتەڭ... باغرىمنى ئېلەشتۇرۇۋەتتى...

— توختىماي قىز بالىنىڭلا گېپىنى قىلامسەن؟

— شۇنى دەيمەن، قىز بالىدىن نېمە چىقىدۇ.

— بىكار گەپنى قويۇپ پىۋىمىزنى ئىچەيلى.

«زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزنىڭ مەكتەپنىڭ توپا ئۆرلەپ تۇرغان ھويلىسىدىكى تېرەككە ئېسىلغان تۆمۈر داڭنى كۇچەپ ئۇرغان ئاۋازى بىلەن تۈچ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلاشلىرى بۇ يەردىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قۇلىقىغا ئەمەس، يۈرىكىگە سىڭىپ كەتتى، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ ئىككى نەرسىنىڭ ئاۋازى توختاپ قالسا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى گاس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن» ئىنىسىنىڭ تايىقىدىن بىر كۆزى خىرە، بىر قۇلىقى گاس بولۇپ قالغان ئادەم مۇشۇ گەپلەرنى ئۇنى - بۇنى يېزىپ يۈرىدىغان بالىغا دېمەكچى بولۇپ پۇرسەت تاپالمىغانىدى.

— ئاشۇ قىزدا بىر گەپ بارمىكى دەيمەن.

— قانداق دەيسەن؟

— شۇ چىرايى، شۇ سۆلىتى بىلەن بىزنىڭ بۇ توپىلاڭ بازاردا يۈرگىنىگە قارىغاندا بىرەر چاتىقى بارمىكىن دەيمەنغۇ.

— بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، ھازىر ساپلا چىرايلىق قىزلاردىن چاتاق چىقىدىغان بولۇپ قالدى.

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئۇ شەھەردىكى خىزمىتىنى تاشلاپ مۇشۇ يەرگە كەپتۇ.

— نېمىشقا كەپتۇ؟

— بالا ئوقۇتقىلى بولمامدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— شەھەردە ئوقۇتقىلى بالا يوقمىكەن؟
— مەن ئۇ قىزنى دوختۇركەن دەپ ئاڭلىغان.
— مەن مۇشۇ يەردىن كەتمەيمەن دەپتىمىش.
— بىزنىڭ بالىلاردىن بىرەرسىگە كۆزى چۈشتىمۇ تېخى.
— شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، كۈيۈك ئوتى يامان نەرسە.

بازارنىڭ توپا باسقان يوللىرىدا ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن ئارىسىدا مۇشۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنىڭ بولۇنغانلىقىنى بىلىدىغانلار بۇ يەردە يوق. زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزدىكى گۈزەللىك، لاتاپەت بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ جۇرئىتىنى تورۇتۇۋەتتى، دەپ ئويلاپ يۈرگەن بىر كىشى ئاشۇ پاراڭلار بولۇۋاتقاندا ئۆزمەي تاماكا چەككەندى. ئۇ: مۇشۇ قىزنىڭ يۈرىكىدىكى كۈچتىن بالادادىغا، قېرىنداش قېرىنداشقا ۋاپا قىلمايدىغان، خوتۇن ئەرگە، ئەر خوتۇنغا ساداقەت كۆرسەتمەيدىغان پەسلىكلەر يوقايدۇ، دېگەندەلەرنى ئويلىغاندا كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئاللاھدىن ئاشۇ قىزنىڭ قولىدىكى بورنى، قەلەمنى مەھكەم تۇتىدىغان ئەقىدىسىگە كۈچ بېرىشنى تىلىدى.

بالىلارنىڭ مەستلىكتىن قان دىدارى قالمىغان چىرايى ھېچكىمنى ھەيران قالدۇرمىدى. بوۋاينىڭ يۈرىكى ئېچىشقانلىقىنىمۇ بىركىم بىلمىدى. ئۈجمىنىڭ شاخلىرىغا قونۇپ ئولتۇرغان بىرنەچچە قۇشقاچنىڭ قاغا جىگدىسىچىلىك كېلىدىغان كىچىك يۈرەكلىرى پىژىلداپ ئېچىشتى. ئالدىدا، يېنىدا، ئارقىسىدا سارغىيىپ كېتىۋاتقان يوپۇرماقلارغا قاراپ، بىر ـ بىرىگە ئۇندىسىز قاراپ تۇرۇشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ كىچىك كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى. بۇ دېگەن ئاخىرقى ئۈجمە، قۇرۇپ كەتسە بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى ئارىسىدىن بىرى ھەمراھىغا سىڭايان قاراپ تۇرۇپ. «ئۈجمە قۇرۇپ كەتسە كۆرىدىغان كۈنىمىز بار... بۇ ئۈجمە نېمىشقا قۇرۇپ كېتىدۇ...» قۇشقاچلارنىڭ زەئىپ ۋىچىرلاشلىرىنى تۈچ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلاشلىرى بېسىپ كەتتى.

بىر بالا ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان شالۋاقلىرىنى قولىنىڭ كەينى

بىلەن ئېرتىۋېتىپ ئاغىنىسىگە قولىنى تەڭلىدى:
— تاماكىدىن بىرنى بەرگىنە.
— يوق، مەندىمۇ قالمىدى.
— ئۇنداق قىلماي بەرگىن، خۇمارىم يامان تۇتۇپ كەتتى.
— يوق، بولسا بېرەتتىم.
تاماكا سورىغان بالا خۇنسىز كۆزلىرىنى ئاغىنىسىگە تىكىپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى.
— خەپ، قولۇمغا بىر پۇل كىرسە قانداق قىلىمەنكىن... شۇ چاغدا كۆرىمىز.
بۇلارنىڭ ھەممىسى مەست بوپ كېتىپتۇ، پىۋىنىڭ مەستـ ـلىكى يامان، دەپ ئويلىدى بايا بوۋاينى ئىچىدە بىرنېمە دېگەن ئادەم.
ئۇ بېلىنى ئېگىپ تۇرغان بىر بالىنىڭ قولىدىكى ئاق سۇلـ ـياۋ بىلەن ئورالغان بىر تېكىق پىۋىغا قاراپ قويدى.
— ئىچمىسەڭ بولمامدۇ ئېشەك سۈيدۈكىنى، — دېدى بوۋاي چەتتە ئولتۇرغان بالىغا ئالىيىپ.
— نېمە كارىڭ، ئىچسەم ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا ئىچتىم.
— سەندە ئۆزۈڭنىڭ پۇلى نېمە قىلىدۇ، داداڭنىڭ پۇلىغا ئىچكەنسەن تايىنلىق، بوگۈن ئاتا ـ ئاناڭنى سويۇپ يەپ ـ ئىـ ـچىسەن، ئەتە ـ ئۆگۈن تىلەپ ئىچىسەن، دىۋانە بولىسەن...
— مەسىلەن شۇنداق بولسام سېنىڭ نېمە كارىڭ، قېرى ئابدال.
— ئەسلى كارىم بولمىسا ياخشىدى، بىراق سەن پەسەندە بىلەن بىر يەرلىرىمىز تۇتاش بىزنىڭ، ئادەم بولغاندىكىن ئادەمـ ـدەك يۇر، ئاڭلىدىڭمۇ چوشقا!
تىل ئىشتىكەن بالا ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋاي تەرەپكە بىر دىـ ـۋىنىپ بولۇپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ بوۋاينى ئۇرۇشقا جۇرئەت قىلالمىغانلىقىنى يا بولمىسا قورققانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى.
ئېغىر سومكىسىنى كۆتۈرۈۋالغان قىز بالا بىلەن ئوغۇل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بالا غالتەكنىڭ يېنىغا كېلىپ لەڭپۇڭچى قىزغا پۇل تەڭلىدى. ئۇلار چەتتىكى ئورۇندۇقتا يېقىن ئولتۇرۇپ ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرۇشتى. مەست بالىلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئوغۇل بالىغا قاراپ كېكەچلىدى:

— سومكاڭدىكى نېمە؟

— كىتاب بىلەن دەپتەر.

— نېمە قىلىسەن ئۇ بىر نېمىنى يۇدۇۋېلىپ، ئەخمەق.

— ئوقۇيمەن، — بالا چىرايلىق قارا كۆزلىرىنى سوئال سورىغۇچىغا نەپرەت بىلەن تىكىپ سوغۇقلا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندەك قىلاتتى. يېنىدىكى قىز ئاستا پىچىرلىدى:

— كېتەيلى، قورقۇۋاتىمەن.

— جىم ئولتۇر، نېمىدىن قورقاتتىڭ، قېنى، نوچىسى بولسا كەلمىسۇنمۇ.

ئوغۇل بالىنىڭ گېپىنى ھەممىسى ئاڭلىدى. بالىنىڭ سومكىسىدا نېمە بارلىقىنى سورىغۇچى ئىككى تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ قويۇپ تىلىنى چايىندى:

— مەن سېنى مەندىن قورقسۇن دېمىدىم، ئوقۇيمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە مەندەك ئويىنىساڭ بولمامدۇ... كالۋا... كىچىك تۇرۇپ قىز بالىنى كەينىگە سېلىپ يۈرگىنىنى... ئىزا تارتمايدىغان...

بوۋاينىڭ ئاپپاق ساقاللىرى تىترىدى. قورقۇنچلۇق كۆزلىرى مەست بالىلارغا مىختەك قادالدى.

— سەن قاپاق كاللا، ئاغزىڭنى يۇم، بۇ بالىلار ئوقۇپ ياخشى قېپتۇ، ئوقۇمىسا سەندەك ئۆيىنى تاپالماي دىۋانىدەك يۈرىدىغان گەپ.

— كى... كىم ئۆيىنى تاپالماپتۇ؟

ھېلىقى بالا خۇددى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك گاچىلىشىپ كەتتى.

بالىلارنىڭ ھەممىسى جىم بولۇپ قېلىشتى.

— سەن بالام، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىپسەن، كىتابىڭنى ھېچكىمگە بەرمەي ئوبدان ئوقۇ، بۇنداق دۆتلەرنىڭ گېپىنى ئاڭ-لىما.

بوۋاي ئىشتىنىنىڭ تاسمىسىنى ئېتەلمەي بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ غالتەكنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغان شەپكىسى مايلاش ئادەمنىڭ ئالدىغا باردى.

— ھوي، مۇناپىق، ساقىلىڭغا ئاق سانجىغاندا نېمە سەتلى-شىپ يۈرسەن، ئەلكۈندىن ھايا قىلساڭ نېمە بولىدۇ؟

ياندا ئولتۇرغان ئادەم قورقۇپ قالدى. بۇ بوۋاي مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ تاياق يەپ كەتكۈدەك، ھېلى ما باللارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدى، بۇلار ھەرقاچان ئاخشاملىقتا بىر يەردە ماراپ تۇ-رۇپ بۇ كاپ-كاپ قىررىنى تازا سالىدۇ، ھازىر ماراپ تۇرۇپ ئادەم ئۇرىدىغان ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، ئەمدى ماۋۇ مايماق شەپكە بىلەن ئېتىشىپ نېمە قىلىدىغاندۇ.

لەڭپۇڭچى قىز بايىقى باللارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئالدىغا بىر قاچىدىن لەڭپۇڭ قويدى.

شەپكىسى مايلاش ئادەم باللارنىڭ ئالدىدىكى لەڭپۇڭغا قاراپ يۇتۇنۇپ قويۇپ غودۇڭشىدى:

— مېنى تىللىمىساڭچۇ، مېنىڭمۇ دەردىم يەتكۈچە بار، شۇڭا ئىچتىم. يانچۇقۇمدا تىيىنىنىڭ تايىنى قالمىدى، ھەممەيلەن مېنى تاشلىۋەتتى، قىمارغىمۇ مېنى ئېيتماپتۇ، سورۇنغىمۇ چىللاپ قويماپتۇ، ھەممىسىنى كۆرۈپ قويدۇم.

— خۇدا مۇشۇنداق تەڭشەيدۇ، داداڭ رەھمىتى خارلىقتا قال-غاندا، سەن ئۇنىڭغا قانچىلىك راپاۋەت قىلدىڭ ھارىمى؟ داداڭ تىلەپ يەپ كۈن كەچۈردى، سەندەك گۇسمۇستەك ئوغلى بار ئا-دەم تىلىسە قانداق بولىدۇ؟ شۇ ئادەمگە جان تاتلىق، ئۆلەي دېسە خۇدا جاننى ئالغىلى ئۇنىمىسا ئامال يوق-تە، بەزىدە جان دېگەن-دىنمۇ قۇتۇلغىلى بولماي قالىدىغان نەرسە... داداڭ زامانىسىدا ئەزىمەت ئادەم ئىدى، ئەمما سەن ناكەسنى تۇرمىدىن ئاجرىتىمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قەلەندەر بولۇپ كەتتى، سەن شۇ كۈنلەردىمۇ ئېچىپ ـ چېكىپ يۈردۈڭ، مانا ئەمدى كۆرگەن كۈنۈڭ مۇشۇ بوپتۇ، ساڭا دەي، تېخى ماۋۇ كۈنلىرىڭ ياخشىراق... كۈنلىرىڭ تېخى ئالدىڭدا سېنىڭ...

ــ بولدى، چىشىمغا تەگمە، جىقراق ئۇتارمەن دەپ ئويناپ سېلىپ نەچچە يۈز مىڭنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم، قىزىم دېگەن دېۋەڭ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتتى، مەن ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلدىم.

ــ ئاللاتائالا ئېيتىدۇ: زالىمنى زالىمنىڭ قامچىسى بىلەن ئۇرىمەن.

يولنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغان بىر كىشى لەڭپۇڭچى قىزنىڭ غالتىكى يېنىدىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىپ تۇرغانىدى.

بوۋاي بالىلارغا بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى، بالىلار بايىقىدەك قوللىرىنى شىلتىماي جىم تۇرۇشاتتى، يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كىشى بالىلار چوقۇم بوۋاينىڭ گېپىگە كىرىدى، دېگەنلەرنى ئويلىدى، ئەمما بوۋاينىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى پەرەز قىلالمىدى. بىر چاغدا بالىلاردىن بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ، لىڭشىق ئۇستەلنىڭ يېنىغا قويۇلغان بىر تېگىق پۇشۇنى كۆتۈرۈپ بېرىپ نېرىدىكى گوداڭغا تاشلىۋەتتى.

ئۈجمىنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلۈشتىن توختاپ رەڭگىمۇ بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. بايا تېخى ساپسېرىق كۆرۈنگەن ئۈجمە ئاستا ـ ئاستا يېشىللىنىشقا باشلىدى.

تۆچ قوغۇراقلارنىڭ ماتانەتلىك جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى يېقىنلا يەردىن ئاڭلاندى.

ــ سېنىڭ بۇ تاراڭ ـ تۇرۇڭلىرىڭ زادى قاچان تۈگەيدۇ؟

ــ مەن ئۆلگەندە.

مەيكەش شۇنداق جاۋاب بەرگەندە، ئۇ بازارنىڭ ھەممە يوللىرىنى... مىسكەر كوچىسىنى، تېرە بازىرىنى بىلەتتى، ھەممە يەرنى بىمالال تېپىپ بارالايتتى. تۆچ قوغۇراقلارنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن ناھايىتى يىراق جايلارغىچە ئاڭلىنىپ كەلگەنلىكىنى،

ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن مۇشۇ كۈنگىچە ئۆلىشىپ كەلگەنلىدىكىنى يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە ھېس قىلاتتى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۆچ قوڭغۇراقلاردىن بىزار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى.

— توققۇز تۆپ ئۈجمە تىككەن ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ.

— توققۇز تۆپ ئەمەس، يەتتە تۆپ.

— ھەر ئىككىسى خاتا بولدى، قىرىق تۆپ تىكسە جەننەتكە كىرىدۇ.

— مەن ئۈچ تۆپ دەپ ئاڭلىغان.

زادى نەچچە تۆپ ئۈجمە تىكسە جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى بىر توغرا ئەكېلىشەلمەي ئۇزاق تالاش بولدى. ھېچكىم ھېچكىمنى قايىل قىلالمىدى.

قاشلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بىر بوۋاي «سېنىڭ بۇ تارالڭ ـ تۈرۈڭلىرىڭ زادى قاچان تۈگەيدۇ» دەپ سوراشتىن ئىلگىرى جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن نەچچە تۆپ ئۈجمە تىكىش لازىم بولىدۇ، دېگەن تالاش ـ تارتىشقا داخىل بولغانىدى.

ئاخىرىدا يەنە بۇرۇنقى مۇشۇ خىلدىكى ئىشلاردىكىگە ئوخشاش ئادەملەر ئىككى تام بولۇپ قاتتىق مۇشتلىشىش بولغانلىقى مەلۇم. شۇ چاغدا، جېدەلنى قىرىق تۆپ ئۈجمە تىكسە بولىدۇ، دېگەن ئادەم باشلىدى، دېگۈچىلەر بار. ئۇ ئاچچىقى يامان، گەپنى تولا قىلىدىغان، بىركىمگە يول قويمايدىغان ئادەمكەندۇق. جېدەلنىڭ ئاخىرىدا تاياقنى شۇ جىقراق يەپ كەتتى، دەيدۇ، تاياق زەربىدىن يىقىلىپ قالغان چاغدىمۇ ئۇ قايىل بولماي، زادى قىرىق تۆپ تىكىش كېرەك، دەپ ۋارقىرىغاچ، رەھىمدىل ئادەملەر تېپىپ كەلگەن ھارۋىغا چىقىپ يېتىپتۇ، ئۇزاققىچە قوللىرىنى جونۇپ بىركىملەرنى تىللاپ مېڭىپتۇ.

شۇ چاغدا بۇ ئىشلارغا باشتىن ـ ئاخىر نەزەر سېلىپ تۇرغان قۇلىقى ئېغىر، كۆزى خىرە ھېلىقى ئادەم تاماكىسىنى ئاچچىق بىلەن شوراپ: «ھەي، ئۈجمىنى نەچچە تۆپ سالسا بولىۋېرـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ـرىدۇ، مۇشۇمۇ تالىشىپ قان بولىدىغان ئىشمۇ؟ مۇشۇنداق ئا۔
دەملەر ئاخىر بىر تۇپمۇ ئۈجمە سالالمايدۇ، ئۈجمىنىڭ شاراپىـ۔
تىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ.»» دەپ ھەسرەت چەككەنمىش. بۇنداق ئويلايـ۔
دىغانلار جىق بولسىمۇ، بىراق، ئۈجمىنى زادى نەچچە تۈپ تىـ۔
كىش كېرەك، دېگەن جېدەل تا ھازىرغا قەدەر ھەل بولماي كېـ۔
لىۋېتىپتۇ. شۇڭا، بۇ بازاردا لەڭپۇڭچى قىزنىڭ غالتەكىدىن
نەچچە قەدەم نېرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر تۈپ ئۈجمىدىن
باشقا يېگىدىن سېلىنغان ئۈجمىلەر يوق. ھېلىقىدەك تالاشلار
قاچان تۈگەيدۇ، يېڭىدىن ئۈجمە سالىدىغانلار چىقامدۇ ـ يوق،
بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس. بۇلارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئا۔
دەمنىڭ گېپىنىڭ ئورامىدىن بۇ جېدەللەرنى مەن تۇغۇلۇشتىن
بۇرۇن بولغانمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن، مەن تۇغۇلغاندىن
كېيىن يۈز بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.
— ئايىغىڭنى نېمىشقا تەتۈر كىيىۋالدىڭ؟ يەنە كېلىپ
بەكلا چوڭ ئاياغ كىيىۋاپسەن...
باللارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ياندا ئولتۇرغان ئاغىنىسىگە
قاراپ كۈلۈپ قويدى.
— نېمە... قانداق تەتۈركەن؟
— كۆرمەپسەن ـ ھە، ئوڭ پىيىنى سول پۇتۇڭغا، سول پىـ۔
يىنى ئوڭ پۇتۇڭغا كىيىۋاپسەن.
— بىلىپ بولالمايدىكەنمەن، بەربىر غو.
— ئەمىسە پۇتۇڭغا لايىقراق ئاياغ كىيمەمسەن... نېمانداق
چوڭ بۇ؟
— نەچچىنچى نومۇرلۇق ئاياغ كىيىدىغانلىقىمنى بىلەلمىـ۔
دىم، قارىسىغا مۇشۇنى ئالسام سەل چوڭدەكمۇ قىلامدۇ ئىشقىـ۔
لىپ... بولدىلا، ئوڭ ـ تەتۈرى، چوڭ ـ كىچىكىنى قويۇپ كىـ۔
يىۋېرەمەيمەنمۇ.
كىمدۇر بىرى بۇ بالا ئەتىگەندە كىچىك ئوغلى بىلەن كۆڭـ۔
لىكىنى ئالماش كىيىۋالغان ئادەمنىڭ ئوغلى بولۇشى مۇمكىن،

دادىسى كىچىك ئوغلىنى يېتىلەپ مۇشۇ بالىنى ئىزدەپ چىققان بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

قاش - كۆزى بەكمۇ چىرايلىق بالىنىڭ سوزۇلاڭغۇ گەپلىرى بوۋاينىڭ قۇلىقىغا پەقەت ياقمىدى. ئۇ ماغدۇرى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ جىم بولۇپ قالدى، پۇت - قولىدا جان قالمايۋاتات-تى، باينىڭياقى گەپنى تولا قىلىپ، تولا سۆزلەپ ھالىدىن كەت-كەندەك قىلاتتى.

بوۋاينىڭ ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرى كۈنلۈك كۆتۈرۈپ كې-تىۋاتقان بىر قىزغا تىكىلدى. قىز ناھايىتى ئەركىن قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. زەڭگەر كۆڭلىكى يەڭگىل، لەرزان لە-پىلدەيتتى، چاڭ - مانان قاپلىغان پىژغىرىم ئىسسىق كوچىدا قىزغا قارىغان نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. لاتاپەت، نازاكەت كۆزنى قاماشتۇراتتى. نۇرغۇن ئەركەكلەرنىڭ يۈرىكى مۇشۇنداق چاغدا ئۆرىتۆپە بولۇپ كېتىدۇ. قىزنىڭ ئاپپاق پاقالچەكلىرىنى يۆگەپ تۇرغان ئۇزۇن كۆڭلىكى ئەتراپقا ھايا-جانلىق بىر تۈيغۇ تارىتىپ جۇلالىناتتى.

— بۇمۇ ئەرگە تەگمىگەن قىز بولسا كېرەك.

بوۋاي شۇنداق دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. شەپكىلىك ئا-دەم يۇتۇنۇپ قويدى. ئۇنىڭ چارلاشقان توكلەر باسقان بوغدىيىكى يىرگىنچلىك بىر تەرىزدە يۇقىرى - تۆۋەن غىلدىرلاپ كەتتى.

— بۇ بالا ئوقۇتىدىغان قىز، ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشقا جۇرئەت قىلغۇدەك ئوغۇل بالا چىقمىدى.

«ماۋۇ نېمىلەرنىڭ قىلىپ يۈرگەن گەپلىرىنى قارا» كۆكۈچ كۆزلىرى بۇركۇتىنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق بىر ئادەم زەڭگەر كۆڭ-لەكلىك قىزنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ خىيالغا كەتتى. قىزنىڭ نا-زۇك قوللىرىنىڭ، قەلبىدە يېنىۋاتقان ئوتنىڭ خاسىيىتىدىن توپا باسقان ئەقىللەر قايتىدىن چاقنايدۇ، كىرلەشكەن ئەقىدىلەر پاكلىنىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى يىرىكچىلىك، ئۆچمەنلىكنىڭ ئورنىغا قىزغىن سۆيۈش ئالمىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇ شۇنداق ئويلاۋاتقاندا يىراقتىن تۆچ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلىشى ئاڭلاندى.
مەپىكەش ئۆجمە تۈۋىدىكى بوۋايغا، باللارغا، شىلەپىلىك ئادەمگە، يەنە ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدىغان شەپكىسى مايماق كىشىگە قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.
مەپىكەشنىڭ ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قېشىغا بېرىپ بىردەم ئولتۇرۇۋالغۇسى بار ئىدى.
ئەمما، ئۇ نېمىدۇر بىرنەرسىدىن قورقاتتى، نېمىدىن قورقىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى.
تۆچ قوڭغۇراقلار زىل جىرىڭلاپ كېتىپ باراتتى. مەپىدە بىر كىشى قارا سومكىسىنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرغانىدى. مەپىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتكەن ۋېلسىپىتلىك بىرسى مەپىدىكى ئادەمنىڭ قولىدىكى سومكىسىنى كۆرۈپ، سومكىنىڭ ئىچىدە چوقۇم لىققىدە پۇل بار، بۇ ئوغرى بۇ پۇللارنى يا قىماردا ئۇتۇۋالدى، يا بولمىسا يولدىن تېپىۋالدى، يېرىم كېچىدە بولاڭچىغا ئۇچراپ ھەممە نېمىسىدىن قۇرۇق قالىدۇ، ساقچىلارغا يولۇقۇپ قالسىغۇ كۆرگۈلىكى بار، دېگەنلەرنى ئويلىغاچ ئۆتۈپ كەتتى. كىمدۇر بىرى چايناپ تۈكۈرۈپ قويغان سېغىز، مەپىدىكى كىشىنىڭ ئىشتىنىغا چاپلىشىپ تۇراتتى. مەپىنىڭ گىلىمىنىڭ بىرنەچچە يېرى تاماكا چوغىدىن تېشىلىپ كەتكەنىدى. قوكۇر ئات پات ـ پات پۇشقۇرۇپ قويۇپ بىر خىل رىتىمدا كېتىپ باراتتى.
مۇشۇ ئات بولمىغان بولسا قانداق قىلار ئىدىم، مەپىكەش ئۇشتۇمتۇت شۇلارنى ئويلاپ قالدى، ئارقىدىن يەنە مەپە ھەيدەيدىغان ئادەم بولۇشۇم تەقدىر ـ قىسمەتتە پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىش بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.
ئۇ مۇشۇ ئۆمرىگىچە مەپە ھەيدەشتىن باشقا ئىش قىلىشنى ئويلاپ باققانلىقىنى ئەسلىيەلمەي ھەيرانلا قالدى. بۇ ھەسرەتلىك بىر ئىشتەك ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق چېقىپ ئۆتتى.
كوچىنىڭ يان تەرىپىدىكى دەرەخلەر تىزىلىپ ئۆتۈۋاتاتتى.

تۆچ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازلىرى ئىچىدىن چاقلارنىڭ غىرىلدىغان ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنچە كۆچلۈك جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئىچىدىن چاقلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغانلىقىدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالاتتى. چاقنىڭ ئايلىنىشى، قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىشى، ئاتنىڭ رىتىملىق يورغىلاپ مېڭىشلىرى بىرلا رىتىم ئىچىدە ئىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە يۈرىكىنىڭ سوقۇشى بىلەن ئات تۇيىقىنىڭ يەرگە تېگىشى، چاقنىڭ غىلدىرلىشى، قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىشى دېگەنلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى.

كوچىلارغا مەپە كىرگۈزگىلى قويمىسا قانداق قىلارمەن.
مۇشۇ خىيال يادىغا يەتسە قورقۇپ قالاتتى.

دىمىن قارى بىلەن ساۋۇت تۈگمەنچىنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇرىدىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەپىكەش قەددىنى رۇسلاپ ئۇلارغا قاراپ تۇردى. مەن بۇ ئىككىيلەنگە دەيدىغان گېپىم بار دەك ئويلاپ قېلىۋاتاتتىم، نېمە دېيىشنى بىلمەيۋاتاتتىم.

ـــ نېسى دېگەن نەس ئىكەن، ئەمدى بىلدىم. سىلىگە نېسى بەرگەن قويلارنىڭ سانىنى ئۆزلىرى بىر دەپ باقسىلا.

دىمىن قارى ئاچچىقتىن ھاسىراپ كەتكەندى، شاپاق بۆكىنىڭ گىرۋەكلىرىدىن تەرلەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

ـــ نەچچە رەت دېدىمغۇ، دەسلەپتە بەشنى ئەكەتتىم، كېيىن ئوننى ئالدىم، ھەممىسى 50 قويغۇ، يەنە نېمە بولسا بولاتتى.

ساۋۇت تۈگمەنچىنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەندى، ئەلەس كۆزلىرى توختىماي پىلدىرلايتتى.

ـــ ئەمىسە شۇ 50 قوينىڭ ھەر بىرىنى 50 كويدىن جەمئىي 800 يۈەنگە دېيىشكىنىمىز راستتۇ، پۇلنى بەرسىلە.

ـــ مەندە ئىسسىق جان بار. مېنى قىستىمىسىلا، مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ھەرقاچان مېنىڭ بېشىمغا چىقىدىكەنلا سىلە.

ـــ مەنمۇ جىلە بولۇپ ئۆلەي دېدىم.

مەپىكەش شۇنچە ھېسابلاپمۇ ئۇلار تالاشقان قوي ھەم ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باھاسىنىڭ سانىنى چىقىرالمىدى.

مېنىڭ ھاڭۋاقتىلىقىم ئۆزۈمگە ئايان، مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايلا جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىشىم مۇمكىن، مەپىكەش شۇنداق ئويلاپ بەكلا مەيۈسلىنىپ كەتتى.

ئالدىنقى ھەپتە ئاتىنىڭ يوگىنىنىڭ نامىنى ئۇنتۇپ قېلىپ بىر ھەپتە رەللە بولۇپ يۈردى. بىركىمدىن سوراي دېسە نومۇس قىلدى، خەق ئۇقسا سەت تۇرىدۇ.

جاھان بەك يېڭىلىنىپ كېتىپتۇ، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەر جىقلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يادىغا ئىنىسىدىن تاياق يەپ قولىقى ئېغىر، كۆزى خىرە بولۇپ قالغان ھېلىقى كىشى كەلدى. بىر زاماندا ئەجەب سالاپەتلىك، قاملاشقان ئادەم ئىدى، بالا ئوقۇتمىساڭ ئۆزۈڭمۇ، بالاڭمۇ دېۋەڭلىشىپ كېتىدۇ دەپ، خەقلەرگە گەپ يېگۈزەلمەي ئىنىسى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدى، ئاخىرى بولغان ھالى مۇشۇ.

مەپىكەش چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى قىيناپ تۇرغان دەردسەرلەرنىڭ بائىسىنى چۈشەنگەندەك بولدى. كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە يېقىن كېلىپ: «ئەقىل دېگەن بۇلاق سۈيىگە ئوخشايدۇ، بۇلاقنى تىندۇرساڭ ئەقلىڭ چۆللىشىپ كېتىدۇ...» دېدى. مەپىكەش ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق بولۇپ قاراپ قويۇپ ئېتىغا قامچا سالدى.

— بۇ قەيەر، ھارۋىكەش؟

بىرەيلەن پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدى. ئۇ خۇددى دەۋاتقان گېپىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئېھتىيات بىلەن سوراۋاتاتتى.

مەپىكەش گەپ قىلمايلا ئېتىغا قامچا ئۇردى.

تار كوچىدىن بىرنەچچەيلەن قىيا ـ چىيا قىلىشىپ چىقىپ كەلدى. مەپىكەش ئۇلارنىڭ چاقىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئىتتىككىلا يۈرۈپ كەتتى. تۈچ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلاشلىرى بارا ـ بارا يىراقلاپ كەتتى.

قاتتىق ئىسسىقتا قۇشقاچلار سايە تاپالماي قىينىلىپ كې-
تىۋاتقان بازارنىڭ چەت بىر كوچىسىدا، بىر قولىقى ئېغىر، بىر
كۆزى خىرە ئادەم بىلەن يەنە بىر قولى ناكار بولۇپ قالغان بىر-
رەيلەن ياندىشىپ كېلىۋاتقانىدى. مەن ئۇلارنى ناھايىتى مۇھىم
ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ماڭىسكەن، دەپ ئارزۇ قىلىپ
قالدىم. ئىككى ئادەم، ئۈچ ئادەم بىر بولۇپ ياخشى ئىشلارنى
قانداق روياپقا چىقىرىشنى ئويلاشسا، چىت كۆڭلەك كىيىپ يۇ-
رىدىغان ئوغۇل باللارنىڭ، قىچىپ كەتكەن قىزلارنىڭ، يار ئې-
لىپ كەتكەن ئۆستەڭنىڭ، بۇزۇلغان يولنىڭ گېپىنى قىلىشىپ،
مۇشۇنداق ئىشلارنى قانداق ئوڭلاشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشسا
ياخشى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئويلايدىغان ئادەملەر ناھايىتى تولا.
بەكمۇ كونا ئاۋازدا جاراڭلايدىغان تۇچ قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى
شۇنداق ئويلايدىغان، شۇنداق خىيال قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ
زامانىدىن يېتىپ كەلگەن، بىر - بىرىنى قىزغىن قۇچاقلايدىغان
قېرىنداشلارنىڭ مېھرىلىك تىنىقلىرى، بىر ئادەم يىقىلسا يۆ-
لەشكە مىڭ ئادەم تەييار تۇرىدىغان ماتانەتلىك ھاياتنىڭ قۇۋۋىتى
تۇچ قوڭغۇراقلارنىڭ ساداسىدا تىرىلىدۇ. قوڭۇر ئاتلىق مەپىدىن
ياڭراپ تۇرغان كونا سادا تېنىگەنگە چىراغ بولىدۇ. جىق ئىشلار-
نىڭ سەۋەبىنى بۇگۈندىن ئەمەس، ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلەردىن، شۇ
ۋەقەلەرنى سادىر قىلغۇچىلاردىن، شۇ ۋەقەلەرگە شاھىت بولغۇ-
چىلاردىن كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان بىرەيلەن ياندىشىپ كې-
تىۋاتقان ئىككىيلەنگە قاراپ مۇشۇلارنى يادىدىن ئۆتكۈزدى.

ھېلىقى ئادەمنىڭ خىرە كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇراتتى. ئۇ-
نىڭ قۇلىقىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس. نەچچە
يىلنىڭ ئالدىدا كالا ئۇسۇپ بىر قولىنى سۇندۇرۇۋەتكەن ئادەم
بىلەن ئەلەس ئادەمنىڭ نېمە بولۇپ بىر يولدا مېڭىپ قالغانلى-
قىغا ھېچكىم قىزىقمىدى. شۇنچە تاياق يەپمۇ چاچلىرىنى ئۆزۈن
قويۇپ، چىت كۆڭلەك كىيىپ يۈرىدىغان ئادىتىنى تاشلىغىلى
ئۇنىمىغان ئوغۇلنىڭ دادىسى مۇشۇ كىشىنى ئىزدەپ، ئوغلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلىرىنى قانداق قىلىشنى، ئۇنى قانداق قىلىپ يولغا كىرگۈزۈشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىمەن دەپ، ئىنىسىنىڭ تايىقىدىن كۆزلىرى ئەلەس بولۇپ قالغان مۇشۇ ئادەمنى ئىزدەپ يۈرگىلى ئۈزۈن بولغانىدى.

— ئانىسىمۇ، مەنمۇ ئامال قىلالمىدىم، بىزنىڭ بۇ بالا يا قىز بالىغا، يا ئوغۇل بالىغا ئوخشىمايدىغانلا چوڭ بولۇپ قالدى، ئۆزلىرى ئۆلىما ئادەم، يول كۆرسەتكەن بولسىلا.

ئۇ كۆڭلىگە مۇشۇ گەپلەرنى پۈكۈپ قويغانىدى. كۆزى ئەلەس ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا شۇ گەپنى دېمەكچىدى.

زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىز توپيا ئۆرلەپ تۇرغان يوللاردا ئاجايىپ لەرزىن سۆلكەت بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن باللار يۈدۈۋالغان سومكىلاردىن كۆزگە كۆرۈنمەس نۇرلار ئېشەك هارۋىسىنىڭ ئىزى بىلەن تېزەك باسقان يوللارنىڭ، بۇزۇلغان كۆۋرۈكلەرنىڭ، قەدەمدە بىر پۈتلىشىپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزلىرىنىڭ، قاراڭغۇلۇق باسقان تار كۆڭۈل خانىلىرىنىڭ ئارىسىدا سويلاپ يۈرەتتى. قىزنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىك ئوت يېنىۋاتقان كۆزلىرىدىن كىشىلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ، شۇ قەدەر قىزغىن، ئىللىق، شۇنداق جۇشقۇن كىشىلىك ئاپىرىدە قىلىدىغان، ئىسسىق قوللار ئىسسىق قوللارنى مەھكەم سىقىدىغان، ئىللىق يۈرەكلەر ئىللىق يۈرەكلەرگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان ماتانەت ئوقچۇيتتى. تىللىشىۋاتقان ئادەملەر، ئۇرۇشۇۋاتقان ئادەملەر، بىر - بىرىگە قەھرىنى چېچىۋاتقان ئادەملەر، بىر - بىرىگە كۆڭۈللىرىدە دۈشمەنلىك ئۇرغۇۋاتقان ئادەملەر زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن، روھىدىن تارالغان نۇر، ئىسسىقلىقتىن بىر - بىرىگە مېھىرلىك قۇچاقلىرىنى ئاچىدىغاندەك ئىدى.

تۆچ قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى بارا - بارا يىراقلاپ كەتتى. يۈرىكىم جاھاننىڭ دەردلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئادەممەن، دەپ يۈرىدىغان كىشىلەر تۆچ قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازىنىڭ يىراقلاپ

كەتكەنلىكىدىن ئۇھ تارتىپ قويۇشتى. كۆزى ئەلەس ئادەم دىمىن قارى بىلەن ساۋۇت توگمەنچىنىڭ بىر ـ بىرىگە قولىلىرىنى جو۔ نۇشىۇپ كېلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شوك بولۇپ قالدى. جاھان ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇرۇنقى ئۇلۇغ نەرسىلەر هازىر تىينىغا ئەر۔ زىمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى گۈللەرنىڭ پۇرىقى ھېچكىمە۔ نىڭ دىتىغا ياقمايدۇ، بۇرۇنقى بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازى سەت ئاڭلى۔ نىدۇ. چوڭلار بىلەن بالىلار ئاڭلايدىغان ناخشا، ماڭىدىغان يول، يەيدىغان غىزا، يادىدىن كېچىدىغان خىيال دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر يەردىن چىقمايدۇ، بۇنداق بولسا بولمايتتى، كوچىدا ئاستا كېتىۋاتقان بىر كىشى شۇنداق ئويلىدى.

كۆزى ئەلەس ئادەمنىڭ ئەلەس كۆزىمۇ، ساق كۆزىمۇ قىزىد۔ رىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش چىققانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىدى. قوڭۇر ئاتلىق مەپىنىڭ تۆچ قوڭغۇراقلىرى يىراق بىر يەردىن ئاڭلىناتتى. ۋۇجۇدىدىن ئاجايىپ لاتاپەت چېچىلىپ تۇرغان زەڭگەر كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ئاتەشتەك كۆزلىرىدىن، ئۇ۔ مىد يالقۇنلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان قەلبىدىن بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىغا، روھىغا ئاجايىپ پاك نۇرلار تۆكۈلۈۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ مەز۔ مۇت مېڭىشلىرىدىن داڭ ئۇرۇش ئۇچۇن كېتىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى.



www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور: خەيرىنسا روزى
تېخرېداكتور : نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

تۇرسۇن مەخمۇت

# قوڭۇر ئاتلىق مەپە

(پوۋېستلار)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013 ، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى
نەشرى : 2012 ـ يىل 8 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2012 ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 880 × 1230م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 12.5
باھاسى : 29 .00 يۈەن

ISBN 978-7-105-12132-8/I.2333(维346)

责任编辑：牙库甫
责任校对：海仁莎·肉孜
技术编辑：努尔买买提·艾买尔

图书在版编目(CIP)数据

响铃马车：维吾尔文/ 吐尔逊·麦合木提著. 一北京：民族出版社，2012.4
ISBN 978-7-105-12132-8

Ⅰ.①响… Ⅱ.①吐… Ⅲ.①中篇小说—小说集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 073923 号

出版发行：　民族出版社　　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：　010-64290862（维文室）
印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司
版　　次：2012 年 8 月第 1 版　2012 年 8 月北京第 1 次印刷
开　　本：880×1230毫米 32 开
印　　张：12.5
定　　价：　29.00 元

ISBN　978-7-105-12132-8/I.2333(维 346)